

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# ۋخاملىوج
# مۇھەببەت

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# توختاملىق مۇھەببەت

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

合同制爱情 : 维吾尔文 / 吾买尔·阿不都拉著 . —
乌鲁木齐 : 新疆科学技术出版社， 2013.7
(新疆少数民族原创作品丛书系列)
ISBN 978-7-5466-1200-3

Ⅰ. ①合 … Ⅱ. ①吾… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代
— 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ① I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 161829 号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئادىل مۇھەممەت
ئەمەتجان سايىت سەرقۇت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلنار روزى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: مەرپۇغە ئوبۇل

**توختاملىق مۇھەببەت**
(رومان)
ئاپتورى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى No 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى دالۇ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.75
2013 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1200 - 3
باھاسى: 50.00 يۈەن



ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# ئاپتور ھەققىدە

يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى يېڭى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1992 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىنى پۈتكۈزگەن. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ 1998 ـ يىلى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومى ئالغان. 1992 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان پىچان ناھىيە تۇيۇق مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇيان تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مەن دوستلۇققا يارىمايمەنمۇ؟» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان بولۇپ، «ياۋا جىگدە»، «ئىشقىم قايتا قوزغالدى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «ئەتىرگۈلگە خۇشتار قىز»، «ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبارەك» قاتارلىق نەسرلىرى، «بۇلبۇلدىن گۇمانلىنىمەن»، «مۇھەببەتنىڭ خەتنىسى يېرىم» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلىرى، «چاڭ باسقان ئالتۇن»، «سىم ـ سىم ئىشكنى ئاچ» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تەۋەررۇك تونى»، «سەن ساقچى بولساڭ، مەن پۇقرا» قاتارلىق ئەدەبىي خاتىرە، فېلىيەتونلىرى، «زوقلار جىلۋىسى»، «شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىش» قاتارلىق بىر تۈركۈم

ئوبزورلىرى ۋە «كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل» قاتارلىق رومانلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «دوختۇرلارمۇ ياش تۆكىدۇ» ناملىق ھېكايىسى، «ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبارەك» ناملىق نەسرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە، «زىلالىگۈلنىڭ ئويۇنچۇق دوستلىرى» ناملىق چاتما چۆچىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. تۆت پارچە ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «تۇرپان» ژۇرنىلى (خەنزۇچىسى)، «جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ سېنارىيەسىنى يازغان (شېرئەلى ھوشۇر بىلەن بىللە) «ئېھ، قىزىل لېنتا» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نۇسخىلىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا، خەنزۇچىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلگەن ۋە مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ «ئۆلۈم ۋەھىمىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (2000 - يىلى)، «چاڭ باسقان ئالتۇن» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2000 - يىلى)، «تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى» ناملىق رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2003 - يىلى)، «ئىناق دوستلار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2005 - يىلى)، «بالىلىقتا سوئال كۆپ» ناملىق رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2006 - يىلى)، «كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل» ناملىق رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2009 - يىلى)، «پادىچى ۋاڭ» ناملىق تارىخىي رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2010 - يىلى)، «ئازغان كۆڭۈل» ناملىق رومانى مىللەتلەر نەشرىياتى (2011 - يىلى)، «گۈلنىڭ ئېچىلمىقى قىيىن» ناملىق رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى (2012 - يىلى) تەرىپىدىن

نەشر قىلىنغان.

«41 يالغان»، «ئالتۇن بالاسى»، «مۇھەببەت داۋانلىرىدا»، «دورامچىنىڭ كەچۈرمىشى»، «ئېھ، قىزىل لېنتا»، «ساھىبجامال ئوغرى»، «ۋەھىمىلىك بۇلبۇل باغچىسى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ سېنارىيەسىنى يازغان، رېژىسسورلۇقىنى قىلغان.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتنىڭ «تۆت تال شاكىلات» ناملىق ھېكايىسى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «غۇنچە مۇكاپاتى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى» دە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «غۇۋا چىراغ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى 1993 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرىنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇششاق باشلىقلار» ناملىق ھېكايىسى 1994 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «خوراز تۇغقان تۇخۇم» ناملىق ھېكايىسى 1994 ـ يىلى «تۇرپان گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «پاقلان ۋە بالىلار» ناملىق ھېكايىسى 1998 ـ يىلى «قومۇل ئەدەبىياتى» تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «داۋۇت دىڭ قۇلاق» ناملىق پوۋېستى 1999 ـ يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قان شۇنداق تۆكۈلگەن» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيەسى 2000 ـ يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ياۋا جىگدە» ناملىق ھېكايىسى(1996 ـ يىلى)، «داۋۇت دىڭ قۇلاق» ناملىق پوۋېستى (2000 ـ يىلى)، «ئانا، مېنى تۇغقان كۈنىڭگە مۇبارەك» ناملىق نەسرى (2003ـ يىلى) قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا، «دەپ قويغىنىم ياخشى» ناملىق فېليەتونى 2004 ـ يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك «ئىزچىلار لوڭقىسى»

مۇكاپاتىغا، «چەمبەردىن چىقىش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» تەرىپىدىن 2005 - يىلى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئاتام كېتىپتۇ خوش دېمەي» ناملىق داستانى 2010 - يىلى «تۇرپان گېزىتى» تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قارا سىياھ»، «قىزىمغا ئارخىپ» قاتارلىق ئون پارچىدەك ھېكايە - نەسرى «تۇرپان گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «تۇرپان» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 2004 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «كەسىپ ۋە ئەخلاقتا تەڭ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچى»، 2005 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «10 مۇنەۋۋەر ياش» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ توختاملىق يازغۇچىسى.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە.................1
بىرىنچى قىسىم سۆيگۈ چاقچىقى..............1
ئىككىنچى قىسىم سۆيگۈ قىسمىتى..............267
خاتىمە...........................485

## مۇقەددىمە

*بۇلبۇلدىن ئەبەدىي گۇمانلىنىمەن،*
*قۇرىغان گۈل ئۇچۇن سايرىغىنى يوق.*
*تاڭدىكى ناۋادىن تۇمانلىنىمەن،*
*ئۇنىڭدىن ئۇزۇلەر يۇرەكلەرگە ئوق.*

*كۆز ياشلار ئەسلىدە ئاشىقنىڭ قېنى،*
*ئەمەستۇر ھەرگىزمۇ بۇلبۇلنىڭ يېشى.*
*بىر قېتىم ئېچىلغان گۈللەرنىڭ تېنى،*
*يارىماس بولۇشقا بۇلبۇلنىڭ قېشى.*

*كۆز ياشلار ھەقىقىي ئاشىقنىڭ قېنى،*
*يۈرەكنىڭ تەپتىدە قايناپ سىرغىغان.*
*گۈللەرنى ياشارتسا بۇلبۇلنىڭ قېنى،*
*بولاتتى سۆيگۈنىڭ سىرى ئېچىلغان.*

*— ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت: «بۇلبۇلدىن گۇمانلىنىمەن»*

تەھرىر بۆلۈمى جىمجىت بولۇپ، مۇھەررىرلەر باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى. ئادىل ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە يېقىندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا، بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرناللاردا بولۇۋاتقان «كىشىلەر شېئىردىن زېرىكتىمۇ؟» دېگەن تېما ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. بۇ مۇنازىرىدە «ياخشى شېئىرلار ئازلاپ كەتكەچكە، كىشىلەر شېئىر

ئوقۇماس بولدى، خەلقنىڭ قەلب ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ يەنىلا خېرىدارى بار» دېگۈچىلەرمۇ، «شېئىرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. بولمىسا كىشىلەر نى - نى ئېسىل كىلاسسىك داستان - شېئىرلارنى ئوقۇغان بولاتتى» دېگۈچىلەرمۇ، «كىشىلەرنىڭ كىلاسسىك شېئىرلارغا بولغان تونۇشى دېگەندەك ئەمەس. ئەگەر كىلاسسىك شېئىرلار كىشىلەرگە يېتەرلىك تونۇشتۇرۇلسا، خەلقىمىز چوقۇم قىزىقىدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. كىلاسسىك شېئىرلارغا نىسبەتەن ئادىلمۇ كېيىنكى قاراشقا مايىل ئىدى. شۇڭا، ئۇ «خەلقىمىزگە كىلاسسىك داستانلارنى تونۇشتۇرۇشتا مۇۋاپىق، ئۇنۇملۇك بىر يول تېپىش كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

تولا ئويلاپ بېشى ئاغرىپ كەتكەن ئادىل، ئۇستىلىگە دەستىلەپ قويۇلغان ماقالىلەرنى ژانىرى بويىچە ئايرىشقا باشلىدى. «ئوقۇتقۇچى ۋە كىتاب» دېگەن ماقالىنىڭ ماۋزۇسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئادىل ماقالىنى ئېلىپ كارىدورغا چىقتى.

كارىدورنىڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىسىدىن ماي ئېيىنىڭ سالقىن شامىلى غۇرۇلداپ كىرىۋاتاتتى. ئادىل ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلىنىپ نەپەسلەنگەچ ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ماقالىدا ئادىل ئويلىغان نۇقتىلار مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. ئادىلنىڭ ئىچى يەنە ئاچچىق بولدى. بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىلارغا ئېچىندى. بەزى كىتاب ئوقۇمايدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كىلاسسىك شېئىرىي ئەسەرلەرگە «قىزغىن بولۇشى»دىن سۆز ئېچىش قانداق مۇمكىن بولسۇن؟! شۇنىڭ بىلەن ئادىلنىڭ ئويى يەنە «قانداق قىلغاندا شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى كىشىلەرگە مۇۋاپىق يەتكۈزگىلى بولار؟» دېگەن نۇقتىغا مەركەزلەشتى.

توغرا!

خېلىدىن كېيىن ئادىلنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ يادىغا «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسەر كەلگەنىدى.

«بۇ شاھانە ئەسەرنى ئىلغا ئېلىپ شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ ماختىنىمىز، — دەپ ئويلىدى ئادىل، — ئەمما ئۇ ئەسەرنى تولۇق ھەزىم قىلىپ باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىققانلىرىمىز قانچىلىك؟ ھېلىمۇ تەلىيىمىزگە يارمۇھەممەت ئەپەندى خاسىيەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلىپتىكەن.»

پىكىر يوللىرى تۇيۇقسىز ئېچىلغاندەك بولغان ئادىل دەرھال ئۆيىگە قايتتى.

ئادىل خاس خانىسىدىكى ھەر خىل كىتابلار رەت ـ رەت تىزىلغان كىتاب ئىشكاپى ئالدىدا يۈكسەك ھېسلارغا تولغان ھالدا بىر پەس تۇردى. مانا بۇلار — ئەزىز كىتابلار ئادىلنىڭ يەنە بىر بايلىقى، كۆڭۈل خۇشلۇقى، مەڭگۈلۈك سىردىشى، ئەقىل تۈگمىنى، روھىنى تازىلىغۇچى ئابىچەشمە.

ئادىل كىتابنى قولىغا ئېلىپ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۈرىتىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتتى. بۇ كىتاب «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستان ئاساسىدا يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىققان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق پەلسەپىۋى رومان ئىدى. مانا مۇشۇ رومان ئۇنىڭ ئەقىل ئاسمىنىدا چاقماق بولۇپ چېقىلغان، ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا يورۇق نۇر بولۇپ چۈشكەنىدى. «توغرا، — دەپ ئويلىدى ئادىل ھاياجانلىنىپ، — بىر قىسىم كىلاسسىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى نەسرىيلەشتۈرۈپ ھېكايە، پوۋېست، رومان قىلىپ يېزىپ چىقىپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش كېرەك. ئاندىن شۇ ئاساستا كىشىلەرنى ئەسەرنى ئەسلىسى (شېئىرىي شەكلى) بويىچە ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئېنىقكى، بۇنىڭغا نۇرغۇن تىرىشچانلىق، بىلىم ـ سەۋىيە، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىزدىنىش، ئەستايىدىللىق، پەزىلەت كېتىدۇ. بۇنىڭغا ياخشى نىيەت بىلەن ئاتلانغانىكەنمىز، بۇلارغا دادىللىق بىلەن تەييارلىنىشىمىز لازىم. ‹نىيەت ئەلا، نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلماسلىقتىن قالىدۇ.›، شۇنداق، بۇ ئىشنى

ئىككىلەنمەي قىلىش كېرەك. سەۋەنلىك بولسا، كىتابخانىلار كەچۈرەر، تۈزىتىش بېرەر.» ئۇيلىغانچە ئادىل قىزىپ كەتتى.

ئادىل زادى قايسى ئەسەر ئۈستىدە ئىشلەش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. مەخسۇس كىلاسسىك ئەسەرلەر تىزىلغان كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مانا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان ئۆلمەس ئابىدىلەر ياخشى نىيەتتىن يۈرىكى ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «خەمسە»، «نىزارىي داستانلىرى»، «رەۋزەتۇز زوھرا»، «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام»...

بىر مۇنچە كىتابلارنى ئالدىغا تىزىۋالغان ئادىل كىتابلارنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ ئۆزىنى دەڭسەشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىن بىرەر داستانىنى تاللىماقچى بولدى. بىراق، سەلدىن كېيىن «مەن بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئەسىرىنى بۇزۇپ قويارمەنمۇ؟» دەپ قورقۇپ بولدى قىلدى. ئاندىن ئۇ يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق داستانىنى يازماقچى بولدى. بىراق يەنە «بۇ ئەسەرنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرەلمەي قالماي» دەپ يالتايدى. ئاندىن ئۇ ۋەقەلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بىرەر ئەسەرنى تاللىماقچى بولدى. ئۇ يەنە كىتابلار ئارىسىغا شۇڭغۇدى...

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەن ھۇماگۇل ئېرىنىڭ كۆزىنى مىت قىلماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى نوقۇدى:

— ھۇيت، يازغۇچى ئەپەندىم، يەنە قايسى ئەسەرنىڭ غېمىدە يېتىپ كەتتىڭىز؟

بۇ چاغدا ئادىل ئەھمەت زىيائىينىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانىنى پوۋېست قىلىپ يېزىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ بولۇپ، شۇنىڭ كويىدا ئويغا پېتىپ مەست بولۇپ كەتكەنىدى.

چۈشتىن كېيىن ئىشقا كەلگەن ئادىل ئىشخانىغا كىرىپلا يەنە

«رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، ۋەقەلىكىگە قانچىلىك مەپتۇن بولغان بولسا، شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە شۇنچىلىك قايىل بولدى. ئوقۇغانچە كاللىسىدا بۇ ئەسەرنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىشنىڭ پىلانى تۈزۈلۈپ، پىشىپ ماڭدى. ئۇ بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن ۋەقەلىك ئۇلانمىلىرىغا، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارغا، كۆچەيتىشكە، ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارغا بەلگە قويۇپ ماڭدى.

خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ تۇرغان ئەدەبىي بەتنىڭ پېشقەدەم مۇھەررىرى ئىچى پۇشۇپ:

— بۇ ئەسەرنى بەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ ھە، بۇ داستان ھەققىدە بىرەر تەتقىقات ماقالىسى يازاي دەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى ئادىل تەمتىرەپ، — قايتا بىر ئوقۇپ باقاي دېگەن.

بىراق پېشقەدەم مۇھەررىر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. شۇڭا:

— كىتاب ئوقۇغانىمۇ يوشۇرامدۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ئادىل ئويلىنىپ قالدى. دەسلەپتە ئۇ «بۇنداق ئۆزگەرتىپ يېزىشمىنى باشقىلار مۇۋاپىق كۆرمىسە ئوسال بولۇپ قالماي» دەپ ئەندىشە قىلىپ، بۇ ئىشنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەسەر پۈتكەندە بىرەرسىگە كۆرسىتىپ پىكىر ئېلىپ باقماقچى بولغانىدى. ئەمدىلىكتە نىيىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. «بۇ ئاكىمىزغا دەپ، مەسلىھەتىنى ئېلىپ باققىنىمنىڭ نېمە يامىنى» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئادىل، ئۇنىڭغا ئويلىغانلىرىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— مېنىڭچە، بۇ ئويىڭىز توغرا بوپتۇ، — دېدى پېشقەدەم مۇھەررىر كەسكىنلىك بىلەن، — ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئوخشاش مەزمۇندىكى ئەسەرنى ئۆز ئۇسلۇبى، ئۆز ماھارىتى بىلەن قايتا

يېزىپ چىقىپ شۆھرەت قازانغانلار بار. مەسىلەن: «پەرھات ـ شېرىن» داستانىنى خىسراۋ دېھلىۋىي، نىزامىدىن گەنجەۋى، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىلار يازدى. بىراق، ھەممىسى ئۆز تەمى بىلەن يازدى. تېخى نەسرىي ئەسەرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ چىققانلارمۇ بار. مەسىلەن: ئەبەيدۇللا لۇتفى 15 ـ ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرىفىدىن ئەلىيەزدىنىڭ پارس تىلىدىكى «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن 20 مىڭ مىسرالىق، مەسنەۋى شەكلىدىكى داستان قىلىپ يېزىپ چىققان. سىزمۇ ئەگەر لايىقىدا يېزىپ چىقالىسىڭىز، بۇمۇ سىزنىڭ بىر تۆھپىڭىز. بەلكىم، بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان قاراشلار چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئەمگىكىڭىز مۇئەييەنلەشتۇرۇلسە، سىز بۇ جەھەتتە داغدام يول ئاچقان بولىسىز. ناۋادا بۇنى مۇۋاپىق تاپمىساق، «قانداق قىلىش مەسىلىسى»دە يەنە ئەجىر سىڭدۇرگەن بولىسىز. ھازىرقى گەپ سىزنىڭ قانچىلىك يېزىپ چىقالىشىڭىزدا.

ئادىل بۇ گەپلەردىن ئىلھاملاندى، كۆچكە تولغاندەك بولدى. شۇنداقلا ئاخىرقى گەپتىن «بۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئەمگەك، ھۆددىسىدىن چىقالىسىڭىز بولىدۇ» دېگەن مەنىنى چۈشىنىپ، ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى.

شۇ چاغدا بىرى ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ چاقىردى:

— ئادىل، سىزنى مۇدىر چاقىرىۋاتىدۇ. چاققان بولۇڭ.

ئادىل پېشقەدەم مۇھەررىرگە رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشى بىلەنلا مۇدىر ئۇدۇللا:

— قولىڭىزدىكى ئىشنى دەرھال نادىرغا ئۆتكۈزۈپ تەييارلىق قىلىڭ. سىرتقا مۇخبىرلىققا چىقىسىز، — دېدى.

— نەگە؟

— پىچان ناھىيەسىگە. ئەتىدىن باشلاپ پىچان ناھىيەسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى بولىدىكەن. بۇنى بىر ساخاۋەتچى سودىگەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپتۇ. ماتېرىيالنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ كېلىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان، بولۇپمۇ، «پۇتبول» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئادىلنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يايراپ كەتتى.

— ماقۇل ! — دېدى ئۇ خۇشلۇقىنى يوشۇرالماي.

— ئۇنداق بولسا بۇگۈن كەچكىچە يېتىپ بېرىڭ.

— خوپ!

ئادىل قىزىقچىلىق قىلغاندىكى ئادىتى بويىچە مۇدىرغا ھەربىيچە سالام بېرىۋېتىپ ئىشخانىدىن چىقتى.

ئادىل بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق بىر مۇخبىرلىقا بېرىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىپ كەلگەن - ھە! «چوقۇم ياخشى تېمىلارنى قېزىپ چىقىمەن، ئۆزگىچە نۇقتىدىن چىقىپ يازىمەن!» ئۇ ئۆزىگە دەممۇدەم ئاشۇنداق پىچىرلايتتى.

## بىرىنچى قىسىم

# سۆيگۈ چاقچىقى

*ئادەملەر سۆيگۈنى ئۇنتۇسا ئەگەر،*
*ئەڭ دەسلەپ قانغۇچە ئۆكسۈپ ئالاي بىر.*
*دەل شۇندا چاقىراي كۆز ـ يېشىم بىلەن،*
*بولمىسا يوقمىسۇن قەلبىمدىكى كىر.*

*قولۇمنى تۇتمىغىن ئىشىنىپ ماڭا،*
*ئىشەنگىن كۆز ياشقا، پەقەت كۆز ياشقا.*
*گۇناھكار قىلمىغىن قۇچاقلايمەن دەپ،*
*بۇ قەلبىم ئايلانغان قاپقارا تاشقا.*

*سەن خوشلاش، تۇرمىغىن ئارتۇق دەقىقە،*
*سۆيۈلۈش ئىمكانىم پەقەت شۇنچىلىك.*
*مەن سېنى يىراقتىن سۆيۈپ قالىمەن،*
*يوق مەندە بىر لايىق قەلب ئۇنچىلىك.*

*—— ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت: «سۆيگۈ ئىمكانىيىتى»*

## 1

ئادىل ئۆيىگە قايتىپ تەييارلىقىنى تېزلا پۈتتۈردى. ئاندىن ئايالىغا تېلېفون قىلدى.

— مەن پىچانغا مۇخبىرلىققا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى ئادىل كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا.
— خۇشالغۇ سىز؟ — دەپ سورىدى ھۇماگۈل.
— ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن - دە، ئۆزۈڭدىن بۇيان كۈتۈۋاتقان مۇخبىرلىق تۇرسا بۇ.
— قانچە كۈن تۇرىسىز؟
— مۇسابىقە ئۈچ كۈن ئىكەن. كونكرېتراق مۇخبىرلىق قىلاي دەۋاتىمەن. شۇڭا بەش كۈنلەر كېتەر.
— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.
— خوش.
ئاپتوبۇس بۇيلۇق ھەق يىغىش ئورنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئادىل بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق ھەققىدە ئويلاندى، ئويلىغانچە قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى. «چوقۇم ياخشى ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ كېلىمەن. ئېسىل ماقالىلەرنى يېزىشقا تىرىشىمەن.»
ئېھ، پۇتبول!
پۇتبولغا ئادىلنىڭ چىن رىشتى باغلانغانىدى. پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئۇ بۇنچىلىك سېمىز ئەمەس ئىدى. باشقا بالىلارغا قارىغاندا بويى ئېگىز، ئورۇق ئىدى. ئىككى نەرسىگە بەك قىزىقاتتى. بىرى، پۇتبول، يەنە بىرى، يېزىقچىلىق ئىدى. كۈندۈزى ۋاقىت چىقسىلا مەيداندىن بىرى كەلمەي پۇتبول تېپەتتى. ئاخشىمى كىچىچە كىتاب كۆرەتتى ياكى ئەسەر يازاتتى. چىراغ ئۆچۈرۈلسە، شام ياندۇرۇپ يازاتتى. بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. بىرى، يېزىقچىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنى ياتاقداشلار ھازىرمۇ تىلغا ئېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ياتىقىدا ئابدىلىم ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە كىيىمنىڭ گېپىنى قىلىدىغان، كۈندە ئۈچ قېتىم ئەينەككە قارايدىغان، ئەمما ئۆگىنىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان بالا ئىدى. ئۇ ئادىلنىڭ كۈنبويى دېگۈدەك كىتاب

ئوقۇغىنىدىن ئىچى پۇشۇپ، «شۇنچە كىتاب ئوقۇپ قانچىلىك بىر نەرسە بىلگەنسەن؟» دەپ ئۇنى سىناپ باقماقچى بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدىلىم «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىزاھلىق لۇغىتى» دېگەن كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئادىلدىن 100 سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە 20 ئەدىبنىڭ تەرجىمىھالىنى سورىدى. ئادىل 100 سۆزدىن 96 سۆزنىڭ مەنىسىنى توغرا دەپ بەردى، 20 ئەدىبنىڭ تەرجىمىھالىنى ئاساسەن تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئابدىلىم ھەيرانلا قالدى ۋە شۇندىن باشلاپ ئادىلغا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، كېيىنچە ئادىل كېچىلەپ شام ياندۇرۇپ كىتاب ئوقۇسا ياكى ئەسەر يازسا، بۇرۇن پۇشۇلداپ، جۆيلۈپ بىر خىلدا ئۇخلاۋېرىدىغان ئابدىلىم «ئادەمنى ئۇخلاتماي... » دەپ غودۇڭشۇيدىغان بولۇۋالغانىدى. بىر قېتىم ئادىل خېلى بىر ۋاقىتقىچە كىتاب ئوقۇدى. شۇ ۋاقىتتا كۆن ئارىلاپ تەكشۈرىدىغان ياتاق تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ قالدى. كىتاب ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئادىل شامنى ئۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرگۈچىلەر ئىشىكنى چېكىپ ۋارقىرىدى:

— كىم ئۇ شام يېقىۋالغان؟ ئۇخلىماي نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ياستۇقۇم يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنى ئېلىش ئۈچۈن بايىلا ياندۇرغان. ھازىرلا ئۆچۈرۈۋېتىمەن، — دېدى ئادىل دەرھال باھانە كۆرسىتىپ.

بۇ گەپكە تەكشۈرگۈچىلەر ئىشەنگەنمۇ بولار ئىدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئابدىلىم بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— يالغان، ئادىل كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ... — دەپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن سىنىپنىڭ ئىنتىزام نومۇرى تارتىلىپ، ئادىل بىر مۇنچە تاپا - تەنىگە قالدى. مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن بۇمۇ بىر ئاچچىق - چۈچۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

پۇتبول مەشقى جەريانىدا مەشقاۋۇل ئادىلنىڭ ھەرىكىتى تېز، كۆزى ئىتتىك، پۇت - قولى چاققان، بويى ئېگىز بولۇشتەك

ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ ۋاراتارى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. شۇندىن كېيىن ۋىلايەت تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچىلىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئادىل پىشىپ يېتىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ چوڭ مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان پەيتمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ قايتا ـ قايتا تاللىنىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسىگە ۋىلايەت كوماندىسىنىڭ تەركىبىدە ۋاراتار سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىدىغانغا بېكىتىلدى. ئەمما مەشىق جاپالىق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە كوماندا ئەزالىرى مەشىقنىڭ جاپاسىدىن خۇشاللىق، ھۇزۇر ھېس قىلاتتى. «ئۆگۈنلۈككە ماڭىمىز» دېگەن كۈنى مەشىق ئارىلىقىدا ئادىل بىر ئالدى ھۇجۇمچى بىلەن قانداق ماسلىشىش ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇرۇۋىدى، «قارا» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئادىل ئالدىغا قارىدى. بۇ چاغدا بىر توپ شىددەت بىلەن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئادىل چاققانلىق بىلەن توپقا ئۆزىنى ئاتتى. تېزلىك بىلەن توپنى تۇتۇۋالدى. توپنى تەپكۈچى:

— يارايسەن! — دەپ ۋارقىرىدى. قالغانلارمۇ ئالقىشلىدى. ئەمما ئادىل قولىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

چاتاق شۇنىڭدىن چىقتى. ئادىلنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ بوغۇمىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ بالىمۇ ئالدى ھۇجۇمچى بولۇپ، ئادىل بىلەن بىر مەكتەپتە ئىدى. مەشقاۋۇل توپ تەپكەن بالىنى: «نېمىشقا تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاراتارغا توپ تېپىسەن؟ مانا ئىش تاپتىڭ!» دەپ ئەيىبلىدى. بىراق توپ تەپكەن بالا: «مەن ئۇنى تويۇقسىز ئەھۋالدا قانداق قىلىدىكىن، دەپ سەزگۈرلۈكىنى سىناپ باقماقچى ئىدىم. يامان نىيىتىم يوق» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ بالا كوماندىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولغاچقا، ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولمىدى. ئاقىۋەتتە، ئادىلنى نەس باستى: ئادىل بۇ

مۇسابىقىگە بارالمىدى.

شۇندىن كېيىن ئادىل باتۇر ئىسىملىك ئۇ قوپال بالا بىلەن كۆپ قېتىم تەگەشتى، جېدەللەشتى، ياقا سىقىشتى. ئەمما باتۇر قوپال، ئۆز خىيالى بىلەن يۈرۈيدىغان بالا بولغاچقا، ئادىلنىڭ قورساق كۆپۈكى چىقمىدى.

«ئۇرۇشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەندەك، ئاخىرىغا بېرىپ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئىككىسى نۇرغۇن مۇسابىقىلەردە ياخشى ھەمكارلىشىپ كوماندىدا «جۈپ مۇشت» دېگەن نامنى ئالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئادىلنىڭ يېزىقچىلىقتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. شۇ يىلى ئۇ «تۆت تال كەمپۈت» ناملىق ھېكايىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باللار ئەدەبىياتى بويىچە باھالاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرغانىدى. باھالاشتا ئۇنىڭ ھېكايىسى 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. بۇ ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشۇپ، مەكتەپ مۇدىرى چوڭ يىغىندا بۇ ئىشنى ئېلان قىلىپ، ئادىلنى ماختاپ، ئىلھاملاندۇرۇپ مەكتەپتىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يىغىندىن كېيىن باتۇر ئادىلنى ئىزدەپ كېلىپ:

ــــ خېلى يامان گۇي ئىكەنسەن جۇمۇ، بولىدىكەنسەن، ــــ دېدى. شۇندىن كېيىن باتۇر پۇتبول مەشىق قىلغاندا، ئادىلنى ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋالىدىغان بولدى. ئۇلار يېقىن دوستلارغا ئايلانغاندا باتۇر سەممىيلىك بىلەن: «كېيىنچە مېنى بىر يېزىپ چىقساڭ، سېنى ئۆمۈرلۈك دوستۇم دەپ بىلىمەن» دېگەنىدى.

شۇچاغدا ئادىلدا پۇتبولغا كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك بار ئىدى. تېلېۋىزورنى ئاچسىلا كۆرىدىغىنى پۇتبول مۇسابىقىسى ئىدى. ۋاقىت چىقىرىپ ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «كىچىك مۇسابىقىلىرى»نىمۇ ئېرىنمەي كۆرەتتى، گېزىت ـ

ژۇرناللارغىمۇ ئاخبارات، ئەدەبىي خاراكتېر، پۇتبولنى ئاساس قىلىپ مۇشتەرى بولاتتى. ئەگەر تەھرىر بۆلۈمدە پۇتبول ھەققىدە گەپ بولۇپ قالسا، پۇتۇن پاراڭ ئۇنىڭ ئىدى. ئاخىر بېرىپ ئۇ گېزىتخانىنىڭ «مەخسۇس تەنتەربىيە مۇخبىرى» بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ پايدىسىنىمۇ كۆردى. نەچچە يىلدىن بۇيان ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىدىكى ماھىرلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ مۇخبىرلىق قىلىپ خېلى شەھەرلەرگە باردى، زور تەسىر قوزغىغان ماقالىلەرنىمۇ يازدى. لېكىن رەسمىي رەسمىيرەك پۇتبول مۇسابىقىسىگە مۇخبىرلىققا بېرىش ئارزۇسى ھېچ ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئۇ خۇشال، شۇڭا ھاياجاندا!

«ئەي، پۇتبول ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىلھاملىنىپ، — نەقەدەر سېھىرلىك، مەپتۇنكار سەن ـ ھە! كۈچ سەندە! ئەقىل سەندە! يىمىرىلمەس ئوبرازلار سەن ئارقىلىق تىكلىنىۋاتىدۇ!»

ئاپتوبۇس سىڭگىم ئېغىزى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئادىل پۇتبول ھەققىدىكى خىيالدىن قايتىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. غول ئىچىدىكى ياپيېشىل قومۇشلۇق شامالدا يېنىك چايقىلىپ ئادەمگە ئارامبەخش تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ۋۇجۇدىنى بىر خىل خۇشلۇق چىرماپ تۇرغان ئادىل سومكىسىدىن «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق كىتابنى چىقاردى. بۇ قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب ئادىلغا ئېغىر بىلىندى. شۇنداق، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئېغىر ئىدى! مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىدى!

ئادىل ھاياجان ئىلكىدە كىتابنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىدى...

ئاپتوبۇس بازارغا يېقىنلىشىپ، تاش زاۋۇتلىرى ئورۇنلاشقان سانائەت رايونىغا كەلگەندە، ئادىلنىڭ كاللىسىدا يازماقچى بولغان پوۋېستىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇ ئەسەرنى باشلاشقا ئالدىرىدى.

ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە بەلگىلەنگەن مەيداننى بىر ئەر قور كۆرۈپ، مۇسابىقە تەشكىلىي كومىتېتىدىن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن «كىرووران مېھمانخانىسى» غا ئورۇنلاشتى. ئاندىن كىچىكرەك بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەۋالغاندىن كېيىن ياتىقىغا كىرىپ قەغەز ـ قەلەمنى ئۇستەلگە يايدى.

بىر خىل يۇكسەك ئىچكى تۇيغۇ ئۇنى يېزىشقا ئۈندەۋاتاتتى، ئالدىرىتىۋاتاتتى.

ئادىل كاللىسىدا پۇشۇرۇۋالغىنى بويىچە بىرىنچى ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككىنچى قۇرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭراق قىلىپ پوۋېستىنىڭ ماۋزۇسىنى يازدى: «سۆيگۈ ئابىدىسى»

بۇ ئادىلنىڭ ئىجادىيەت ئادىتى ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى كاللىسىدا پۇشۇرۇۋالاتتى، قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئەسەرنى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئويلىۋالاتتى. بەزى ئۇششاق تەپسىلاتلارنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان پارچە قەغەزلەرگە ئۇدۇللۇق يېزىپ خاتىرىلەپ ماڭاتتى... شۇڭا ئۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئانچە قىينالمايتتى. يېزىش توغرا كەلسە ناخشا ئاڭلاۋېتىپمۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق مۇھىتتىمۇ، يىغىن مەيدانلىرىدىمۇ يېزىۋېرەتتى. ماۋزۇسىنى ئالدىنئالا بېكىتىۋالمىسا يازغۇسى كەلمەيتتى... نۇرغۇن ھېكايىلەرنى مۇشۇنداق يېزىپ چىققاندى. ئۇنىڭ داڭقىنى چىقارغان «قۇرۇق خەزىنە» ناملىق پوۋېستىنىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلدا يازغانىدى. «ھايات ئىزنالىرى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق رومانىنى يېزىش جەريانىدا، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ بارغانىدى.

پوۋېستىنىڭ ماۋزۇسىنى يېزىپ بولغان ئادىل پەخىر، ھۆرمەت تۇيغۇسىدا «ئەسلىي ئاپتورى: ئەھمەت زىيائىي» دەپ يازدى. ئاندىن قولى تىترىگەن، تەمتىرىگەن، ھاياجانلانغان ھالدا تۆۋەنكى قۇرغا «پوۋېستلاشتۇرغۇچى: ئادىل ئىنتىزارى» دەپ يازدى.

ئادىل يەنە بىر قېتىم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «يەنىلا ئوۋ مەيدانىدىن باشلاپ يازاي» دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ قولىغا قەلەمنى مەھكەم قىستى: «ئەي، ھۆرمەتلىك بوۋا، مەن ئۆز نەزىرىمدىكى قۇتلۇق ئىشتىن بىرنى قىلىشقا تەييارلاندىم. ماڭا مەدەت، كۈچ، ئىلھام بەرگەيسەن، قەلىمىمنىڭ ناقىس بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىغايسەن. ئەگەر نۇقسانلىق ئىش قىلىپ قويغان بولسام، سېنىڭ كۆتكىنىڭدەك ئىش قىلالمىغان بولسام، بۇ قۇرلارنى لايىقىدا يازالماي قالسام مېنى ئەپۇ قىلغىن!»

ئادىلنىڭ قەلىمى قەغەز ئۈستىدە تېز ـ تېز چېپىشقا باشلىدى...

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردىمۇ يامغۇر توختىمىدى. ئاسانلىقچە يامغۇر ياغمايدىغان ئىدىقۇت ۋادىسىدا بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت شارىلداپ يامغۇر يېغىش ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى. ھەتتا بۇنى مۆجىزە دېسىمۇ بولاتتى. ئادىل: «بۇ يامغۇر مۇسابىقىگە ئېغىر كاشىلا قىلىدىغان بولدى» دەپ ئەنسىرەپ ناشتىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا چاقىرغۇسى سايرىدى. ئۇ يانفونىدىن تېلېفون قايتۇرۇۋىدى، مۇسابىقە تەشكىلىي كومىتېتىدىكى مەسئۇل خادىم يامغۇر سەۋەبلىك مۇسابىقىنىڭ ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئادىل «ئاپلا» دېدى ـ يۇ، ئارقىدىن «بەلكىم بۇ مېنىڭ پوۋېستىنى خاتىرجەم يېزىۋېلىشىمغا بېرىلگەن پۇرسەتتۇر» دەپ ئۆزىنى خاتىرجەم قىلدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كېچە ـ كۈندۈز جەريانىدا ئادىل ياتىقىدىن چىقماي دېگۈدەك قەغەزگە چاپلىشىپ ئولتۇردى...

# A

تەكلىماكاننىڭ بېشىغا جايلاشقان بۇ قويۇق ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر زېمىستان قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا دىر ـ دىر

تىترىسە، ئەتراپ جۇت قىشنىڭ ئاق داستىخىنىدىن پاكلىق لىباسى كىيگەنىدى.

كۆن غەربكە ساڭگىلاپ شەپەققە تولغان چاغدا، ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلىغان يۈزدەك ئوۋچى گۇلخان يېقىپ، باداشقان قورۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. گۇلخان تېخى قورۇشقا ئۆلگۈرمىگەن توغراق شاخلىرىدىن يېقىلغان بولغاچقا، چاراسلاپ ئاۋاز چىقارماقتا. گۇلخاندا بارغانچە ئۆلغىيىۋاتقان چوغلار خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ياقۇتقا ئوخشاپ قالغانىدى. گۇلخان ئاجايىپ بىر سىرلىق دۇنيا بولۇپ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان تىلسىمات ئوت ئەتراپىدا ئولتۇرغان كىشىنى ئايىغى چىقماس خىياللارغا بەند قىلاتتى. گۇلخاندىن چاراسلاپ چىقىۋاتقان ئاۋازلار خىيالغا شۇڭغۇغان ئادەمنى بۇ سىرلىق تىلسىمدىن ئويغاتقۇچى كولدۇرما ئاۋازىغا ئۆزگىرەتتى. گۇلخاننىڭ بۇنداق سېھرىمىنى گۇلخان يېقىپ ئولتۇرۇپ باققانلارلا بىلەلىسە كېرەك.

ئۇلار شىكار ئەتكەن ئوۋ نېمەتلىرىنى پارچىلاپ، ئەتراپتىكى يۇلغۇن شېخىدىن ئۇستىلىق بىلەن چاققانغىنا زىخ ياسىشىپ، كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن خۇددى بازاردىكى ئۇستا كاۋاپچىلاردەك بىر ماي، بىر گۆش قىلىپ زىخقا گۆش ئۆتكۈزەتتى.

ئەمدىلىكتە يېنىك چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇلارغا بىلىنمەيۋاتاتتى. بۇ قانداقتۇر گۇلخاننىڭ هارارىتىدىن ئەمەس، بەلكى مەززىلىك كاۋاپنىڭ پۇرىقى دىماقلارنى لال قىلىشىدىن ئىدى. ئۇلار مايلىرى ئېقىپ تۇرغان كاۋاپنى تازا مەززە قىلىپ يەپ، ئېغىزنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىق چايدىن ئوتلاشقاندىن كېيىن، نەغمە توۋلاپ گۇلخان مەشرىپىگە چۈشۈپ، بۇ تىمتاس، سۈرلۈك جاينى تولىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتتى.

بۇ شىكارچىلارنىڭ ئىچىدە، قېرى - ياش مەرگەن ئوۋچىلار بار ئىدى. ئۇلار هەر يىلى قىشتا بۇ يەرگە كېلىپ شىكار قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى بۇ يەردىكى جەرەن، بۇغا، قۇلانلارنى ئوۋلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن شىكار نىشانلىرى بار ئىدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق شىكار قىلىپ، قەيەردە قاراڭغۇ چۈشسە شۇ يەردە گۈلخان يېقىپ، ئوۋلىرىنى پىشۇرۇپ يەيتتى. بۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاپ نەچچە ئاي ياشايتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرنەچچەيلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئون تۆت ياشلىق سەئىدىن ئىسىملىك ئوغۇل بالا بولۇپ، ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن، ئاقىل ھەم زېرەك ئىدى.

يەنە بىرى تولىمۇ ئىپلاس ۋە مەككار، زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان شۇ يۇرتنىڭ بېگى جابىر.

ئۈچىنچى كىشى تولىمۇ مۇلايىم، ئاقىللىق ئادەم بولۇپ سەئىدىننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم.

تۆتىنچىسى ياقۇپ، جابىر بىلەن بىر يولدىكى دوست ئىدى.

ئوۋچىلار نەغمە ـ ناۋادىن كېيىن، ئەمدىكى ئوۋنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بىر ھازا پىلان تۈزۈشكەندىن كېيىن «ئورمانلىقنىڭ ئۈچ تەرىپىنى قورشاپ، تەكلىماكان قۇملۇقى تەرەپنى ئوچۇق قويۇپ، ئورمانلىق ئىچىدە ھەممەيلەن سۈرەن ـ چۇقان قىلىشىپ ھايۋانلارنى ئۈركۈتسۇن، ئۈركۈگەن ھايۋانلار تەكلىماكانغا قاراپ قاچسۇن، ئوۋ باشلانغاندا ئوۋچىلاردىن بىرقىسمى ئۈركۈپ ئۇچقان قارا قۇش، لاچىن، قارچىغا قاتارلىقلارنى ئوۋلىسۇن، قالغان ئوۋچىلار قۇملۇققا قاچقان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا تۇتۇش قىلىشسۇن» دەپ كېلىشتى. كۈندۈزى شىكاردا قاتتىق چارچىغان ئوۋچىلار گۈلخاننىڭ ئىللىق ئەتراپىدا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

تاڭ يورۇشى بىلەن بۇلۇتلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئورمانلىقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا يىغىلىشماقتا. ھاۋامۇ بارغانچە سوۋۇماقتا ئىدى. خورازنىڭ چىللىشىغا ئۇلگۇرۇپلا، قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى.

ئوۋچىلار غەپلەت ئۇيقۇسىدىن «يا، ئاللا» دەپ ئويغىنىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئاخشامقى ئوۋ پىلانى بويىچە ئىشقا

كىرىشتى. ئىبراھىم ئوغلىنى ئاللا تايغان بىلەن بىرگە گۈلخان يېنىدا قالدۇرۇپ، ئېتىغا مىندى. ئۇۋچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئورمانلىق ئىچىدە سۇر - چۇقان قىلىشقا باشلىدى. جان - جانىۋار ۋە ئۇچار قۇشلار ئۇۋۇلىرىدىن ئۈركۈگىنىچە چىقىپ قېچىشتى.

سەئىدىن گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاخشام قۇرغان قاپقاننى ئېسىگە ئېلىپ، تايغىنىنى يېتىلىگىنىچە قاراپ بېقىش ئۈچۈن قاپقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قاپقان يېنىغا بېرىپ، قاپقانغا بىر قىزىل تۈلكە چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئولجا ئالغىنىدىن قاتتىق خۇشال بولغان سەئىدىن، قىن - قىنىغا پاتماي ئولجىنى بوشىتىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھەممىنى ئۇنتىدى.

ئات ئۈستىدىكى جابىر قولىدا بۈركۈتنى تۇتقىنىچە ئەتراپقا نەزەر سالماقتا. بۈركۈت ئوۋ ھىدىنى سەزگەندەك تىپىرلاشقا باشلىدى. جابىر بۇنى ھېس قىلىپ، بۈركۈتنى كۆككە قويۇۋەتتى. بۈركۈت بىردە كۆككە ئۆرلەپ، بىردە پەسكە شۇڭغۇپ دائىرە ھاسىل قىلىپ ئۇچتى. بۈركۈت توساتتىن شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ ئوۋغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغان جابىر ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە بۈركۈت شۇڭغۇغان جايغا يېتىپ كەلدى. بىر قاراپلا ئىچى قاتتىق ئېچىشتى. بۈركۈت ھۇجۇم قىلغان نىشان ئوۋ بولماستىن، بەلكى ئادەم ئىدى.

تېرە جۇۋا، بېشىغا تېرە تۇماق كىيگەن بۇ كىشى ئوۋلىغان ئوۋنى توزاقتىن ئېلىۋاتقان بولۇپ، جابىرنىڭ بۈركۈتى يىراقتىن بۇ كىشىنى ئوۋ دەپ تونۇۋالغان ۋە تېز سۈرئەتتە شۇڭغۇغىنىچە جۇۋا كىيىۋالغان بۇ ئوۋچىغا ئېتىلغان. ئوۋچىنىڭ كىيىۋالغىنى تېرىدىن تىكىلگەن قېلىن جۇۋا بولغاچقا، بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرى جۇۋىدىن ئۆتەلمىگەن. ئوۋچى بۇ ھۇجۇمدىن ئامان قالغان بولسىمۇ، غەزەپتە تۇرغان بۈركۈت تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، يەنە ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بۇ قېتىم بۈركۈت ئوۋچىنىڭ كىيىملىرىنى

ۋەھشىيلىك بىلەن تىتىپ تاشلىغان بولۇپ، ئۇۋچىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ئۇۋ نىشانى بولۇپ قالغان بۇ كىشى تۈلكىنى قاپقاندىن ئاجرىتىۋاتقان سەئدىن ئىدى. بۈركۈت سەئدىنگە توختىماستىن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. سەئدىن خۇددى جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشقاندەك بۈركۈت بىلەن تىركىشىۋاتاتتى.

بۈركۈت ئېتىلىپ كەلگەندە، سەئدىننىڭ تايغىنى ئالدىراپ ئۆزىنى ياۋا تىكەننىڭ كەينىگە ئالغانىدى. سەئدىننىڭ ھاياتىنىڭ قىل ئۈستىدە قالغانلىقىنى كۆرگەن تايغان، تۇيۇقسىز بۈركۈتكە ئېتىلدى. تايغان شۇ بىر ئېتىلىشى بىلەن بۈركۈتنىڭ بوينىنى چاينىۋەتتى. بۈركۈتنىڭ بېشى يەرگە توككىدە چۈشتى. سەئدىن ئاللىبۇرۇن ھوشسىزلىنىپ يەردە يېتىپ قالغانىدى. تايغاننىڭ ئاغزىدىن بۈركۈتنىڭ قىزىلدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن قارا قانلىرى تامچىلاۋاتاتتى.

بۈركۈتنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا جابىر مۇ بويەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى. بۈركۈتنىڭ بېشى يەردە، تېنى ھوشسىز ياتقان سەئدىننىڭ ئۈستىدە جانسىز تۇراتتى. جابىر ئېچىنىش ھەم غەزەپ ئىچىدە ئاتتىن چۈشتى. بۇنى كۆرگەن تايغان قاۋىغىنىچە جابىرغا ئېتىلدى.

يىراقتىن تايغاننىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىغان ئىبراھىم، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇ تەرەپكە قارىتىپ قامچا ئۇردى. ئىبراھىم يېتىپ كېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاتتىن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ چاغدا ئىبراھىمغا دۇنيا قاراڭغۇ بىلىنىپ، بېشىغا تاغ يىقىلغانىدى. ئىبراھىم بۈركۈت ئاستىدا ھوشسىز ياتقان ئوغلىغا قاراپ، نالە ـ پەرياد قىلدى. ئىبراھىم ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدى:

—— بالام، جېنىم بالام.

پەقەت مۇشۇ سۆزلا ئىبراھىمنىڭ تىلىغا مۆھۈر بولغانىدى.

بىر چاغدا سەئدىن زوۋانغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىبراھىم ئاسمانغا قاراپ «شۈكرى» ئېيتتى.

بۇ چاغدا باشقا ئوۋچىلارمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى ـ دە، سەئدىنىنىڭ ئامانلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولۇشتى ۋە بۆركۈتنىڭ بېشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈشتى. ئوۋچىلار سەئدىنىنىڭ يېنىدا تېخى غەزەپتىن بېسىقماي تۈكلىرىنى ھۇرپەيتىپ ھاۋشىۋاتقان ئىتىنىڭ ئاغزىدىكى قاننى كۆرۈپ، بۆركۈتنىڭ بېشىنى بۇ ئىتنىڭ ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى جەزم ئەتتى. ئوۋچىلار ئىتنىڭ ۋاپادارلىقىدىن قاتتىق سۆيۈنۈشتى.

ئەمما، بۇ ئىش سەئدىنىنىڭ ئامان قالغانلىقى بىلەن تۈگىمىدى. جابىر ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى، شىكارچىسى بولغان بۆركۈتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ قاتتىق ئازابلاندى. جابىر ئامان قالغان سەئدىنىنى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبكارى بىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلىدى.

گەرچە سەئدىن ئامان قالغان بولسىمۇ، بىراق ئىبراھىمنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى. ئىبراھىم ئوۋنى تاشلاپ سەئدىنىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇشۇپ، داستىخان ئۈستىدىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئايالىغا ئوۋ ئۈستىدە بولغان ئىشلارنى بىر قۇر بايان قىلدى ھەم شۇ ۋەجىدىن ئوۋدىن بالدۇر قايتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئايالى ئىبراھىمنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بولغان ئىشلارغا ھەيران قېلىپ، خۇداغا مىڭ شۈكرى ئېيتقىنىچە ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە يۈرەك باغرى بولغان سەئدىنىنىڭ بېشىنى سىلاپ مەڭزىگە سۆيدى.

## 2

تاڭ سەھەر، ئىككى كۈن تۇختىماي ياغقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن ھاۋا ئوبدانلا سالقىنلاپ قالغان بولۇپ، تەنگە ھۇزۇر

بېغىشلايتتى. بۇنداق ھاۋا پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆچۈن، بولۇپمۇ ماھىرلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايان قىلىشىغا ئىنتايىن باب ئىدى.

پۇتبول مۇسابىقىسى بولىدىغان مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغانىدى. ئادىل روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ئەتراپتىكى ئەھۋالنى خاتىرىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەل قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىقنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېتىك، خۇشخۇي كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا زور خۇشاللىق بار ئىدى: ئۇ پوۋېستىنى يېزىپ پۈتتۈرگەنىدى!

مۇسابىقە ھەقىقەتەن قىزىدى. بولۇپمۇ شارائىتى بىر قەدەر ناچار يېزىلاردىن كەلگەن كوماندىدىكى ماھىرلارنىڭ ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ ياخشىلىقى تاماشىبىنلارنى قايىل قىلدى. ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقە باشلانغاندا ئادىل: «يېزا بالىلىرىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئايرىم تېما قىلىپ يازسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاۋېتىپ بىر تونۇش سىمانى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

شۇ !

بايراق كۆتۈرۈپ، تىنىماي ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرەۋاتقان بۇ رېپېرنى ئادىل قانداقمۇ تونۇماي قالسۇن !؟

باتۇر!

ئۇ ــ پۇتبول مەيدانىدىكى ئەركە باتۇر شۇ ئىدى.

ھېلىقى يىلى، قەشقەرگە مۇسابىقىگە بارىدىغان چاغدا ئادىلنىڭ بارمىقىنى چىقىرىۋېتىپ، مۇسابىقىگە بېرىشتىن مەھرۇم قىلىپ، ئوتتۇرىدا جېدەل تېرىغان، ئاخىرىدا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان باتۇر شۇ ئىدى!

ئۇلار پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، بىر ئايدىن كېيىن بىر قېتىم كۆرۈشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆرۈشمىگىلى بەش

يىلدىن ئاشقانىدى. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن. بەزى يېقىن ئادەملىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى شۇنچە ئىستىسەڭمۇ كۆرۈشەلمەيدىكەنسەن، خىيالىڭغا كىرىپمۇ چىقمايدىغان بەزى كىشىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپلا يۈرىدىكەنسەن. ئۇ باتۇر بىلەن ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا سىرداش دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈپ، خوشلىشىدىغان چاغدا بىر ئۆمۈر دوست بولۇپ ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەنىدى. بىراق ئۇلار كۆرۈشەلمىدى، ئىزدىشەلمىدى. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، ئەرزىگۈدەك ـ ئەرزىمىگۈدەك باھانە ـ سەۋەبلەر تولا.

بىراق، نېمىلا بولسۇن يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئاۋۇ قارىۋاي ئاشۇ باتۇر ئىدى!

ئارىلىقتىكى قىسقا دەم ئېلىشتا ئادىل ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە بوش ئاۋازدا چاقىردى:

— باتۇر.

باتۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ ئادىلغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە سول قولىدىكى بايراقنى ئوڭ قولىغا تېزلىك بىلەن يۆتكەپ، مۇشتىنى تۈگۈپ ئالدىغا سۇندى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەنگەن ئادىلمۇ سول قولىنىڭ مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇنىڭ مۇشتىغا يېنىك ئۇردى. ئارقىدىن ئىككىسى ئوڭ قولىنى سۇنۇشۇپ قول ئېلىپ كۆرۈشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆرۈشۈش ئادىتى ئىدى. ئۇلار كۆرۈشۈش قائىدىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بار ئىكەنسەن ـ ھە؟ — دېدى ئادىل ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— ئۆلمىسەڭ بار بولىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى باتۇر كۈلۈپ. ئادىل ئۇنىڭ خېلى ئېغىر ـ بېسىق، سىپايە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بار بولساڭ، نەلەردە بار، نەلەردە يوق؟ — دېدى ئادىل ئالدىراپ.

— دېسەڭ گەپ جىق، ھازىر مۇسابىقە باشلىنىپ قالدۇ. كەچتە كۆرۈشەيلى. نەگە چۈشتۈڭ؟

— كىروران مېھمانخانىسىغا، 302 ـ ئۆي.

— كەچلىك تاماقنى يېمەي تۇر، بىللە يەيمىز جۇمۇ.

— ماقۇل.

— ئادەم قوشۇۋالما جۇمۇ.

باتۇر يەنىلا ئۇدۇل، ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزىنى ساقلاپ قالغانىدى.

— بىلدىم.

— تازا بىر مۇڭدىشايلى، خۇيىمىز تۇتۇپ قالمىسۇن دەيمىنا.

باتۇر مەيدانغا كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈپ تاشلىغان ئادىل: «مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا پۇتبول ئەركىسى، مۇھەببەت شەيتىنى دەپ نام ئالغانىدىڭ. ئەمدى لەقىمىڭ نېمىگە ئۆزگەرگەندۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رەسىمگە ھېرىسمەن، چىرايلىق، رومانتىك بىر قىز كەلدى.

B

قىشنىڭ ئۆزىشىغا ئەگىشىپ، باھار كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئېرىقتىكى مۇزلار ئېرىپ ئەگىز بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەتراپ گۈل ـ گۈلىستانلىققا چۆمدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى چېچەكلەردىن تاج كىيىپ ئالاھىدە بىر تۇسكە كىردى. گۆدەك قىزلار سۇغا ئۇچى چىلىنىپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرىدىن بېشىغا چاچ كىيدى. قۇشلار يېقىملىق نەغمىلىرىنى باشلاپ، ئەتراپنى قايناقلىققا چۆمدۈرۈپ، باھارنى تېخىمۇ يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلماقتا ئىدى.

شۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىبراھىم ئايالى بىلەن

ئاپتاپ سۇنغاچ، ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىنى ئوقۇتماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەئىدنىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى جانلانغان قەشقەرگە ئەۋەتىشكە بىرلىككە كېلىپ، تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

دىلىغا ئىلىم ئىشقى چۈشكەن 14 ياشلىق سەئىدىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ئوقۇتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

قەدىمىي قەشقەر ئىلىم ـ مەرىپەت يۈكسەلگەن ئىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز زامانىدا مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخارا بىلەن تەڭ ئورۇندا سانىلاتتى.

ئىبراھىم ئوغلى سەئىدنىگە بىلىم ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئوغلىنى قەشقەردىكى داڭلىق ساجىئە مەدرىسەسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. سەئىدىن بۇ مەدرىسەدە نەچچە يىل تىرىشىپ ئوقۇش بىلەن بىرگە، شېئىر، غەزەللەرنى يېزىشنى مەشىق قىلدى، يەنە نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشتى. ئارام ۋاقىتلىرىدا ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرگە شاگىرتلىققا كىرىپ، ئۇستا نەققاش ۋە سىرچى بولۇپ، ئىلىم ـ ھۈنەردە كامالەتكە يەتتى.

مانا تاڭلارنى تاڭلار، كېچىلەرنى كېچىلەر ئۇلاپ سەئىدىن ئوقۇشقا كەتكىلىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل بولدى. سەئىدنىنىڭ مەشۇقى رابىيە كۈندە سەئىدىنىنىڭ يولىغا قاراپ كۈنلەرنى تەستە ئۆتكۈزدى.

سەئىدىنىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەيلا دەپ قالغان رابىيە ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىغا سۆز ئېچىپ، ھەزرەت سەيلىسىگە بېرىپ كېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بىراق، ياقۇپ رابىيەنىڭ ئانىسى بىلەن بىرگە بېرىشىنى شەرت قىلدى. ئۇلارنىڭ سەپىرىگە سەئىدنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ قوشۇلدى.

6 ـ ئاي، ھەممە ياق يېشىللىقتىن تون كىيگەن، يازنىڭ بالدۇر پىشار يەل ـ يېمىشلىرى پىشىشقا باشلىغان ئىنتايىن گۈزەل چاغ. ئۇلار دەل مۇشۇنداق گۈزەل پەسىلدە قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى قويۇق دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قورشالغان بولغاچقا، ئىسسىقنىڭ تەپتىنى بىلىندۇرمەيتتى. يولدا كېتىۋاتقان مەيدە قەلبىدىكى باغۇ ـ بوستانلىق ھۇپپىدە گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن، ۋۇجۇدىغا باھار ئاتا قىلغان گۈل ـ چېچەكلەردىن خۇش پۇراق چېچىلغان رابىيە، مەجنۇن سۈپەت ئاشىقى سەئىدىنىگە ئۆزى لەيلى بولۇپ غەزەل توقۇپ كېتىۋاتاتتى.

ھارۋا ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى كۆزگە تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرىلەر چېلىقىپ، كىشىنى مەست قىلاتتى. ئەتراپتىكى يېشىللىقتا كاككۇكلار ناخشا ئېيتىپ سايراشسا، ھۇپپىدە ئۆسكەن تىۋىلغازارلىقتا تورۇلغىلار تورۇلدىغىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ موللاق ئېتىۋاتقان كەپتەرلەر ھاۋا بوشلۇقىنى قىزىتىۋەتكەندى. جەنۇب تەرەپتە كۆككە تاقاشقان مۇزتاغ كۆرۈنسە، مۇزتاغنىڭ يېنىدىلا جۇلا قىلىپ تۇرغان كۈمۈش تاغ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

6 ـ ئاينىڭ قىزىق ئاپتىپىدا تازا مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلىك يولدا، كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئاپاق خوجا مازىرىغا كېتىۋاتاتتى. مازار دەرۋازىسىنىڭ تۆشۈكىدىن بەزىلەرنىڭ يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغىسىنى توختىتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۈگۈن ئاپاق خوجا ئۆلگەن كۈن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن بولىدىغان ھەزرەت سەيلىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بۈگۈن تېپىك ئىككى خىل دۇنيا شەكىللەنگەنىدى. يەنى ھەزرەت سەيلىسى كۈنى بەزىلەر يىغا ـ زارە قىلىشسا، بەزىلىرى بۇ ئۆلۈم ئۈچۈن نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ زامان

ئاسمىنىدا يىغا ـ زار ئاۋازى بىلەن كۈي ـ نەغمە ئاۋازى تېپىشىپ چاقماق ھاسىل قىلغانىدى.

ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى زۇلمەتلىك زاماندا، جەمئىيەت تەرتىپسىز، تەبىقىلەرنىڭ پەرقى ناھايىتى روشەن بولۇپ، خەلق ئاچارچىلىقتىن زادىلا نېرى كېلەلمىگەنىدى. كوچىلاردا دىۋانە ـ قەلەندەرلەر توشۇپ كەتكەن بولۇپ، «نان بەر، ئاللا بالا ـ قازادىن ئامان قىلار» دېگەندەك گەپلەر ماڭدامدا بىر قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچىدىكى يېتىم بالىلارنىڭ نالىلىرى، تۇل خوتۇنلارنىڭ دادلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋېتەتتى.

بىر ياقتا ئالدامچى پالچىلار جان بېقىش ئۈچۈن يالغاننى راست قىلىپ سۆزلەپ ئادەم توپى شەكىللەندۈرگەن بولسا، يەنە بىر ياقتا مەدداھلار ساپايىلىرىنى ئوينىتىپ، ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، دەرد ـ ھەسرىتىنى ئاھ ئۇرۇپ سۆزلەيتتى.

ئادەملەرنىڭ داد ـ پەرياد، نالە ـ پىغانلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بۇ سەينادا كىشىلەر توپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، ساماۋاردىن يېڭىلا چۈشۈرگەن ئىسسىق چايغا قەنت ـ ناۋات سېلىپ ئىچكەچ، ئالدىدىكى نەغمە ـ ناۋادىن ھۇزۇر ئېلىشاتاتتى. مانا بۇ ياقتا ئالدى نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان ئېسىلزادىلەر، يەنە بىر ياقتا بولسا ئاچارچىلىقتىن بىر بۇردا نانغا زار بولغان خەلق. ئەنە يولدا ئېسىل پەرەنجە، تونلارنى ئۈستىگە كىيىشكەن بەگ ـ غوجاملار، يېنىدا ئۈستى جۇل ـ جۇل ئاۋام.

كوچىنىڭ خالىي جايلىرىدا تىكلەنگەن تاۋكادا دو تىكىشىۋاتقان ئادەملەر، كۆپكۆندۈزدىلا ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىققا چۈشكەن مۇتتەھەملەر، ئىسنى كۆچەپ تارتىپ قاپاقتىكى سۇنى پۇرۇقلىتىپ، ھۇزۇر بىلەن ئىس پۈۋلەۋاتقان نەشكەشلەر، ۋەھاكازالار... مانا بۇلار ھەزرەت سەيلىسىدىكى ئەينەن رېئاللىق.

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، پىژغىرىم ئىسسىق ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قاينىتاتتى. ئاغزىدىن گەپ يا ئوقىدەك چىقىدىغان دوغچىلارنىڭ

دوغلىرى مانا مۇشۇ ئىسسىقتا كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى.

قارلىق تاغقا قىشچە ياغقان قار قۇياشنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن ئېرىپ، تۇمەن دەرياسى كەلكۈنگە لىق تولغانىدى. چىڭقى ئىسسىق ئۆتتۇپ، كۈن غەربكە قىيسايغاندا تۇمەن دەرياسىغا سالقىنداشقا كەلگەنلەر بىلەن ئەتراپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى.

ئاتا ـ ئانىسى ۋە رابىيەلەرنىڭ كېلىشىنى ئالدىن ئۇققان سەئىدىنىمۇ بۈگۈن كۈن قايرىلىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ، تۇمەن دەريا بويىغا كەلدى. دەريا ئەتراپىدا ئادەم كۆپ بولغاچ سەئىدىن ئۇلارنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىر چاغدا كۆكچى تەرەپتىن بىر ھارۋا دەريا تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. سەئىدىنمۇ ئىنتىزار كۆزلىرىنى ھارۋا كېلىۋاتقان تەرەپكە تىكتى. ھارۋا ھەيدىگەن ئادەمنىڭ ئاغىنىسى ھەسەن ئىكەنلىكىنى بىلگەن سەئىدىن يۈگۈرۈپ ھارۋا ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى. ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ كۆزلىرى تېشىلەيلا دەپ قالغان سەئىدىن، ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن بىرھازا قۇچاقلىشىپ كەتتى. سەئىدىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئولتۇرغان ھارۋا كەينىدىكى مەپىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار كۆرۈشۈپ بولۇشىغا ئۇلگۈرۈپ كەينىدىكى مەپە يېتىپ كەلدى. مەپىدىن خۇددى ئاي تۇغۇلغاندەكلا رابىيە ئاستا يەرگە چۈشتى. ئۇنى كۆرگەن سەئىدىنىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندا تىپىرلاشقا باشلىدى. ئاتا ـ ئانىسى بولمىغان بولسا قەلبىدىكى ئوتلۇق ھېسسىيات يانار تاغدەك پارتلار ئىدى، ئېھتىمال.

رابىيە بىلەن سەئىدىن ئىككىسىلا شەرم ـ ھايالىق باللاردىن بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە تىكىلىشكەن كۆزلىرى خىجىللىقتا تولۇپ، يۈزلىرى قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ، باشلىرىنى يەرگە ساڭگىلىتىشتى. بىر ـ بىرىگە ئۆزىنى ئېتىشىپ، ۋىسال تىنىقلىرىغا پېتىشقۇسى كەلسىمۇ ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشتى. ھەسەن بىلەن زۆھرە ئۇلاردىكى بۇ ھېسسىياتنى چۈشەنگەچكە،

ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ بۇ پەسكويلۇقنى بۇزدى.

ھەسەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان سەئدىن ھېسسىيات دەرياسىدىن قىرغاققا چىقىپ، ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئۇلارنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۆيگە باشلاپ بېرىپ ئارام ئالغۇزدى.

كۆن تۇن پەردىسىنى ئاستا ـ ئاستا ئېچىپ، كېچىنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇسىنى قاياقلارغىدۇر ھەيدىۋەتكەندى. سەھەردىلا سەئدىن بىلەن رابىيە سىرتىنى ئايلىنىپ كېلىشكە چىقىشتى. ئۇلار مەدرىسە ئىچىگە كىرگەن چاغدا، قەسىر ئۈستىدە قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى چېچىپ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. قەسىر ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارلىق تاغ قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدىن پارقىراپ خۇددى بىلىيارتتەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار بىلەن بىرگە يەنە بىر ياقتا تاۋاپچىلار يېشىل گۈمبەزنى بويلاپ، گاھ يىغلىشىپ، گاھ كۈلۈشۈپ تاۋاپ قىلىۋاتاتتى. تېرىسى ئۈستىخىنىغا چاپلىشايلا دەپ قالغان بىر نەچچە مەجنۇن بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، ساپايىلىرىنى سوقۇپ بۇ يەرنى سۈر ـ چۇقانغا تولدۇرغانىدى.

رابىيە بىلەن سەئدىن بۇ يەردە خېلى ئايلانغان بولسىمۇ، يۈرىكىدىكى ئوت تېپىرلاپ كۆڭۈللىرى تازا ئېچىلىشمىدى. ئۇلار ئايلانغاچ يۈرىكىدە ساقلاپ بولالمىغان سۆزلەرنى دېيىشكەچ خالىي بىر تاشلاندۇق گۈمبەزنى تېپىپ ئىچىگە كىرىشتى.

ئۇلار كۆڭلىدىكىدەك بۇ خالىي جايدا، بېسىپ بولالمايۋاتقان ھېسسىياتلىرىنى ئاشكارىلاپ بىر ـ بىرىگە ئۆزىنى ئېتىشىپ، پاكلىق، شەرم ـ ھايا ۋە نومۇسنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلغىنىچە ئىشق دۇنياسىغا غەرق بولۇشتى. ئۇلار بىر ھازا مۇھەببەت دولقۇنلىرىدا ئۈزۈشكەندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۇزاق مۇڭداشتى ھەمدە تائەبەد بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماسلىققا، ئۆزئارا قەدىرلىشىپ، بۇ دۇنيادا خۇشال ـ خۇرام ياشاپ، تۇرمۇشنىڭ جەبىر ـ جاپاسى ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدە بىرگە بولۇشقا ۋەدىلەر بېرىشتى.

## 3

ئۇ قىزنىڭ ئىسمى سالامەت ئىدى. بۇ قىز باتۇرنىڭ ھاياتىغا، قەلب دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرگەن بىردىنبىر قىز ئىدى.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ياتاقتا ئارام ئېلىپ ياتقان ئادىل يېزىپ تۈگەتكەن «سۆيگۈ ئابىدىسى» ناملىق پوۋېستىنىڭ ئارگىنالىنى قولىغا ئالدى. ئەمما ئارگىنالنى تۈتقىنىچە خىيالغا كەتتى:

... قەشقەرگە بارالمىغانلىقى بەك ئەلەم بولغان ئادىل باتۇر بىلەن تولا جېدەللىشىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدى. پۇتبول مەيدانىدا «جۇپ مۇشت» دېگەن نامنى ئالدى.

ئادىل باتۇر بىلەن جېدەللىشىپ، ئەپلىشىپ ئۆتۈش جەريانىدا شۇنى بىلىپ يەتتىكى، باتۇر قوپال، يىرىك سۆزلەيدىغان، باشقىلارنىڭ كۆڭلى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان، ئۆز خۇشلۇقىنى ئىزلەيدىغان، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىغان، لۈكچەك مىجەز بىر بالا ئىدى. بىراق ئادىل باتۇردا يەنە قايناق ھېسسىياتقا تولغان، مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان، كۆيۈنۈشكە موھتاج بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى.

ئادىلنى ئەسلىمە قويىنىغا تاشلىغىنى باتۇرلا ئەمەس، يەنە سالامەت ئىسىملىك قىزمۇ بار ئىدى.

باتۇر پۇتبولدىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى. شۇڭا، ئۇ كۈندە دېگۈدەك خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە ئادەتلەنگەنىدى. بۇگۈنكى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا باتۇر ئادىتى بويىچە خەنزۇچە خەتتىن ئۇننى پىششىق ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر پارچە قەغەزگە پۇتبولنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا پۇتبولنىڭ رەسىمىنى ئۆلچەملىك قىلىپ ئاق ـ قارا بوياپ

چىقاتتى. بەزىدە قىزىل، يېشىل رەڭدىمۇ بوياپ باقاتتى. بۇگۇن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن پۇتبولنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە سىزىپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ سىزغىنى رەڭ جەھەتتىن پۇتبولغا ئوخشىغىنى بىلەن شەكىل جەھەتتىن مەلۇم گېئومېتىرىيەلىك شەكىللا ئىدى. بىراق باتۇر بۇ «پۇتبول» غا قىزىقىش ۋە ھەۋەس ئىلكىدە قاراپ كەتتى ھەمدە: «ئەگەر پۇتبول مۇشۇنداق شەكىلدە بولسا، قانداق ئوينار بولغىيتتۇق؟ قانداق قائىدىلەر تۈزۈلەر بولغىيتتى؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن رەسىمنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدىن يىراق تۇتۇپ قاراپ بېقىپ، رەسىم قىزىق بىلىنگەچكە كۈلۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇدۇلدىكى سىنىپتا تاراق - تۇرۇق بولۇپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى، پۇتبولنىڭ شەكلى ھەققىدىكى ئۆزگىچە خىياللىرىغا تەسىر يەتكۈزدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن باتۇر ئۇدۇلدىكى ئىشىككە ھومىيىپ قارىدى.

سىنىپلارنىڭ ئالدى - كەينى بولۇپ ئىككىدىن ئىشىكى بار ئىدى. باتۇر كىرىپ - چىقىشقا قولايلىق، ياز كۈنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، دەپ كەينى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى. باللار ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بولغاچقا، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرمىغانىدى.

قارشى ئىشىكتىكى ئۇ قىز ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، باتۇرنىڭ ئۆزىگە ھومىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى تۇيمىدى. باتۇرمۇ ئاچچىقى بىلەن قاراپ تۇرۇۋەردى. پارتىسىنى رەتلىۋالغان قىز بېشىنى رۇسلاپ يانغا قارىدى ۋە چىرايىدىن نارازىلىق ياغدۇرۇپ قاراپ تۇرغان باتۇرنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزاردى ۋە تىلىنى چىقىرىپ خىجىل بولغىنىنى ئىپادىلىدى.

قىز چىرايلىق، مۇلايىم، ئىسسىق چىراي ئىدى. باتۇر قىزنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھېجايدى. قىز بولسا بېشىنى ئانچىكىم لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇستەل ئۈستىگە بوياق قېپى بىلەن

رەسىم جازىسىنى قويدى.

باتۇر بۇ پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىدە ئوقۇيتتى. ئۇ قىز رەسىم كەسپىدە ئىكەن. بەلكىم قىزنىڭ بويى ئېگىزدۇ ياكى ئۆزى خالىغاندۇ، ئۇ قىزمۇ كەينى ئىشىك تۇۋىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. يەنە كېلىپ باتۇرغا ئوخشاش يالغۇز.

بىر چاغدا قىز نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىكنى ئېتىپ سىنىپتىن ئايرىلدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولغان باتۇر ئىختىيارسىز گەۋدىسىنى ئىشىكتىن يېرىم چىقىرىپ كارىدورغا قارىدى. قىز رەسىم سىزىدىغان جابدۇقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. باتۇر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قىزنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ قالدى.

باتۇرنىڭ بىرەر ئىشقا قولى بارمىدى. پۇتبولنىڭ رەسىمىنىمۇ سىزغۇسى كەلمىدى. بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ خالىغانچە سىزىقلارنى سىزىپ ئولتۇردى. ئىچى پۇشۇپ بۇنىڭدىنمۇ رايى قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىنىپ باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، — دېدى. سىنىپ باشلىقى بىرلا قاراپ باتۇرنىڭ قەستەنگە باھانە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ رۇخسەت بەردى.

ئۇلار باتۇرنىڭ مىجەزىنى بىلىدۇ ھەمدە باتۇرغا قايىل. شۇڭا باتۇرغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايدۇ. ئارتۇقچە گەپنىڭمۇ كېرىكى، رولى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ سىنىپتا 34 ئوقۇغۇچى بار. ھەممىسىنىڭ تەنتەربىيەنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ماھارىتى بار. بىراق، پۇتبولدا ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك ئىقتىدارى يوق. باتۇر پۇتبول ماھارىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، قاراملىقى، ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن پۇتبول مەيدانىنىڭ ئەركىسىگە ئايلانغان. نۇرغۇن مۇسابىقىلەردە توپ

كىرگۈزۈپ مەكتەپكە، ۋىلايەتكە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلگەن. ھەتتا بەزىلەرنىڭ كۆرەلمەسلىك بىلەن: «بەدىنىدىكى كۈچ تاپىنلىق» دېگىنىگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن چويۇن توپ مەشقى قىلىپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئۈچىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ مەشقاۋۇلىمۇ، سىنىپ مەسئۇلىمۇ، ھەتتا «قادىر گوركىي» دەپ نام ئالغان مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق («گوركىي» دېگەن سۆزنىڭ رۇسچىدىكى مەنىسى «ئاچچىق» دېگەنلىك). شۇنداق بولغاچقا ئۇنى ئاياىدىغانلار، يۈز قارايدىغانلار بار. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشقانىنىڭ، گەپ تالاشقانىنىڭ، جازالاش كويىغا كىرگەننىڭ ئانچە پايدىسى يوق. بۇنى ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلىپ بولغان. كىمنىڭ يوق ئىشقا ئارىلىشىپ، كۆڭلىگە ئازار بېرىۋالغۇسى كېلىدۇ دەيسىز.

باتۇر سىنىپتىن چىقتى. مۇرىسىگە رەسىم جازىسى ئاسقان بىر بالا سۇخانىنىڭ ئالدىدىكى دېرىزىدىن سىرتقا قارىغانچە خىيالغا چۆكۈپ تۇراتتى.

ــ سىلەر ئۇدۇلدىكى بىنادا ئەمەسمىدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى باتۇر ئۇدۇللا. بالا چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى:

ــ بىز تۇرغان قەۋەتنى رېمونت قىلغۇدەك. شۇڭا، بۇ سىنىپقا كۆچۈپ چىقتۇق. قارىغاندا ئاخىرقى يىلى مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوخشايمىز.

باتۇر ئارتۇق گەپ قىلماي، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما نېمىشقا بۇنچە ئالدام ماڭغىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. بىر ئويلىسا بىرىنى ئىزلەۋاتقاندەك، بىر ئويلىسا مەقسەتسىزلا مېڭىۋاتقاندەك. ھېلىقى قىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. تۆۋەنكى قەۋەتتە ئاياغ تىۋىشىمۇ يوق. باتۇرنىڭ ئىچى تىتىلدىدى.

ئۇ بىنانىڭ ئالدىغا چىقىۋىدى، تەرخەمەك كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرى ئۇچرىدى. باتۇر ئۇنىڭ دىققەت قىلمىغىنىدىن پايدىلىنىپ شارتلا قىلىپ قولىدىكى تەرخەمەكنى تارتىۋالدى ـ دە، ئۇ بالا پالان دېگۇچە تەرخەمەكنى گاچ قىلىپ چىشلەپ مەززە قىلىپ چايناشقا باشلىدى. تەرخەمەكنىڭ سۈيى باتۇرنىڭ جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ئۇ بالا ئاچچىقلىنىپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، «بولدىلا» دەپ يولىغا ماڭغاچ:

— مەكتەپ تۈزۈمى دېگەن مۇشۇنداقلارغا تۈزۈلگەن بولغىيتتى، — دەپ غودۇڭشىدى.

— ئۆزۈڭ ياتاقتا يەپ چىققاندىكىن، بۇنى بىز يەرمىز، — دېدى باتۇر ئۆزىدىكى بايىقى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالغاندەك بولۇپ، — «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە» دېگەن گەپ بار جۇمۇ.

ئۇ بالا بېشىنى چايقاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

باتۇر ئەمدى تەرخەمەكنى خۇشياقمىغاندەك چايناپ مەيدانغا باردى. مەيدان سىنىپلاردىكى چىراغ يورۇقىدىن گىرىمسەن يورۇپ تۇراتتى، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. بۇنى كۆرگەن باتۇرنىڭ رايى يېنىپ سىنىپقا چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، بىر قىز ئوقۇغۇچى تاقىلداپ دەسسىگىنىچە كېلىپ قالدى. باتۇر ئۇ قىز يېنىدىن بىر قەدەم ئۆتۈشىگىلا ئىسقىرتتى. قىز دەرھاللا توختىدى.

— ئىسقىرتقۇچە، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن چىرايلىق گەپ قىلمامسىز، — دېدى ئۇ قىز.

— قانداق گەپ قىلىمەن؟ — سورىدى باتۇر خۇپسەنلىك بىلەن.

— بىرەر خىيال بىلەن ئىسقىرتقانسىز؟ شۇ خىيالىڭىزنى دېمەمسىز.

قىزنىڭ سۆزىدىن باتۇر بىلەن سۆزلەشكۈسى بارلىقى ئېنىق

بىلىنىپ تۇراتتى.

— بولدىلا، — دېدى باتۇر.

— سارالڭ!

قىز شۇنداق دېگىنىچە بىناغا كىرىپ كەتتى. باتۇرمۇ بىناغا كىردى. ئەمما سىنىپقا كىرگۈسى كەلمەي بىرىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدا تۇرۇپ قالدى. كارىدوردىكى چوڭ جازىلارغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈرەتلىرى چاپلانغانىدى. بۇرۇن بۇ رەسىملەرنىڭ ئالدىدىن كۆندە نەچچە رەت ئۆتۈپمۇ قاراپ باقمىغان باتۇر ئەمدىلىكتە، بەلكىم بىكارچىلىقتىكى زېرىككىشلىكتىندۇر، ئىختىيارسىز قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئالدى بىلەن «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سەھىپىگە ئالاھىدە چوڭ قىلىپ چاپلانغان سۈرەتلەرگە چۈشتى.

باتۇر بېشىنى سىڭايان قىلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئەڭ بېشىغا رەسىم سىنىپىدىكى بايىقى قىزنىڭ سۈرىتى چاپلانغانىدى. قىز تولىمۇ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچى ئۇنى تېخىمۇ ئوماق، تېخىمۇ جەلپكار قىلىۋەتكەنىدى. «نېمىدېگەن ئوماق!» دەۋەتتى باتۇر.

— نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۈستىدىن «يۈز يىل غېرىبلىق» دېگەن كىتابنى قولتۇقىغا قىسىپ چۈشكەن ئادىل. بۇ ئۇلار يېڭىلا ئەپلىشىپ قالغان چاغلار ئىدى.

— مۇكاپاتلىنالمىسا يىغلايدىغان مۇنۇ يىغلىغاقلارغا.

باتۇر شۇنداق دەپ ئۈستىگە ماڭدى. ئەمما ئۇنىڭ رەسىمگە يەنە بىر قېتىم قاراپ باققۇسى كەلدى.

ئەتىسى رەسىم سىنىپىنىڭ ئىشىكى ئېچىلمىدى. بۇنىڭدىن باتۇرنىڭ يەنە ئىچى پۇشتى.

كەچلىكى رەسىم سىنىپىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. بۇنى كۆرگەن باتۇر تاقەتسىزلىنىپ كەتتى. دەممۇدەم ئۇ سىنىپنىڭ كەينى ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇردى. بىر چاغدا بۇ ئىشىكمۇ ئېچىلدى.

يارىشىملىق كىيىم كىيگەن قىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا ئىختىيارسىز باتۇر تەرەپكە قاراپ سالدى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان باتۇر:

— سالام ئىنىشكىداش، — دېدى كۈلۈپ. بۇ گەپ قىزىق بىلىنىپ قىزمۇ كۈلدى:

— تىنچلىقمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— تىنچلىق، — دېدى باتۇر ئالدىراپ. گەپ تۈگىگەن بولغاچقا قىز قولىدىكى كىتابقا قارىدى. ئەمما باتۇرنىڭ يەنە گەپ قىلغۇسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋازىنى پەس قىلىپ:

— بۈگۈن ئوقۇمىدىڭىزلارغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەمما قىز گەپنى ئۇقالماي:

— نېمە؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى.

بۇ چاغدا ئىككىلا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقى قوزغالغان بولغاچقا، قىز خىجىللىقتىن قىزىرىپ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەشكە تۇتۇندى. بىراق باتۇرنىڭ پەقەت بولدى قىلغۇسى كەلمىدى.

ئۇ بىر پارچە قەغەزگە «بۈگۈن ئوقۇماي نېمە ئىش قىلدىڭىزلار؟» دەپ يېزىپ قىزغا قارىتىپ ئاتتى. قىز قەغەزنى ئېلىپ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن جاۋاب قەغەز ئاتتى. «سىرتقا رەسىم سىزغىلى چىقتۇق.» باتۇر يەنە خەت يازدى: «نەگە باردىڭىزلار؟» جاۋاب خەت كەلدى: «تۇرپان مۇنارىغا.» باتۇر يەنە خەت يازدى: «ئەتىمۇ بارامسىزلەر؟» قىز تېزلا جاۋاب خەت يازدى: «خوش، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.»

دەرۋەقە، قىز باش كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىشقا تۇتۇنغانىدى. باتۇر قىزنىڭ پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ شۈرلىدى:

— نەگە؟

قىز جاۋاب بەرمىدى. باتۇر جاھىللىق بىلەن يەنە خەت يازدى. خەتنى كۆرگەن قىز بىزارلىق بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە باتۇرنىڭ خېتىنىڭ ئاستىغىلا جاۋاب يېزىپ، قەغەزنى باتۇرغا

زەردە بىلەن ئاتتى. باتۇر خەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتى. خەتكە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«— نەگە؟

— ئېشەك مىنىپ جەڭگە.»

باتۇر بولدى قىلدى. ئاڭغىچە ۋاقىت توشتى. مۇزاكىرىدىن چۇشۇپ ئەتىكى نەزەرىيە دەرسىنى ئويلاپ بېشى ئاغرىغان باتۇر يەنە ھېلىقى قىزنى ئويلىدى ۋە تۇرۇپلا جەھلى قاتتى: «ھوي، نېمانچە قىلىمەن ئۇنىڭغا... » ئەمما بىرىنچى قەۋەتتىكى قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش بىلەن «ھەي، نېمىشقا ئىسمىنى سورىمىغان بولغىيتتىم؟ ئىسمى نېمىدۇ؟» دەپ ئەپسۇسلىنىپ كەتتى.

C

قەشقەرنىڭ ھاكىمى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئىلىم ـ مەرىپەت سۆيەر ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىم ئەھلى، ئالىم، ئەدىبلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ بەگلىكنى ئىلىم نۇرىغا تولدۇرغانىدى.

زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئوردىسىغا قەلەم ۋە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئابدۇرەھىم نىزارىي، زىيائى، ئەدىب غېرىبى، شائىر ئىمىن ھۇسەيىن سەبۇرى، قەشقەرلىك ئالىم ۋە ئۇستا تەرجىمان موللا مۇھەممەت سادىق قاتارلىقلارنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ، نىزارىي، غېرىبى، زىيائىلارنى مىرزىلىققا تەيىنلەپ ئۆزىگە كاتىپ قىلدى. سەبۇرى، قىسسۇرى، موللا مۇھەممەت سادىق قاتارلىق ئالىملار زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بەرگەن ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى رەت قىلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇلار دائىم بىر يەرگە يىغىلىشىپ، ئىلىم ئۇستىدە ھەمسۆھبەتتە بولۇشۇپ، زامانىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۇستىدە بەس ـ مۇنازىرىلەر قىلىشاتتى. كىمنىڭ قۇربى يەتسە سورۇن

قوروپ، شېئىر ـ نەزمىلەر توقۇشۇپ، كىتابلارنى ئوقۇشاتتى. ئۇلارنىڭ پائالىيەت ۋاقتى قىشتا مەدرىسەلەرنىڭ ھوجرىلىرىدا، گۇللەر ئېچىلىپ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن ياز ۋاقىتلىرىدا مەئىشەتكە تولغان باغلاردا بولاتتى. ئۇلار ئېسىل سورۇنلارنى تۈزۈشۈپ، نەغمە ـ ناۋانى ئەۋجگە چىقىرىپ، بېيىت بىلەن بىر ـ بىرىگە چاقچاقلار قىلىشىپ، شېئىر ـ نەزمىلەر ئوقۇشۇپ، تەھلىللاتلارغا چۈشەتتى.

ئۈچ يىل ساجىئە مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان سەئدىن بۇ جەرياندا يۇقىرىقى شائىر، ئالىملار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتتى. ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلارنى بىجانىدىللىق بىلەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا ئۇلار قەيەرگە يىغىلىشىپ سورۇن تۈزسە سەئدىننى بىرگە ئېلىۋالاتتى.

سەئدىن ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان سورۇنلارنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا خىزمەت قىلدى.

نېلۇپەر ئەمدى رەڭگە كىرگەن پەسىلنىڭ ياخشى پەيتىدە تۈمەن دەريا بويىغا جايلاشقان نىزارىيىنىڭ ئارام بېغىدا يىگىتلەر ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ، يەرلەرگە سۇ چېچىپ بەزمە ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەئدىنمۇ بار بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن باغنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن باغنى پاكىز تازىلاش شائىرلارغا قىلغان چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسابلىناتتى.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۆلنىڭ زۇمرەت سۈيىدە گۇللەرنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ، ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كۆل بويىغا ياسالغان چىرايلىق سۇپىغا خوتەننىڭ قىپقىزىل ئوتقاشتەك گىلەملىرى، ئۇستىگە ئەتلەستىن يېكەنداز سېلىنغانىدى. باغ ھەرخىل گۇللەر بىلەن تولغان بولۇپ، كېپىنەكلەر گۇللەر ئارا شوخ ئويناپتتى. ئۆرۈك، ئۈجمە، گىلاس قاتارلىقلار مەي باغلاپ پىشىپ، قارا ئۆرۈك، ئالمىلار قىزىرىشقا باشلىغانىدى.

نىزارىي ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردىن ھۇزۇر ئالغاچ كىرىپ كەلدى. نىزارىي ئەتراپنىڭ پاكىزلىقىدىن سۆيۈنۈپ، سەئدىنلەرگە بارىكاللا ئېيتىپ ئۇلارنى ماختاپ كەتتى.

نىزارىي باغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە كۆز ئالدىغا ھەرخىل گۈل ـ گىياھ، مەنزىرىلەر زاھىر بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىدا ئۇيان ـ بۇيان تاقلاپ سايرىشىۋاتقان ھەرخىل قۇشلارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا نەغمە كەبى ئاڭلىنىپ، تەبىئىيلا ئۇنىڭ ئىلھامىنى قوزغىدى. نىزارىي بۇ ئىلھامىنىڭ تۈرتكىسىدە قولىغا قەلەم ئالدى ـ دە، ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەسەر ئىچىگە كىرىپ كەتكەچكە، ئەمدىلىكتە ئەتراپتىكى گۈزەللىكلەر تەسىر قىلمايۋاتاتتى.

سەئدىن نىزارىينىڭ بۇ ئىجتىھاتىنى كۆرۈپ، نىزارىيغا بولغان قايىللىقى تولىمۇ ئاشتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەنلىكى سەئدىن ئۈچۈن چوڭ ئىلھام بولدى. سەئدىن نىزارىينى بىر چەتتە تۇرۇپ كۆزەتمەكتە ئىدى.

نىزارىي ئىجادىيەتكە شۇڭغۇپ مەي بولۇپ كەتكەندە، باغ ئىشىكى ئالدىدا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نىزارىي بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قەلەمنى دەرھال قويدى ـ دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئىشىك ئالدىدىكىلەر نىزارىي بۈگۈن بېغىغا چاقىرغان ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن موللا مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي، شائىر سەبۇرى، زىيائى، شائىر غېرىبى قاتارلىقلار ئىدى. نىزارىي ئىشىك ئالدىغا چىقىپ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ شائىرانە ئىلمىي چاقچاقلار بىلەن مېھمانلارنى سۇپىغا باشلىدى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا ئۆزرە ئېيتىشتى.

بۇ كاتتا شەخسلەرگە چايلار قۇيۇلۇپ، داستىخانغا ھەرخىل مېۋە، قەنت ـ گېزەكلەر تىزىلىپ، كەينىدىنلا كاۋاپ، پولو، تونۇر كاۋاپلار... ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىلدى، كاتتىلار داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشتى. ئۇلار بىر ھازا تائاملارغا باققاندىن

كېيىن، ئۆزلىرى يازغان نەزمە ـ شېئىرلارنى سورۇنغا تۆكۈشكە باشلىدى.

بەزىمىدىكىلەر بىر ـ بىرى بىلەن پىكىر قىلىشىپ، ئىلمىي مۇنازىرىلەر قىلىشىۋاتقاندا، سەئىدىن بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىلمىي مۇنازىرىسىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن نىزارىي سەئىدىننى چاقىردى.

— بۇ ياقىقا كەل ئوغلۇم. سەنمۇ بىر ئىجاد بوغۇنى. قېنى قانداق ئەسەرلەرنى يازدىڭ؟ يازغانلىرىڭنى بۇياققا تۆك. ئۇستازلىرىڭ ئاڭلاپ كۆرسۇن، — دېدى. بۇ چاغدا سەئىدىن خىجىل بولۇپ تارتىنغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. سەئىدىن نىزارىي بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەر يېزىپ يۈرۈۋاتاتتى.

سەئىدىن سۇپىنىڭ بىر يېنىغا كېلىپ كۆپچىلىككە ئەدەپ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن ئولتۇردى ـ دە، قوينىدىن دەپتىرىنى چىقاردى. ھەممەيلەن بۇ ياشقا دىققىتىنى تىكتى.

— ئۇستازلىرىم، پېقىر پەقەت ھەۋەسكار. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەرزىمەس بىر نەچچە پارچە مۇخەممەس يازغانىدىم. كۆپچىلىككە يارامدۇ ـ يوق؟ — دېدى سەئىدىن ھەمدە كۆپچىلىككە قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇستازلىرىم، ياخشى يېزىلماي قالغان بولسىمۇ شۇنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇناي.

سەئىدىن مۇخەممىسىنى ئوقۇشنى باشلىۋەتتى:

*دىل ئەينىكىدە قىلىپ ئەتتى ئەكس يار،*
*ھۆسنۇ ـ جامال گۈللىرىگە تولغان لالە زار.*
*كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھېچ سەۋر ئىختىيار،*
*قانداق نەپىس گۈزەللىك ئېرۇر بۇ؟! دېدىم، دېدى:*
*گەر ئىشقىنىڭ بۇلبۇلىسەن! باھارىڭ ئېرۇر سېنىڭ.*

*مەن زار بولۇپ ئىننىڭكى جامالى شارابىغا،*
*ئىچكەنسېرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغا.*
*قالدىم چۇشۇپ تەشنا بولۇش ئىزتىراپىغا،*
*قانمايدىغان ئىچسە يۈرەك نە مەيدۇر؟! دېدىم، دېدى:*
*قاندۇرمىغان مەيمگە خۇمارلىق ئېرۇر سېنىڭ.*

*رەھىم ئەت ماڭا! قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،*
*ئاشۇپتەھال، تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەي.*
*سەندىن ئۈمىت قانداق قىلىپ مەن ئەمدى ئۈزەي،*
*بىلەلمىدىم نېچۈك ھالغا چۇشۇپمەن؟! دېدىم، دېدى:*
*ئىشق ئەھلى سەنشۇ ھالەت شوئارلىق ئېرۇر سېنىڭ.*

*دانە يۈزىدە خالى، چاچلىرى توزاق،*
*دىللار ئۇنىڭ نەرگىسىنىڭ ئەسىرى ئېرۇر بىراق،*
*قاتىل ئېرۇر ۋە لېكىن يوق ئۇڭا سوراق،*
*شۇنداقمۇ ئىش بولامۇ جاھاندا؟! دېدىم، دېدى :*
*ئارى بولۇر كويۇم ـ مازارلىق ئېرۇر سېنىڭ.*

سەئدىن مۇخەممىسنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بۇ تىرىشچان ياشقا ئاپىرىن ئېيتىشتى. مۇخەممەستە ئىشق ـ مۇھەببەت ئوقچۇپ تۇرغاچقا، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شائىرلارنىڭ سەممىمي باھالىرىنى ئاڭلىغان سەئدىن كۆپچىلىكتىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىغا سوئال تاشلىدى. ئۇنىڭ سوئاللىرىغا نىزارىي جاۋاب بەردى، باشقىلار نىزارىيغا ھەمدەم بولۇشتى.

سەئدىن دېدى:

ــ ئىشق دېگەن نېمە؟

نىزارىي دېدى:

— ئىشق، ئوتسىز كۆيۈك بالام.
سەئدىن دېدى:
— ئىشق، خالىغان دىللارغا چۈشۈۋېرەمدۇ؟
نىزارىي دېدى:
— ئىشق دېگەن ئاجايىپ نەرسە، ئۇ دۇغ كۆڭۈللەردە ئورنىنى تاپالىغان ئەمەس. مۇھەببەت ئايرىم، ئىشق ئايرىم. ئويلاپ باق، چاڭ - توزان قونغان ئەينەكتىن سەن ئەكسىڭنى كۆرەلمەيسەن.
سەئدىن دېدى:
— ئىشق دىلدا يوشۇرۇن ھالەتتىلا قالامدۇ؟
نىزارىي دېدى:
— ياق، بالام، ئوتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ئىشق دېگەن ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئوت. ئەگەر بۇ ئوتنى ساقلايمەن دېسەڭ كۆيۈپ تۈگەيسەن.
سەئدىن دېدى:
— ئىشققا نېمىشقا سىرداش تېپىلمايدۇ؟
نىزارىي دېدى:
— سەندىكى ئىشقنى باشقىلار تونۇيالمايدۇ. ئىشقنى تونۇغۇچى پەقەتلا سەن.
سەئدىن دېدى:
— ئىشق دەردىنىڭ داۋاسى بارمۇ؟
نىزارىي دېدى:
— دورا ئىشقنىڭ دەۋاسى بولالمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەسلا تېۋىپ يوق.
سەئدىن دېدى:
— دەردكە نېمە ئۈچۈن داۋا بولمايدۇ؟ دەرد تارتقۇچى نېمىشقا دەردىگە داۋا ئىزدىيەلمەيدۇ؟
نىزارىي دېدى:
— بۇ دەرد داۋانى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئاشىقمۇ بۇ داۋانى

كۆتمەيدۇ. پەقەت دەرد بىلەن ئاشىقلا تېۋىپ ھەم دورا.

سەئدىن دېدى:

— ئەگەر ئاشىقنىڭ مۇددىئاسى بولسىچۇ؟

نىزارىي دېدى:

— ئەگەر مۇددىئاسى بولسا ئۇ ساپ قەلبلەرنىڭ، ھالال ئىشقلارنىڭ ئاسىيسى، خالاس.

سەئدىن دېدى:

— ئاشىق نېمە ئۈچۈن ئىشقتىن كېچەلمەيدۇ؟

نىزارىي دېدى:

— ئىشقتىن كېچەلەيمەن دەپ كېچىش ئۆز ئىختىيارى ئەمەس.

سەئدىن دېدى:

— ئىشقنىڭ غايىسى ۋىسال تاپماق بولامدۇ؟

نىزارىي دېدى:

— ئىشقنىڭ قۇدرىتى دەرد ـ ھىجران. ئىشقنىڭ قۇدرىتىدە كىشى مەشۇقىنى ئويلاپ دەرد ـ پىغانغا چۆمىدۇ. ئەگەر ئىشق ۋىسال تاپالىسا كىشى دەرد ـ پىغاندىن خالىي بولىدۇ.

سەئدىن ئىچكى دۇنياسىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— ئاشىقنىڭ دەردىگە داۋا نەدە؟ ئاشىق ھەقىقەتەن ئىشقتىن قۇتۇلالماي، ۋىسال شارابى ئىچەلمىسە بىچارىگە نە چارە بار؟ ياكى ئۇ مۇرادىغا يېتەلمەي دەرد بىلەن دۇنيادىن خوشلىشىشۇنمۇ؟

نىزارىي ئاھ چېكىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— ھەقىقەتەن ئاشىقنىڭ ئىشى تەس. ئەگەر كىمگە ئىشق چۈشۈپ قالسا، دەرد ـ ھىجران ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى كېمىسى پارە ـ پارە بولۇپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان بېلىقچىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنى لەھەڭ، دولقۇنلار يۇتۇۋېتىشكە ئارانلا قالىدۇ. بېلىقچى بۇ ئاپەتلەرگە چارە قىلىشقا ئىلاجسىز بولغاندەك، ئىشق چۈشكەن كىشىمۇ چارىسىز قالىدۇ.

گاھىدا ئىشقنى بالا دېسەڭ، ئاشىق بۇنى بەخت دەپ ھېسابلايدۇ. گاھ ئۇنى زىندان دېسەڭ، ئىشق دۇنياسىدا ئۇزۇۋاتقانلار ئىشقنى تەخت دەيدۇ. ئىشق مېنى توسۇۋالغان تور دېسەڭ، ئاشىق بۇنى بىر نۇرغا ئوخشىتىدۇ. قەلبىڭ نۇر دېسە، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر يامان تورغا ئوخشايدۇ. ئەگەر يەنە ئۇنى نۇر دەي دېسەڭ، ئۇ ئازدۇرغۇچى بىر يول. چۈنكى ئەلمىساقتىن ئىشق كويىدا ئازغانلار ئاز ئەمەس. لېكىن بۇ ئىشق ئەھلى ئۈچۈن ناھايىتى توغرا بىر يول. ئاشىق ئۈچۈن ئىشق قەلبىگە بۆسۈپ كىرگەن بىر نۇر. بۇ نۇر ئاشىقنىڭ دىلىنى نۇرلاندۇرغۇچى بولغان بىلەن، ئىشق كۈچىيىپ، ھېسسىيات ئەقىل كۆزۈڭنى ئېتىۋالغان چاغدا، ئىشق ئىدراك يولۇڭنى توسقۇچى بولۇپ قالىدۇ.

نىزارىينىڭ ئىزاھلىرىدىن كېيىن سەئدىن شۇكلىشىپ قانائەت تاپقاندەك بولدى. بەزمە تارىغاندىن كېيىن، سەئدىن تۇمەن دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا كەچكى شەپەق چۈشكەن بولۇپ، قۇياشنىڭ قىزارغان يۈزى خۇددى خىجىللىقتا يۈزى قىزارغان قىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئۇپۇق بويلاپ شەپەق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتماقتا. ئۇ ئاستا ماڭغاچ شۇنى بىلدىكى، ئەسلى ئىشققا قۇل بولغان ئەسىر دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىچە، خۇددى دېڭىزغا شۇڭغۇغاندەك خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇ، كۆزىنى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىدىكى سۇغا تىككىنىچە، ئۆز ھاياتىنىڭ مانا مۇشۇ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشاش بارغانچە كۈچىيىۋاتقان كۈچلۈك ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ تولغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

سەئدىننىڭ قەلبىگە ئىشق چۈشكەندىن باشلاپ، ئىشق ئوتىدا تولغىنىپ كۆپ ئازابلارنى چەكتى. كاللىسىدا بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئىستىكى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك مۇھەببەت يالقۇنى پۈتۈن روھىيىتىنى قاپلىغانىدى. كۆنلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ كۆڭلىدىكى مۇھەببەت ئوتى بارغانچە كۈچىيىشكە

باشلىدى. قەلبىدىكى مانا مۇشۇنداق ئىشق ـ مۇھەببەت ئاخىر ئۇنى يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە، يەنى مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى ۋە سۆيگەن يارى رابىيەنىڭ يېنىغا قايتىشقا مەجبۇرلىدى.

## 4

ئەتىسى رەسىم سىنىپىنىڭ ئىشىكى يەنە ئېچىلمىدى. بۇ ئىش نەزەرىيە دەرسى خۇشياقماي تۇرغان باتۇرنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ سىقىۋەتتى. ئەگەر تۆتىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا باش مەشغۇل كىرىپ: «ئەتە ئۇرۇمچىدىكى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ پۇتبول كوماندىسى كېلىپ بىز بىلەن مۇسابىقىلىشمەكچى. چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ تەييارلىق قىلىمىز» دەپ ئۇقتۇرمىغان بولسا باتۇر تىتىلداپ نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىكىن تاڭ؟

كەچلىكى قىز يەنە شۇ نۇرانە چىرايى بىلەن كېلىپ سىنىپىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى.

— سالام ئىشىكداش! — دېدى باتۇر گەپ باشلاپ. قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. ئىشىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى بىلگەن باتۇر يەنە خەت يازدى: «بۈگۈن نەگە باردىڭىزلار؟» قىز خەتنى كۆرۈپ باتۇرغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب يازدى: «ئىدىقۇت باغچىسىغا بېرىپ مەنزىرە سىزدۇق.» باتۇر يەنە خەت يازدى: «ئىشىڭىزلار بەك ياخشى ئىكەن، ئىسمىڭىز نېمە؟» ئەمما قىز بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇنى كۆرگەن باتۇر يەنە «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ يېزىپ خەت ئاتتى. بىراق قىز يەنە جاۋاب بەرمىدى. بۇنىڭغا جىله بولغان باتۇر بىر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە سىنىپ باشلىقىنىڭ يېنىغا باردى:

— قورسىقىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. ھاجەتخانىغا...

سىنىپ باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— تولا ياسالمىلىق قىلماي چىقىۋەرسىنا...

باتۇر تېزلىك بىلەن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ رەسىملەرنىڭ ئالدىغا باردى. دەرۋەقە، قىزنىڭ سۈرىتىنىڭ ئاستىغا ئىسمى، سىنىپى يېزىلغان. باتۇر پەرۋاسىز، بىخەستە مىجەزى تۈپەيلى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىزنىڭ ئىسمىغا سەپسالمىغان.

مانا ئەمدى قىزنىڭ ئىسمىنى بىلدى: سالامەت

سىنىپقا قايتىپ چىققان باتۇر دەرھال خەت يازدى: «باتۇردىن سالامەتكە سالام!» خەتنى كۆرگەن سالامەت پىسسىڭىدە كۈلۈپ قەغەزگە بىر نەرسىنى يېزىپ باتۇرغا ئاتتى. باتۇر قەغەزنى ئېچىپ قويۇلغان «100» نومۇرنى كۆردى. ئاندىن يەنە خەت يازدى: «ئەتە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقە ئوينىماقچى ئىدۇق، بېرىپ كۆرگەن بولسىڭىز.» سالامەت خەتنى كۆرۈپ يانچۇقىغا سالدى ۋە ئەمدى گەپ قىلماسلىق ئىشارىسىنى قىلدى. ئاندىن بەدىنىنى ئالدىغىراق سۇرۇپ ئۆزىنى يېرىم يوشۇردى ۋە تاپشۇرۇقىنى ئىشلەشكە باشلىدى.

ئەتىسى مەكتەپنىڭ پۇتبول مەيدانىغا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار يىغىلغانىدى. ئۇلار مۇسابىقىنىڭ باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلىغاچ، مەيداندىكى ماھىرلارنى باھالاپ كۇسۇر - كۇسۇرغا چۈشكەنىدى. ئەمما ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىقما - تىقما بولۇپ ئولتۇرۇشى، كۇسۇرلىشىشى، مەيداندىكى قايسىدۇر ماھىرنى كۆرسىتىپ پىچىرلىشى، كۈلۈشى باتۇرنىڭ دىققەت - نەزىرىنى تارتالمىدى. ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراشقا باشلىدى. ئەگەر باشقا بىرى شۇنداق قىلغان بولسا مەشقاۋۇل «دىققىتىڭنى يىغ» دەپ دەرھال ۋارقىرىغان بولاتتى. ئۇلار باتۇرنىڭ مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئاشۇنداق ھالدا تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. بىراق، باتۇر بۇ قېتىمقى ھالىنىڭ بۇرۇنقى مۇسابىقىدىن بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى.

بىر چاغدا بىر نەچچە قىز رەسىم سىزىدىغان جازىسىنى مۇرىسىگە ئاسقىنىچە مەيداننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاشۇ رەسىم سىزىدىغان جازىلار نۇرانە بولۇپ كۆرۈندى. رەسىم سىزىدىغان جازىنىڭ يېشىل رەڭگى تېخىمۇ جۇلالاندى. ئاندىن باتۇر ئۇ يېقىملىق چىرايغا قاراپ كۈلدى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئادىل قولىغا پەلەينى كىيىۋېتىپ، — ھوشۇڭنى يىغمىساڭ كېيىن يىغلايدىغان ئىش بولىدۇ.

— ئادەم دېگەن كۈلىدىغان ئىشقا يولۇقسا كۈلىدۇ، يىغلاشقا تېگىشلىك بولسا يىغلايدۇ.

— ئەمىسە نېمىگە كۈلدۇڭ؟

— كارىڭ نېمە؟

— تولا پوچىلىق قىلما. كارىم بولىدىغان ئىشلىرىڭمۇ بولۇپ قالار.

— ئۇ چاغدا يەتتە تەزىم قىلىپ سېنى ئۆزۈم چاقىرىمەن.

باتۇر يەنە سالامەتلەر ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى ۋە كۆچكە تولغاندەك بولدى.

سالامەت ھە دەپ دوستلىرى بىلەن بىر نەرسىنى تالىشىۋاتاتتى.

— بۇ يەردە ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەندىن بېرىپ رەسىمىمىزنى سىزساق بولمامدۇ؟ — دېدى رەيھانگۈل.

— مۇسابىقە كۆرسەك كۆڭلىمىز ئېچىلىپ، نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىدۇ، — دېدى ئايشەمگۈل.

— راست ئەمەسمۇ، — دېدى سالامەت ھودۇقىقاندەك بولۇپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈرلۈك ھەرىكەت، قىياپەتلەرنى كۆزىتىمىز. كېيىنچە سىزىدىغان رەسىمىمىزگە ماتېرىيال بولىدۇ.

— ئەجەب بۇرۇن بۇ گەپنى قىلمايتتىڭىز، — دېدى رەھىمە، — بۇگۈن مۇسابىقە كۆرىمىز دەپ بەكلا سۆيلەپ كەتتىڭىز. بۇ يەرگە

رەسىمنى دەپلا كەلمىگەندىمىز؟

— ئەمىسە نېمىدەپ كەلدۈق؟

— ئىچىڭىزدىكىنى ئالدىراپ بىلگىلى بولمايدۇ سىزنىڭ، ئىشقىلىپ بىر گەپ بار جۇمۇڭ.

رەھىمە چاقچاق قىلغاچقا كۈلۈپ كەتتى. بىراق، سالامەت باشقىچىلا بولۇپ دۇدۇقلاپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭدىكى بۇ بىنورمال ھالغا باشقىلار دىققەت قىلمىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كوماندىدىكى ماھىرلارنىڭ چاچ پاسونى ھەققىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ياندىكى ئوغۇللار بولسا ھەدەپ بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ تەھلىل قىلىپ، ئۆز كۆز قارىشىنى دەلىللەشكە تىرىشاتتى.

— بۇ قېتىم باتۇر قانداق ماھارىتىنى چىقىرار؟

— ئىشقىلىپ ئۇ كوماندىدا بولمىسا بولمايدۇ.

— ئۇنىڭ ۋاراتاغا توپ ئۇرىدىغىنى ئېنىق.

— ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدىلا ئامەت نېسىپ بولۇۋەرمەس.

— ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئويلىمىغان يەردە ۋاراتاغا توپ ئۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار.

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئىشىنىمەن. ئالدىنقى قېتىممۇ شۇنداق بولدىغۇ. «ئەمدى ئۇنىڭغا پۇرسەت يوق» دەپ تۇرساق ئاخىرى قانداق بولدى؟

بۇ گەپكە ھەممەيلەن باش لىڭشىتىشتى:

— ئۇغۇ راست.

— ئۇ قېتىم ھېچ كۈتمىگەنلا ئىش بولدى دېگەنىبىلەن.

ئۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولغانىدى. ئۇلار شەھەردىكى بىر كارخانىچى تەشكىللىگەن كوماندا بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەنىدى. ئۇ چاغدا مەشىق جەريانىدا باتۇر

ئىنتىزامغا قايتا ـ قايتا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەشقاۋۇلنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى جازالىغانىدى. ئەمما باتۇرنى كوماندىدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمىغانلىقى، ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىرەك قىلىپ بېكىتىپ قويغانىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت باتۇرنى «بۇنداق بولسا مۇسابىقىگە قاتناشمايمەن» دېيىشكە مەجبۇرلاش ئىدى. بۇ قارار چىقىرىلغاندا، باتۇر ئەكسىچە ئارتۇقچە قارشىلىق قىلماي قوشۇلدى. شۇنىڭدىلا مۇسابىقىلەردە ئىزچىل تۇردە ئالدى ھۇجۇمچى بولۇپ ئوينىغاتقان باتۇرنى بىرەك قىلىپ بېكىتىپ قويغانلىقىغا مەشقاۋۇل ئۆكۈندى. بىراق گەپتىنمۇ يانغۇسى كەلمىدى.

مۇسابىقە باشلاندى. ئون نەچچە مىنۇتلار ئۆتۈپ قارشى تەرەپنىڭ يېرىم مەيداندىن تەپكەن توپى ۋاراتانىڭ ئالدىدىراق تۇرغان باتۇرنىڭ پۇتىغا چۈشتى. ئۇ توپنى پايلاپ تۇرۇپ ئوتتۇرا مەيدانغا تاشلىشى ياكى ئىككى ياندىكى ئوتتۇرا ھۇجۇمچىلارغا پاس بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ھەممەيلەن شۇنداق ئويلىغان بولغاچقا، ماھىرلار شۇ نۇقتىلارغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. باتۇر توپنى ئېلىپ ئالدىغا مېڭىشقا باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى ماھىرلار باتۇرنىڭ شۇ ئارقىلىق پاس بېرىشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدى. باتۇر داۋاملىق ئالدىغا ماڭدى. بۇ چاغدا ماھىرلار ماھىرلارنى ئېگىلەپ بولغانىدى. بۇنى كۆرگەن مەشقاۋۇل «نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ كالۋا» دەپ خاپا بولدى. قارشى تەرەپنىڭ مەشقاۋۇلى كۈلدى. يەنە نەچچە سېكۇنت ۋاقىت ئۆتتى. ئەمدى تاقەت قىلالمىغان مەشقاۋۇل «نېمىگە ساقلاپ تۇرىسەن؟ تەپمەمسىناۋا» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا باتۇر ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىدى. ئىككى تەرەپ ماھىرلىرىنىڭ بەزىلىرى شۇ تامان ئىنتىلدى. يەنە بىر قىسمىلار باتۇرنىڭ قايمۇقتۇرۇپ ئەكسىچە يۆنىلىشكە پاس بېرىپ قويۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ مەيداننىڭ سول تەرىپىگە

سوٛرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا كىچىك بىر بوشلۇق ئېچىلدى. شۇ چاغدا ھېچكىم كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: باتۇر تۇيۇقسىزلا سوٛرئىتىنى تېزلىتىپ توپنى ئۆزى ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى. مەيداننىڭ ئىچى - سىرتى ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى. ئىككى چەتكە سوٛرۇلۇپ قالغان ماھىرلار ئەس - ھوشىنى يىغىپ سەپنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. قارشى تەرەپنىڭ مەشقاۋۇلى بۇنىڭدىن تېڭىرقاپ قالدى. باتۇرنىڭ مەشقاۋۇلى تاتىرىپ كەتتى.

باتۇر شىددەت بىلەن ۋاراتاغا قاراپ ئېتىلدى. مەيداننى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىدى. ئاندىن جىمجىت بولۇپ قالدى. باتۇر ۋاراتانى نىشانلاپ ماڭماقتا. قارشى تەرەپنىڭ بېكلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. ئالدى ھوجومچىلار ئاللىقاچان ئورۇن ئىگىلەپ ھوجومغا تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئەپسۇسكى، باتۇر ئۇلارغا پاس بەرمىدى. بۇنى كۆرگەن مەشقاۋۇل ئاچچىقتىن چىچاڭشىپ كەتتى:

—— توپنى بەر! توپنى بەر دەۋاتىمەن! ئوڭغا...

بىراق بۇ گەپلەر باتۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇنمۇ؟ ئۇ بىر بېكنى بۆسۈپ ئۆتتى. مەشقاۋۇل يەنە ۋارقىرىدى:

—— ئوڭغا تاشلا، ئۇ يەر بوش...

ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى نەتىجىسىز، ئۆتمەس بۇيرۇق بولۇپ قالدى. ئىككى بېك باتۇرنى قىستاپ كەلدى.

—— تۈگىدى، —— دېدى مەشقاۋۇل بېشىنى چاڭگاللاپ، —— بۇ ئالىقاپنى نېمىشقىمۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغاندىمەن؟ بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنى كوماندىدىن چىكىندۈرىمەن، ھۇ گەدەنكەش...

مەيداننى زىلزىلىگە سالغان ۋارقىراش، چۇقان مەشقاۋۇلنىڭ سۆزىنى بېسىپ كەتتى. مەشقاۋۇل ئالاقزەدە بولۇپ مەيدانغا قارىدى. قارشى تەرەپنىڭ ماھىرلىرى جايىدا قېتىپ قالغان، ئۆز

كوماندىدىكىلەر بولسا باتۇرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى مەشقاۋۇل يېنىدىكى تىنىماي سەكرەۋاتقان ياردەمچىسىدىن.

— باتۇر توپنى كىرگۈزدى ! — دېدى ياردەمچىسى ھاياجانلىنىپ.

— نېمە!؟

مەشقاۋۇل جايىدا پىرقىراپ كەتتى ۋە ۋارقىرىدى:

— ياشىسۇن باتۇر! ياشا!

ئۇ چاغدىكى ھاياجان ئادەمنىڭ يادىغا يەتسە ھېلىمۇ يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىدۇ.

باللارنىڭ دەۋاتقىنى شۇ مۇسابىقىدىكى باتۇرنىڭ قالتىس ماھارىتى ئىدى. دېمىسىمۇ، بېكىتا تۇرغان بىر ماھىرنىڭ شۇنچىلىك مۇداپىئەچىلەر تۇرغان ئەھۋالدا قاراملىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى، يەنە كېلىپ ۋاراتاغا توپ ئۇرۇشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان، شۇنداقلا ئەقىلگە سىغمايدىغان تەۋەككۇلچىلىك. باتۇرنىڭ توپنى ۋاراتاغا كىرگۈزۈشى بىر مۆجىزە!

باش رېپېر پۈشتەك چېلىپ ماھىرلارنى مەيدانغا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ ئاۋازى بېسىقتى.

مۇسابىقە باشلاندى.

— ۋاراتانى چىڭ ساقلا جۇمۇ، — دېدى باتۇر ئادىلغا.

— توپنى بۇياقلارغا يولاتقۇچى بولما، — دېدى ئادىلمۇ باتۇرغا. باتۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

مۇسابىقە باشلىنىپلا كەسكىنلەشكىلى تۇردى. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەزىمەتلەرمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار مۇسابىقە باشلىنىپ 10 مىنۇتتەك بولغاندا بىر توپ كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مەيدان سىرتىدا غودۇراش باشلاندى.

— بىزنىڭكىلەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئاۋۇ ئادىل دېگەن ۋاراتادا تۇرۇۋاتامدۇ، ئۇخلاۋاتامدۇ؟

— بىكلار يوگورمەي تورىدىغۇ. يوگورسە بىرىنچىسى ئۆزۈلۈپ كېتىدىغاندەك.
— باتۇرغا قاراڭلار، ئۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ ئوينىمايۋاتىدۇ.
— ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟
— ئۇمۇ مۇشۇنداق بوشاڭلىق قىلىدىغان بولسا ئىش چاتاق.
— تولا ئۇمىدسىزلەنمەڭلار. ھېلى كۆرىسىلەر.
رەسسام قىزلار بىر ياقتىن مۇسابىقە كۆرۈپ، بىر ياقتىن ئۆزلىرى تىپىك، ئۆزگىچە دەپ قارىغان ھەرىكەت، قىياپەتلەرنى تېز سىزما قىلىپ سىزىۋاتاتتى. سالامەتنىڭ مەيدانغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن رەيھانگۈل:
— ھوي، سىز بىر پارچىمۇ سىزماپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم، كېيىن ئالدىرىماي سىزىۋالىمەن، — دېدى سالامەت ئېرەنسىزلىك بىلەن.
رەيھانگۈل بۇ سالقىن جاۋابقا چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ ۋاراتانىڭ جىددىي پەيتتىكى چىراي ئىپادىسىنى — مىمىكىسىنى سىزىش ئۈچۈن ئادىلغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى.
— سىلەر مۇسابىقە كۆرگىلى كەلدىڭلارمۇ ياكى... — دېدى سالامەت بىر ئازدىن كېيىنلا.
— مۇسابىقىمۇ كۆرىمىز، رەسىممۇ سىزىمىز. ھوي، ئۆزىڭىز «تۇرلۇك ھەرىكەتلەرنى سىزىمىز» دەپ ئېلىپ كەلدىڭىزغۇ، — دېدى رەھىمە بوش كەلمەي.
— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزلەر، — دېدى سالامەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — باشقىلار مەكتىپىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتسا، ئولتۇرۇپ كۆرۈپ بېرىدىغانغىمۇ يارىمىساق قانداقمۇ بىزنى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى دېگىلى بولسۇن؟ قاراڭلار، مەكتەپ رەھبەرلىرىمۇ كۆرۈۋاتامدۇ.
— ۋاي - ۋۇي، نېمە جىق گەپ، — دېدى ئايشەمگۈل، — مۇسابىقە كۆرسەك كۆردۇق، قارا بۇ مەكتەپپەرۋەرنى.

بىر توپ كىرىپ كەتكەچكە ئادىل جىددىيلەشكەن، ھودۇققانىدى. ئۇ بەدىنىدىكى تىترەكنى بېسىشقا تىرىشىپ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئادىل، سەگەك بول، ھودۇقما. توپقا دىققەت قىل. كۆزۈڭنى، پۇت - قولۇڭنى چاققان قىل!» ئۇ باتۇرغا نەزەر سالدى. ئەنە، باتۇر ئوتتۇرا مەيدان سىزىقىغا يېقىن يەردە ئىككى قولنى ئىككى بېقىنىغا تىرىگىنىچە پاتىڭغا چاپلىشىپ قالغان ئۇزۇن چاچلىرى بىلەنمۇ كارى بولماي قېتىپ تۇرماقتا. بۇنى كۆرگەن ئادىل تاقەتسىزلىنىپ: «تولا ھاكاۋۇرلۇق قىلماي ۋاراتاغا راۋۇس توپتىن بىرنى ئۇرۇپ باقساڭ بولمامدۇ؟ سېھىرىي كارامىتىڭدىن بىرنى چىقىرىپ مېنى بىر خۇش قىلىۋېتە» دەپ كەتتى. ئەمما باتۇر ھېچ ئالدىرايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

باتۇر ھەقىقەتەن ئانچە - مۇنچە ماختاشلارنى ئاڭلىغان ۋە نەچچە كۈندىن بۇيان كەينى ئىشكتە بولغان قىزىقچىلىقلار سەۋەبلىك سالامەت ئۇنىڭغا خېلى قىزىقىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە باتۇرنىڭ مەيداندىكى پاسسىپ ئىپادىسىنى كۆرۈپ سەل كۆڭلى يېرىم بولغاندەك، رەسىم سىزىدىغان ئىشنى تاشلاپ، دوستلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئازراق ئۆكۈنگەندەك بولدى.

مېھمان كوماندىدىكىلەرنىڭ تەنتەنىسى، ساھىبخان كوماندىدىكىلەر ۋە زور ئۈمىد بىلەن ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشلىرى بىلەن ئالدىنقى يېرىم مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلاشتى.

ئەتراپتا مۇلاھىزە، تالاش - تارتىش يەنە باشلاندى.

— بۇ باتۇرغا نېمە بولغاندۇ زادى؟

— نېمە بولماقچى، يولۋاسنىڭمۇ ئۇخلاپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ.

— ھەرقانچە بولسىمۇ... ياغاچ قازان قايناۋەرمەيدۇ - دە.

— ئۇنداق دېمەڭلار. ئۇ ھېلىلا بىزنى «پاھ» دېگۈزۈۋېتىدۇ، — دېدى چېچى سارغۇچ بىر قىز.

— شۇنداق بولسىلا ياخشىغۇ. لېكىن...

قىزنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن ئىدى:

— قاراپ تۇرۇڭلار.

ئالدىنقى يېرىم مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلىشىشى بىلەن مۇسابىقە كۆرۈشتىن رايى قايتقان سالامەت كېتىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، دوستلىرىنى ئۆزى باشلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن كېتىش بىئەپ بىلىنىپ ئاران ئولتۇرۇۋاتاتتى. بۇ ماختاشلار بىلەن، بولۇپمۇ، ھېلىقى قىزنىڭ يېقىنچىلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ماختىشى سەۋەبلىك مۇسابىقىنى ئاخىرىغىچە كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى.

كېيىنكى يېرىم مەيدان مۇسابىقە باشلىنىپ 24 مىنۇت بولغاندا ساھىبخان كوماندا بىر توپ كىرگۈزۈپ ھەممەيلەننى روھلاندۇرۇۋەتتى. بۇ جەرياندا باتۇر ئىككى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلا قېتىمدا مېھمان كوماندىنىڭ بېكلىرى ئىككىدىن بولۇپ ئۇنى قىستاپ مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. ئەگەر باشقىلار بولىدىغان بولسا، بۇنداق چاغدا ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى. بىراق باتۇر شۇنچە تەمكىن تۇراتتى. كۆپىنچە تاماشىبىنلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى «بىغەملىك» دەپ ئاغرىنىشتى. سالامەت بولسا ئۇنىڭ بۇ خىل تەمكىنلىكىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

مۇسابىقە كەسكىن داۋام قىلىنىۋاتاتتى. 41 مىنۇت بولغاندا مېھمان كوماندا يەنە بىر توپ كىرگۈزۈپ ۋەزىيەتنى، كەيپىياتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بايىقى خۇشاللىقلار ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

— تۈگىدى.

— تۈگەشتۇق.

— يەنە ۋاقىت بارغۇ.

— مۇشۇنداق تىركىشىش بولۇۋەرسە... ھەي...

ئەتراپتا ئۈمىدسىز گەپلەر كۆپەيگىلى تۇردى. شۇ پەيتتە بۇ خىل ئۈمىدسىزلىككە مەلھەم بولماقچى بولغاندەك ئوڭ تەرەپتىكى

ھۆجۇمچى مېھمان كوماندىسىنىڭ ۋاراتاسىغا بىر توپ كىرگۈزدى. پۈتۈن مەيداندىكى كەيپىيات يەنە بىر قېتىم ئۆزگەردى. بۇ چاغدا مۇسابىقە ئاخىرلىشىدىغانغا تۆت مىنۇت ۋاقىت قالغانىدى.

سالامەت باتۇرغا تىكىلىپ ئاستا بېشىنى چايقىدى. باتۇر ئۇنىڭغا ئادەتتىكىلا بىر توپچىدەك، باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان زور ئارتۇقچىلىقى يوقتەك بىلىندى.

بۇ چاغدا ئادىل مۇسابىقە ئەھۋالىدىن ھەم خۇشال بولۇپ، ھەم باتۇرغا ئاچچىقلىنىپ: «نېمە قىلىۋاتقاندۇ بۇ پوچى؟ ۋاي دېگەنگە تۇشلۇق ئىش قىلمىدى» دەپ قايناپ كەتكەنىدى. مەشقاۋۇلمۇ باتۇرغا قاراپ نەچچە قېتىم قاپىقىنى تۈرۈپ بولدى.

— تەڭلىشىپ قالغىنىمىز ئېنىق.

— ھەر نېمە بولسا تەڭلەشتۇق.

— ئەمدى نۇقتا توپ تېپەمدىكىن...

— لېكىن... بىزنىڭكىلەر نۇقتا توپقا ئاجىز...

— قېنى باتۇرنىڭ كارامىتى؟ — دېدى بايىقى ئوغۇل بالا قىز بالىغا، — ئۇ بىزنى سىز دېگەندەك «پاھ» دېگۈزمىدى، «ئاھ» دېگۈزۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

قىز گەپ قىلماي تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قويدى. سالامەت قىزنىڭ ئىپادىسىدىن باتۇرغا ئامراقلىقىنى بىلىپ قالدى ۋە كۈلۈپ قويدى.

مېھمان كوماندا نۇقتا توپ تېپىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان چېغى، پۈتىغا چۈشكەن توپنى ھە دەپ سىرتقا، يىراق ئورۇنلارغا تېپىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇندى.

مۇسابىقە ۋەزىيىتى مۇشۇنداق بولۇۋەرسە بەلكىم ۋاقىت توشۇپ قالار بولغىيتتى، ئەمما...

ئېگىزگە ۋە يىراققا قاڭقىپ چىققان توپ ئۆز ئورنىدا تۇرماي سول تەرەپكە ئۆتۈۋالغان باتۇرنىڭ پۇتىغا چۈشتى. باتۇر شىددەت بىلەن ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى. بۇنى كۆرگەن مەشقاۋۇل:

— پاس بەر ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما باتۇر پاس بەرمەي

تۇسۇۋالغانلارنى ئالداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن مەشقاۋۇل ئاچچىقلاپ كەتتى:

— پاس بەرمەي نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئوڭخايلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن بۇ كالۋا. ھەي، پاس بەر! ...

ئەمما باتۇر يەنە پاس بەرمىدى. ۋاراتاسىنى قوغداۋاتقان ئىككى بېك باتۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى. بىرى شۇ قىسقا دەقىقىدە ئەپلەپ تۇرۇپ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن توپنى ئېلىپ باتۇرنىڭ باش قىسمىدىن ئارتىلدۇرۇپ كەينىگە ئۆتكۈزىۋەتتى. توپنىڭ باتۇرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىككى بېك باتۇرنىڭ ئىككى يېنىدىن ئەگىپ باتۇرنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۈگۈردى.

— تۈگىدى!

— پۇرسەت كەتتى!

مەشقاۋۇل كۆز نۇرىنى تۇسىدىغان شەپكىسىنى ئاچچىقىدا يەرگە ئاتتى:

— ھۇ، باتۇر! ياغاچ قولاق!

— ھەي، باتۇر پاس بەرسە بولاتتى...

ئىككى بېك باتۇرنى ئەگىپ ئۇنىڭ كەينىگە يۈگۈرگەن بولغاچقا، باتۇرنىڭ ئالدى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ۋاراتا ئۆزىمۇ تۇيماي خېلىلا ئالدىغا چىقىپ قالغانىدى. شۇ پەيتتە باتۇر شۇنداق ئەپلىك ھەرىكەتتىن بىرنى قىلدى: ئۇ بەدىنىنى ئالدىغا ئېگىپ، سول پۇتىنى كەينىگە يېرىم چىقىرىپ توپنى كۈچەپ تەپتى. توپ يەنە كۆككە ئۆرلەپ ئالدىغا ئۇچتى ۋە ۋاراتانىڭ ئارقىسىغا دېگۈدەك يەرگە ئۇدۇل كېلىپ يەرگە چۈشتى. ۋاراتا ھەرقانچە سەكرەپمۇ توپنى ئۇرالمىدى. سەكرەشتىن ئورنىغا چۈشكەن ۋاراتا كەينىگە بۇرۇلۇپ توپقا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. بىراق بۇ چاغدا توپ سەكرىگەن پېتى ۋاراتاغا قاراپ كېتىپ قالغانىدى. پىداكارلىق كۆرسەتكەن ۋاراتا يەرگە گۈپپىدە چۈشتى.

توپ ئوچۇق قالغان ۋاراتاغا دۇمىلىغان پېتى توسالغۇسىزلا كىرىپ كەتتى. مەيداندىن قىيقاس كۆتۈرۈلدى.

ئادىل يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ باتۇرنى ئورۇۋالغان توپقا ئۆزىنى ئاتتى. ھاياجانلانغىنىدىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەن مەشقاۋۇل «ھەي، بۇ گۆينى... » دەۋەتتى.

قايتا توپ باشلىنىپ 51 سېكۇنتتىن كېيىن ۋاقىت توشتى. باتۇرلار يەڭدى.

— قانداق؟ — دېدى ھېلىقى قىز كۆرەڭلەپ، — باتۇر «پاھ» دېگۈزۈۋەتتىمۇ؟ ئىسمىغا تۇشلۇق باتۇردە ئۇ.

— تازا خۇش بولۇپ كەتتىڭىز - ھە؟ — دېدى ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالاشقان ئوغۇل بالا.

— خۇش بولمەن قانداق؟ — دېدى قىز مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن باتۇرغا ھەۋەس بىلەن قاراپ.

باتۇرنى ماختاش باشلىنىپ كەتتى:

— باتۇر ھەقىقەتەن قالتىسكەن.

— پاھ، پاھ، ھەرىكىتىنىڭ چىرايلىقلىقىنى...

رەسسام قىزلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— باتۇر دېگەن بالا ھەقىقەتەن يامانكەن، — دېدى ئايشەمگۈل ئاغزىنى چىكىلدىتىپ.

— توپنى باشقىچىلا تېپىپ كىرگۈزۈۋەتتى دېسە. شۇ ھالىتىنى بىر سىزايچۇ، — دېدى رەھىمە.

سالامەت توپ ئىچىدىكى ھېچبىر كۆرەڭلىكى يوق، يەنىلا تەمكىن تۇرغان باتۇرغا سىنچىلاپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تاتلىق كۈلۈپ قويدى.

بۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى قادىر گوركىي باتۇرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: «يارايسەن، يارايسەن باتۇر!» دەۋاتاتتى. باتۇرنىڭ قولى قادىر مۇدىرنىڭ قولى ئارىسىدا بولغىنى بىلەن كۆزى سالامەتلەر ئولتۇرغان جايدا ئىدى.

D

سەئدىنىنىڭ قايتىپ كېلىشى، ئاتا ـ ئانىسىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. سەئدىنمۇ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېزلا ئۆيلەپ قويۇش غېمىنى قىلىپ، كۆپ ئويلاندى. سەئدىن بولسا ئىشق ئوتىدا تولغىنىپ، رابىيەنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۆل بولدى.

ئاتا ـ ئانىسى سەئدىننى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن سەئدىنگە ماس كېلىدىغان قىز ئىزدەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار شۇنچە جاپا تارتىپ بىر نەچچە جايدىن ئۆزى چىرايلىق، ئەخلاقلىق قىزلارنى تاپقان بولسىمۇ، سەئدىن ھەممىنى رەت قىلدى. كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە. ئۇ قانداقتۇر خالىغان كىشىگە چۈشۈۋەرمەيدۇ. سەئدىنىنىڭ كۆڭلى ئاللىبۇرۇن بۇلبۇل بولۇپ، قونىدىغان گۈلگە قونۇپ بولغانىدى.

ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە نازۇك چىمەندىكى گۈلى بارلىقىنى ئۇقمىغاچقا، ئوغلىنىڭ بۇ رەت قىلىشلىرىدىن ھەيران قالدى. كۆپ ئويلىنىپ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. ئۇلار ئاخىر سەئدىنىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ھەسەن ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بېقىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرتتى. ھەسەن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى.

ئەمەلىيەتتە، سەئدىنىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ھەممىنى رەت قىلغانلىقى، سەئدىنىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقى ھەسەنگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن سەئدىنىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆز يارىنى بېكىتىپ بولغانلىقىنى، سۆيگەن يارىنىڭ مۇشۇ يۇرتنىڭ كاتتا بېيى، پەقەت مال دۇنيانىلا تونۇيدىغان، نامراتلارنى پەس كۆرىدىغان باينىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ئىبراھىم.

— رابىيە.
— رابىيە؟
— ھەئە، ياقۇپباينىڭ قىزى رابىيە.
بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىسى پەسكويغا چۈشۈپ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.
ئىبراھىم ئائىلىسى گەرچە نامرات بولسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغان ھالال مېھنەتلىك ئائىلە ئىدى. ياقۇپ مال ـ دۇنياسىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، گىزى كەلسە كاتتا مال ـ دۇنياسى بار بىرەر لايىق چىقسا قىزىنى تالالىق قىلىپ خالايىققا بايلىقىنى، كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان چاكىنا ئادەم ئىدى. ئىبراھىم مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بۇ ئىشقا ئىشەنچ قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپباي، ئەمەلدارلار بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئىبراھىمدەك نامرات كىشىلەرنى ياراتمايتتى. بۇنىڭدىن ئىبراھىمنىڭ بېشى تازا قاتتى.
مانا ئەمدى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىسىنى ئۆيلەپ قويايلى دېگەن خۇشاللىق ئويى ئۇلار ئۈچۈن بالا بولغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولدى. بىراق، ئۇلار تېزلا بۇ ئويىدىن ياندى. ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشى بىرلا: ئۆزلىرىنى نامرات كۆرۈپ، ياقۇپنىڭ يوق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ قىزىنى بەرمەسلىكى ئىدى.
ئاتا ـ ئانىسى ئويلىشىپ، بۇ ئىشقا ھەسەننى ئوتتۇرىغا سېلىپ ئوغلىغا نەسىھەت قىلدۇرماقچى بولدى.
ھەسەن سەئىدىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سەئىدىنگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىدى. ھەسەن ئۇنى ئىزلەپ ھاردى. ھەسەن ئاخىر سەئىدىنىڭ كۆپ چاغدا مەجنۇنتال تۈۋىگە كېلىۋالىدىغانلىقىنى، رابىيە بىلەن دائىم مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، بۇ جايدا دائىم خىياللارغا بەند بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ مەجنۇنتال تەرەپكە قەدەم

ئالدى. دەرۋەقە، سەئدىن مەجنۇنتال ئاستىدا سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ ئويغا چۆككەندى.

ھەسەن سەئدىنىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ كېتىۋېتىپ، قەدىمى بىردىنلا توختاپ قالدى. باشتا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى دېيىشنى ئاددىيلا بىر ئىش دەپ قارىغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنى تاپقاندا دېيىش تولىمۇ تەس كېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئىشق پىراقىدا چوغ بولۇپ، مەشۇق دەردىدە ھىجران ئازابىغا مۇپتىلا بولغان ئادەمگە «بولدى، ئەمدى ئۇمىد ئۈز. بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىشق غەپلىتىدىن ئويغان!» دېيىش بىراۋنى ئۆل دېيىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ دېمىسىمۇ سەئدىنىنىڭ ئولتۇرغان تۇرقى ھەقىقىي بىچارە ئاشىقلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەسەن شۇلارنى ئويلاپ سەئدىنىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن كېتىپ قېلىشنى ئويلىدى - يۇ، دوستىنىڭ ئازاب قەدەھىگە ئىشق مەيلىرىنى تولدۇرۇپ ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرۈۋېرىشىگە چىدىماي، قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئۇ سەئدىنگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى ۋە دوستىنىڭ يېنىغا قەدەم ئالدى.

ھەسەن ئاستا قەدەملىرى بىلەن سەئدىنىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى. بىراق، ئىشق ئوتىدا مەست بولۇپ كەتكەن ئاشىق ھەسەنىنىڭ سالىمىنى ئاڭلىمىدى. ھەسەن ئۇنىڭ دەردىنى چۈشەنگەچكە، يەنە بىر نەچچە قېتىم سالام قىلىپ، ئۇنى غەپلەت گارداڭلىقىدىن ئويغاتتى. سەئدىن شۇندىلا ھەسەنىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قىزغىن سالام قىلدى ۋە ئۆز قىلىقىدىن تولىمۇ خىجىل بولۇپ قىزاردى. ھەسەن ئەتراپىنىڭ گۈزەللىكىنى ماختىغاچ ئۇنى كۆپ ئىزدىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھەسەن، مېنى جىددىي ئىزدىگۈدەك نېمە ئىش بولدى؟

ھەسەن بىر ئاز ئويلىنىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالغاندىن

كېيىن سۆز ئاچتى:

— سەئىدىن، سەن بىر گۈزەل گۈلگە ئاشىق بولدۇڭ. قەلبىڭدىكى ساپ مۇھەببەت بۇ گۈزەل گۈلنى تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ گۈلگە ئەسىرمۇ بولدۇڭ. قاراپ باقسام بۇ ئىشقىنىڭ دەردىدە تۇگىشىپ كەتكىلى ئازلا قاپسەن. مېنىڭچە، قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق بولىدۇ. ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن قول ئۈزۈش تولىمۇ ئاقىلانىلىك. بۇ گۈل ساڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ قول يەتمەيدىغان جايدا ئېچىلىپ قالدى. ۋاقتى كەلگەندە ۋاز كېچىشمۇ بىر بەخت بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭنىڭمۇ پىكرى مانا مۇشۇ. مېنى شۇ سەۋەبتىن يېنىڭغا ئەۋەتتى. مەنچە سەن رابىيەدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. كونىلاردا «ھالىڭغا قاراپ ھال تارت، خالتاڭغا قاراپ ئۇن تارت» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا سەن قەتئىي ۋاز كېچىشىڭ كېرەك. بەلكىم گەپلىرىم بەك ئېغىر كەتكەندۇ. ئاتا ـ ئاناڭمۇ ئامالىنىڭ يوقىدا بۇ قارارغا ناھايىتى تەستە كەلدى. جاھاندا رابىيەگە ئوخشاش شەرم ـ ھايالىق، گۈزەل قىزلار كۆپ. قانداقتۇر بىر قىز ئۈچۈنلا بۇنچىلىك تۇگىشىپ كېتىشىنىڭ ئورنى يوق. سېنىڭ سۆيگۈنى دەپلا يولدىن ئېزىپ كېتىشىڭ بىر ئەخمىقانىلىك.

ھەسەننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىلى ئازارلانغان سەئىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ھېسسىيات ئالدىدا ئادەملەر ھەقىقەتەن بەك ئاجىز. سەئىدىن يىغلاپ تۇرۇپ ھەسەنگە دېدى:

— ھەسەن، سەن مېنىڭ يېقىن دوستۇم. ساڭا راستىنى ئېيتسام، سېنىڭچە ئىشق ئازابىغا ئەسىر بولغان ئادەمگە قانچىلىك نەسىھەت قىلساڭ گەپ يەمدۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان ھەسەن ئۇيغا پاتقىنىچە كۆزىنى سەئىدىندىن ئۈزۈپ، ئالدىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

سەئىدىن ئىشق ئوتىدا بىرھازا يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغا

پاتقان ھەسەنگە ئېغىز ئاچتى:

— ھەسەن، ئاتا ـ ئانامغا ئېيت، مېنىڭ تاللىغان يولۇمغا يول قويسۇن. راستىنى دېسەم، بۇ ئىشق يولىدىن قايتىشقا ماڭا جۈرئەت يوق. رابىيەگە ھەقىقەتەن كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلمىسام تۇگىشىپ كېتىمەن. يا سەندە بۇ ئىشقا چارە بارمۇ؟

سەئىدىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ھەسەننىڭ بېشى قېتىپ يەنە ئويغا چۆكۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاسماندا بۇلۇتلار تارقاپ، ئاسمان كۆكلۈكىدىن خۇددى دېڭىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلىق تاغ تەرەپتىن كەلگەن مۇزدەك شامالدىن سەگىگەن ھەسەن سەئىدىنگە:

— ئاداش، مەن مۇنداق بىر قارارغا كەلدىم. بىز تەۋەككۇل قىلىپ ياقۇپبايلارغا ئەلچى كىرگۈزەيلى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رابىيەنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ ھەممىمىز ئورتاق بىر مەقسەتكە كېلەيلى. ئەگەر ياقۇپباي بارغان ئەلچىلەرنى چىراي ئېچىپ قارشى ئېلىپ، قۇرۇق قول قايتۇرمىسا ئىشىمىزنىڭ پۈتكىنى؛ ئىشنىڭ ئەكسىچە ئەلچىلەرنى رەت قىلسا، رابىيە دېيىشكىنىمىز بويىچە ئۆز پىكرىنى ئانىسىغا ئېيتسۇن. ئانىسى ياقۇپباينى قايىل قىلسۇن. ناۋادا بۇ پىلانىمىزمۇ ئەمەلگە ئاشمىسا بولغان ئىشلارغا قارىتا باشقىچە بىر ئامال قىلارمىز.

ئۇلار شۇنداق مەسلىھەت سېلىشتى ـ دە، ئېرىق بويىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە مېڭىشتى.

**5**

مەكتەپ كوماندىرىكى ئوقۇغۇچىلارغا كەچلىك تاماق ئورۇنلاشتۇرغان بولغاچقا، كوماندىرىكى ئوقۇغۇچىلار كەچلىك مۇزاكىرىگە كېچىكىپ كەلدى.

يان پەلەمپەيدىن چىقىپ سىنىپقا كىرگەن باتۇر بارمىقىنى چىقىرىپ ماختاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ كۈلۈپ قىشىنى ئېتىپ جاۋاب سالام قايتۇرغاندىن كېيىن جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئاندىن كەينى ئىشىكنى ئاۋاز چىقارماي ئاۋايلاپ ئاچتى. ئاندىن ئىختىيارسىز ئۇدۇلدىكى ئىشىككە قارىدى.

باتۇر داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

سالامەت ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. باتۇر ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا «سالام... » دېيىشىگە سالامەت:

— سالام ئىشىكداش، — دېدى ئىللىق تەلەپپۇزدا.

باتۇر كۈلۈمسىرىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى سالامەتنى سەل بىسەرەمجان قىلىپ قويدى. چۈنكى ئۇنى «كۈلۈمسىرىدى» دېگەندىن كۆرە «ھىجايدى» دېگەن تۈزۈك ئىدى. بىراق، باتۇردىكى مەردانىلىك، چوڭچىلىقى يوق قىياپەت سالامەتنىڭ كۆڭلىنى جايىغا چۈشۈردى. سالامەت باتۇرغا قاراپ تاتلىق بىر جىلمايغاندىن كېيىن، قەغەزگە بىر نەرسە يېزىپ باتۇرنىڭ ئۈستىلىگە تاشلىدى. باتۇر تېزلىك بىلەن خەتنى ئوقۇدى: «باتۇر سالامەت بولغاي!» بۇنى كۆرگەن باتۇر بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ خۇپسەنلىك بىلەن كۈلگەندىن كېيىن جاۋاب يېزىپ سالامەتكە تاشلىدى: «سالامەت باتۇر بولغاي!» بۇنى كۆرگەن سالامەت قىزىرىپ كەتتى. بۇ ئىككى جۈملە خەتنىڭ مەنىسى ھەقىقەتەن ئىككى قىرلىق بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن قىز خىجىل، يىگىت خۇش. ئۆزىمۇ سەزمەي خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن سالامەت يەنە باتۇرغا قارىدى. باتۇر پارتىغا ئارتىلغانچە بېشىنى بىلىكىگە قويۇپ ياتاتتى. سالامەت قەلەم بىلەن پارتىسىغا چېكىپ ئۇنىڭغا بېشارەت بەردى. بىراق، باتۇر بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىدى. سالامەت پارتىنى قاتتىقراق چەكتى. بىراق يەنىلا باتۇردىن ھېچبىر ئىنكاس بولمىدى. ھەيران قالغان سالامەت چىرايىنى تۈردى. «نېمىگە تۇتۇلۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. يەنە باتۇرغا قارىدى. باتۇر ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. سالامەت قولىغا

كىچىك بىر پارچىسىنى ئېلىپ، باتۇرغا ئېتىپ دىققىتىنى تارتماقچى بولدى. بىراق يەنە «ۋاي ـ ۋۇي، نېمىگە ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىمەن. خىيال قىلسا قىلىۋەرمەمدۇ، مەنمۇ ئۆز ئىشىمنى قىلايچۇ. تازىمۇ بىر غەلىتە بالىكىنا، جىم يۈرگەن ئادەمگە ئۆزى گەپ باشلاپ قويۇپ... گېپى كاتتا بولغان بىلەن قىلىقى سەت... » دەپ ئويلاپ بورنى تاشلاپ قويدى. ئاندىن بىر ۋاراق قەغەزگە ھەجۋىي رەسىم سىزىشقا باشلىدى.

بىر چاغدا باتۇر ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن سولغۇن ئىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىيا قاراپ بۇنى سەزگەن سالامەت «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. باتۇر بىرنى كېرىلىۋېتىپ سالامەتكە قاراپمۇ قويماي سىرتقا قاراپ ماڭدى. ھەتتا سىنىپ باشلىقىغا دەپمۇ قويمىدى. باتۇرنىڭ بۇ بىپەرۋالىقى، ھۆرمەتسىزلىكى سالامەتنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. «ئادەمگە قاراپ قويۇپ ماڭسا نېمە بولىدۇ؟» دەپ خاپا بولغان سالامەت دومسىيىپ دىمىقىنى قاقتى.

باتۇر سىنىپتىن چىقىپ سۇخانىنىڭ يېنىدىكى دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان مەيدانغا، كىچىك ئورمانلىقتىكى قاراڭغۇلۇققا، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يېنىغا يېڭىدىن سېلىنغان، ئىشىك بېشىدا كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك يېنىپ تۇرىدىغان ھاجەتخانىنىڭ ئاشۇ لامپۇچكىسىغا، تەجرىبىخانا بىناسىغا ئېلىپ بارىدىغان، سۇس يورۇپ تۇرغان باراڭلىق يولغا، تەجرىبىخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «ئايدىڭكۆل» دېگەن خەت ئويۇلغان، ھازىر ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق رەڭلىك ئابىدە تاشقا شۇنچىلىك ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يۇقىرىقى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇنىڭ كۆزىدىن مۇڭ، ھەسرەت، بىزارلىق تۇيغۇلىرى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇنى ئاشۇنداق پاسسىپ روھىي ھالەتلەرگە دۇچار قىلغان كەچمىشلەر بىر ـ

بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. زەھەرخەندە گەپلەر، زەھەرخەندە چىراي، تەشنا قەلبكە «مۇشت» بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ئادەم، ئىككى سوغۇق قەلب ئارىسىدا توغۇلغان سەبىي قەلب... بۇلار باتۇرنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇنى شۇكلەپ قوياتتى، بەزىدە ھازىرقىدەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئازابلىق خىياللارغا غەرق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، كىشىلەرگە گۇمانىي، سوغۇق نەزەردە قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە، تاتلىق كۈلكە، يېقىملىق تەبەسسۇم، دوستانە قول ئېلىشىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىدە دىلنى غەش قىلىدىغان بىر ھال، غەرەز باردەك بىلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئارىلاپ ئۆزىنى قىيىنىغۇچى خىياللاردىن بېرى كېلەلمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا مۇشۇ ئىشلار يادىغا كېلىۋېلىپ سىنىپتا دېمى سىقىلىپ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. ئۇ شۇ يەردە ئۆزىنىڭ خىيالىغا چۆكۈپ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى سەزمىدى. ھەتتا مۇزاكىرە تۈگەپ بىنانىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلۈپ، بىنا ئىشىكى قۇلۇپلانغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى. بىناغا سولىنىپ قالغان باتۇر بىناغا قارىغۇچىلارنى چاقىرىشقا يۈزى چىدىماي، خەتەرگە قارىماي دېرىزىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈۋالغانىدى.

باتۇر دېرىزىنىڭ قانىتىنى چىڭ تۇتۇپ سىرتقا قارىتىپ كۆچەپ يۆتۈلىدى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى بىر ئاز يېنىكلەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ كۆزى يەنە ھاجەتخانىنىڭ ئالدىدىكى لامپۇچكىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيالى ھاجەتخانىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشقا كېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ روھىي ھالىتى مۇشۇنداق تۇراقسىز ئىدى.

كەچلىك مۇزاكىرە تۈگەپ بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ھاجەتخانىغا مەسئۇل كىشى ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاش ئۈچۈن كېلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئىشىكنى تاراقلىتىپ قويۇپ، يالغاندىن بىر نەچچىنى يۆتىلىپ، ئىچىدە

ئادەم بولسا، ئۇلارغا ئىشىكنى تاقايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋېتىپ، ئادەم بولمىسا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قالاتتى. بىر قېتىم ئىچى بەك پۇشۇپ كەتكەن باتۇر ھاجەتخانىغا مەسئۇل كىشى كېلىشتىن 10 مىنۇت بۇرۇن كېلىپ، ئىشىكنى تاراقلاتتى، ئاندىن بىر نەچچىنى يۆتەلدى. شۇ چاغدا ئىچىدىن «ئادەم بار» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھاجەتخانىغا مەسئۇل كىشى بولسا ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ساقلايتتى. بىراق باتۇرنىڭ مەقسىتى ئويۇن چىقىرىش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ «ئادەم يوقكەندە» دەپ ئىشىكنى ئەتتى. ئىچىدىكىلەر ئۇپۇر - توپۇر بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كەلسە ئىشىك ھەم ئېتىك.

— بۇ تازىلىقچىنىڭ قۇلىقى پاڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ شۇنچە ۋارقىرىساقمۇ ئىشىكنى سولىۋېتىپتىغۇ، — دېدى پاكار بويلۇقى.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى ھەمراھى جىلە بولۇپ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— باشقىلارنى چاقىرساق «ھاجەتخانىغا سولىنىپ قاپتۇ» دەپ خەققە كۈلكە بولۇپ بېرىدىغان ئىش. ئەڭ ياخشىسى دېرىزىدىن چىقىپ كېتەيلى.

— مەيلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى تەسلىكتە دېرىزىدىن چۈشتى. شۇ چاغدا ھاجەتخانىغا مەسئۇل كىشى كېلىپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى. بۇنى كۆرگەن ئىككىسى «بۇ... » دەپ تۇرۇپ قېلىشتى. نېرىدا ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرغان باتۇر كۈلۈپ كەتتى. ئەسلى باتۇر ئويۇن چىقىرىش ئۈچۈن ئىشىكنى پەقەت يېپىپلا قويغان. بۇ ئارقىلىق ئىچىدىكىلەرنى «ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدى» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى. دەرۋەقە شۇنداق بولدى.

مۇزاكىرىدىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، باتۇرنىڭ

خىيالىنى بۆلۈپ قويدى. سىنىپتىن ئالدىراپ چىقىپ كەلگەن ئەكبەر قىزىل ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ يېنىغا كەلدى. ئۇمۇ كوماندىدىكى ئاساسلىق توپچى بولۇپ، يۈزى دائىم قىزىل تۇرىدىغان بولغاچقا «ئەكبەر قىزىل» دەپ ئاتالغانىدى.

— ئەتىگەنكى تاماكا قېنى؟ — دەپ سورىدى ئەكبەر قىزىل.

— تىقىپ قويغان.

— يۈرە، چېكىلى.

ئۇلار ئەمدى مېڭىشىغا ئۇلار بىلەن دائىم بىللە يۈرۈيدىغان ئاغىنىسى زىيا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى.

— ئىس چىقارغىلى ماڭدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە.

— مەندىمۇ بىر تال بار.

— باش - بۇرنىنى مەن چېكىمەن جۇمۇڭلار، — دېدى باتۇر.

— بوپتۇ، بۈگۈنكى كارامىتىڭ ۋە تۆھپەڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، — دېدى زىيا كۈلۈپ.

— تولا يالغان ماختىما، — دېدى باتۇر ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى تەڭلەپ.

— بېشىمغا ئۇرما، — دېدى زىيا بېشىنى قاچۇرۇپ. ئۇ بېشىغا ئۇرغان ئىشنى بەك ئېغىر ئالاتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ھوي. تاماكاڭنى ئېلىۋالما يەنە.

شۇ چاغدا دىجورنى ئوقۇتقۇچى كېلىپ قېلىۋىدى، ئۇلار ئاستا يولىغا مېڭىشتى.

ياتاقلار كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىنكى ئالدىراشلىق بىلەن تولغانىدى. يۈز يۇيىدىغان، پايپاق يۇيىدىغان، چىش چوتكىلايدىغان، ئەتىسى كىيىدىغان كىيىملەرنى تەييارلايدىغان، بەزىلەر بىرەر قول قارتا ئوينىۋالىدىغان... بىر سائەتتىن كېيىن چىراغ ئۆچىدىغان بولغاچقا، مۇشۇ ئىشلارغا ۋاقىت يېتىشتۈرىدىغان ئىش. قىزلار ياتىقى بولسا تېخىمۇ ئالدىراش.

كەچلىكى قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن باشقا سۇرىدىغان ماي ـ پايلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇچۇنمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ.

قىزلار ئاشۇنداق ئۇششاق ـ چۇششەك پەردازلار بىلەن ئالدىراش تۇرغان چاغدا، رەھىمە ياتاققا كىرگەن پېتى ۋاقىلىدى:

ــ «كۆيدۇم ـ پىشتىم» دەپ چاپلىشىۋالسىلا بولامدىكىن؟

ــ يەنە نېمە بولدى؟

ــ سەنئەت سىنىپىدىكى روزى كەينىمگە كىرىپلىۋاپتۇ. سۇخانىغا بارسام كەينىمدىن بارىدۇ، ئاشخانىغا بارسامۇ كەينىمدە، تېخى ھاجەتخانىغا بارسامۇ... يىراقتىن قاراپ تۇرغان...

ــ ئاشىق بولغىنى ياخشىغۇ. «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دەپتىكەن.

ــ قويۇڭلار ئۇنداق خېرىدارنى. ئۇ خېرىدار ئەمەس، غۇرۇرى يوق خاردار ئىكەن.

رەھىمە «ئەجەبمۇ ئىچىمنى سىقىۋەتتىڭغۇ ئۇ چېچىنىڭ تايىنى يوق» دەپ قولىدىكى ماتېرىياللىرىنى كارىۋىتىغا تاشلىدى. ماتېرىياللار ئارىسىدىن رەسىم سىزىلغان ئىككى پارچە قەغەز يەرگە لەيلەپ چۈشتى. رەيھانگۈل رەسىملەرنى ئېلىپ بىر پارچىسىغا شۇنداق قاراپلا:

ــ بەك كەلتۈرۈۋېتىپسەن، ــ دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇ كۈلكە ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. رەيھانگۈل ئۇلارغا بىر پارچە رەسىمنى كۆرسەتتى. رەسىمدە باتۇرنىڭ ئىككى قولىنى ئىككى يىقىنىغا تىرەپ تۇرغان كۆرەڭ ھالىتى تولىمۇ ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ يىقىنىغا تىرەلگەن قولىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۇزارتىلىپ قورسىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇرۇشى بەك كۈلكىلىك سىزىلغانىدى. ئۇزۇن چېچىنىڭ شامالدا بايراقتەك لەپىلدەپ تۇرۇشى بولسا ئادەمنى كۈلدۈرمەي قالمايتتى. بۇ ھەجۋىي رەسىمگە قاراپ قىزلارمۇ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بۇ كاتتا قەھرىماننى بەك ھەجۋىي قىلىۋېتىپسىزغۇ؟ — دېدى رەيھانگۈل.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى سالامەت ئىختىيارسىز، — ھەممەيلەننى قايىل قىلغان توپچىنى...

— ئۇنىڭدا نېمە بوپتۇ، — دېدى رەھىمە پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ھازىر دۇنيادا نى - نى مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەر قالتىس ھەجۋىي رەسىملىرى سىزىلىۋاتسا... راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ شۇ ئۇزۇن چېچى كۆزۈمگە پەقەت سىغمايدۇ.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران: پۇتبولچىلار نېمىشقا چېچىنى غەلىتە ياسىتىۋالىدىغاندۇ؟ بىز رەسساملارنىڭ چېچىمۇ شۇنداق.

— قەستەنگە شۇنداق قىلىۋالغىنى، — دېدى رەھىمە، — چېچىنى ئۇزۇن قىلىۋالغىنى بىلەن رەسىمنى ئوبدان سىزالمىسا بەرىبىر ئۇنى رەسسام دېمەيدۇ. پۇتبولچىلارمۇ ئوخشاش.

سالامەت يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، بىر نەرسىدىن خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ يالتايدى. ئەمما رەھىمەنىڭ ئۆزى گەپنى داۋام قىلىپ قالدى.

— لېكىن باتۇر بەك قالتىس ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ باشتىكى ئېپادىسىنى كۆرۈپ مۇنچىلىك كارامەت كۆرسىتەر دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن. نېمىدېگەن قالتىس، نېمىدېگەن چىرايلىق...

— راست، ھەيرانلا قالدىم، ئۇنداق توپ تېپىشنى مەنمۇ پەقەت كۆرۈپ باقماپتىمەن.

— باتۇرنى تۇسۇغان ئىككىسى نېمە بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدى.

— ئۇ ئىككى بىچارە باتۇرنىڭ كەينىگە چۈشكەن توپنى تازا يىراقتا تېپىۋېتىشنى ئويلىغان بولغىيتتى...

— مەكتەپ مۇدىرىمۇ مەيدانغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ باتۇرنى ماختاپ كەتتى. ھەممەيلەن باتۇرغا ھەۋەس قىلىپ كەتتى.

ماختاش، تەرىپلەر ئەۋجگە چىققانچە سالامەت شېرىن ھېسقا

چۈمۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ يايراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.
— يېنىمىزدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىز...
ئايشەمگۈلنىڭ گېپىنى رەيھانگۈل بۆلدى:
— قايسى قىز؟
— ھېلىقىچۇ؟ بىر توپ ئوغۇل بالا بىلەن تالىشىپ، باشتىن - ئاخىر باتۇرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ئولتۇرغان قىزچۇ.
— ھە، ھە...
— قارىسام ئۇ قىز باتۇرغا بەك ئامراق ئىكەن.
— مەنمۇ شۇنداقراق ھېس قىلدىم.
— باتۇرغا ئاشىقمۇ نېمە؟ — دېدى رەھىمە.
— باتۇر ئاشىق بولغۇچىلىكى بار بالىكەن.
— مەشۇقى بولۇپ قالماڭ يەنە.
— سىزنىڭ شۇنداقراق تامايىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟
— خام خىيال قىلمىڭىزلار، ھېلىقى قىز ئاللىقاچان مەشۇقىغا ئايلىنىپ بولدىمۇ تېخى.
بۇ گەپلەر سالامەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايىقى شېرىن ھېسلارنى قوغلاپ چىقاردى. «مەشۇقى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشچان تۇيغۇلارغا ھەيران بولدى. «بۇ گەپلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟» دەپ سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، پۇتى جايىدىن مىدىرلىماي ھەم قىينىلىپ، ھەم راھەتلىنىپ تۇرۇپ باتۇر ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران قالدى.

E

سەئىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئاتا - ئانىسى غەمدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. سەئىدىنىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئۇلار

ناھايىتى تەستە ئۆز مۇددىئاسىغا مۇخالىپ ھالدا ياقۇپلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار مەھەللىسىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى ياقۇپلار تەرەپكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

سەئىدىننىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ماڭدۇرغان ئەلچىلەر مېڭىشتىن بۇرۇن سەئىدىن ھەسەن بىلەن ئېرىق بويىدا دېيىشقۇالغىنى بويىچە زۆھرە ئارقىلىق رابىيەگە سۆز يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېگەن ۋاقىتتا، دېگەن جايغا تۆت ئادەم بولۇپ يىغىلىشتى. ھەسەن قايسى كۈنى سەئىدىن بىلەن دېيىشقۇالغىنى بويىچە رابىيەگە سۆز ئاچتى. ئەگەر رابىيەنىڭ ئاتىسى بۇنى لايىق كۆرگەندە رابىيەلەرنىڭ ئۆز ئارمانلىرىغا يېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر رەت قىلىنسا، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلماقلىق بىر مەسىلە بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ يوشۇرمىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رابىيە ھاياجانلانغان ھالدا:

— مېنىڭچە، ئاتام پىكرىمنى رەت قىلىپمۇ كەتمەس. ئەگەر راستتىنلا رەت قىلسا، ئۆز پىكرىمنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىمەن. بەلكىم بۇ چاغدا ئانام ماڭا مەدەتكار بولۇشى مۇمكىن. ئاتام يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ بېشىمىزنىڭ قوشۇلۇشىغا قارشى تۇرسا، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم بۇلبۇلغا ئاشىق زار گۈل بولغۇم يوق. سەئىدىن ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە رازىمەن، — دېدى.

رابىيەنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھەسەن بىلەن زۆھرەنىڭ كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەشكە باشلىدى. ئۇلار ئىچىدە «ئاشىق بولسا مانا مۇشۇنداق بولسا. ئىشق ھېچكىمگە چۈشمىسۇن، ئەگەر چۈشسىمۇ مانا مۇشۇنداق پاك مۇھەببەتكە ئايلانسۇن. ئىشق كۈچسىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولالايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولگۈردى.

ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلاپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئايمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. خۇددى ئايمۇ «مەنمۇ سىلەرگە ھەمدەم» دېگەندەك ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سەئىدىن بىلەن رابىيەنىڭ سۆھبىتى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇلار

كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنى دېيىشىۋالغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. راستىنى دېگەندە، بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت بۇ ئاشىقلارغا يەتمىگەندى. كۆزلىرىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئاي كۆتۈرۈلۈپ كۈمۈش نۇرلىرىنى چېچىپ ئاشىقلارنىڭ يولىنى يورۇتماقتا ئىدى.

ئۇلار ئايرىلىشقاندىن كېيىن سەئىدىنىڭ چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگۈردى. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن بۇ ئاشىق بايا دېيىشكەن پىلانلاردىن كۆڭلىگە ئەمىنلىك تېپىپ يېڭىچە بىر جاسارەت ۋە ئۈمىدكە تولغانىدى.

## 6

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدىكى ھاۋانىڭ تەپتىمۇ بەدەنگە خۇشياقارلىق ئىدى. مۇشۇنداق ئىسسىق ھاۋا رەسساملار ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. شۇڭا، سالامەتلەرنىڭ سىنىپى يېڭىشەھەر رايوندىكى ئارقا كوچىغا رەسىم سىزغىلى بارغانىدى.

يېڭىشەھەر رايوندىكى ئارقا كوچىلارغا جايلاشقان ئۆيلەر ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشى ئۆيلەرنىڭ سىرتقى شەكلى، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى، كوچا بويلىرىغا ئېچىلغان دۇكانلارنىڭ قۇرۇلمىسى، كوچىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۇرۇنقى دەۋردىكى رەستىگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. دېمىسىمۇ، بۇ يەرلەردە بۇرۇن قايناق رەستە بولغان، ئەتىدىن ـ كەچكىچە سودا ئۇزۇلمىگەن، سودا كارۋانلىرىنىڭ تۆگىلىرى پېتىشمىغان، ئادەملەر تىقما ـ تىقما بولۇشۇپ سودا ـ سېتىقلىرىنى پۈتتۈرۈشكەن... ئەمدىچۇ؟ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بازار ـ رەستىلەر كۆچۈپ بۇ يەردە ئاشۇ قايناق بازارنىڭ سۈس ئىزناسى قالغان. ئەمدىلىكتە بۇ يەردىكى كونا ئۆي، كونا كوچىغا تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى، بۇ

ساھەگە كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر قىزىقىشىدۇ، بۇ يەردىكى ئىزلارنى ئىزدەپ باقىدۇ، تىۋىشلارغا قۇلاق سالىدۇ، بازارنىڭ ئاۋاتلىقىنى دەڭسەپ باقىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ «كونىلىقلار»غا رەسساملارمۇ، فوتوگرافلارمۇ قىزىقىدۇ. رەسساملارنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردە تەبىئىيلىك، قەدىمىيلىك بار. تام، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ رەڭ قاتلاملىرى ئېنىق، قۇرۇلمىلار ئۆزگىچە، مەدەنىيەت ئامىللىرى قويۇق. ئۇلار بوياقلىرى ئارقىلىق ئاشۇ تۇرمۇشنىڭ رەڭدار، تەبىئىيلىكلىرىنى ئاددىي رەختلەردە نامايان قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن زوق ئالىدۇ.

سالامەتلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىستەك بىلەن بۇ مېھرى ئىسسىق كوچىغا، تاملارغا، قوۋۇق، تەكچىلەرگە، ئۇيۇقلارغا تىكىلىپ رەڭ تەڭشىمەكتە، ھېسسىياتى يۇغىرىلغان رەڭلەرگە پەلكۈچلىرىنى تەگكۈزۈشۈپ، رەختلەرگە ئىز سالماقتا.

سالامەت بۇ يەرگە كېلىپ ياغاچتىن نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان، رەڭگى تام رەڭگىگە ئوخشاپ قالايلا دەپ قالغان كۆپ تۆشۈكلۈك بىر پەنجىرىنى سىزىش ئۈچۈن رەسىم سىزىدىغان نەرسىلىرىنى تەقلەپ، كىچىك ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى.

سالامەت خالتىسىدىن بوياقلىرىنى چىقىرىپ، يېنىدىكى گېزىتنىڭ ئۈستىگە تىزدى. ئاندىن رەڭ تەڭشەش قاچىسىنى ئېلىپ ئىچىنى پاكىز سۈرتۈپ، بىر بوياق سىقىمىقىنى قولىغا ئالدى. شۇ ئەسنادا رەسىم سىزىدىغان قەغەزلىرىنى قېتىغا سېلىۋالغان گېزىتتىكى «شىددەتلىك ئېقىندىكى باتۇرلۇق» دېگەن چوڭ ماۋزۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بەلكىم بۇ خەۋەردە بىرنىڭ چوڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن بىر بالىنى خەتەرگە قارىماي پىداكارلىق كۆرسىتىپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدەك باتۇرلۇقى بايان قىلىنغاندۇ. بىراق، سالامەتنى قىزىقتۇرغىنى بۇ مەزمۇن ئەمەس، بەلكى ماۋزۇدىكى «باتۇر» دېگەن خەت ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى. قۇلاق تۈۋىدە «سالام

ئىشىكداش» دېگەن ئاۋاز ياڭرىغاندەك بولىدى. ئاندىن كۆز ئالدىغا باتۇرنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى تەمكىنلىكى، بىپەرۋالىقى، مەغرۇرلۇقى، ھالقىلىق پەيتتە توپ تەپكەندىكى چىرايلىق قىياپىتى كەلدى. سالامەت باتۇرنىڭ ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ھەرىكىتىنى ئويلىغۇدى، سۆيۈنۈشتىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئۆزىنىڭ ئۇدۇللا يېزىپ ئەۋەتكەن «باتۇر سالامەت بولغاي» دېگەن خېتىگە باتۇرنىڭ گەپ ئوينىتىپ «سالامەت باتۇر بولغاي» دەپ جاۋاب يازغانلىقى يادىغا كېلىپ كۈلۈپ كەتتى. «بۇ باتۇر بىر قارىسا قىزىقلا، بىر قارىسا تازا چۈشەنگىلى بولمىغان... ئەستا، نېمە مەن مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنى خىيال قىلىپ ئولتۇرىدىغاندىمەن؟»

— توۋا، توۋا !

سالامەت چۆچۈپ يانغا قاراپ ئۆزىگە سىرلىق كۈلۈپ قاراپ تۇرغان رەيھانگۈلنى كۆردى.

— بىر قارىسا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسىز. ئەمدى بولسا كۈلگىلى تۇرۇپسىز. چاتاق يوقتۇ؟

— چاتاقتىن مەن يىراق، — دېدى سالامەت روھىي ھالىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— بولمىسا رەسىم سىزماي نېمىگە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرىسىز؟

— ئويلىنىۋاتىمەن.

— ئويلانمايۋاتقاندەك قىلىسىز. خىيالغا چۆكۈپ قاپسىز، — دېدى رەيھانگۈل سىرلىق كۈلۈپ.

— نېمىشقا خىيالغا چۆككۈدەكمەن؟ — دەپ سورىدى سالامەت خۇپسەنلىك قىلىشقا تىرىشىپ.

— بىرەرى خىيالغا چۆكتۈرگەندۇ؟ — دېدى رەيھانگۈل سالامەتكە سىنچى نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— مېنى خىيالغا چۆكتۈرگۈدەك كىمىم بولسۇن مېنىڭ؟

— يوقما؟

— يوق. سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئۇنداق بەخت ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەيھانگۇل بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سالامەت بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى، گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتتى، ئەمدى گەپنى باشقا ياققا بۇرىسا تېخىمۇ چاندۇ، رەيھانگۇلنىڭ دىلى تېخىمۇ ئازار يەيدۇ، شۇڭا...

سالامەت بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— رەيھانگۇل، ھېلىقى يىگىتنى ھېلىمۇ ئەسلەپ تۇرامسىز؟ سېغىنامسىز؟

رەيھانگۇل تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ھەيران قالدى. ئۇ سالامەتكە تەئەججۇپلىنىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئەلۋەتتە سېغىنىمەن ـ دە، — دېدى. رەيھانگۇل بىلەن ئېپى كېلىشىپ قالغان يىگىت ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن بۇندىن بىر يىل بۇرۇن قەشقەرگە كەتكەنىدى. ئۇلار دەسلەپ خەت يېزىشىپ، تېلېفون قىلىشىپ يۈردى. كېيىن ھەر ئىككىسى رېئاللىقنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى «يېپىق قازان يېپىق پېتى قالغىنى ياخشى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىمۇ، ئالاقىسى ئاساسەن ئۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ دۇنياغا ئەمدى ئاپىرىدە بولغان سۆيگۈ بىخى چېچەك ئاچالمىغانىدى.

— سىزچە، — دېدى سالامەت ئېھتىيات بىلەن، — بىرەرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالسا قانداق بولىدىكەن؟

— ئويلايسىز ـ ئويلايسىز، سېغىنىسىز ـ سېغىنىسىز، كۆرگۈڭىز كېلىدۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە پاراڭلاشقۇڭىز كېلىدۇ، ھەر دائىم ئاۋازىنى ئاڭلىغۇڭىز كېلىپ تۇرىدۇ.

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان رەيھانگۇل ئاستا ـ ئاستا مۇڭلىنىپ قالدى. سالامەتمۇ جىمىپ كەتتى.

پاك مۇھەببەت بۇ يەردىكى قەدىمىي، ماھىيەتلىك نەرسىلەردەك مەڭگۈلۈك بولىدىكەن. يادىكارلىق قانچە كونىرىسا، شۇنچىكى قىممەتلىك بولغىنىدەك، مۇھەببەت ھەقىقىي بولۇپ، ۋاقتى ئۆزارغانچە ئۇنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە ئاشىدىكەن.

بىر چاغدا رەيھانگۈل چۆچۈگەندەك، ئەندىككەندەك بولۇپ:

— ھوي، بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىزمۇ ـ نېمە؟ دەڭە، ئۇ كىم؟ — دېدى ئالدىراپ. سالامەت تەمتىرەپ قالدى.

— مەنما؟ مەن... — سالامەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى، — بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام بىلەلمەي قالماي دەپ سوراۋاتىمەن.

— سىزنى قوغلىشىۋاتقانلار كۆپ تۇرسا، ياخشى كۆرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالامسىز؟ خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسىز.

— ئۇلار ياخشى كۆرگەن بىلەن مەن ياخشى كۆرمىسەم، ئۇلارنىڭ قانداق ھالدىلىقىنى مەن قانداق بىلىمەن. يا ئۇ تۇيغۇلار پېشانىگە چىقىپ قالمىسا.

— ئىشقىلىپ مېنىڭ شەخسىي گېپىم، — دېدى رەيھانگۈل ئەستايىدىللىق بىلەن، — بىرەرسى بىلەن ئالدىراپ يۈرۈپ قالماڭ. بولۇپمۇ «پۇلى بار ئىكەن، ئاتىسى باشلىق ئىكەن» دېگەن ئويىنى ھەرگىز قىلماڭ. ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي پەيدا بولغانلىقىغا ياكى تەبىئىي ئويغانغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. ئۇ يىگىت سىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كېتىشىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي سىزنى قەدىرلىيەلەيدىغان بولسۇن. ئاشۇنداق يىگىتكە ئېرىشەلىگىنىڭىز بەختلىك بولغىنىڭىز. مال ـ دۇنيا، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش، ئابرۇي، شۆھرەت دېگەنلەر ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشلار.

— يەنىچۇ؟ — دېدى سالامەت قىزىقىپ.

— ھەممىدىن مۇھىمى كۆڭۈل چۈشمىسە بىكار. ئەجەب

ئىشلار بار: بەزىلەر بىلەن 10 يىللاپ ئارىلىشىپمۇ كۆڭلىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىلىشالمايدۇ. بەزىلەر بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپلا بىر ئۆمۈر باغلىنىپ قالىسىز. بۇ شۇنداق سېھىرلىك بىر ئىشكى، ئۆزىمىزنىڭ قارشى تەرەپ بىلەن ئىچەكىشىپ قالغىنىمىزنى تۇيمايلا قالىسىز. شۇڭا، ئادەم بەزىدە قىسقا ۋاقىتتا پەيدا بولغان تۇيغۇسىدىن گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ. ھەي، گەپ يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزىدە.

بۇلارنى ئاڭلىغان سالامەت ھەيرانلا قالدى. ئۇ رەيھانگۇلدىن بۇنچىلىك قەلب دۇردانىلىرىنى ئاڭلارمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدى.

— زوردۇن سابىرنىڭ پوۋىستلىرىنى ئوقۇغاندەك بولۇپ قالدىمغۇ، — دېدى سالامەت دوستىنىڭ گەپلىرىگە مەستلىكى كېلىپ.

— ئىشقىلىپ مەن سىزگە راست گەپ قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى يىگىتنى نېمىشقا ھازىرغىچە ئەسلەيسىز؟ يا ئۇ سىزگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلماپتۇ. مانا مۇناسىۋىتىڭىزلەرمۇ ئۈزۈلۈپتۇ.

رەيھانگۇلنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، كۆز چاناقلىرى نەملەشكەندەك بولدى، لېۋىنى ئاستا چىشلىدى. بۇنى كۆرگەن سالامەت «بۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن» دەپ ئەپسۇسلاندى.

— دېمىگىنى بىلەن ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى...

— قانداق دەيسىز؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن كاۋاپقا مۇچ سېپىپ يېيىشكە ئامراق. ئۇ، قەشقەرگە كېتىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن كاۋاپقا مۇچ سېپىپ يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ...

— ئۇ مەن بىلەن تونۇشقاندىن باشلاپ مېنى دەپ، كۆڭلۈمنى ئاياپ كاۋاپقا مۇچ سېپىپ يەپ كەپتۇ.

رەيھانگۈلنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى. سالامەت ياخشى كۆرۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى تۇيغۇ، ھۆرمەتنىڭ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىڭ، ئارىدىكى ھەر بىر مۇئامىلىنىڭ بۇنچىلىك ئىنچىكە، زىل بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

— ھەي، ئىزدىشىپ تۇرسىڭىزلارمۇ بوپتىكەن، ئوقۇش تۈگىگەندە بىر گەپ بولماسمىدى.

رەيھانگۈل ئۆكۈنۈش ئىلكىدە بېشىنى چايقىدى:

— كىچىكتۇقمىكىن، كىچىكلىك قىلىپتىمىز. شۇ چاغدا ئۇ قەشقەرگە كەتسىلا ھەممە ئىش تۈگەيدىغاندەكلا بىلىنىپ كېتىپتۇ. بەلكىم ئۇ، ھازىر باشقا خىياللار بىلەن يۈرگەندۇ؟

— ئۇنداق دەپمۇ كەتمەڭ، مېنىڭچە ئالاقىلىشىپ بېقىڭ.

— كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن. سىز... سىز ... گەپكە نېمانچە ئۇستا، ھەقىقەتەن ئۇستات ئىكەنسىز، مېنى گوللاپ پاراڭ سالدۇرۇپسىز. كۈلۈپ مەسخىرە قىلىدىغان بولسىڭىز، مەنمۇ ئەتىمنى ئالماي قويمايمەن.

— مېنى چۈشەنمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىسىزغۇ. مەن گەپلىرىڭىزدىن كۈلمەيمەن، ئەكسىچە ئۇ گەپلەر ماڭا كاتتا دەرس بولدى. راست...

— ئۇنداق بولسا راست گېپىڭىزنى قىلىڭ. كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

— سىز دېگەندەك بولۇپ باقماپتىمەن. ئەگەر مېنىڭدە شۇنداق ھال يۈز بەرسە سىزدىن پىسخىكىلىق مەسلىھەت سورايمەن.

— ئىشقىلىپ ماڭا يالغان ئېيتىۋاتىسىز.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى كېلىپ قالدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ رەسىم سىزماي پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ نارازى بولدى.

— بىر يەرگە كېلىۋالماڭلار دېدىمغۇ. بولمىسا مۇشۇنداق قۇرۇق پاراڭغا گول بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئىش چىقىدۇ. ھوي،

سالامەت، سىز ھېچنېمە سىزماپسىزغۇ؟

— ئىلھام كەلمىدى مۇئەللىم، — دېدى سالامەت رەيھانگۇلگە كۆزىنى قىسىپ.

— مۇشۇنداق كوتۇلدىشىپ ئولتۇرسىڭىزلار يېنىڭىزلارغا شەيتانمۇ كېلەلمىگۇدەك.

— شەيتانمۇ كېلەلمەيدىغان يەرگە كېلىشكە پېتىنغاندىكىن، مۇئەللىم سىزمۇ جىنمۇ - نېمە؟ — دېدى سالامەت دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ. تازا كەلگەن بۇ چاقچاققا ئۇچىسى كولۇشتى.

— ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رەسىم سىزىڭلار. رەيھانگۇل، سىزمۇ ئورنىڭىزغا بېرىڭ.

سالامەت يەنە يالغۇز قالدى. ئۇ بوياقلارنى تەڭشەۋېتىپ: «مېنىڭ كىم بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىدىغان بولار؟ ئۇ قانداقراق يىگىتتۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئاندىن قۇلاق تۈۋىدە «سالام ئىشىكداش» دېگەن گەپ ياڭرىغاندەك بولدى. تەبىئىي پەيدا بولغان بۇ سادا سالامەتنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

شۇ كۈنى سالامەتنىڭ قولى پەقەت ئىشقا بارمىدى. رەسىمنىمۇ ناخۇشلۇق ئىلكىدە سىزغان بولغاچقا، سىزغان رەسىمدىن ئازراقمۇ رازى بولمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى، ئوي - پىكرى باشقا ياققا قېچىپ كېتىپ تۇتۇق بەرمىدى. خۇددى رەيھانگۇل ياشلىق كۆزى، تىترەڭگۈ، ھېسسىياتلىق ئاۋازى بىلەن سالامەتنىڭ يۈرىكىنىڭ پىنھان يەرلىرىدىكى كۈچلۈك، چىڭقىلىپ تۇرغان يورۇقلۇققا كىچىككىنە يوچۇق ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈرەك تىۋىشى «سالام ئىشىكداش» دېگەن ساداغا جور بولۇۋېلىپ ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقاندەك بىر ھال ئۇنى قىينىدى.

كەچلىكى ئۇلار مۇزاكىرىدىن ئازات قىلىنۋېتىلگەچكە، قىزلار يىغىلىپ قالغان ئىش - كۈشلىرىنى تۈگىتىۋېلىشقا ئالدىراشتى. سالامەتنىڭ سىنىپقا چىقىشقا كۆڭلى تارتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يولىنى بىر نەرسە توسۇپ تۇرغاندەك چىقىشقا پېتىنالمىدى. بۇرۇن

سىنىپقا چىققۇسى كەلسە، ھېچنېمىنى خىيال قىلماي چىقىۋېرەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ ئۇ بايا ياتاققا قايتقۇچە كىر ـ قات يۇيۇشنى پىلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كارىۋىتىدا خىيال بىلەن يېتىپ قالدى. «خىيالىم نېمانداق بۆلۈنۈپ يۈرۈيدۇ مېنىڭ؟ يا زېھنىمنى يىغالمايمەن، يا خىيالىمنى... » دەپ ئويلاپ كۆلدى ئۇ.

شۇ چاغدا رەھىمە بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ھېلىقى قەھرىمان قىزنىقلا ئىكەن، — دېدى ئۇ ياتاققا كىرىپلا.

— قايسى قەھرىمان؟ — دەپ سوراشتى قىزلار.

— ھېلىقى پۇتبولچى باتۇرچۇ؟

قىزىق گەپ چىقىدىغانلىقىنى پەملەشكەن قىزلار ئۇنىڭغا قاراشتى:

— ھە... ھە... نېمە بولدى؟

سالامەتنىڭ قۇلاقلىرى ئۆزى تۇيمايلا دىڭ بولۇپ كەتتى.

— بايا سۇخانىدىن كېلىۋاتسام ئۇچرىشىپ قالدى. ماڭا گەپ قىلىدىغاندەك پەيلى بار. «بۇ قەھرىمان گەپ سوراپ قالسا نېمە دەرمەن؟» دەپ تەمتىرەپ كېتىپتىمەن. شۇنداق قارىسام... ساپما كەشىنى سۆرەپ ئالدىمغا كېلىۋاتامدۇ... شۇنچە ئابرۇيلۇق تۇرۇپ يۈرۈشنى ئۇنىڭ... شۇنىڭ بىلەن باشقىچە بولۇپ قېلىپ، باشقا ياققا قارىغان بولۇپ كېتىۋاتسام، «مۇزاكىرىگە چىقماپسىزلەرغۇ؟» دەپ سورىدى. «بۇگۈن سىرتتا رەسىم سىزغان، شۇڭا ئارام ئېلىشقىلار دېدى» دېدىم. شۇنداق دېسەم «كۈندۈزى رەسىم سىزغاندىكىن، كەچلىكى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ سىنىپتا ئۆگىنىش قىلىشقىزلار بولمامدۇ؟» دەيدۇ. گەپ قىلماي يولۇمغا ماڭدىم. باشقىچىلا مىجەزى بار ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەت باتۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئەمما باشقا قىزلار «جىنىنىڭ

قەستى شاپتۇلدا» ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟ شۇڭا ئۇلار پاراڭنى شۇ بويىچە داۋام قىلىشۋەردى.

— «باشقىچە» دەيسىزغۇ؟ بەكلا باشقىچە.

— قانداق دەيسىز؟

— مەنغۇ ئۇنىڭ كۆپ گەپ قىلماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ پەرىشان يۈرۈيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاڭلىسام، ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزلىرىنى خېلى بار دەيدۇ. قىزلارغىمۇ تورۇڭشىدە گەپ قىلغۇدەك. بەزىدە تېخى ئادەم ئەيمىنگۇدەك گەپلەرنى قىلغۇدەك.

— مىجەزىنى بەك قوپال دەيدۇ، — دېدى ئايشەمگۈل، — خۇشياقسا بىر ئۇبدان، خۇشياقمىسا مۇئامىلىسىنى شۇنداق يىرىك دەيدۇ. تەنتەربىيە سىنىپىدىكى ئامانگۈلنى بىلىسىزلەرغۇ؟ ھېلىقى خەۋەر يېزىپ مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان بالا بىلەن يۈرۈۋاتقان. ئۇلار ئىككىسى بىر ئاز يىرىكلىشىپ قاپتىكەن، بىر كۈنى باتۇر يولدا ئامانگۈلگە ئۇچرىشىپ قېلىپلا: «قىز بالا بولغاندىكىن ئازراق تۆۋەن بولمامسىز» دەپ سۆزلەپلا كېتىپتۇدەك. ئاچچىقى كەلگەن ئامانگۈل: «مېنى بىر نەرسە دېگۈچە، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى ئوبدان بىر ئويلاپ باقسا بولمامدۇ؟» دېسە، باتۇر: «قىز بالا دېگەن جاۋىلداق بولسا بولمايدىكەن» دېگەن گەپنى دەۋېلىپلا كېتىپ قاپتۇ. ئامانگۈل بۇنىڭدىن جىلە بولۇپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى رەھىمەمۇ، — بەك جېدەلخور ئىكەن. باشقىلار ئۇرۇشۇشقا ئارانلا تۇرىدۇ دەيدۇ. تېخى مۇشتلاشقۇدەك، ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرۈپ.

— غەلىتىلا دەيدىغۇ، — دېدى رەيھانگۈل دوستلىرىدىن قالماي دېگەندەك، — ئادەم يوق يەرلەرگە بېرىۋېلىپ سائەتلەپ خىيال سۈرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بار ئىكەن.

— پۇتبولغا ئۇستا بولغان بىلەن ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىكەن، — دېدى ئايشەمگۈل، — نەزەرىيەۋى دەرسلەردىغۇ چورتىلا يوق ئىكەن. تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدىكەن، خۇشياقمىسا دەرس ئاڭلىمايدىكەن،

خىيالىي يۈرۈيدىكەن. مۇئەللىملەر بىر نەرسە دەي دېسە، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنى قوللاۋاتقان، ماختاۋاتقان...

يەنە نېمە گەپلەر بولدىكىن، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانچە سالامەتنىڭ قاپىقى تۈرۈلگىلى تۇردى، ئۆزىچە خاپا بولغۇسى كەلدى. شۇڭا ئۇ گەپنى بۆلدى:

— ھەممىڭلار ئۇ باتۇر دېگەن بالىنى خېلى تەتقىق قىلىپسىلەر - ھە؟ قالتىسقۇ سىلەر!

— ئۇنى تەتقىق قىلىدىغانغا نەدە چولا، — دېدى رەيھانگۈل باشقىلارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ، — سىز ئۆزىڭىزنى ئەگىپ يۈرگەن يىگىتلەرگە تەتۈر قاراپ يۈرگەن بىلەن...

— ھە، سىزلەرچۇ؟ — دېدى سالامەت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

— بىز بولساقما؟ كۆرۈۋاتىسىزغۇ، پىكىرلىشىمىز، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىز. شۇ چاغدا قولىقىمىزغا كىرىپ قالغان گەپلەر دەڭا.

— ھە، شۇنداق، كۆرۈۋاتىمەن.

— سىزچە - زە، بىر قىز بىلەن بىر يىگىت پاراڭلاشسىلا بىر ئىش بولۇپ كېتىدىكەن - دە.

— بولدى، بولدى. گەپ قىلمىدىم.

پاراڭنىڭ چەك باسمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قىزلار يەنە ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇندى.

بايىقى گەپلەر سالامەتكە تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئويلىغانچە ئۇنىڭ دىلىنى پەرىشانلىق چۇلغىۋالدى. «نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى سالامەت ئەپسۇسلىنىپ، — شۇنداق ئوبدان توپ تېپىپ باشقىلارنىڭ قايىللىقىغا، قوللىشىغا ئېرىشكەندىكىن، ناچار ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆگىنىشكىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ، ھەممە ئىشنى تەڭ ئېلىپ ماڭمامدۇ؟ قوپاللىق

ئادەمگە ياراشمايدۇ. ئاسانلا باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىش، كۆڭۈل قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، ئەپ ئۆتمەك تەس. شۇنداق بولغاندىكىن، باشقىلارنىڭ قارىشىمۇ ياخشى بولمايدۇ. باتۇر نېمىشقا بۇنى ئويلىمايدۇ؟ تۇزەتسە بوپتىكەن، بۇنى ئۇنىڭغا دەيدىغان، يول كۆرسىتىدىغان بىرەر ئاغىنىسى يوقمىدۇ؟»

بۇ خىيال سالامەتنى خېلى بىر هازاغىچە قىينىدى.

F

ئەلچىلەر ياقۇپلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ھەرھالدا ياقۇپنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئادەمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ئۇلارغا كىچىككىنە داستىخان تەييارلىدى. ئەلچىلەر سالام ـ سەھەتتىن كېيىن كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ياقۇپنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلۇپ كەتتى. رابىيەنىڭ ئانىسى بۇ بىئەپ كەيپىياتنى تۇگىتىش ئۇچۇن مېھمانلارنى چاي ئىچىشكە زورلىدى. ياقۇپ ئاچچىقىغا پايلىماي، خوتۇنىنى قىچقارغان پېتى ئايۋاننىڭ كەينىگە ئۆتتى. رابىيەنىڭ ئانىسى بۇ ئىشلاردىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەردار بولغاچقا، ئامال بار ئىشلارنى ياخشى تەرەپكە تارتىشقا تىرىشىپ، بۇ تويىنىڭ تەرەپدارى بولدى ۋە قىزىغا ئىچىدە بەخت تىلىدى. ئەمما، جاھىل ياقۇپ دەل ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى.

ئۇلار ئايۋاننىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيەنىڭ ئانىسى ياقۇپ بىلەن سۆزلەشتى. رابىيە بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

— بۇ تويىنى قىلايلى، — دېدى رابىيەنىڭ ئانىسى. ياقۇپ دەرھال تەرىنى تۇرۇپ:

— بولدى قىل، بۇ ئويۇڭدىن ۋاز كەچ، — دېدى.

— سەئدىنىمۇ ئەخلاقلىق، بىلىم ئىگىلىرىدىن بىرىغۇ؟

— ئەخلاق، بىلىم دېگەنلەر پۇلغا يارامدۇ؟ ماڭا پۇل بولسىلا بولدى.

— بىلىمەن، ئەخلاق - پەزىلەتلەر پۇلدىنمۇ قىممەتلىكقۇ؟
— ھەي ساراڭ خوتۇن، ماڭا بۇلار كېرەك ئەمەس، پۇل، ئابرۇي - مەنسەپ بولسىلا بولدى. ساڭا ئېيتقۇچە ئىبراھىملار ئالدىراپ تەييار بولۇپ قاپتۇ. قىزىڭغا ياخشى جايدىن لايىق چىقتى.
رابىيەنىڭ ئانىسى ھەيرانلىقتا سورىدى:
— كىم ئۇ؟
— مۇشۇ يۇرتنىڭ پۇلدار بېگى جابىر.
— ھە ! — ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. بىر چەتتە بۇلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشاۋاتقان رابىيەمۇ ياقىسىنى چىشلىدى.
— رابىيەنى جابىرغا بېرىمىز. تونۇگۈن بىز ئۇنىڭ بىلەن توي ئىشى توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. ھەتتا توختامىمۇ تۈزۈشۈپ بولدۇق. ياخشىسى كەلگەن ئەلچىلەرگە خوش دەپ، يولغا سېلىپ قوي.
رابىيەنىڭ ئانىسى خورسىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ:
— ئاتىسى، بۇ تازا ياخشى بولماپتۇ. جابىر قىزىمىزغا ئەسلا لايىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى قىزىمىزنىڭ رايىنى ئاڭلاپ باقايلى، ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى، — دېدى.
ياقۇپ ئايالىغا ھومىيىپ تۇرۇپ:
— بىلىپ قوي، ئىبراھىمنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان قىزىم يوق. ئىبراھىملار مېنىڭ خىلىم ئەمەس. ماڭا باي ياكى بولمىسا بەگ كېرەك. ماڭ، بېرىپ ئۇلارنى ئۇزات، — دەپ گېپىنى چورتلا ئۈزۈپ كەينى ئىشىكتىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.
رابىيەنىڭ ئانىسى ئايۋاننىڭ كەينىدىن ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توي ئىشىغا ياقۇپباينىڭ قوشۇلغۇسى يوقلۇقىنى، ھازىرچە قايتىشىپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. مېھمانلار خوشلىشىپ، ئۈمىدسىز قەدەملىرى بىلەن بۇ ئائىلىدىن يىراقلىدى. بۇ چاغدا رابىيەگە بۇ دۇنيا شۇنچىلىك قارا، زۇلمەتلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۈمىد شامىمۇ ئاجىزلىششقا باشلىدى.
ئانىسى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن، رابىيەنى

يېنىغا چاقىرتتى ۋە ئاتىسىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. رابىيە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولغاندى، پەقەت يەنە بىر قېتىم يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدى، خالاس.

— قىزىم، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. ئاتاڭنىڭ پىكرىنى بىلدىڭ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز دە ھېچقانداق ھوقۇق يوق. ئاتاڭنىڭ پەيلىدىن ئېھتىيات قىل، ئاتاڭنىڭ قولىدىن ھەر بالالار كېلىدۇ، — دەپ قىزىغا نەسىھەت قىلدى ئانىسى.

بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ كۆڭلىنى قارا غەم بېسىپ، نازۇك يۈزلىرىگە شەبنەم قوندى. قارا كىرپىكلىرىدىن قارا ياشلار تۆكۈلۈپ دەرد ـ ھالىنى ئانىسىغا تۆكتى:

— ئانا، جېنىم ئانا، ئېيتقىنا. ماڭا ئەمدى باشقا چارە يوقمىدۇ؟ نېمىدېگەن قارا قىسمەت بۇ!؟

— جېنىم قىزىم، ئازابىڭنى چۈشىنىمەن. بولدى، تەقدىرگە تەن بەر، سۆيگۈنىڭدىن ئۈمىد ئۈز.

— ئانا، مېنى سەئىدىندىن كېچىپ، جابىرغا خوتۇن بولۇشقا تەييار تۇر دەمسەن. ئانا، ئويلاپ كۆر، جابىر ھېچقاچان سەئىدىنگە تەڭ ئەمەس، — رابىيە بۇ سۆزنى دەپلا ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — جېنىم ئانا، ئاتامنى بۇ پىكرىدىن توسقىن. ئەگەر مېنىڭ سەئىدىن بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلمىسا مەيلى، بىراق ھەرگىزمۇ جابىرغا مېنى قوش قوللاپ بەرمەڭلار. ئاتامغا ئېيتقىن، ئەگەر مېنىڭ بۇ پىكرىممۇ ئىلىك ئېلىنمىسا، مەن بالدۇر توزىغان غۇنچىغا ئوخشاش دۇنيادىن خوشلىشىمەن.

قىزىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئانىسى قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، بولدى يىغلىما، تولا يىغلاپ باغرىمنى ئېزىۋەتتىڭ، تولا بولمىغۇر خىياللاردا بولما. مەن يەنە تىرىشىپ باقاي. ئامال بار ئاتاڭنى بۇ پىكرىدىن ياندۇراي. بىچارە ئاناڭنى بولسىمۇ ئويلاپ قوي، — دېگىنىچە كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

بۇ چاغدا كېچىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى. تەبىئەت بۇ ناتىۋان قىزنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندەك، قىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا قوشۇپ كەڭ ئالەمنى يىغلىتىشقا باشلىدى. رابىيەنىڭ قارا ھىجرانىغا لەنەت ئوقۇغاندەك تەبىئەتمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ، بۇ بىۋاپا دۇنياغا لەنەت ئوقۇماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئانا - بالا ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. رابىيە ئۈچۈن مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا ئوخشاش بىلىنىدىغان بۇ ھۇجرىسى ئەمدىلىكتە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان غېرىب خانىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى - دە، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغاندىن كېيىن مۇڭ باسقان قەلبىنى باسالماي، غېرىب خانىسىنى دەز كەتكەن يۈرىكىدىن چىققان غەزەللەر بىلەن تولدۇردى.

*دەرىخا، ئايرىلۇر بولدۇم مانا مەن ئەمدى يارىمدىن،*
*مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن دەردمەن يار زارىمدىن.*

*كۆڭۈل مۇشتاق ۋىسالغا يېتەرگە مەندە يوق تاقەت،*
*بولامدىم ئاخىرى مەھرۇم خۇشاللىق لالە زارىمدىن.*

*قۇلاق سالمايدىكەن ئاتام مېنىڭ قىلغان پىغانىمغا،*
*نېتەيكىم ئايرىلىپ قالسام مېنى سۆيگەن نىگارىمدىن.*

*ئۈمىدىم گۈلشەنى ۋەسلىنىڭ سۈيىدىن بولمىسا سىراپ،*
*كېچەرمەن سۆيگۈ يولىدا، پۈتۈنلەي يوقۇ بارىمدىن.*

## 7

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى. سالامەت باتۇرغا قىيا قاراپ يەنە ئىچى پۇشتى. بايا كۆرۈشۈپلا سول كۆزىنى قىسىپ «سالام ئىشكداش» دەپ سالام قىلىپ شوخلۇق قىلغان باتۇر شۇ تاپتا

پىشانىسىنى پارتىسىنىڭ گىرۋىكىگە تىرەپ ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. سالامەت سائىتىگە قاراپ بىقىۋىدى، باتۇر يېرىم سائەتكىچە بېشىنى كۆتۈرمىدى. بۇنىڭغا قاراپ سالامەت «راست، غەلىتە مىجەزى بارمۇ ـ نېمە؟ ئۇ نېمىشقا بۇنداقتۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى.

باتۇر ئوڭ پۇتىنىڭ تاپىنىنى تىنىماي يەرگە ئۇرۇپ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى.

ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ سالامەت خەت يېزىپ ئاتماقچى بولۇپ توختاپ قالدى. «نېمە ئۇنىڭغا دىققىتىمنى چېچىپ، خىيالىمنى بۆلۈپ يۈرۈيمەن. تىنچ ئولتۇرۇپ كىتابىمنى ئوقۇيچۇ» دەپ ئويلاپ، قولىدىكى مۇپاسساننىڭ «چىرايلىق دوست» ناملىق رومانىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن سالامەتنىڭ كاللىسىغا چۈشمىدى.

بىر چاغدا باتۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆرە بولۇپ بوينىنى سالامەت تەرەپكە سوزدى:

— خاپا بولماڭ.

بۇ گەپكە سالامەت ھەيران بولۇپ تۇرۇۋىدى، باتۇر قىزىقارلىق بىر رەۋىشتە بوينىنى قىسقان پېتى ئىشىكنى ئەتتى. بۇنىڭدىن سالامەت ئەجەبلەندى.

بۇ چاغدا باتۇرلارنىڭ سىنىپىدا بىر ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ، گىتار بىلەن ناخشا ئورۇنلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

ئەسلىدە، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆكتەبىر بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغان بولۇپ، ھەر بىر

سىنىپ بىردىن نومۇر ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغاچقا، بۇ ئوقۇغۇچى تەييارلىغان نومۇرىنى ئورۇنلاپ ساۋاقداشلىرىدىن پىكىر ئېلىپ باقماقچى بولغانىدى.

گىتار تارلىرى يېنىك تىترىدى. سىنىپ ئىچىنى يېقىملىق مۇزىكا ساداسى بىر ئالدى.

*«خوش» دېدىم كېتەر چاغدا،*
*ياش ئەگىپ كۆزلەرىمدىن.*
*لەۋ يېقىپ تۆككەن ياشىم،*
*سىرغىپ چۈشتى مەڭزىمدىن.*

ناخشىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ سىنىپتىكى ساۋاقداشلار يېنىك تەۋرىنىپ ئىچىدە ئېيتىشقا باشلىدى. مۇزىكا ئەۋجگە چىقتى، يۈرەكلەر كۈچلۈك ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقتى:

*«خوش» دېدىم ياغلىقىم...*

ناخشىنىڭ قايناق ھېسسىياتىغا، دەۋىتىگە باشقىلار تاقەت قىلالمىدى ـ دە، ناخشىغا جور بولۇشتى:

*«خوش» دېدىم ياغلىقىم،*
*يەلپۈنەر قولۇمدا.*
*بىز ئىككىمىز سۆيگۈسىگە،*
*ئاق كېچە بولسۇن گۇۋا.*

سىنىپ ئىچى ھاياجانلىق، ھېسسىياتلىق، ئەسەبىيلىككە تولغان ناخشا ساداسىدىن لەرزىگە كەلدى.

*«خوش» دېدىم ياغلىقىم،*
*يەلپۈنەر قولۇمدا!*

ئىشىك «تاراققىدە» ئېچىلدى. ئىشىكتە پەيدا بولغان قەھرلىك چىراي قايناۋاتقان قازانغا بىر سايلىق سۇ بولۇپ قۇيۇلدى. ئۇلار كىرگەن كىشىگە ھودۇقۇش، قورقۇش ئىچىدە قاراشتى.

— نېمىگە ۋارقىرايسىلەر؟ قاچانمۇ ئىنتىزامغا، تەرتىپكە بويسۇنىدىغان بولىسىلەر ـ ھە؟ قارا بۇلارنى... — دەپ ۋارقىرىدى كەچلىك مۇزاكىرىنىڭ ئىنتىزامىنى تەكشۈرگۈچى مۇئەللىم، — پەقەت گەپ ئاڭلىمايسىلەر، قاتتىق گەپ قىلىنى دېسە تېخى. چوپچوڭ بولۇپ قالغاندىكىن، ئۆزۈڭلارنى ئايىساڭلار بولمامدۇ؟ يا «تەنتەربىيەدە ئوقۇغانلار تەرتىپكە، ئىنتىزامغا بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار خالىغانچە ئىش قىلسا باشقۇرماسلىق كېرەك» دېگەن گەپ بارمىكەن؟ ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ؟

تېخىچە ئوتتۇرىدا گىتارىنى تۇتۇپ تۇرغان بالا:

— ئابلىتىپ، — دېدى.

— بويۇڭ پاكار بولغان بىلەن ئاۋازىڭ يوغانكىنا سېنىڭ!

بۇنىڭدىن ئابلىتىپنىڭ غۇرۇرىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئادەتتە ئېغىر ـ بېسىق بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— سېنىڭ بىلەن ئەتە سىنىپ مەسئۇلىڭىنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىمىز. بولدى، ئۆگىنىش قىلىڭلار.

تەكشۈرگۈچى سۇرلۇك قىياپىتى بىلەن سىنىپ ئىچىنى بىر ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ سىنىپتىن چىقىشى بىلەنلا ئالدى پارتىدا ئولتۇرغان ئالىم يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ مۇشتىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەممىيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن پۇخادىن چىققاندەك بولغان ئابلىتىپ گىتارنى تىرىڭلاتقانچە جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— دېگەنىبىلەن بەك نوچا ئېيتىۋەتتىڭ، — دېدى ئەكبەر قىزىل. ئۇ ماختىغۇسى كەلسە، «نوچى» دېگەن گەپنى «نوچا» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى.

شۈنىڭ بىلەن سىنىپ ئىچى جىمىپ قالدى. باتۇر بايىقى ناخشىغا غىڭشىغىنىچە كەينى ئىشىكنى ئاچتى.

سالامەت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. باتۇر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.«بىر دەمدىلا ئۇلۇغ بولۇپ قالغىنىنى، سارالڭ!» سالامەت شۇنداق دەپ پىچىرلاپ قولىدىكى قەغەزنى باتۇرغا ئاتتى. باتۇر خەتنى ئوقۇدى: «سىنىپىڭىزلاردا نېمە ئىش بولدى؟» باتۇر دەرھال جاۋاب يېزىپ سالامەتكە ئاتتى: «ناخشا ئورۇنلىدۇق. ئۇمۇمىي خور.» سالامەت يەنە خەت ئەۋەتتى: «تەكشۈرگۈچى ئەدىپىڭىزلەرنى تازا بەردىمۇ ـ نېمە؟» باتۇر خەتنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە جاۋاب يازدى: «شۇنداق، ئۇ گىتار ناخشىسىنى ياقتۇرمايدىغان تاماشىبىن ئىكەن». سالامەت يەنە خەت يازدى: «سىزمۇ ئېيتتىڭىزمۇ؟» باتۇر جاۋاب قايتۇردى: «ھەئە، سىزچۇ؟ ناخشا ئېيتالۇرسىز؟ ياكى ئۇسسۇل ئوينارسىز؟» سالامەت تېزلا جاۋاب ئەۋەتتى: «ياق». باتۇر جاۋاب يازدى: «ئۇنچىلىك ئۇمىچىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم». سالامەت خەتنى كۆرۈپ «سارالڭ» دېدى. باتۇر كۈلدى. شۇ چاغدا سالامەتنىڭ يېنىغا بىرى كېلىپ:

— يۈرۈڭ، ئۆمەكتىن تەكلىپ قىلغان ئادەم كېلىپتۇ. ساقلاپ قالدى، — دېدى. سالامەت پەرۋاسىز قىياپەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

باتۇر سالامەتنىڭ خاپا بولغاندىكى چىرايىنى ئەسلەپ كۈلدى ۋە خەتلەرنى يىرتىۋەتتى. ئۇ كېرىلمەكچى بولۇپ يانغا قاراپ ئەكبەر قىزىلنى كۆرۈپ چىرايىنى تۈردى:

— سېنى توپچىمىكىن دېسەم، ماراقچى ئىكەنسەنغۇ!

— ماڭە، كەلگىنىمنى تۈيماستىن خۇدۇڭنى بىلمەي ئولتۇرغان گۇناھ ئۆزۈڭدە.

— گۇناھ ئۆزۈمدە بولسا، سېنىڭ نېمە كارىڭ.

— رەسسام قىز بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كەتتىڭغۇ؟

— بولمامدا؟

— ئەمدى دەيمىنا.

— سىلەر ئاشخانىدىكى كۆتكۈچى قىزلار بىلەن قاش ئېتىشىپ يۈرسەڭلار بولغان يەردە...

— راست ئارىلىشىۋاتامسىلەر؟

— ئۆزۈڭ خالىغانچە ئويلىۋال.

— قارىسام خەت ئېتىشىۋاتىسىلەرچۇ...

— خەت ئېتىشقىنىمىز ساڭا بىئەپ بىلىنگەن بولسا، سەن پوچتالىيون بولۇپ خېتىمىزنى توشۇپ بەر.

— ساڭا گەپ قىلغاندىنغۇ... ئارىلىشىۋاتقان بولساڭ ياخشى بوپتۇ ئاغىنە.

— ياخشى - يامان بولغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟

— لېكىن، باتۇر، دىققەت قىل، ئۇ بەك ئوقۇغان ئۇستۇن قىز. ھاكاۋۇر، ئاسانلىقچە باشقىلارنى ياراتمايدۇ. كۆلۈپ يۈرگىنى بىلەن ئويلايدىغىنى جىق جۇمۇ ئۇ قىزنىڭ.

— بۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم.

— سەن قىزىقىپ قېلىۋاتقاندىكىن دەيمەن.

— ئۆزۈڭ قىزىقىۋاتقانسەن؟

— ۋاي - ۋۇي، بولدىلا.

— خوش.

ئەكبەر قىزىل سورىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئورنىغا كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ گەپلىرى باتۇرنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگكەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئارىلىشىۋاتامسىلەر» دېگەن گېپى باتۇرنىڭ يۈرىكىنى ئىتتىك سوقتۇرۇۋەتتى. باتۇر ئەكبەر قىزىلنىڭ كەينىدىن قاراپ قولىنى تاپانچا شەكلىگە ئەكېلىپ ئاتقاننى دورىدى ۋە: «نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ... ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ... » دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە باتۇرنىڭ كەيپى ئۇچمىغانىدى.

ئۇ بىر خىل سۈس ھاياجانلىق تۇيغۇ ئىلكىدە پۇتبولنىڭ رەسىمىنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە سىزىپ ئاق ـ قارا قىلىپ بوياشقا باشلىدى.

بۈگۈن كەچ مەكتەپنىڭ چوڭ زالى ئوقۇغۇچىلار بىلەن قايناپ كەتكەننىدى. ئۆگىنىش بېسىمى ۋە غېمىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇغان ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن خۇشال، كەيپىياتى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى.

پائالىيەت باشلاندى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىللە بولىدىغان كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ماھارەتلىرىنىڭ سەھنىدە پەيدا بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنى قالتىس خۇشال قىلىۋەتكەن ئىدى. چاۋاكلار ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇردى، تەرىپلەر، ئىسقىرتىشلار، تەنتەنىلىك ۋارقىراشلار زالنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈردى. باتۇر ئەتراپتىكى قايناق مەنزىرىگە سوغۇققانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇردى. ئۆزىگە ياققان ناخشا ئورۇنلانغاندا باشلامچىلىق بىلەن چاۋاك چالدى. ھەتتا باشقىلارنى چاۋاك چېلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇنداق ۋاقىتتا ئەھۋال شۇ: ھەممەيلەن جىم ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلاۋاتقاندا بىرى چاۋاك چالدىمۇ، بولدى، ياندىكىلەر ئەگىشىپ چاۋاك چېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارغا زالدىكىلەر ئەگىشىدۇ...

باتۇر ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتىغا ئارىلاشماي ئاساسەن ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇردى. بەزىدە ئۇ ئۆزى تۇرغان مۇھىتقا قىلچە باغلاشمايدىغان خىياللارغا كېتىپ قالاتتى. مانا ھەممەيلەن قىزغىن كەيپىياتتا ئولتۇرغان مۇشۇ چاغدىمۇ ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ ئولتۇراتتى.

ئېلانچىك سەھنىگە چىقىپ نۆۋەتتىكى نومۇرنى ئېلان قىلدى:

ــ ئەمدى رەسىم سىنىپىدىكى سالامەت «قارا كۆزۈك» دېگەن ئۇسسۇلنى ئورۇنلايدۇ.

چاۋاكلار ئىچىدە «رەسىم»، «سالامەت» دېگەن سۆزلەر باتۇرنىڭ

قولاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. باتۇر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. سەھنىدە ئۇسسۇل كىيىمى كىيىپ تېخىمۇ جازىبىدار بولۇپ كەتكەن سالامەت ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈۋاتاتتى. «ھە، ئەسلىدە ئۇمۇ بۇ پائالىيەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى باتۇر.

رىتىمى كۆچلۈك مۇزىكىغا ئەگىشىپ ناخشا ياڭراشقا باشلىدى:

*سۆيگۈ بىلەن كۆلۈپ باقار،*
*ھەر بېقىشىڭ دىلغا ياقار.*
*چاقناپ تۇرغان چولپان كەبى،*
*سېنىڭ قارا كۆزۈڭ.*

*قارا كۆزۈڭ، قارا كۆزۈڭ،*
*سېنىڭ قارا كۆزۈڭ...*

سالامەت لەرزان پىرقىراشقا باشلىدى. باتۇر ئۇنىڭ نەپەس ۋە چاققان ئۇسسۇلدىن ھەيران قالدى. ئەتراپتا چاۋاك ياڭرىدى.

ناخشا مۇڭلۇق ياڭرايتتى:

*ئاي ـ يۇلتۇزدەك سۆيگۈ چاچار...*

سالامەتنىڭ ئۇزۇن سۇنۇلغان قول ھەرىكەتلىرى، ئىنچىكە قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن كۆز ئالدىنى توسۇپ ھايا ـ نومۇسنى ئىپادىلەشلىرى باتۇرنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

*قايناپ تۇرغان بۇلاق كەبى،*
*سېنىڭ قارا كۆزۈڭ.*

*قارا كۆزۈڭ، قارا كۆزۈڭ،*
*سېنىڭ قارا كۆزۈڭ...*

ناخشىدا ھەر قېتىم «قارا كۆزۈك» دېيىلگەندە، سالامەت بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ لەپ ـ لەپ قارايدىغان ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى ئورۇنلايتتى. بۇ ھەرىكەت شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك ھېسسىياتلىق بولۇپ، باتۇرنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. باتۇرغا خۇددى بۇ ھەرىكەت باتۇر ئۈچۈنلا قىلىنىۋاتقاندەك، سالامەت شۇ قارىشى بىلەن باتۇرنىڭ يۈرىكىگە تېشىپ كىرمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ يۈرىكىنىڭ ئىختىيارسىز قاتتىق سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۈرىكىنىڭ ئۈستىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

سالامەتنىڭ ئۇسسۇلىنى بۇ قەدەر نەپىس، لەرزان، تەبىئىي، جانلىق، ھېسسىياتلىق ئوينىشى باتۇرنى ھەقىقەتەن ھەيران ـ ھەس قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن باتۇر ئۆزىنىڭ سالامەتكە «ئۈنچىلىك ئۈمىچىگىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم» دەپ يازغان بارغاچىسىنى ئويلاپ كۈلدى.

ئۇسسۇل ئاخىرلاشتى. باشقىلار قىزغىن چاۋاك چېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تاتلىق ھېس ـ تۇيغۇلار ئىلكىدە قالغان باتۇر بەئەينى چاۋاك ساداسىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

پائالىيەت ئاخىرلاشتى. باتۇرنىڭ ياتىقىغا قايتقۇسى كەلمىدى. ئۇ پۇتبول مەيدانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇردى. سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا ھاۋا سەل سوغۇق ئىدى، ئەمما يېقىشلىق سوغۇق ئىدى. باتۇر يېرىم بولۇپ قالغان تاماكىسىنى چىقىرىپ ئېھتىيات بىلەن ئوت تۇتاشتۇردى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يۇمىلاق قىلىپ كومزەك شەكلىگە كەلتۈرۈپ تاماكىسىنى يوشۇرۇپ شوراشقا باشلىدى. تاماكىنى چېكىپ بىر ئاز تىنچىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە «قارا كۆزۈك» دېگەن ناخشىنىڭ مىسرالىرى ياڭرىغاندەك بولدى. لەرزان پىرقىراۋاتقان سالامەت كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەنە ئۇ گىرەلەشكەن

بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆز تاشلىماقتا، ھەر قېتىم كۆز تاشلىغاندا باتۇرغا قارىماقتا... باتۇرنىڭ يۈرىكى ئېتىتىك سېلىپ كەتتى. باتۇر ئىختىيارسىز سالامەت بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى ئەسلىدى. بىراق، ئەسلىگۈدەك ئۇزۇن جەريان، ئالاھىدە ئىشمۇ يوق ئىدى. پەقەت «سالام ئىشكداش» دېگەن سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشلىنىپتۇ. قىسقا، يەنە كېلىپ ناھايىتى تەبىئىي. ئەمما ھازىر باتۇرغا ئۇلار ئۇزۇن يىللىق سىرداشلاردەك، يېقىن دوستلاردەك بىلىندى. باتۇر ئۇنى ئويلايدىغان، پاراڭلاشقۇسى، كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى...

ياتاقنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ باتۇر ئورنىدىن قوپقاندا شۇنى ھېس قىلدىكى، توغرىسى، ئېتىراپ قىلدىكى، باتۇر سالامەتنى ئۇچرىشىپ قالغاندا ئىككى ئېغىز ئېغىز - يېنىك چاقچاقلىشىپ كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان قىزلار قاتارىدا كۆرمەيدىكەن!

G

رابىيە ئۇخلاش ئۇچۇن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ئۇخلىيالمىدى. سىرتتا بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ خۇددى رابىيەنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك شىددەتلىك ئاۋازى بىلەن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالاتتى. كۆزىنى يۇمسا ئاتىسى ياقۇپنىڭ سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئەلۋەتتە، بۇ دۇنيادا ئۆزى سۆيگەن يارى بىلەن مۇراد - مەقسەتكە يېتەلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. بۇ ۋەھىملىك كېچە رابىيەگە بارغانچە ئۇزۇن بىلىنىۋاتاتتى. رابىيەدىكى ئىنتىزارلىق ئوتى بارغانچە كۈچىيىپ، تېزرەك تاڭ ئېتىشىنى ھىجران ياشلىرى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. ئالتۇن نۇرلار دېرىزىدىن چېچىلىپ چۇشۇپ رابىيەنى ئورىماقتا. ئەتراپ شۇنچە نۇرلۇق

بولسىمۇ، كىچىچە ياشتىن قۇرىمىغان كۆز بەكمۇ نۇرسىز ئىدى. ياقۇپنىڭ جاۋابى بۇ نۇرنىلا ئەمەس، رابىيەدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوق قىلىۋەتكەنىدى. كىشىلەر ئويغىنىپ ئەتىگەنلىك پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. رابىيەمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ــ دە، سىرتقا چىقتى. ھەممىگە شۇنچە گۈزەل بىلىنىدىغان تاڭ رابىيەگە تولىمۇ يېقىمسىز بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ئۈمىدسىز قەدەملىرىنى سۆرىگىنىچە باغقا ماڭدى. رابىيە باغدىكى كۆلچەكنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ــ دە، يۈز ــ كۆزلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇدى. ئۇ كۆل يۈزىدىكى ئۆزىنىڭ ئەكسىگە نەزەر سالدى. كۆل يۈزىدە تولىمۇ ئۈمىدسىز، ھالى خاراب بىر ئاجىزەنىڭ جىسمى لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ھاياتتىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى.

شۇ ئەسنادا رابىيەنىڭ ئانىسى باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ كىچىچە دىل ئازابى تارتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، كەيپىياتىنى ئازراق بولسىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن گۈللۈكتىكى گۈللەردىن بىردەستە گۈل رەتلىگەچ رابىيەنىڭ قېشىغا كەلدى. قىزىنىڭ تولا يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، بىر كېچىدىلا ياداپ كەتكەن جۈدەڭگۈ يۈزلىرىگە قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بىر ئانا دىل ئازابىغا قالغان بالىسىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتماي قانداقمۇ قاراپ تۇرالىسۇن؟!

ئانىسى قولىدىكى گۈلدەستىنى رابىيەگە سۇندى. ئەپسۇس، رابىيە ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئانچە خۇشالمۇ بولۇپ كەتمىدى. قىزىنىڭ كەيپىياتىنى بىلىپ تۇرغان ئانا، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ سۆز ئاچماقچى بولدى ــ يۇ، يۈرىكى تىترەپ توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ گەپلەر، گۈلدەستە رابىيەگە خۇشياقمىغاندەك، تېخىمۇ ناخۇش ئاڭلىنىشى ئېنىقلا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئوتتۇرىدا قالغان ئانا ئاخىر:

ــــ قىزىم، مەن كېچىچە ئاتاڭ بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۆزۈڭمۇ

ئاتاڭنىڭ جاھىل ئادەملىكىنى ئوبدان بىلىسەن. ئۇ ئۆز پىكرىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئامال قىلالمىدىم. قارىغاندا تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ؟ ! ـــ دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

رابىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ «ئانام ئاتام بىلەن ياخشىراق سۆزلەشسە ئىش پۈتۈپ قالىدىغۇ» دېگەن غايىبانە بىر ئۈمىدلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تاپقانمۇ بولغانىدى. ئەپسۇس، ئەڭ ئاخىرقى بۇ ئۈمىدلەرمۇ يوققا چىقتى. مانا ياپيېشىل باغنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، ئاسمان بار ئاۋازى بىلەن چاقماق چېقىپ نىدا قىلماقتا. ياق، بۇ نىدا ئاسماننىڭ ئەمەس، بەلكى رابىيەنىڭ نىداسى. ياغقان يامغۇرلارمۇ ئاسماننىڭ ئەمەس، رابىيەنىڭ كۆز يېشى. پۈتۈن جىسمى جانسىزلانغان رابىيە يۇمشاق توپا ئۈستىگە ئاستا يىقىلدى. ئېھ، تۇپراق ھىدى! شۇنداق، ئىنسانلار تۇپراقتا ئەڭ يېقىن! يەرگە يىقىلغان رابىيەنىڭ لېۋى «سەئىدىن، سەئىدىن» دەپ تىترىمەكتە. ئەلۋەتتە، سەئىدىننىڭ ھالىمۇ رابىيەگە ئوخشاش خاراب.

## 8

ئاتەش دىيارنىڭ سېنتەبىر ئاخىرىدىكى ئاپتىپى ئادەمگە خۇشيېقىپ ئۆزىگە تۇشلۇق ھوزۇرلاندۇراتتى. تامىقىنى يەپ بولغان باتۇر، پۇتبول مەيدانىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىككە قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئالا ئاپتاپ ئۇنىڭغا خۇشياقتى. باتۇر ياندىكى دەرەخكە يۆلىنىپ، پۇتىنى سېمونت ئورۇندۇققا ئېلىپ سوزۇپ ئولتۇردى. ئۇ كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە، نېرىدا قىز ـ ئوغۇل ئارىلاش چەمبەر شەكلىدە تۇرۇۋېلىپ ۋالىبول ئويناۋاتقانلارنىڭ توپ ئۇرۇشىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

ـــ سالام ئىشىكداش !

تونۇش سۆز، تونۇش ئاۋازدىن باتۇر لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى. سالامەت ئۇنىڭ ئالدىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قىزىل رەڭلىك مايكىسى ئۇنىڭ ھۆسنىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

باتۇر پۈتىنى چۈشۈردى:

— سىزمۇ... كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

سالامەت ئولتۇردى، ئاندىن ئېپادىسىز ئولتۇرغان باتۇرغا قاراپ:

— دائىم يالغۇزلا يۈرۈيدىكەنسىز. سىزنى «تەنھا ئادەم» دەپ قويساق بولغۇدەك. ئەگەر شائىر بولغان بولسىڭىز «تەنھايى» دېسە تازا ماس كەلگۈدەك، — دېدى.

— بۇ گېپىڭىز كەلمىدى.

— ئەمىسە... «تەنھا يىگىت» دەمدۇق - يە؟

— بۇمۇ كەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا... «تەنھا پۇتبولچى» دەيلى. شۇنداق، «تەنھا توپچى». ئەمدى بولدىمۇ؟

— ئەمدى تاپتىڭىز، — دەپ كۈلدى باتۇر.

— تاپماي، ھەر تېپىشماقلارنى تاپىدىغان ئادەممەن.

— تولا ماختانماڭ، تېپىشماق تېپىش دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟

— تولا پو ئاتماڭ.

— پو ئاتمىدىم.

— ئۇنداق بولسا تېپىشماق تېپىپ بېقىڭ.

— ئېيتىڭە تېپىشمىقىڭىزنى.

سالامەت باتۇرنىڭ بۇنچىلىك قىزغىن پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ: ئىككى قەپەسنىڭ بىرىگە يولۋاس، يەنە بىرىگە بىر ئادەم سولاقلىق ئىكەن. قەپەسنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن ياسالغان بىر ئىشىك بار ئىكەن. يولۋاسنىڭ ئالدىدا بىر تال شام ياندۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەر شام تولۇق كۆيۈپ تۈگىسە، ئوتتۇرىدىكى ئىشىك ئېچىلىپ كېتىپ يولۋاس ئادەمنى يەۋېتىدىكەن. ئەگەر شام تولۇق كۆيۈپ بولماي ئۆچسە، ئادەم بار قەپەسنىڭ چىقىش ئىشىكى ئېچىلىپ ئادەم ساق قالىدىكەن. بۇ ئادەم كۆپ ئويلىنىپ بىر ئەقىل تېپىپ، شامنى ئۆچۈرۈپ قۇتۇلۇپ قاپتۇ. سىزچە، ئۇ ئادەم قانداق ئەقىل تاپقاندۇ؟

باتۇر دەررۇ جاۋاب بەردى:

— ئىشىكنى بۇزۇپ.

— ئىشىكنى بۇزسا بولمايدۇ. ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ ئادەتتىكى تېپىشماق ئەمەس. ھېلىقى... نېمىتى؟ ھە، غەلىتە سوئالغا غەلىتە جاۋاب دېگەندەك.

— شامنى پۈۋلەپ.

— پۈۋلىگەن شاملى شامغا بارالمايدىكەن.

— شامال چىقىشىنى ساقلىغان.

— ئۇ كۈنى ھاۋارايى مەلۇماتىدا ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىكەن. شۇڭا، شامال ئەتىسى چىقىدىكەن.

بۇ تېپىشماق باتۇرغا غەلىتە بىلىندى ـ يۇ، بىراق جىلە بولۇپ قالدى.

— بىلەلمىدىم. نېمانچە ئۇزۇن، غەلىتە تېپىشماق بۇ، — دېدى باتۇر چىدىماي. باتۇرنىڭ جىلە بولغىنىنى كۆرگەن سالامەت ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئادەم يولۋاسقا قاراپ: «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپتىكەن، يولۋاس دەرھال شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قۇتۇلۇپ قاپتۇ. قانداق؟ ئۇ ئادەم ئەقىللىكمىكەن.

باتۇر قىزنىڭ «ئۇ ئادەم ئەقىللىكمىكەن» دەپ ماختىغىنىدىن

ئۆزىنى ماختاۋاتقانلىقىنى ــ ساددىلىقىنى ۋە بۇ گەپنى دەۋاتقاندىكى دومسايغاندا ئىپادىلىنىۋاتقان ئوماقلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئامراقلىقى كەلدى.

ــ بۇ تېپىشماق ئەمەس، ھىيلە ـ مىكىر ئىكەنغۇ، ــ دېدى باتۇر كۈلۈپ.

ــ ئۇنداق بولسا يەنە بىرنى ئېيتىپ باقاي، ــ دېدى سالامەت قىزىشىپ. باتۇر شۇ تاپتا سالامەتنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە ئەسىر بولۇپلا قالغانىدى، شۇڭا ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئېيتتىم، «شەھىرى بار، ئادىمى يوق. دېڭىزى بار، سۈيى يوق». بۇ نېمە؟

ــ بۇ تېپىشماقنى ھەقىقىي تېپىشماق دېسە بولغۇدەك. ئۇ دېگەن گىلوبۇس.

بۇ جاۋابتىن سالامەت خۇشال بولۇپ كەتتى.

ــ ئەسلىدە جاۋابى «خەرىتە» ئىدى. لېكىن گىلوبۇس دېسىمۇ بولغۇدەك، ــ دېدى سالامەت زوق ـ شوق بىلەن.

ــ دېدىمغۇ، تېپىشماق بولسا تېپىۋېتىمەن دەپ، ــ دېدى باتۇر كېرىلىپ.

ــ بولىدۇ ئەمىسە، «مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم» بولسۇن. يەنە بىرنى ئېيتاي.

ــ ھېساب.

ــ دەپ بېقىڭە، قانداق قازاندا تاماق پىشۇرغىلى بولمايدۇ؟

ــ ياغاچ قازاندا.

ــ «ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ.

ــ ئۇنداق بولسا قەغەز قازاندا.

ــ لېكىن ئۇنىڭدا تاماق بولۇشى كېرەك. قەغەز قازاننى ئىشلەتمەيدىغاندىمىز.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ باتۇر شەيتانلىق بىلەن كۈلدى، ــ بۇمۇ بىر ھىيلە ـ مىكىر ئىكەن.

— تاپالماي باھانە كۆرسىتىۋاتىسىز ـ ھە؟
— ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە.
— ئاشقازان.
— دېمىدىممۇ، مانا نەق ھىيلە ـ مىكىر ئىكەن.
— يېڭىلدىڭىز باتۇر.
باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى.
— راست، راستىنى ئېيتسام مەن بۇنداق گەپلەرگە بۇرۇن قىزىقمايتتىم، — دېدى باتۇر سەمىمىيلىك بىلەن، — بۇنداق غەلىتە سوئاللارنىڭ بۇنچىلىك قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.
گەپ بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، سالامەت يەنە ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلدى. ئۇ بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ بېقىپ خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئەمما مۇشۇنداقلا قوپۇپ كېتىشنى يەنە خالىمىدى. سالامەتنىڭ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى تۇيغان باتۇر بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. ئەگەر سالامەت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپلا قالسا، مەلۇم نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك باتۇر ئالدىراپ قالدى. نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. سالامەت مايكىسىغا لەيلەپ چۈشكەن دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئاۋايلاپ ئېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان دەقىقىدە باتۇر ئېغىز ئاچتى:
— ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئوينىدىڭىز.
باتۇر بىرەرنى مۇنداق سەمىمىي ماختاپ باقمىغانىدى. ئۇ توپ مەيدانىدا باشقىلارنى ماختىسا تىللاپ ياكى قوپال گەپلەر بىلەن ماختايتتى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشى ئۆزىگىمۇ غەلىتە بىلىنىدى.
ئۇنىڭ دەل ۋاقتىدا گەپ قىلىپ سالامەتنى تۇتۇپ قېلىشى، مۇھىمى ماختىشى بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— ئۇسسۇلۇمنى سىزمۇ كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— كۆردۈم، بەك پەيزى ئوينىدىڭىز.
— ئۇسسۇلنىڭ قەيەرلىرى ئوبدان چىقتى؟
بۇ سوئالغا باتۇر ئويلىنىپ قالدى. بىراق باتۇر سالامەتنىڭ ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن كۆزىنى يوشۇرۇپ، ئاندىن بارماقلىرى ئۈستىدىن لەپ ـ لەپ قىلىپ قارىغاندىكى ھاياجىنىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن! قانداق ئوتلۇق قاراشلار ـ ھە ! (گەرچە قىز ئاتايىتەن باتۇرغا قارىمىغان بولسىمۇ.)
— ھەممە ھەرىكەتلىرىڭىز شۇنداق چىرايلىق چىقتى. بولۇپمۇ، — دېدى باتۇر تەستە ئېغىز ئېچىپ، — ھېلىقى... ھېلىقى بارماقلىرىڭىز ئارىسىدىن قارىشىڭىز...
بۇ گەپكە سالامەت ھەقىقەتەن خۇشال بولدى.
— قىزلارمۇ شۇنداق دېيىشتى، — دېدى سالامەت گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، — ماڭىمۇ شۇ ھەرىكەتلەر بەك يارىغاندى. شۇنداق تەسىرلىك، شۇنداق مەنىلىك دەڭە.
— راست، راست، — دېدى باتۇر ئادەتتىكى مىجەزىگە يات ئالدىراپ ماختاپ.
— قانداق، بۇ ئۇماچ خېلى بولامدىكەن؟ — دېدى سالامەت باتۇرغا مەنىلىك قاراپ. باتۇر «سىزنىڭ مۇنچىلىك ئۇمىچىڭىز يوق» دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىپ ئوڭايسىزلاندى. ئەگەر باشقا بىرى مۇشۇنداق دېگەن بولسا باتۇر «ماڭە، ئىشىڭنى قىل» دەپ قويۇپ پېشىنى قېقىپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، ھازىر باتۇر ئۇنچىلىك جۇرئىتىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ سالامەتنىڭ كۆڭلىگە ياققۇسى، ئۇزاقراق پاراڭلاشقۇسى كېلىۋاتاتتى.
— كەسپىڭىزلەر گۈزەل سەنئەت بولغاندىكىن، ئۇنچىلىكمۇ ماھارىتىڭىز بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى باتۇر گەپنى ئۇزارتىش ئۈچۈن.
سالامەت باتۇرغا قاراپ پىسىڭىدە كۈلدى. بۇنىڭدىن باتۇرمۇ

كۆلۈپ كەتتى.

— سىز تەنتەربىيەدە ئوقۇۋىسىزغۇ، — دېدى سالامەت، — ئۇنداق بولسا سىزنىڭ مىلتىق بىلەن قارىغا ئېتىش تۈرىدە قانچىلىك ماھارىتىڭىز بار؟

بۇ گەپنى كۈتمىگەن باتۇر گەپ تاپالماي تۇرۇپ قالدى.

— خوش، — دېدى سالامەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ماڭغاچ تۇراي، دوستلىرىم كېلىۋاتىدۇ. كېيىن يەنە پاراڭلىشارمىز.

باتۇر ئاغزىنى ئۆمەللىتىپلا قالدى. سالامەت خوش تەبەسسۇم ئىلكىدە كېتىپ قالدى.

باتۇر ئولتۇرۇپلا قالدى. «نېمە بولدۇم مەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ خېلىدىن كېيىن، — ئەجەب قىلىپ كەتتىمغۇ بۇ قىزغا؟ ماختاشلىرىمچۇ؟ قىزنىڭلا ئىش بولدىغۇ. لېكىن پاراڭلىشىدىغانغا ئۇستىكەن بۇ قىز. بىردەمدىلا مېنىمۇ بىر مۇنچە پاراڭ قىلدۇرۇۋەتتى. سالامەتنى ئىككى يىلدىن بۇيان نېمىشقا بىلمىگەندىمەن؟ ئەجەبمۇ يېقىشلىق قىز ئىكەن.» باتۇر قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ تاتلىق ھېسلار ئىلكىدە كۈلدى.

H

ئىبراھىم ئائىلىسى ئەلچىلەرنى ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن ئەر - ئايال ئىككىسى ھويلىدىكى سۇپىدا «قانداق بولۇپ كېتەر؟» دېگەن غەم بىلەن ئەنسىزلىككە چۆمدى. سەئىدىنىمۇ غېرىب خانىسىدە خىيالغا پېتىپ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تەڭرىدىن تىلىمەكتە ئىدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئەلچىلەر روھى سولغۇن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئەلچىلەردىن ياقۇپنىڭ بۇ تويغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىدا چاقماق چاقتى، ئاللا - توۋا ئېيتىپ، ئولتۇرغان سۇپىسىغا پېتىپلا قالدى. سەئىدىنىمۇ خانىسىنىڭ

دېرىزىسىدىن ھويلىدا دېيىلگەن «ياق» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، دېرىزىنىڭ تاقىقىنى تۇتقان پېتى يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ياقۇپنىڭ رابىيەنى جابىرغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئويلاپ تىترەپ، ئىچىدە نالە - پەرياد ئەيلەپ يەرگە كۆچەپ بىرنى مۇشلىدى. يەردىن كۆتۈرۈلگەن سوس تۇپىنىڭ چېكى خۇددى رابىيە بىلەن سەئدىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقان روھىدەك جانسىز ئىدى.

سەئدىنىنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلمەكتە. مانا ئەمدىلىكتە جابىر ئۇنىڭ مۇھەببەتتىكى رەقىبى بولغانىدى. جابىرنىڭ رەقىب بولۇشى مۇنداقلا ئىش ئەمەس. بۇنى ئويلاپ سەئدىن بىردىنلا چۆچۈدى. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار جابىرلار بىلەن شىكارغا چىققان چاغدا، جابىرنىڭ ئامراق بۈركۈتىنى سەئدىنىنىڭ تايغىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. مانا ئەمدى تەقدىر مانا مۇشۇنداق زىددىيەتتى بار كىشىلەرنى ھالقىماق تەس بولغان بۇ داۋاندا يەنە بىر قېتىم رەقىبلەرگە ئايلاندۇرغانىدى. ئەلۋەتتە، جابىرمۇ بۇ ئىشلارغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەنىدى. سەئدىن بۇلارنى ئويلاپ كاڭنىڭ ئالدىغا — يەرگىلا يىقىلدى. ئۇنى دەرد - ھەسرەت چىرمىۋالغانىدى. ۋۇجۇدى ئىشق ئوتىدا تېخىمۇ تولغانماقتا. سەئدىن تۇنجۇقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ توۋلىدى: «قېنى سەن، ۋاپادارىم قېنى سەن !»

سەئدىن شۇ ياتقىنىچە جابىرنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىش پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ ئىشقا بەلنى مەھكەم باغلىدى. ئىشق ئوتىدا تولغىنىۋاتقان بۇ بىچارە ئۈچۈن رابىيەدىن باشقىسى بىكار ئىدى.

جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقان، مەھەللىدىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، سەئدىن خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ياقۇپنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابىدىن قەلبى پۇچۇلغانىدى. دۇنيادا تۈگىمەيدىغان كېچە، ئاتمايدىغان تاڭ يوق. بۇ ئۇزۇن كېچىمۇ ئاخىر تۈگەپ تاڭمۇ

يورۇشقا باشلىدى. ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سەئىدنىنى چاقىردى.

— ئوغلۇم، بولغان ئىشلارنى ئاڭلىدىڭ. بىزگە پەلەك تەتۈر كەپتۇ. قارىغاندا، بۇ نىكاھتىن ئۈمىد يوق. ئويلاپ باق، ياقۇپ بىز ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى قۇرۇق قول قايتۇرۇپ ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى تۆكۈۋەتتى. ئۇلار بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس. سەنمۇ بالام كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ باق، جاھاندا نى ـ نى قىزلار بار، بۇ مەھەللىدىن بولامدۇ ياكى شەھەردىن بولامدۇ، لايىقتىن بىرنى تاپ. بىز قانداقلا بەدەل تۆلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر سېنى رازى قىلغۇدەك، ئەل ـ يۇرت ھەيران قالغۇدەك توي قىلىمىز، — دەپ سەئىدنىگە كەسكىن ئېيتتى.

سەئىدىن ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ ئاتىسىغا:

— ئاتا، بىلەمسىز؟ ماڭا ئىشق چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىشقنىڭ دەردىنى ئىشق دەردى تارتىپ باقمىغانلار بىلمىسە كېرەك، — ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن تېگىدە بىر گەپ بارلىقىنى ھېس قىلىپ ئوغلىغا قارىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە قارىشى بىلەن تەڭ سەئىدنىمۇ ئۆز قەلبىنى مۇنۇ ھېكايىگە قىستۇرۇپ بايان ئەيلىدى:

ئەرەبلەردىن بولمىش قەيس لەيلىگە مەپتۇن بولۇپ، چۆللەردە مەجنۇن بولغانمىش. قەيسنىڭ لەيلىگە مەجنۇن بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شۇ جاينىڭ پادىشاھى بىر سىپاھىغا لەيلىنى تېپىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، پادىشاھ لەيلىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىپتۇ. چۈنكى ئۇ، قەيستەك بىر يىگىتنىڭ «لەيلى ـ لەيلى» دەپ مەجنۇن بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دەشتى ـ چۆللەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈشىدىن ھەيرانۇ ـ ھەس بوپتۇ.

پەرمان بويىچە مەجنۇن بىلەن لەيلى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. شاھ ئالدىدا ئۆزى ئويلىغاندەك گۈزەل، نازىنىنى ئەمەس، بىر سەت كېنىزەكنى كۆرۈپتۇدەك. شاھ ھەيرانلىقتا: «بۇنداق سەت قىزغا كۆيۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دەپ سوراپتۇ ھەمدە

كېيىنزەكلىرىنى چاقىرىپ: «مانا بۇ گۈزەل كېنىزەكلەردىن خالىغان بىرىنى تاللا، بۇ لەيلى ئىشقىدىن كېچىپ، ئوردىدا قالغىن» دەپتۇ مەجنۇنغا. بۇ چاغدا مەجنۇن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ئى، پادىشاھ! سەن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، لەيلىنىڭ جامالىنى كۆرمەك ئۈچۈن چوقۇم مەجنۇننىڭكىدەك كۆز بولۇشى كېرەك» دەپتۇ. پادىشاھ: «بولدى بەس، كۆيۈش ھۆسن ئەمەس، بىر ئىشق ئىشكەن» دەپتۇ ئوردا ئەھلىگە.

سەئىدىن يۇقىرىدىكى ھېكايەتنى ئاتىسىغا بايان قىلغاندىن كېيىن ئاتىسىغا دېدى:

— ئاتا، بولدى، ماڭا باشقا قىز بىلەن توي قىل دېمەڭ. مېنى باشقىلار بىلەن ئۆيلەيمەن دەپمۇ ئاۋارە بولماڭ. ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، پەرۋانە شامنى ئايلىنىپ كۆيۈپ كەتسىمۇ، يەنە شۇ مۇقامدا شامنى ئايلىنىدۇ. مەنمۇ شۇ پەرۋانىغا ئوخشايمەن. ئاتا، بىلەمسىز، ئىشق ئوتىدا ياشلىق باھارىم تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ھازىر مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولدۇم، ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمەن. ھاياتلىق كېمەم بۇ مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ قايسى دولقۇنلىرىدا چۆكۈپ كېتىدۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

ئۇ ئاتىسىغا شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا ماڭدى.

سەئىدىن ئۆيدىن چىقىپ كوچا دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇشىغا ھەسەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل تەرەپكە، يەنى مەھەللىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىككە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

## 9

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا پېداگوگىكىدىن لېكسىيە سۆزلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئوقۇغۇچىلار يىغىن زالىغا كىرىشىۋاتقاندا، سىنىپ مۇدىرى سالامەتنى چاقىردى:

— سىنىپىنىڭ تام گېزىتى قانداق بولدى؟

— بېزەكلىرى بىلەن بىر پارچە رەسىم قالغان. شۇنى ئىشلىشىۋەتسەم پۈتىدۇ. مەزمۇنى بەك ئوبدان بولدى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پۈتكۈزىۋېتىڭ.

— ماقۇل.

— بىرەرسى ياردەملىشىۋاتامدۇ؟

— بولدى، ئۆزۈم يېتىشىمەن.

— چوقۇم تۈگىتىڭ.

— ماقۇل، بىرەر سائەتتىن كېيىن تۈگەيدۇ.

سالامەت لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ سىنىپقا قاراپ ماڭدى.

سىنىپقا كىرگەن سالامەت كەينى ئىشىككە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرى شۇ تامان تارتقاندەك بولدى. ئۇ ئاستا سىنىپىنىڭ كەينى تەرىپىگە باردى.

كەينى ئىشىك! بۇ ئىشىك ئۆزىگە نۇرغۇن نازۇك، پىنھان يۈرەك تىۋىشلىرىنى ئاپىرىدە قىلغانلىقى بىلەن سۆيۈملۈك بىلىنمەكتە. شۇنداقلا ئۆزىگە ئوخشاش تېخى قىيامىغا يەتمىگەن قەلبلەرنى يوشۇرۇپ تۇرماقتا. قىزنىڭ تۇيغۇلىرىنى مۇشۇ ئىشىك تۇرتۇپ ئويغاتتى. بۇ تۇيغۇلار چىنمۇ ياكى ئالدامچى تۇيغۇلارمۇ؟

سالامەت ئىشىكنى مېھرى بىلەن سىلىدى.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. سالامەت قىلماقچى بولغان ئىشنى يادىغا ئېلىپ كەينى دوسكىنىڭ ئالدىغا باردى. ئاندىن قولىغا قىزىل، سېرىق رەڭلىك بورلارنى ئېلىپ، ئاخشام پىلان قىلىۋالغىنى بويىچە نەقىش ۋە گۈل سىزىشقا باشلىدى... رەڭدار نەقىش ۋە كۆركەم گۈللەر دوسكىغا ئۆزگىچە زىننەت بېغىشلىدى. ئەمدى ئوتتۇرىغا پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈلدىن بىرنى چوڭ قىلىپ سىزسا دوسكىنى

بېزەش ئىشى تۈگەيدۇ. رەسىمنى ئويىنىغاننىڭ ئورنىدا سىزىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى تەييار. ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈپ قويسىلا بولىدۇ.

سالامەت پورەكلەپ ئېچىلىپ، قات - قات بەرگىلىرى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان قىزىل گۈلنى سىزىپ بولۇپ، گۈلگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ، ئاران يىغقان زېھنى يەنە چېچىلىپ كەتتى. ئۇ قىزىل گۈل مىدىرلىغاندەك بولۇپ شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئۆزگىرە - ئۆزگىرە ئاخىر گۈل دېسە گۈلگە ئوخشىمايدىغان، پۇتبول دېسە پۇتبولغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇ غەلىتە نەرسىگە قاراپ سالامەت تاتلىق كۈلدى.

بۇ، باتۇر سىزغان پۇتبول ئىدى...

بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ «سالام خەت»لىرى كۆپىيىپ قالدى. شۇ چاغدا باتۇر يازغان خېتىگە بىر قىستۇرما رەسىم سىزىپ ئەۋەتتى. ئۇ رەسىم بەرگىلىرى پۇتبولغا ئوخشاش ئاق - قارا رەڭدە بويالغان گۈل ئىدى. سالامەت بۇ غەلىتە رەسىمگە قاراپ بېشىنى چايقىدى. ئاندىن خەت ئەۋەتتى: «بۇ نېمە؟» باتۇر دەرھاللا: «پۇتبول گۈل» دەپ جاۋاب قايتۇردى. بىراق سالامەت بۇنىڭغا قوشۇلماي: «بۇ گۈل پۇتبولدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەمما باتۇر بېشىنى چايقاپ تۇرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ غەلىتە شەكىلنى باتۇر «پۇتبول گۈل» دەپ، سالامەت بولسا «گۈل پۇتبول» دەپ ئاتاپ يۈردى. شۇنداق، بۇ بىر باھانە بولدى. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلدى. ئەمما بىر - بىرىنى ئاياشتى، كۆزلىرىگە قاراشتى. تالىشىپ ھېرىپ قالمىدى، تالىشىش ئۇلارنى زېرىكتۈرمىدى. ئەكسىچە ھۇزۇر بىلىندى.

بۇلارنى يادىغا ئالغان سالامەت گۈلنى ئاستا سىلىدى. ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ھەم ئېتىكلىك كەينى ئىشىككە قارىدى. ئەگەر كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى بولغان بولسا بۇ ئىشىك ئاللىقاچان

ئېچىلغان، بەزى ساۋاقداشلىرى «باشقا سىنىپنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى دىققىتىمىزنى بۇزىدىكەن، يېپىۋەتكەن بولسىڭىز» دېسىمۇ يېپىلمىغان بولاتتى. ئىككى ئۇدۇل ئىشىك ئوچۇق پېتى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، نازۇك تۈيغۇلار يوشۇرۇنغان خەتلەرنىڭ ئالمىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن بولاتتى.

قەلبىدە قايناق تۈيغۇلار ئويغانغان سالامەت، ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

خاسىيەتلىك ئىشىك ! مېهرىلىك ئىشىك ! شېرىن هېسلار ئىلكىدە ئەللەيلەنگەن سالامەت ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى.

ـــ سالام ئىشىكداش !

كۈتۈلمىگەن ئاۋازدىن چۆچۈگەن سالامەت ئەندىكىپ ئەتراپقا قارىدى. هېچكىم يوق. «خىيالىم ئوخشايدۇ، قارىغاندا قۇلىقىم شۇ ئاۋازغا كۆنۈپ قاپتۇ» دەپ ئويلىغان سالامەت ئۆزىدىكى بۇ غەلىتە هالدىن كۈلگۈسى كەلدى.

ـــ سالام ئىشىكداش !

ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. شۇندىلا سالامەت بۇنىڭ خىيالى ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ ئۇدۇلدىكى يېپىق ئىشىككە قادىلىپ قارىدى. ئۇ ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ تونۇش چىراي كۆرۈندى.

ـــ سىز؟... ـــ سالامەت هەيران قالدى.

ـــ لېكسىيە ئاڭلاش خۇشياقماي ئەتىگەنلا چىقىۋالغانىدىم. خەنزۇچە خەتلەرنى نەچچە قېتىم يېزىپ بېقىپ زېرىكىپ ئولتۇرسام ئىشىك ئېچىلدى. هەيران بولۇپ قارىسام سىز...

بۇنىڭدىن سالامەت ئىختىيارسىز خۇشال بولۇپ كەتتى.

ـــ سىزچۇ؟ لېكسىيە ئاڭلىماي سىنىپقا چىقىپ قاپسىزغۇ؟ ـــ دەپ سورىدى باتۇر.

سالامەت هەييارلىق بىلەن كۈلدى:

ـــ زالغا كىرىپ قارىسام سىز يوق. «باتۇرغا مۇنداق ئىشلار

خۇشياقمايدۇ، چوقۇم سىنىپقا چىقىپ كەتتى» دەپ پەرەز قىلىپ سىزنى ئىزدەپ چىقتىم.

بۇنى ئاڭلىغان باتۇرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى.

— هوي، راستتىنلا بىلىۋاپسىز جۇمۇڭ ! — دېدى باتۇر ئۈنلۈك ئاۋازدا. سالامەت ئەندىكىپ ئىككى يېنىغا قارىدى:

— ئاستا... باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ. ھەممىسى زالدا لېكسىيە ئاڭلاۋاتسا، ئىككىمىز بۇ يەردە تۇرساق... يا سىنىپقا كىرىڭ.

سالامەت ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. باتۇر سالامەتنىڭ سىنىپىغا غىپپىدە كىردى. سالامەت باتۇرنىڭ سىنىپىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن، سىنىپنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتكەندى.

— ئولتۇرۇڭ.

باتۇر ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سالامەتنى چاقىردى. سالامەت ئېغىر تىنىپ قويۇپ باتۇرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

باتۇر سالامەتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ چىققىنىغا تېخىچىلا ئىشىنىپ ئولتۇراتتى. بۇنى سەزگەن سالامەت پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— تام گېزىتىنىڭ چالا يېرى قالغان. شۇنى پۈتتۈرۈۋېتەي دەپ سىنىپقا چىقتىم، — دېدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى باتۇر ئۆزىنىڭ گول بولغىنىغا كۈلگۈسى كېلىپ.

— راستىنى ئېيتسام، سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن.

راست گەپنى قىلغاندا، سالامەت بۈگۈن ئىككى ئىشتىن قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى. بىرى، بۇ يەردە باتۇرنى كۆرگىنىدىن خۇش

بولدى. يەنە بىرى، باتۇرغا «سىزنى ئىزدەپ چىقتىم» دېسە، باتۇرنىڭ شادلىنىپ كەتكىنىدىن خۇش بولدى. بۇنىڭدىن سالامەتنىڭ دىلى سۆيۈندى.

— تام گېزىتى پۈتتىمۇ؟ — دېدى بايىقى قىزغىن كەيپىياتتىن ئۆزىنى تارتقان باتۇر دوسكىغا قاراۋېتىپ.

— بىر پارچە رەسىم قالدى، شۇنى سىزىۋەتسەم تۈگەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىزگە دەخلى قىلماي، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، — دېدى باتۇر ئورنىدىن قوزغىلىپ. بۇنى كۆرگەن سالامەت ئالدىراپ قالدى:

— ياق، دەخلى قىلمايسىز. ئولتۇرۇۋېرىڭ. ئاددىيلا رەسىم، بىردەمدىلا سىزىۋېتىمەن.

قەستەنگە شۇنداق قىلىپ سالامەتنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغان باتۇر «بىرگە بىر بولدى» دېگەندەك كېرىلىۋالدى. بۇنى سەزمىگەن سالامەت باتۇرنىڭ چىقىپ كەتمىگىنىنى كۆرۈپ يېنىك تىندى.

— ئۇنداق ئالدىراپ سىزىپ قويسىڭىز، ياخشى چىقماي قالمىسۇن يەنە.

— ئۇنداق بولمايدۇ. كۆڭۈل قويۇپ، ئىنچىكىلەپ سىزىدىغان رەسىملەرمۇ بولىدۇ. خۇددى سىزلەرمۇ بەزى توپلارنى كۆچمەيلا تېپىپ قويغاندەك.

— ئەمدى... رەسىمنى ئۇزاقراق كۆرىدىغان بولغاندىكىن دەيمىنا.

— بەك خاتىرجەم بولالمايۋاتقان بولسىڭىز، سىزغاچ تۇراي بولمىسا.

— شۇنداق قىلىڭە، مەنمۇ نەق مەيداندا تۇرۇپ كۆرۈپ باقاي.

— ئۇنداق بولسا سىزنى سىزىپ باقايمۇ؟

— ۋاي بولدىلا.

— ئۇنىمىسىڭىز ھەجۋىي رەسىمىڭىزنى سىزىمەن جۇمۇڭ.

— ھەجۋىي رەسىم؟ بولدى، بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ

رەسىمىڭىزنى سىزىڭە.

— ئىشقىلىپ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سىزىمەن.

سالامەت سىزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى چاققانىدى. ئالدىنئالا بېكىتىلگەن مېخانىك ھەرىكەتتەك قىلچە ئويلانمايلا سىزاتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى بور ھەر قېتىم يۆتكەلگەندە رەسىمنىڭ بىر بۆلىكى پۈتۈپ چىقاتتى. سالامەتمۇ بوگۈن ئۆزىگە ھەيران قالدى. سۈرئەت تېز، رەسىمنىڭ ھەر بىر بۆلىكى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىۋاتاتتى. يا ئۆزىنى باتۇرغا بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلىۋاتقاندىكىن شۇنداق بولۇۋاتامدىكىن؟

— ھوي، — دەۋەتتى باتۇر ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — شۇنداق بىر سىزىق سىزسىڭىز بىر شەكىل پەيدا بولىدىكىنا.

— قانداق، سىزمۇ بىرەر رەسىم قىستۇرۇپ قويامسىز؟

— نېمە؟ مەنما؟ مەن رەسىم سىزالمىسام.

— سىزىسىزغۇ؟

— توپ تېپىپ بەر دېسىڭىز، قانداق شەكىلدە دېسىڭىز شۇنداق شەكىلدە تېپىپ بېرىشكە مەن تەييار. بىراق رەسىم سىزالمايمەن.

— ھەر خىل شەكىلدىكى پۇتبول رەسىملىرىدىن بىرەرنى سىزامسىز؟

شۇندىلا گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن باتۇر يېقىمسىز كۈلدى:

— ئۇنى دېگەن ئويىنىغاننىڭ ئورنىدا مۇنداقلا سىزىپ قويغان. ئىچىم پۇشۇپ سىزغان نەرسىنى...

— ھوي، قالتىسقۇ! ئويىنىغاننىڭ ئورنىدا دەڭ؟ مۇنداقلا سىزىپ قويغىنىڭىز شۇنداق كاتتا بولسا...

— ئادەمنى تولا مەسخىرە قىلماڭە، — دېدى باتۇر قىزدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ. سالامەت باتۇر ھەققىدە ئاڭلىغان گەپلەر تۈپەيلى ئۇنى بۇنچىلىك خىجىل بولىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ خىجىلچىلىقتا كۆزىنى ئېلىپ قېچىشى سالامەتكە

تولىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— مەسخىرە قىلمىدىم، رەسىم غەلىتە سىزىلسىلا ياخشى رەسىم بولمايدىغان ئىش يوق.

باتۇر سالامەتنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ چۈشەنمەسلىك ئىچىدە كۆزىنى چىمچىقلاتتى.

— سىزنىڭ پۇتبولنى يۇمىلاق شەكىلدىن ئۆزگەرتىپ بولۇڭ چىقىرىپ سىزىشىڭىز، تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ، — دېدى سالامەت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئادەتتىكى ئادەملەر پۇتبولنىڭ يۇمىلاق بولۇشتىن باشقا شەكلىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ناۋادا شۇنداقراق تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇپ قالسا بۇنى ئەخمىقانىلىك دەپ بىلىدۇ.

— ئەمدى ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، بىكارچىلىقتا سىزىپ قويغان رەسىمنى...

سالامەت بۇ گەپلەرنىڭ قانداقلارچە يادىغا كېلىپ قالغانلىقىنى پەقەت بىلەلمىدى. لېكىن ئۇ گەپلەرنىڭ باتۇرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن دېيىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. باتۇر خۇش بولسۇن، ئاندىن مەقسىتىنى دەيدۇ، بۇنى ۋاقتىدا دېمىسە سالامەت ئارام تاپمايدۇ... شۇڭا سالامەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ: «ئەمدى بۇ گېپىمنى ئوڭشىمىسام چاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئوسال بولغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ:

— بەلكىم سىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىڭىز يوشۇرۇن ھالدا تۇرۇۋاتقاندۇ؟ مەن سىزگە بىر مىسال دەپ بېرەي: بەلكىم بىلىسىز، داۋىنچ دۇنياغا داڭلىق رەسسام. ئۇنىڭ «ۋېترووئىوس ئادىمى»، «مونالىزا»، «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» قاتارلىق رەسىملىرى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە. «مونالىزا» دېگەن رەسىمدىكى سېھىرلىك تەبەسسۇم ھەققىدە دۇنيادىكى سەنئەتكارلارنىڭ ھەۋەس بىلەن سۆزلىمەيدىغىنى يوق. كېيىن بىر رەسسام تەسەۋۋۇر كۈچىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ،

مونالىزانىڭ رەسىمىنى يەنە بىر قېتىم سىزىپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇردى: ئۇنىڭ سىزغىنى بۇرۇنقى مونالىزا. گەرچە كىشىلەر بۇ ئىشقا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلاردا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئويلانماي تۇرالمىدى. قاراڭ، بۇمۇ بىر تەسەۋۋۇر ئۆزگىچىلىكى.

گەرچە باتۇر «مونالىزا» ناملىق رەسىم ھەققىدە كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئايالنىڭ رەسىمىنىڭ بۇرۇنقى قىلىپ ئۆزگەرتىپ سىزىلغانلىقى ئۇنىڭغا بەك غەلىتە بىلىندى.

ئاڭغىچە سالامەت رەسىمىنى سىزىپ پۈتتۈردى. باتۇر «تەسەۋۋۇر كۈچى»، «غەلىتە» رەسىم ھەققىدىكى گەپلەرنى بۇراشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ سۆز ئاچتى:

— رەسىمنى بەك ياخشى سىزدىڭىز، شۇنداق تېز تېخى.

— بۇ رەسىمنى ماختىسا بولمايدۇ، سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنچىلىك رەسىمنى سىزالايدۇ. بىراق سىز سىزغان پۇتبول رەسىمى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، سىزدىكى تەسەۋۋۇر پۇتبول تېپىشىڭىزدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرمامدۇ، ئويلىمىغانلا ۋاقىتلاردا ھۇجۇم باشلايسىز، ھۇجۇمنىڭ تۇيۇقسىزلىقىدىن قارشى تەرەپتىكىلەر ھودۇقسا، مەشقاۋۇل، ھەمراھلىرىڭىز «پۇرسەت پىشماي تۇرۇپ ھۇجۇم باشلاپ قويدى» دەپ ھودۇقىدىكەن... ئىشقىلىپ قالتىس ئىكەنسىز.

بۇ ماختاشلار بىلەن باتۇرنىڭ يەنە روھى كۆتۈرۈلدى.

— لېكىن مېنىڭ پۇرسىتىم پىشقان تۇرسا.

— مانا بۇنى تەپەككۇردىكى ئۆزگىچىلىك دەيمىز. سىز شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ.

باتۇر ئىختىيارسىز ئويلىدى:

— مەن ئۇنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇرمايمەن. ئىشقىلىپ شۇنداق بىر پەيت كېلىدۇ: توپ پۇتۇمغا چۈشكەن ھامان ئىچىمدە بىر كۈچ ماڭا «ھۇجۇم، ھۇجۇم» دەپ ۋارقىراپ مەدەت

بېرىدۇ. شۇنداق چاغدا ھېچنېمىگە قارىماي ۋاراتاغا تاشلىنىمەن.
— ئاشۇنداق تەپكەن توپلىرىڭىز قانداق بولدى؟
— ھەممىسى ۋاراتاغا كىردى.
— قالتىس ئىشكەن.
بۇ گەپلەر بىلەن باتۇر جانلىنىپ كەتكەندى.
— ئەگەر شۇ توپلىرىم بولمايدىغان بولسا مەشقاۋۇل مېنى كوماندىدىن ئالللىقاچان قوغلىۋەتكەن بولاتتى، بۇنى بىلىمەن، — دېدى باتۇر مەغرۇرلىنىپ. سالامەت سۆزنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆز مەقسىتىگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىدىن رازى بولدى.
— شۇ نەتىجىلىرىڭىز بولغاچقا، مەكتەپ مۇدىرلىرىمۇ سىزنى بەك چوڭ كۆرىدىكەن، — دېدى سالامەت، — مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. شۇڭا، نۇرغۇن ساۋاقداشلار سىزگە ھەۋەس قىلىدۇ.
بۇ گەپلەر بىلەن باتۇر پاراڭغا كىرىشىپلا كەتكەندى.
— ئۆتكەنكى مۇسابىقىدىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى مېنى مەكتەپكە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ ئېلىپ قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەن بىلەن بىر قېتىم سۆزلەشتى.
بۇ خەۋەردىن سالامەت ھەقىقەتەن خۇشال بولدى:
— بەك ياخشى بوپتۇ. ئۇنداقتا، تېخىمۇ تىرىشىڭ.
— تىرىشىۋاتىمەن.
— توپ تېپىشتىلا ئەمەس، باشقا جەھەتلەردىمۇ...
سالامەتنىڭ باتۇر بىلەن يېقىنلىشىپ، ئايرىم پاراڭلىشىشتىكى ئۆزۈندىن بۇيانقى مەقسىتى شۇ ئىدى. مانا ئەمدى پاراڭنىڭ ھەقىقىي دۇمبىقى يېرىلدى.
باتۇرنىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگەردى:
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— باتۇر، سىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىڭىز ناھايىتى كۆپ، — دېدى سالامەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، — شۇڭا

مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىشىدۇ. مانا، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزى سىزنى ھەقىقىي تۈردە ئېتىراپ قىلغىنى. ئۆزۈمنى سىز بىلەن خېلى يېقىن دوست دەپ ھېسابلايمەن، ئىككىمىز خېلى چۈشىنىشىمىز. ئەگەر سىز مېنى يېقىن كۆرمىسىڭىز ماڭا ئۇ مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى ئالدىراپ دېمىگەن بولاتتىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن بۇنچىلىك پاراڭلىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم. شۇڭا، بەزى گەپلەرنى دېيىشىم توغرا، بۇنى سىزنى توغرا چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

رەسمىي يوسۇندىكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باتۇر ھاڭۋاقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. سالامەتنىڭ شۇنچە گەپلىرىنىڭ، شۇنچە ماختاشلىرىنىڭ ئاخىرىدا بۇنداق گەپنىڭ بارلىقىنى ئۇ پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى.

— ئالدىنئالا بۇنچىلىك ئىزاھات بېرىپ مېنى تىللىمايدىغانسىز، سالامەت؟ — دېدى باتۇر چاقچاق يوسۇندا.

— مەن سىزنى تىللىمايمەن، گېپىمنى ئاڭلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز تىللايسىز ھەرقاچان.

— گۇناھىم شۇنچە ئېغىرمۇ؟

— بىلسىڭىز ئېغىر، بىلمىسىڭىز گۇناھىڭىز يوق.

باتۇر سالامەتنىڭ ھەرگىز چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىرايىدىكى ھەييارلىق كۈلكىسىنى يىغىشتۇردى.

— باتۇر، گەپلىرىمنى ھەرگىز ئېغىر ئالماڭ. ھەممىسى سىزنى ۋاي دەۋاتقاندىكىن، سىزمۇ باشقىلارنىڭ لايىقىدا ھۆرمىتىنى قىلىڭ.

سالامەت گەپنى جىددىي تەرزدە دېدى. باتۇرنىڭ چىرايىمۇ جىددىي تۈسكە كىردى.

— مەنمۇ كۆرۈۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتىمەن، سىز باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىكەنسىز. قىز - ئوغۇل، ساۋاقداش - ئوقۇتقۇچۇم دەپ ئايرىمايدىكەنسىز، تېگىشلىك ئىززىتىنى قىلمايدىكەنسىز.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمىتى، قىزلارنىڭ قىزلارغا خاس كۆڭلى، ئوغۇللارنىڭ ھېچنېمىگە تېگىشمەيدىغان يىگىتلىك غۇرۇرى بولمامدۇ؟ ئۇيلاپ بېقىڭ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، ئاقىۋەتتە نېمە بولىدۇ؟ خەقمۇ چىدىمايدۇ، ئاخىر ئۇلارمۇ ھۆرمىتىڭىزنى قىلمايدىغان، گېپىڭىزنى ئاڭلىمايدىغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا خەقنىڭ سىز بىلەن نېمە كارى.

سالامەتنىڭ كەسكىن گەپلىرىنى ئاڭلىغان باتۇر مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. باتۇر قايسى بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن تاكاللىشىپ ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتقانلىقىنى، قايسى بىر قىزنىڭ چېچىنىڭ ياراشمىغىنىنى دەپ يىغلاتقىنىنى ئېسىگە ئالالىسۇن؟

سالامەت سۆزلىگەنچە قىزىپ كەتكەندى:

— سىز بەك قوپال. مەيلى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن، مەيلى دوستلىرىڭىز بولسۇن، مەيلى ساۋاقداشلىرىڭىز بولسۇن قوپال مۇئامىلە قىلىسىز. سىلىق، يېقىملىق دەيدىغان گەپلەرنىمۇ شۇنداق قوپال دەيسىز. ئوغۇللارغۇ مەيلى، ئوقۇتقۇچىلارغا، قىز ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئۇنداق قوپال، سەت گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمەمدۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟ سەت گەپمۇ ئېغىزدىن، چىرايلىق گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. شۇڭا، چىرايلىق گەپ قىلسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ مەنغۇ بۇ مىجەزىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن قوپال گەپلىرىڭىزنى ئېغىر ئالمايدىغان بولدۇم. لېكىن ماڭىمۇ يېقىشلىق، چىرايلىق، سىلىق گەپ قىلسىڭىز بەك خۇش بولىمەن. مەن خۇش بولغان يەردە باشقىلار تېخىمۇ خۇش بولمامدۇ؟ ئۇلار خۇش بولسا نۆۋەتتە سىزنىمۇ خۇش قىلار؟ بۇ ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ؟

قوپال گەپ، سەت گەپ، يېقىمسىز گەپ، سەت قىلىق، بولمىغۇر ھەرىكەت... بۇلارنى باتۇرنىڭ يادىغا ئېلىپ بولالىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇلار ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. باتۇر بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان، شۇڭا باتۇرچە بولغاندا،

شۇنداق بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغىنى نورمال، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىر سەلبىي يېرى يوق.

— سىز ھەممە ھەۋەسلىنىدىغان، قايىل بولىدىغان تەنھەرىكەتچى، شۇنداق تۇرۇپ سىزنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ناچار ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالغانلىقىڭىزنى پەقەت ئويلاپ يېتەلمىدىم، — دېدى كەسكىن، قاتتىق سۆزلەشتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن سالامەت.

باتۇر ئىچى تارتىشقاندەك بولۇپ ئېغىر نەپەس ئالدى. ئۇ باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرا كەلسە، شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋەرگەن، باشقىلارغا نېمە دېيىشنى، قانداق دېيىشنى ئويلىسا شۇنداق دەپ مېڭىۋەرگەن بولغاچقا، قىلغانلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۆزى يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان بىر قىز ئۇنىڭغا شۇ قىلغانلىرىنىڭ خاتالىقىنى دەۋاتىدۇ، يۈزىگە سېلىۋاتىدۇ... راستىنى ئېيتقاندا، باتۇر سالامەتنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. «مەنمۇ باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسىگە تۇشلۇق گەپ قىلدىمغۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. باتۇرنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەندەك بولۇپ تۇگۇلگەن مۇشتى تىترىدى.

سالامەت ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ باتۇرغا زەن سالدى ۋە باتۇرنىڭ خاپا بولغانلىقىنى، بۇ گەپلەرنى دەماللىققا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى، پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ «قىلغىنىم نورمال» دېگەن كونتروللۇقتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بولمىسا سالامەت باتۇرنىڭ ئىشلارغا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغان، بەزى چاغلاردا تولىمۇ پەرىشان، چۈشكۈن، ئۈمىدسىز يۈرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن پاسسىپ روھىي كەيپىياتقا دۇچار بولىدىغان ئەھۋاللىرىنى دېمەكچى ئىدى. «بۇ ھەقتە مۇنداق سۆزلىگەندىن ئارىلىشىش جەريانىدا تۈزىتىشكە ئۇندەپ ماڭاي. بولمىسا ياخشى قىلمىغان دەپ

غۇرۇرىغا تېگىپ قويىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى سالامەت.

باتۇر تېخىچىلا چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سالامەت چاقچاق قىلماقچى بولدى:

— ئېغىر كەتتىمۇ - نېمە؟ ئېغىر كەتكەن بولسا باتۇرلۇق قىلىڭ باتۇر!

باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ مەجبۇرىي ھالدا مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى، ئاندىن:

— ئېغىر كەتكۈدەك گەپلەر ئەمەس ئۇ. مېنىڭدە شۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئەجەب بىلەلمەيۋاتىمەن دېسە، — دېدى.

— ئۇنداق تەرەپلەر بولمىسا بەك ياخشى بولغىنى. مۇشۇ ئىشتا ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقان بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان باتۇر ھىجايدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى جىددىيلىك بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى.

— باتۇر، سىزنىڭ باشقىلار تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن، — دېدى سالامەت مېھرى بىلەن. بۇ گەپ باتۇرغا تەسىر قىلدى بولغاي، بېشىنى شاقىدە كۆتۈرۈپ سالامەتنىڭ كۆزىگە قارىدى. شۇ تاپتا سالامەتنىڭ كۆزلىرى مېھرگە تولغانىدى، ئوتلۇق ئىدى. بۇنى كۆرگەن باتۇرنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ قالدى.

شۇ ئارىدا ئاخىرقى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى.

باتۇر ئورنىدىن تۇردى.

— رەھمەت سالامەت!

— توغرا چۈشىنىڭ.

— توغرا چۈشەنمىسەم... بايا دېدىڭىزغۇ، يېغىرىڭىزغا تېگىدىغان سەت گەپتىن بىرنى قىلاتتىم.

— بوپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رۇخسەت.

— ماڭا قارىماي گەپ قىلىڭە، سەت كۆزىڭىز بىلەن قاراپ،

ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ. جادۇ كۆز!

باتۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. گەپتىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان يېقىنلىق سالامەتنىڭ يۈرىكىنى پۇلاڭلىتىۋەتتى. شۇڭا ئۇ قىيالماسلىق بىلەن:

— خوش ئىشىكداش ! — دەپ ئۈزىتىپ قالدى.

باتۇر چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندىمۇ يۈرىكىدىكى بايىقى سېزىم ۋۇجۇدىنى تاتلىق قىلىپ تۇردى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە باتۇر تۇرۇپ قالدى. «مەن راست شۇنداق ئادەممۇ؟ مەن شۇنداق ئادەم بولۇۋالغاندىمەنمۇ؟» باتۇر مۇڭلىنىپ قالدى. ئارقىدىن سالامەتنىڭ «سىزنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ناچار ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالغانلىقىڭىزنى پەقەت ئويلاپ يېتەلمىدىم» دېگەن گېپى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىدى. «راست، مەن ناچار ئادەتلەرنى قانداق يېتىلدۈرۈۋالدىم؟ كىچىكىمدىنلا مەن شۇنداق بالىمىدىم؟ كىچىكىمدە مەھەللىدىكى بوۋاي تىقىپ قويغان ئۆرۈك قاقلىرىنى بىرىپ ئامراقلىق قىلىدىغان بالا مەن ئىدىمغۇ...» شۇلارنى ئويلىغان باتۇرنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى...

باتۇر كىچىكىدە ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بالا ئىدى. قولىدىكى پېچىنىنى تونۇمايدىغان باللارغا بىرىپ تەڭ يەيمىز دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالاتتى، ئاپتوبۇسلاردا ناتونۇش بوۋايلارنى كۆرسە «بوۋا» دەپ چۈچۈك تىلى بىلەن چاقىرىپ يېنىغا باراتتى. بوۋايلارنىڭ مەستلىكى كېلىپ كېتەتتى... باتۇر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى پۈتكۈزگەن يىلى كېسەل ياتقان ئاپىسى تۈگەپ كېتىپ، يېزىلىق سۇ پونكىتىدا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەيدىغان ئاتىسى ئىككىنچى ئايالىنى ئالغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگەردى.

ئۆگەيلىك دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، خىلمۇخىل بولىدىكەن. ئەگەر ئانا ئۆگەي بولسا، بەزى ئۆگەي ئانىلار ئېرىنىڭ ئالدىدا بىر

خىل بولسا، ئېرى يوق يەردە بالىنى ئۆگىلەيدىكەن. يەنە بەزى ئۆگەي ئانىلار ئېرى بولسۇن ـ بولمىسۇن بالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. يەنە بىر قىسىم ئۆگەي ئانىلار بولسا ئېرى بولسۇن، بولمىسۇن بالىنى ئۆگىلەيدىكەن. باتۇرنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئاخىرقى خىلدىكى ئۆگەي ئانا ئىدى.

بالىسى ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قالغان ئاتىلارمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن. بىز كۆرگەن كۆپلىگەن ئاتىلار كېيىنكى ئايالى بىلەن بالىسى ئارىسىدا تەڭلىكتە قالىدۇ. بەزى ئاتىلار بالىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، بەزى ئاتىلار ئايالىغا قوشۇلۇپ بالىنى ئۆگىلەيدۇ. باتۇرنىڭ ئاتىسى مىجەزى ئۆزگىرىپ، كېيىن بالىسىغا كۆيۈنمەيدىغان ئاتا بولۇپ قالدى.

«ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بالا» مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولدى. بىراق ئاسان چوڭ بولمىدى. بۇنىڭ دەردىنى «قوپال، چۈشكۈن، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان» باتۇر ئوبدان بىلىدۇ. ئۆگەي ئانا ئۆگىلىسە، ئۆز ئاتىسىمۇ ئۆگىلىسە... قوپال مۇئامىلە، سىڭلىسى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەڭسىز مۇناسىۋەت، يەكلىنىش، تېگىشلىك مېھىرگە ئېرىشەلمەسلىك، بالىلارغا خاس ئەركىنلىككە تويۇنالماسلىق، ئائىلىدە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمەسلىك، بالىلىقتا پەيدا بولغان، لېكىن قانالمىغان ئارزۇلار...

بۇلار باتۇر يالغۇز قالغاندا دىلىنى ئېزىدىغان ئەسلىمىلەر. بۇنداق ئەسلىمە كىمنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال قوينىغا باشلىمىسۇن، كىمنىڭ دىلىنى مۇزلاتمىسۇن، كىمنىڭ چىرايىنى پەرىشان قىلمىسۇن؟ باتۇر مەغرۇر، كۆرەڭ ھالەتتە يۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىنى دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت، ئازاب قاپلىغان. يا ئىچى دەردكە تولغان ئادەم ئاشۇنداق كۆرەڭ يۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللى بېرەمدىكىن؟

باتۇر ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە قارىدى. تېرە ئاستىدىكى

كىچىك كۆك داغ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باتۇر ئىسمىنى بىلسىلا كەرەپشە يېمەيتتى. يەپ سالسا ئۇنىڭ تەمى، پۇرىقى قىلتىرىق بولۇپ ئۇنىڭ گېلىدىن پەقەت ئۆتمەي تۇرۇۋالاتتى. شۇڭا، بەزىدە ئۇ تاماقنىڭ قورۇمىسىدىن كەرەپشە ئىلغاپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتەتتى. ئاتىسى ئىككىنچى خوتۇنىنى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆگەي ئانىسى لەڭمەن قىلدى. ئۇدۇل كېلىپ قالغانمۇ، كەرەپشە قورۇدى. تاماق شىرەگە كەلتۈرۈلگەندە، باتۇر ئادىتى بويىچە كەرەپشىنى ئىلغاشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئۆگەي ئانىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— مەن كەرەپشە يېمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن كەرەپشىگە ئۆچ.

— ئۆچ؟ — ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىرايى ئۆڭدى، — نېمىگە ئۆچ؟ كەرەپشىگىمۇ ياكى...

ئۆگەي ئانىسىنىڭ دىلى گۇدىرەت[1] بولۇپ قالغاندى.

— مىڭبىر جاپادا قىلغان تامىقىمغا ئۆچ بولۇپ قالدىڭمۇ ئەمدى؟ — دېدى ئۇ جىلە بولۇپ، — نېمىشقا باشتا دەپ قويمايسەن؟ ئاز جاپا تارتمىدىم مەن بۇ تاماقنى قىلىمەن دەپ. يەيسەن !

— يېمەيمەن...

— يېمەي باق قېنى.

— يېمەيمەن.

— تاماق يېمەي، مېنى يامان ئاتلىق قىلىمەن دەۋاتامسەن؟

باتۇر دومسىيىپ تەخسىنى نېرى سۈرۈپ قويدى.

— مېنى «ئۆگەي بالىسىنى ئاچ قويۇپتۇ» دەيدىغان بەتنامغا

① گۇدىرەت — تورپان شېۋىسى، شۈبھىلىنىش، گۇمانلىنىش دېگەن مەنىدە.

قويىدىغانغا باھانە ئىزدەۋېتىپسەن ـ دە، يە.

ئۆگەي ئانىسى تەخسىنى باتۇرنىڭ ئالدىغا سۇردى. باتۇر نېرى سۇردى، ئۆگەي ئانىسى بېرى سۇردى. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى ئىتتىرىشىپ قالدى. ئاچچىقىنى باسالمىغان ئۆگەي ئانا باتۇرنىڭ پاتنىڭدىن قامالللاپ يۈزىنى تەخسىگە قارىتىپ باستى. باتۇر بوي بەرمىدى. ئۇلار ئاشۇنداق تىركىشىپ تۇرغاندا ئاتىسى كىرىپ قالدى. باتۇر ئاتىسىغا ئۈمىد بىلەن باقتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ئاتىسى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— قاراڭ بۇنىڭغا، ئاران ئەتكەن تاماقنى «ئۆچ» دەپ يېمەيمەن دەۋاتىدۇ.

— نېمىشقا يېمەيسەن؟

— ئاتا، قورۇمىدا كەرەپشە...

— قاراڭ، مەن سىزنىڭ قان بېسىمىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ كەرەپشە قورۇمىسى قىلغانىدىم... بۇ بالا مەن بىلەن قېرىشىپ نەكەم ئېتىشقىلى... مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، باشقىلارغا «ئۆگەي» دېگەن نامىم تېخىمۇ بولۇپ بەرمەمدۇ؟

— ئاپاڭ جاپا تارتىپ قىلغان تاماق بولغاندىكىن، يېسەڭ نېمە بولىدۇ؟ كەرەپشە گېلىڭنى تېشىپ چىقمىغاندىكىن.

ئۆزىنىڭ كىچىكىدىنلا كەرەپشىگە ئۆچلۈكىنى بىلىدىغان ئاتىسىنىڭ دەۋاتقان گېپى باتۇرنى ھەيران قالدۇردى.

— ئاتا، مەن كەرەپشىگە ئۆچ تۇرسام...

— گەپنى ئاز قىلىپ تامىقىڭنى يە.

— كەرەپشىنى ئىلغىۋېتىمەن.

گەپكە ئۆگەي ئانا ئارىلاشتى:

— بىر قېتىم يېگەنگە ئۆلەمدۇ...

ئاتا باتۇرنىڭ نازۇك بېلىكىنى مۇجۇپ تۇتتى:

— چوڭ بولۇپ قالدىڭ، يەپ ئادەتلەن.

— ياق، كەرەپشە يېمەيمەن.

— يەيسەن!

— يېمەيمەن، مەن كەرەپشىگە ئۆچ.

— سەن ماڭىمۇ گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن. ماڭ ئۈينا، قورسىقىڭ ئاچقاندىغۇ يەرسەن.

قورسىقى كۆپكەن باتۇر شىرەدىكى نان پارچىسىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئاتىسى «قويە» دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئۇردى. ئەسلىدە ئاتىسىنىڭ قولىدا قەلەم بولۇپ، قەلەمنىڭ ئۇچى باتۇرنىڭ نانغا سۇنغان ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىپ، قان چىقتى. قاننى كۆرۈپ ئاتىسى پەيلىدىن يانمىدى. ئاتىسىنىڭ كۆزىدىكى نەشتەردەك ئاچچىق ئۇچقۇننى كۆرگەن باتۇر يىغلىغىنىچە سىرتقا يۈگۈردى.

شۇ جاراھەتتىن باتۇرنىڭ ئوڭ قولىدا كۆك داغ قالدى، ھازىرچە سەل سۇسلاپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا يوقالمىدى. باتۇر بۇ داغنى ھەر قېتىم كۆرگەندە دىلى جىجىلغاندەك بولاتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، باتۇر بۇ ئۆيدىن ئۆزى كۈتكەن مېھرنى، ئىللىقلىقنى تاپالمىدى. نەتىجىدە، سەبىي دىلى بارا ـ بارا توڭلىدى، باشقىلاردىن گۇمانسىرايدىغان، ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

باتۇرنىڭ يېشى چوڭلىغانچە ئۇلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسىنى كۆتۈرەلمەيدىغان، ئىچىگە سىغدۇرالمايدىغان بولدى. كىيىم ـ كېچەكلى، قورسىقى، ئوقۇش چىقىملىرى ئۇلارغا يۈك بولغىلى تۇردى... مانا مۇشۇ مەكتەپكىمۇ ناھايىتى تەستە ئەۋەتتى. تۇرمۇش راسخوتى ئارانلا يېتىدۇ، كىيىم سېتىۋېلىشى يوقنىڭ ئورنىدا، شۇڭا دائىم مەكتەپنىڭ تارقىتىپ بەرگەن تەنھەرىكەت كىيىمى بىلەن يۈرۈيدۇ. باشقىلارغا ئوخشاش ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئويناپ بارالمايدۇ. شۇڭا، باشقا جايلارغا مۇسابىقىگە بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىش... بۇلارنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشكە ئۇنىڭ

يىگىتلىك غۇرۇرى قانداقمۇ يول قويسۇن! بۇلارنى سالامەتكە قانداقمۇ دېيەلىسۇن؟!

باتۇر ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

سالامەتنىڭ مېھرىبانلىققا تولغان گەپلىرى، قېرىندىشىدەك قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى ئۇنىڭ قاغجىرىغان قەلبىگە زەم ـ زەم بولۇپ قۇيۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇ سالامەتنىڭ بايىقى گەپلىرىگە تاڭ قالغان بىلەن ھەرگىز ئېغىر ئالمىدى، خاپا بولمىدى. ئەكسىچە مىجەزىگە يات ھالدا سالامەتنىڭ گەپلىرىنى ئوبدان ئويلاشقا تىرىشتى. «كىچىكىمدىن شۇنداق چوڭ بولۇپ قاپتىمەن، — دەپ ئويلىدى باتۇر باياتىن پەيدا بولغان يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان ئاغرىقنىڭ پەسىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، — لېكىن ئاشۇ قىلىقلىرىم ھەقىقەتەن خاتا بولسا، مەن تۈزىتەي، باشقىلارغا سىلىق گەپ قىلاي، تىللىماي. مۇئەللىملەرنى، ساۋاقداشلىرىمنى ھۆرمەت قىلاي. شۇنداق قىلىپمۇ كۆرۈپ باقاي. نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى پەرق قىلغۇچىلىكىم بار. ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، مەن نېمىشقا ئوبدان مۇئامىلە قىلمىغۇدەكمەن. رەھمەت، سالامەت!»

## I

كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە. ئۇ پاختىغا ئوخشايدۇ. ئىشق كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. ئەگەر پاختىنى ئوتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلسەڭ دەررۇ ئوت تۇتىشىپ ئۆچۈرمەك تەسكە توختايدۇ، ھەتتا كۈل بولۇپ تۈگەيدۇ. رابىيەنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئىشق ئوتى تۇتاشتى. تۇتىشىپ كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈش قىيىن بولۇش دەرىجىسىگە يەتتى، ئۇ بۇ ئوتتا كۆيۈپ بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ «ياق» دېگەن جاۋابىدىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

ئۇ بىھوش بولۇپ يىقىلغاندىن كېيىن، باشقىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ

ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن رابىيە ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. ئانىسى قىزىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپتى. رابىيە شۇ ئېسىگە كەلگىنىچە خىياللار ئىلكىدە يېرىم كۈن ياتتى. بۇ چاغدا كۈنمۇ غەربكە قىيسايغان بولۇپ، ئاسماندا قارا بۇلۇتلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ئەنسىز خىيال ئىلكىدە قالغان رابىيە، ئىشق ئوتىدا چىدىيالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇردى ـ دە، ئەتراپقا قاربۋەتكەندىن كېيىن كەينى ئىشىكتىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. رابىيە ئۇدۇل بېرىپ زۆھرەنى تاپتى ۋە ئىچ دەردىنى تۆكتى. ئىككىسى ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ماڭغاچ گاھ پاراڭلاشتى، گاھ خىيالغا چۆكتى. ئىچىدىكىنى ئازراقمۇ بولسا تۆكۈۋالغاچقىمۇ ياكى بۇ ئوي ـ خىياللار سەۋەبىدىنمۇ رابىيەنىڭ كۆڭلى ھەر ھالدا خېلى ئەمىن تاپتى. بۇ چاغدا ئەتراپ خېلى تىنجىپ قالغان بولۇپ، چىقىۋاتقان شامالمۇ خېلى سېلىكىپ قالغانىدى. ھاۋامۇ ئېچىلىپ ئاسماندا شەپەق نۇرى پارلىغانىدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ مەجنۇنتال تۈۋىدە ئولتۇردى.

رابىيە زۆھرەگە ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان دەردلىرىنى تازا قايناپ سۆزلەۋاتقاندا، يىراقتىن بىر قارا گەۋدە كۆرۈندى. بۇ قارا گەۋدە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشتى. ھەسەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، رابىيەگە سەئدىنىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەچ، سەئدىنىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئۇنىڭغا سۇندى. رابىيە خەتنى قولىغا ئېلىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ تېنىگە قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى.

رابىيە خەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چىرايىغا ئىشەنچ ۋە كۈلكە يۈگۈردى ھەمدە ھەسەنگە قاراپ:

— مەن بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلىمەن، مېنىڭ كۈتكىنىممۇ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيا بىزگە تار بولۇپ قېلىۋاتسا،

شۇنداق قىلمايمۇ نېمە ئامال. سەئىدىنگە سالام دەڭ، ئۆزىنى كۆپ ئاسرىسۇن! — دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

ھەسەن رابىيەنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ خۇشاللىقنى سەئىدىنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تېزلا بۇ يەردىن غايىب بولدى. رابىيە بىلەن زۆھرە ئۆيلىرىگە خۇشال قايتىشتى.

## 10

ياتاققا قايتقاندىن كېيىن، سالامەت سەل ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەپسۇسلاندى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ ناچار ئىدى. خىيالى شۇنىڭغا بەند بولۇپ قالغاچقا ياتاقداشلىرىغىمۇ ئوچۇق چىراي بولالمىدى. بۇنى سەزگەن دوستلىرى بىر - بىرىگە قاراپ سالامەتنى ئىشارەت قىلىشتى ۋە بېشىنى چايقاپ قويۇشتى. پەقەت سالامەت رەھىمەگە قاتتىق تەگكەندىن كېيىنلا قىزلار پارتلىدى.

سالامەت: «ھەي، باتۇرغا ئالدىراپ، بۇنچە ئوچۇق دېمىسەم بوپتىكەن. ئۇ چوقۇم خاپا بولدى. كىمنىڭ كەمچىلىكى يوق. مېنىڭمۇ مەنمەنچىلىكىمگە ياتاقتىكى قىزلار ھە دەپ مېڭىۋاتىدىغۇ. مەنمۇ بۇ مىجەزىمنى قىزلار ئەسكەرتكەندە سەزگىنىم بىلەن ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆزۈمگە ھېچقانچە بىلىنمەي يۈرۈۋاتمايمەنمۇ؟ باتۇرمۇ شۇنداقلا بولمامدۇ. ھەي، راستىنىلا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇپتىمەن. ئۇ ئەمدى ماڭا ئاچچىقلاپ قارىمايدىغان بولدى. قاراپ تۇرۇپلا ئۇنىڭ بىلەن يامانلىشىپ قالىدىغان بولدۇم. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ شۇ مىجەزلىرىگە كۆنۈپ كېلىۋاتقان بولغىيتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئويلىغانچە بىئارام بولۇپ تولغاندى. تۇرۇپ: «خاپا بولسا يولۇمغا ماڭارمەن» دەپمۇ ئويلىدى. بىراق ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسە، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق، قاتتىق - يىرىك گەپلىرىنى ئاڭلىمىسا كۆڭلى يېرىم بولىدىغاندەك، بىر نەرسىسى كەم بولۇپ

قالدىغاندەك ھېس قىلىپ ياتالماي قالدى، پۇشايماندىن ئۆرتەندى.

شۇ چاغدا رەھىمە كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە سالامەتنىڭ ياستۇقى يېنىدىكى چاقىرغۇنى قولىغا ئالدى. چاقىرغۇ مەكتەپتە يېڭىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، بەزى ئوقۇغۇچىلار يېنىغا ئېسىپ سايرىتىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ يۈرۈۋاتاتتى. بەزىلەر چاقىرغۇنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ، چاقىرغۇسى بارلارغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ يۈرەتتى. يېقىندا سالامەتنىڭ قولىدا بىر چاقىرغۇ پەيدا بولۇپ قالدى. قىزلار بۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى - يۇ، ھەيران قالمىدى. ئۇلارچە بولغاندا، سالامەت چاقىرغۇنى بالدۇرراق ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ مەنمەنچى قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ باياشاتلىقىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى. ئۆتكەن يىلى ياشلار بايرىمىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئويناپ بېرىپ ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ قالغانىدى.

ئەپسۇس، سالامەت بۇ چاقىرغۇنى ئىشلەتمىدى، ھەتتا ئېچىپمۇ باقمىدى. چاقىرغۇ سالامەتنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا تاشلىنىپ تۇرۇۋەردى. قىزلار ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى سورىسا، ئۇ كۇلۇپلا قويىدى، چاقىرغۇنى ئىشلىتىشكە پەقەتلا قىزىقمىدى. قىزلار كۈندە ئەينەككە قارىغاندەك چاقىرغۇغا قاراپ ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى.

رەھىمە قىزلارنىڭ كۆڭلىگە ئوت سالغان ۋە ئىچىنى پۇشۇرغان ئاشۇ چاقىرغۇنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى ۋە چاقىرغۇنىڭ باش كۇنۇپكىسىنى باستى. يېقىملىق مۇزىكىنىڭ ياڭرىشىغا ئەگىشىپ چاقىرغۇ ئېچىلدى. چاقىرغۇنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان سالامەت شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، رەھىمەنىڭ قولىدىن چاقىرغۇنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى زەردە بىلەن. ئاندىن چاقىرغۇنى ياستۇقىنىڭ يېنىغا تاشلىدى.

سالامەتنىڭ بۇ قوپاللىقى قىزلارنى تاڭ قالدۇردى. بۇنىڭدىن

چۆچۈگەن رەھىمە ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇيت بەگ خېنىم، نەلەردە كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتىۋېلىپ كېلىپ بىزگە دوق قىلىلا، — دېدى بۇنىڭغا نارازى بولغان رەيھانگۈل يېرىم چاقچاق، يېرىم ئاچچىق تەلەپپۇزدا، — ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ سالامەت، دەردىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ھەمدەم بولۇرمىز، بۇنداق ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، ھەممىمىزگە ئاچچىق قىلىپ يۈرسىڭىز ئۆزىڭىزگە ياخشى ئەمەس.

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت «نېمە قىلىپ قويدۇم» دېگەنلەرنى ھودۇقۇپ رەيھانگۈلگە قارىدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ناچار كەيپىياتىنى بىزگە تاڭماڭ، — دېدى ئايشەمگۈل كۈلۈپ، — ھەممىمىز ئاران تۇرغاندا بۇنداق قىلسىڭىز، بىز قانداقمۇ «سالامەت» تۇرالايمىز؟ بەزىلەر ئۆزىگە «مەردان» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بىلەن غورۇرسىز ئادەم بولۇپ قالغاندەك، ئۆزىڭىزگە «سالامەت» دەپ ئىسىم قويۇۋېلىپ ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزنى «بىسالامەت» قىلىپ قويماڭ يەنە.

بۇ گەپ بىلەن بەزىلەر كۈلۈشتى. سالامەتمۇ:

— ئەستا... — دەپ يۈز قىزارتىپ ئوڭايسىزلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش چاقچاققا بۇرالدى. رەھىمەنىڭ چىرايىمۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

— خىيالغا پېتىپ ياتسا بىرەرىگە ئاشىق بولغان چېغىمۇ دەپتىمەن، — دېدى يەنە بىر قىز چاقچاققا ئۇلاپ.

— ئاشىق بولسىمۇ بولغاندۇ، — دېدى ئايشەمگۈل.

— سىزنىڭ ھەرخىل بولغىنىدەك، بۇ دوستىمىزنىڭ ئاشىقلىقىمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، — دېدى بايىقى قىز، — بىز ئاشىق بولساق يا خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيمىز، يا كۆزىمىزدىن ياش قۇرۇمايدۇ. سالامەت بولسا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدىكەن.

بۇ گەپكە باشقىلار كۈلۈشتى.

— خاپا بولماڭ، رەھىمە، — دېدى سالامەت، — باشقا بىر ئىش سەۋەبلىك كەيپىياتىم ناچار بولۇپ قاپتىكەن... مۇنداق قىلمىسام بولاتتى.
— چۈشىنىمەن دوستۇم، — دېدى رەھىمەمۇ ئەپۇچانلىق بىلەن، — ئادەم بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. ئىچىڭىز بوشاپ قالغان بولسىلا بولدى.
— ياتاقداشلار ! — دېدى رەيھانگۈل قىزنىقچىلىق ئارىلاش، — ياتاقنىڭ پەرمانى: بۇندىن كېيىن ئاشىقلىق دەردىنى ياتاقتىكى قىزلاردىن چىقىرىشقا رۇخسەت يوق!
ياتاقنى يەنە كۈلكە قاپلىدى.
كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا، ئىشىكنى ئېچىپ قويغان سالامەت «باتۇر چوقۇم خاپا بولۇپ قالدى» دېگەن ئەندىشىدە ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇدۇل ئىشىك ئېچىلدى. سالامەت ئۇ تەرەپكە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قارىماقچى، ئەگەر باتۇر قاتتىقلىق قىلسا، شۇنىڭغا لايىق مۇئامىلە قىلىپ مۇناسىۋەتنى مۇشۇ يەردە توختاتماقچى بولدى. سالامەتمۇ ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىززىتىنى ساقلىمىسا قانداق بولىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە باتۇرنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭ قانداقلىقىنىڭ ئىسپاتى!
سالامەت شۇ قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولدى.
— سالام ئىشىكداش !
بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ قۇلىقى دىڭ بولۇپ كەتتى. سالامەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ باتۇرغا قارىدى، باتۇر ھەربىيچە سالام قىلدى. سالامەت يېقىملىق كۈلۈپ جاۋاب سالام قايتۇردى ۋە ئۆزىنى يېنىك سەزدى. سالامەت دەرھال خەت يېزىپ باتۇرغا ئاتتى: «كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئەتە ئاخشام سىزنى كىنوغا تەكلىپ قىلىمەن.» باتۇر جاۋاب قايتۇردى: «نېمە كىنو؟» سالامەتمۇ جاۋاب قايتۇردى: «ئۇقمايمەن.» باتۇر دەرھال جاۋاب

يازدى: «بۇ كىنونى مەنمۇ كۆرۈپ باقماپتىمەن.» خەتنى كۆرگەن سالامەت كۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن باتۇر قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سائەت يەتتىنى ئىپادىلىدى. سالامەت بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇ چاغدا سالامەتنىڭ سىنىپ باشلىقى ئورنىدىن تۇردى:

— ساۋاقداشلار، سىنىپقا بىر پوچتىكەش لازىم بولۇپ قالدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار سالامەتكە قاراپ پاراقلاپ كۈلۈشتى. ئاندىن يەنە بىرى ئورنىدىن تۇردى:

— ئۇ چاغدا سالامەت ئىدارە باشلىقى بولىدۇ دەڭلار.

— ياق، پوچتالىيون بولسۇن. ئۇ چاغدا ئۆزىگىمۇ قولايلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— ماركىمۇ چاپلىمايدۇ تېخى...

سىنىپتا بىر پەس كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سالامەت بۇ گەپلەردىن ھەم خىجىل بولۇپ، ھەم تاتلىقلىق ھېس قىلىپ كۈلۈپ ئولتۇردى.

ئەتىسى دېگەن قەرەلدە، ئىككىسى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ شەرقىدىكى تار كوچا ئېغىزىدا ئۇچراشتى. سالامەت تولىمۇ يارىشىملىق كىيىنىۋالغانىدى. باتۇر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئۆزى يەنىلا تەنتەربىيە كىيىمى بىلەنلا ئىدى. بۇنى كۆرگەن سالامەت سەل نارازى بولۇپ: «باشقا كىيىمىنى كىيىپ چىقسا بولمامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما باتۇرنىڭ:

— «ئۇقمايمەن» دېگەن كىنو قانداقراق كىنودۇ؟ ئىسمىنىڭ ئاددىي، ئەمما چوڭقۇرلۇقىدىن جاڭ يىمو رېژىسسورلۇق قىلغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېگەن گېپى بىلەن كەيپىياتى ئەسلىگە كەلدى.

ئۇلار گەپ قىلىشماي بىردەم مېڭىشتى. شۇ چاغدا باتۇرنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئۇچراپ باتۇرغا كۆز قىستى:

— سەيلە نەگە؟

— كىنوغا

— نېمە كىنوكەن؟

— «ئۇقمايمەن» دېگەن كىنو ئىكەن.

باتۇرنىڭ ساۋاقدىشى «ھە!» دەپ ھەيران قالغانچە يولىغا ماڭدى. سالامەت بولسا پىخىلداپ كۇلۇۋەتتى.

— ئىشىنىپ قالدىمۇ ـ نېمە؟ تازا كالۋا بىر نېمە ئىكەن...

سالامەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز جىم بولۇۋىدى، قىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن باتۇر دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ:

— شۇنداقمۇ ئىشىنىپ قالغان بارمۇ؟ — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت خېلى خۇش بولۇپ قالدى. «باتۇر مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپتۇ، ماڭا خاپا بولماپتۇ» دەپ ئويلىدى.

— سىزچە، نېمە كىنو قويار؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— ھىندىستان كىنوسىنى قويار؟

— ھازىر ھىندىستان كىنوسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئامېرىكىنىڭ كىنوسىنى قويامدىكىن؟

— توغرا، ھازىر ھە دېسىلا ئامېرىكىنىڭ كىنوسىنى قويىدىغان بولۇۋالدىغۇ.

— مەن ئامېرىكىنىڭ جەڭ كىنولىرىنى ئانچە ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى سالامەت.

— ئامېرىكىنىڭ جەڭ كىنولىرى نوقۇل جەڭنى كۆرسەتمەيدۇ. جەڭگە قېرىنداشلىق، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېگەنلەرنى ئۇستىلىق بىلەن قىستۇرۇۋېتىدۇ.

سالامەت «سۆيگۈ ـ مۇھەببەت» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ ئەسلى «مەن ئامېرىكىنىڭ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن كىنولىرىنى ياخشى كۆرىمەن» دېمەكچى ئىدى. ئەمدى شۇ قىزىرىش بىلەن جىم بولدى.

— بىز كىچىكىمىزدە، — دېدى باتۇر جىم ماڭغۇسى كەلمەي، — كىنودا چېكىت جىق چىقسا، جەڭمۇ جىق، كىنو قىزىيدۇ، چېكىت ئاز بولسا كىنو قىزىمايدۇ دەپ ئويلايتتۇق.

— قىزىق گەپ ئىكەن، — دېدى سالامەت قىزىقىپ، —

چېكىتنىڭ كىنو بىلەن نېمە ئىشى؟

— ئىشقىلىپ بىز شۇنداق ئويلايتتۇق. لېكىن بەزى چاغلاردا چېكىت ئاز چىققان كىنولار قىزىپ، چېكىت جىق چىققان كىنولار پەقەت قىزىماي قالاتتى.

— نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟

— كېيىن ئۇقساق، سىز دېگەندەك چېكىتنىڭ كىنونىڭ قىزىش - قىزىماسلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. ئەسلى كىنودىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى بىلەن رول ئالغان ئارتىسلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئارىسىغا كۆپ چېكىت قويۇلىدىكەن ئەمەسمۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سالامەت ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىكى كىنولارنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كىنوخانىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى.

— بىر ئاز بالدۇر ئىكەن، تاماق يەۋالامدۇق؟ — دېدى سالامەت.

— مەكتەپتە يېمىگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

— موما سەيگە كۆڭلۈم تارتماي يېمىگەن. يۈرۈڭە، ماڭا ھەمراھ بولۇپ يېيىشىپ بېرىڭ.

سالامەت باتۇرنىڭ قولىدىن تارتىپ دېگۈدەك بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى.

— نېمە تاماق يەيمىز؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— سىز دەڭ.

— ئوغۇل بالا بولغاندىكىن سىز دەڭ.

— ئۇنداق بولسا قولىمىزغا يازايلى، قايسىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولسا شۇنى يەيلى.

باتۇرنىڭ بۇ تەكلىپى قىزىق بىلىنگەچكە سالامەت ماقۇل بولدى. سالامەت سومكىسىدىن قەلىمىنى چىقىرىپ قولىغا بىر نەچچە خەت يازدى. ئاندىن قەلەمنى باتۇرغا بەردى. باتۇرمۇ قولىغا خەت يازدى. ئۇلار تەڭلا ئالىقانلىرىنى ئېچىشتى ۋە ھەيران

قىلىشتى. مۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قىلىش بارمۇ؟! ھەر ئىككىسىلا قولىغا «دىڭ ـ دىڭ ساۋمىيەن» دەپ يازغانىدى.

دىلى شادلىقتىن ئويناقشىپ كەتكەن ئىككىيلەن قورۇغان چۆپ بۆيرۆتۈپ پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشتى. پاراڭ تولىراق مەكتەپنىڭ تامىقى ئۈستىدە بولدى. باتۇر سالامەتكە قارىغانچە ئۇنىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كىيىملىرىمۇ شۇنداق ئېسىل، شۇنداق ياراشقان. ئۇنىڭ ئالدىدا باتۇر چېنىپلا قالغانىدى. ئۆزىنىڭ كىيىمى ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئويلىنىپ قالغان باتۇر سەل بىئارام بولدى. بۇرۇنلاردا پەقەت كارى يوق ئىدى. يەيدىغان تاماقنى يەپ، گەپ قىلغۇسى كەلسە گەپ قىلىپ، بولمىسا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىۋېرەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟

باتۇر ئۆزىنىڭ قورۇنۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

تاماق پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن يېيىلدى.

تاماقتىن كېيىن پۇل تۆلەشنى ئېسىگە ئالغان باتۇر تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇق دېگۈدەك ئىدى. توۋا، بۇنى ئۇ نېمىشقا ئۇچرىشىشقا ماڭغاندا ئويلىمىغاندۇ؟ يا بولمىسا ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرىدىغانىنىڭ پارىڭى بولغاندا بولسىمۇ ئويلىشى كېرەكتىغۇ؟ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئادەتلىنىش تۈپەيلى، باتۇر بۇنى ئويلىمايدىغان يەرگە يەتكەن. تاماق پۇلى تۆلەشنىڭ غېمىنى قىلىپ باقماي مۇشۇ كۈنلەرگە كەلگىنىنى ئەمدىلا ئويلاۋاتقان باتۇر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئەپۇ سوراپ مېھمان قىلغىنىم بولسۇن، — دېدى سالامەت پورتمانىدىن پۇل چىقىرىۋېتىپ.

باتۇرنىڭ كۆزىگە سالامەتنىڭ پورتمانىدىكى 100 يۈەنلىك، 50 يۈەنلىك رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغان پۇللار چېلىقتى.

ئۇلار ئاشخانىدىن خۇشال ـ خۇرام چىققان بولسىمۇ، لېكىن سالامەت باتۇرنىڭ يالغاندىن بولسىمۇ «پۇلنى مەن تۆلەي»

دېمىگىنىدىن سەل ئاغرىندى. باتۇر باياتىنقى زىددىيەتلىك خىياللار قوينىدىن قۇتۇلۇپ نورمال ھالەتكە كېلىۋالغانىدى.

ــ ئەمدى كىنوغا بارايلى، ــ دېدى باتۇر.

ــ بولدى بارمايلى، ــ دېدى سالامەت.

ــ نېمىشقا؟

ــ كىنو ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتتى. بېشىدىن كۆرمىگەن كىنونى كۆرگۈم كەلمەيدۇ.

ــ بېرىپ كىنونىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ بىلىپ كېلەيلى.

ــ بىلىپ بولدۇققۇ. «ئۇقمايمەن»، يۈرۈك.

باتۇر قىزنىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى تۇيمىدى. بۇنىڭدىن قىز جىلە بولدى.

ــ يېرىمى تۈگىگەن كىنونى كۆرىمىز دەپ كىنوخانىدا دەم سىقىپ ئولتۇرغاندىن ئايلانغاچ مەكتەپكە كېتەيلى.

سالامەت ئۇدۇل مەكتەپ تەرەپكە ماڭماي ياشلار يولى تەرەپكە بۇرۇلدى. باتۇر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە باتۇر يول بويىدىكى سېتىقچىدىن هوردا پىشۇرۇلغان كۆممىقوناقتىن ئىككىنى ئېلىپ قىزغا بېرىپ سۇندى. سالامەت بۇنىڭدىن شۇنداق خۇش بولدىكى، بايىقى ئاغرىنىشى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. شۇڭا، باتۇرغا ئەركىلىگەندەك: «رەھمەت» دېدى يېقىملىق تەلەپپۇزدا.

ئۇلار باراڭلىق يولدا ئاستا مېڭىشتى.

ــ شۇنداق خۇشال يۈرگىنىڭىزدىن قارىغاندا، ئاتا ـ ئانىڭىز ئوقۇشىڭىزنى بەك قوللايدىغان ئوخشايدۇ ـ ھە؟

ــ ئەلۋەتتە قوللايدۇ ـ دە. بالىسىنىڭ ئوقۇشىنى قوللىمايدىغان ئاتا ـ ئانىمۇ بارمۇ؟ ــ دېدى سالامەت جانلىنىپ. ئاخىرقى گەپنى ئاڭلىغان باتۇر ئېغىر تىندى.

ــ ئاتا ـ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى باتۇر كەيپىياتىنى ئوڭشاپ.

— ئاپام يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى، ئاتام ئۇزۇم سودىسى قىلىدۇ. بىر سىڭلىم بار، هازىر تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتىدۇ. سىزنىڭچۇ؟

— بوگونچە سىزلەرنىڭ ئائىلىنىڭ گېپىنى قىلىشايلى. ئۇلار نېمىگە قىزىقىدۇ؟

— قايسى جەهەتتىن دەيسىز؟

— ئەمدى دەيمىنا...

— ئاتام ئۇزۇم سودىسى قىلغان بىلەن تېلېۋىزوردا خەۋەر كۆرۈشكە ئامراق. سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا راديو تىڭشايدۇ. ئاپام تۇگمە تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە ئامراق. سىڭلىم ئۆي بېزەشكە ئامراق. ئۆينى قانداق جابدۇش توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەپلا يۈرۈيدۇ.

— سىزچۇ؟

— مەن... چىرايلىق نەرسىلەر بولسا قىزىقىمەن.

— چىرايلىقراق رەسىم سىزىۋالاي دەپمۇ؟

— بەزى چىرايلىق نەرسىلەرگە رەسىم سىزىش ئۈچۈنلا قىزىقمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن چىرايلىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى باشقىلار چىرايلىق دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن.

باتۇرنىڭ گەپدانلىق قىلىپ «چىرايلىق قىزلار چىرايلىق نەرسىلەرگە قىزىقىدىكەن ـ دە» دېگۈسى كەلدى ـ يۇ، سالامەتنىڭ سەمىمىي گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بولدى قىلدى.

ئۇلار تولىمۇ ئاستا مېڭىپ، رەسىم، شەهەرنىڭ كۈز پەسلى، پۇتبول، ئىسسىق ـ سوغۇق رەڭلەر، توغۇلغان كۈن، پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان، لېكىن ئوقۇتقۇچى بولۇشقا قىزىقمايۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، مائارىپتا بارغانچە مۇهىم نۇقتا بولۇۋاتقان نىشانلىق ئوقۇتۇش قاتارلىق تېمىلاردا پاراڭلاشتى.

پاراڭ تولىمۇ قىزغىن، هۇزۇرلۇق بولدى. سالامەتنىڭ خوشلاشقۇسى كەلمەيلا قالدى. باتۇر ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ

قىلىپ كېلىۋاتقان ئىللىقلىقنى ھېس قىلىپ بىر خىل خاتىرجەملىك سەزدى ۋە مۇشۇنداق تۇرمۇش، مۇشۇنداق مۇھىتنى ئارزۇلاپ قالدى. ۋاقىت بىر يەرگە بارغان بولغاچقا، ئۇلار قىيالماسلىق ئىلكىدە خوشلاشتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ باتۇرغا كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، تۇرمۇشىدا بىر نەرسە كەمدەك، كۆز ئالدىدىكى مەلۇم نەرسە ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن نەزەرىيە دەرسى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئۇزۇن بىلىنمەيتتى. ئەمەلىيەت دەرسى ناھايىتى تېز ئۆتەتتى، سائەت بىردەمدىلا توشۇپ قالاتتى. ئەمدى نەزەرىيە دەرسىمۇ، ئەمەلىيەت دەرسىمۇ، ھەتتا پۈتبول دەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇن تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈن ۋاقىت ئۇنىڭغا ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ؟ كەم بىلىنمىۋاتقان، ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ بۇلار باتۇرغا سىرلىق، قىزىق تۇيۇلاتتى، ئەمما سەۋەبىنى بىلەلمەيتتى.

ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك ئۇنىڭ بىلەن خەت ئېلىم - بېرىم قىلىشىدىغان سالامەتمۇ مۇشۇ كۈنلەردە كەم دىدار بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى مۇزاكىرە ۋاقتىدا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ قويسا، بەزى كۈنلىرى مۇزاكىرىگە چىقماي قوياتتى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى سالامەت ئورنىدا پەيدا بولسا ئۇنىڭدا بىر خىل ئارامىلىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى.

باتۇر يېقىندىن بۇيان پەيدا بولۇۋاتقان ئۆزىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، يەنى 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (سەيشەنبە) چۈشتىن كېيىن ئۇ بىر پوسۇلكا تاپشۇرۇۋالدى.

ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. «بۇ ماڭا خاتا كېلىپ قالمىغاندۇ؟ كىممۇ ماڭا بۇنداق نەرسىنى ئەۋەتەر؟ قارىغاندا راست خاتا بولۇپ قاپتۇ. بىردەمدىلا ئىگىسى چىقىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى. ئاندىن پوسۇلكىنىڭ سىرتىدىكى خەتلەرگە قارىدى. ئادرېسىمۇ،

ئۆزىنىڭ ئىسمىمۇ توغرا. شۇنداقتىمۇ ئۇ پوسۇلكىنى دەرھال ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك پۇتبول مەيدانىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىككە ماڭغىنى بىلەن ئۆزىگە مۇشۇنداق نەرسىنىڭ كەلگىنىگە ھەيران ھەم خاتا بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشىدە ئىدى.

ئۇ دەرەخلىككە بارغاندىن كېيىن، پوسۇلكىنى دەڭسەپ كۆردى. پوسۇلكا خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇ: «نېمىلا بولسا بولمامدۇ، ماڭا ئەۋەتكەندىكىن ئاچاي، خاتا بولۇپ قالغان بولسا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەرمەن، مېنىڭدە نېمە گۇناھ؟» دەپ ئويلاپ پوسۇلكىنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىشقا باشلىدى.

پوسۇلكا ئىچىدىن باتۇر ھېچ كۈتمىگەنلا نەرسە چىقتى. كىتاب!

باتۇر بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ كىتابقا قىزىقمايتتىغۇ؟ ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟

كىتابلارنىڭ بىرسى مەھمۇتجان ئىسلامنىڭ «كاككۇك قونغان تال» ناملىق كىتابى، يەنە بىرى دالى كارنېگىنىڭ «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار» ناملىق كىتابى ئىدى. باتۇر «كاككۇك قونغان تال» دېگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئېچىۋىدى، «باتۇر، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! خۇشال ياشاڭ! س. 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى» دېگەن خەتلەر كۆزىگە كۆرۈندى. يەنە بىر كىتابتىمۇ ئوخشاش.

توغرا، 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى باتۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى.

باتۇر ھەيرانلا قالدى. ئەمدى بۇ «س» كىم؟ باتۇر ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېگەن تۇغۇلغان كۈنىنى ـــ جەدۋەل تولدۇرۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلمەيۋاتقان ئاددىي كۈننى ئېسىدە تۇتۇپ، شۇنچىۋالا قەدرىنى قىلغان كىمدۇ؟

باتۇر ئويلا ـ ئويلا ئۆيىنى كەينى ئۇدۇل ئىشىككە

مەركەزلەشتۈردى.

سالامەت!

«راست، سالامەتمىدۇ؟ چوقۇم سالامەت.» باتۇر ئاشۇنداق جەزم قىلدى. دېمىسىمۇ، سالامەت بولمىسا كىم بار ئۇنىڭغا مۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىدىغان. گەرچە ئۇنىڭغا كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ يۈرۈۋاتقان، بېشارەت بېرىۋاتقان قىزلار بولسىمۇ، ئۇلار كىتابقا قىزىقمايدۇ، بۇنچىلىك رومانتىكمۇ ئەمەس.

باتۇرنىڭ يۈرىكى تاتلىق سېزىملار ئىلكىدە ئويناقشىپ كەتتى. ئۇ كىتابلارنى مېهرى بىلەن، هاياجان بىلەن سىلىدى.

باتۇر كەچكىچە خۇشلۇق ئىلكىدە يۈردى. ئۇ ئېسىنى بىلىپ هازىرغىچە تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ باققان ئەمەس. بىر كىممۇ هەقىقىي تۇردە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ باققانمۇ ئەمەس. ئۇ باشقىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلىسا هەيرانلا قالىدۇ، «ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلايدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى تۇغۇلغان كۈن تەبرىكلىرىنى ئويلىغاندا، «تۇغۇلغان كۈنى دوست ـ بۇرادەرلىرى يىغىلىدۇ، ئوتتۇرىغا چوڭ بىر تورت قويۇلىدۇ، تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ئېيتىلىدۇ، تىلەك تىلىنىدۇ، ئاندىن دوستلىرى ئۇ كۈتمىگەن سوۋغاتلارنى بېرىدۇ» دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىيالمايتتى. ئۇنىڭغا پۇل كېتەتتى. ئەمما ئۇ تۇغۇلغان كۈننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ، قانداق تۇيغۇلاردا بولىدىغانلىقىنى بىلىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئارزۇنىڭ شېرىنلىكى، هەيدەكچىلىكىنىڭ كۈچى بەك يامان! بۇ مەكتەپكە كەلگەن ئىككىنچى يىلى باتۇر شۇ ئارزۇنىڭ كۈچى بىلەن تۇغۇلغان كۈننى مۇشۇنداق تەبرىكلىمەكچى بولدى: ئۇ مەكتەپنىڭ يان يولىدىكى خىلۋەت بىر دۇكانغا كىردى. كىچىك باللار يەيدىغان بىر يۈەنلىك تورتتىن بىرنى، بەش موچەنلىك شامدىن بىر تال ئالدى. ئۇ شامنى تورتقا

سانجىپ ئوت ياقتى. ئاندىن بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىپ ئىچكەچ ئۆز ـ ئۆزىنى تەبرىكلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشاللىققا تولدى. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە سېزىملەرگە ئىگە بولالمىدى. ئاقىۋەتتە، بىر نەچچە يۈەن پۇلنى بىھودە خەجلەپ قويغىنىغا ئۆكۈندى. شۇ ئۆكۈنۈشمۇ ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىردىنبىر ئۆتكۈزگەن تۇغۇلغان كۈنىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

باتۇر كەچكىچە بۈگۈنكى تەبرىكنىڭ خۇشلۇقىدا يۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن چاققانراق كەچ كىرىشىنىڭ تاقەتسىزلىكىدە قىينالدى. شۇ ھالدا ئىچىنى تىڭشاپ بېقىۋىدى، كەچلىكى سالامەتنى كەينى ئۇدۇل ئىشىكتە كۆرۈشنى كۆڭلى بەك خالايدىكەن.

مانا، كەچلىك مۇزاكىرە قوڭغۇرىقى چېلىندى!

كەينى ئۇدۇل ئىشىك ئېچىلدى! گويا باتۇرنىڭ يۈرىكىنى شادلىق شامىلى سىيپاپ ئۆتكەندەك بولدى.

سالامەت باتۇرغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن سالام قىلدى. باتۇر ھاياجان بىلەن:

— سالام ئىشىكداش ! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنلۇك چىقىپ كەتكەچكە سىنىپتىكىلەر كۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراشتى. باتۇر ھجىيىپ ئۇلارغا ئالدىغا قاراشنى ئىشارەت قىلدى. ئۇلار «بۇ باتۇرنى... » دېيىشىپ كۈلۈشۈپ ئالدىغا قاراشتى. باتۇر قولىدىكى خەتنى سالامەتكە ئاتتى. سالامەت خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى: «سالامەت، رەھمەت سىزگە! ماڭا چوڭ خۇشاللىق بېغىشلىدىڭىز، سىزگە رەھمەت !» خەتنىڭ ئاخىرىغا يۈرەك شەكلىدىكى پۇتبولنىڭ رەسمى سىزىلغانىدى. رەسىمنى كۆرگەن سالامەت كۈلۈپ كەتتى.

كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن، قىزلار ياتىقىدىكى ئۆزگىچە دۇنيا يەنە باشلاندى. قىزلارنىڭ سۆرىدىغان، ئىچىدىغان، ئۇۋۇلايدىغان، سۈركەيدىغان پەردازچىلىق ئىشلىرى تۈگەپ چىراغ ئۆچكەندىن كېيىن مۇڭدىشىش باشلاندى.

رەھىمە ئەمدى مەكتەپتىكى بىر قىزنىڭ ئوغۇللارنىڭ شەپكىسىنى كىيىپ مۇزاكىرە ۋاقتىدا يىگىتنىڭ ياتىقىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىۋىدى، رەيھانگۇل ئۇنى توسۇپ قويدى:

— بۈگۈن باشقا گەپنى قويۇپ، سالامەتنىڭ مەسىلىسىنى مەخسۇس ئويلىشىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزلار خۇددى مۇشۇ پۇرسەتنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— مېنىڭ نېمە مەسىلەم بولسۇن؟ — دېدى سالامەت كۆڭلى خالاپ تۇرسىمۇ ئاغزىدا خاپا بولغاندەك قىلىپ.

— مەسىلىڭىز ئېغىر، — دېدى رەيھانگۇل، — ئۆزىڭىزنىمۇ، بىزنىمۇ ئالدىسىڭىز، راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭ: سىز باتۇر بىلەن يۈرۈۋاتامسىز؟

— توغرا!

— راستىنى ئېيتسۇن!

— بۇنى ئوبدان دېيىشىمىسەك بولمايدۇ.

— ھوي، مەن كىم بىلەن يۈرۈپتىمەن؟ — دېدى سالامەت خۇش بولۇپ. ئەگەر چىراغ يېنىق بولغان بولسا قىزلار سالامەتنىڭ كۆزىدىكى شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتى.

— كىم بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە خۇدىڭىزنى يوقاتمىغانسىز؟ — دېدى رەيھانگۇل بوش كەلمەي.

— مەن ھېچكىم بىلەن يۈرمىدىمغۇ؟

— يوشۇرماڭ، سىزنىڭ كۈندە كەچلىك مۇزاكىرىدە باتۇر بىلەن خەت ئېتىشىدىغانلىقىڭىزنى ھەممىمىز بىلىدىغان تۇرساق. بىر ئىش بولمىسا نېمىدېگەن جىق خەت ئۇ؟

— ھەممىمىزگە ئايان پاكىتنى دېدىڭىز، — دېدى رەھىمەمۇ بوش كەلمەي، — نېمە ئىشىڭىزلار بار سىزلەرنىڭ؟ يا باتۇر سىزگە مودېل بولۇپ بېرىدىغان بولدىمۇ؟

— مودېللار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالىدىغانلا ئىش بولسا، بىز رەسساملارنىڭ ئىشى تۈگەپتىغۇ، — دېدى ئايشەمگۈلمۇ گەپ قىتىپ.

— يوشۇرۇپ نېمە قىلىسىز، — دېدى رەھىمە، — بىز بەربىر بۇنى بىلىپ بولدۇق. قايسى كۈنىمۇ پۇتبول مەيدانىدا شۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىپسىزلەر. قارىساق ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇڭىز يوق.

ئايشەمگۈل ئۆزىنى قويۇۋەتتى:

— كىنوغا بېرىپ كىنو كۆرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان ئاشىق - مەشۇقلار.

«توۋا، — دەپ ئويلىدى سالامەت، — ئۇلار قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ قارىغاندا، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەسكە سېلىۋاپتۇ - دە.»

— قىزلار، ئۇلارنىڭ يۇرۇۋاتقان - يۇرمەيۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىش مۇھىم ئەمەس. ھازىر سالامەتنى جاھاننىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئاپىرىپ قويساقمۇ باتۇرغا مەپتۇن بولغىنىنى بولغان. قارار قىلىدىغىنىمىز: سالامەت باتۇر بىلەن يۇرسە بولامدۇ؟

— بۇ... بۇنىڭغا بىز قانداق بىر نەرسە دېيەلەيمىز.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىز سالامەتكە «يۇر، يۇرمە» دەپ قانداق دېيەلەيمىز. بىز بۇرۇن باتۇر ھەققىدە دەپ بولغان.

— ئۇنداق دېسىڭىزلەر قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا، ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە؟ يۇرسە نېمە ئۇچۇن بولىدۇ؟ ئەگەر يۇرمىسۇن دېسەك نېمە ئۇچۇن بولمايدۇ؟

— مەن دېمەكچى...

رەيھانگۈل بايا ئويلىغىنى بويىچە باتۇر ھەققىدە بىر نەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئېغىز ئاچماقنىڭ مۇشكۇللۇكىنى ئويلاپ بولدى قىلدى.

— ھە، نېمە بولدى، دېمەيسىزغۇ؟ — دېدى رەھىمە، — مېنىڭچە بۇنى سالامەتنىڭ ئۆزى قارار قىلغىنى تۇزۇك. ئۇمۇ

ھەممە ئەھۋالنى بىلىۋاتقاندەك.

— توغرا، بۇ تاپتا سالامەت باتۇرنى بىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىپ بولدى. شۇڭا، ئۇ قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى ئايشەمگۈل.

سالامەت ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تالاش - تارتىش قىلىشىنى خالاۋاتسىمۇ، بىراق ئۇلار باتۇرنى بىر نەرسە دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ گەپنى ئۈزمەكچى بولدى.

بۇ ئۇقتىنى رەيھانگۈلمۇ چۈشەنگەن بولغاچقا، تىلى قىسىلىق قىلىپ قالدى. ئەسلى ئۇ باتۇرنىڭ ئەھۋالىنى دەپ سالامەتنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانىدى. ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭ گېپىگە ئەگەشكەن بولسا، «سالامەت ھەر بالىلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمىدى. ئەمدى باتۇر بىلەن يۈرسە قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ئۇقتىدىن چىقىپ گەپ قىلماقچى بولغانىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئېچىدىلا قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى رەيھانگۈل ئۆزىنى ئوڭشاپ، — سالامەت، بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ. ھېسسىيات بىلەنلا ئەمەس، ئەقىل بىلەنمۇ بىر تەرەپ قىلارسىز.

— قېنى، بىزمۇ سالامەتنىڭ دەردتىن ئاھ ئۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى رەھىمە.

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزلەرگە رەھمەت، — دېدى سالامەت ئۇلارنىڭ ئەمدى گەپ قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

— ئەگەر باتۇر بىلەن رەسمىي يۈرۈپ قالسىڭىز، بىزگە ھايت دەۋېتەرسىز. ياتاقنىڭ كۈيۈئوغلى بىلەن سالاملىشىپ ئۆتەيلى.

سالامەت «ياتاقنىڭ كۈيۈئوغلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ نېمىنىدۇر خالاۋاتقان كۆڭلى تىنغاندەك بولدى، يۈرىكى ئويناقشىدى.

— باشقىلار رەسمىي تەلەپ قويسا قانداق بولىدىغانلىقىنى سالامەتمۇ بىلىپ باقسۇن، — دېدى ئايشەمگۈل.

— ئاندىن بىزگە دەپ بەرسۇن، — دېدى رەھىمە.
«مەن بۇرۇنلا بىلىپ بولغان» دېدى ئىچىدە سالامەت. ئاندىن ئېغىر ئۇھ تارتتى.

J

شۇ كۈنى سەئدىن بىلەن ھەسەن بىر پىلان تۈزگەنىدى. سەئدىن ئۆيدىن چىقىپ، ھەسەن بىلەن دەرەخلىككە قاراپ مېڭىپ ئادەم كۆرمەيدىغان جايغا بېرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى:
— ھەسەن، دەپ باقە، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟
ئۇلار بىر ھازا جىمىپ ئويغا چۆكۈپ كەتتى.
ئۇلار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر رابىيەنى ئېلىپ قېچىش قارارىغا كەلدى. بىراق، نەگە قېچىش كېرەك؟ جابىر بەگنىڭ كۈچىمۇ خېلى بار تۇرسا. قاچقاندىمۇ ئادەم تاپالمايدىغان جايغا قاچمىسا جابىر بەگنىڭ ئۇلارنى تېپىۋېلىشى ئېنىق. سەئدىن دەرەخكە يۆلەنگىنىچە جىمىپ كەتتى.
— سەئدىن، جىمىپلا كەتتىڭغۇ؟ نەگە قېچىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ھەسەن.
سەئدىن باداشقان قۇردى ـ دە، ھەسەنگە قاراپ:
— ئاداش، مەن مۇنداق بىر ئامال تاپتىم. تەكلىماكانغا قاچايلىمىكىن، — دېدى.
— تەكلىماكانغا؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ھەسەن.
— شۇنداق، تەكلىماكانغا. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىمدا ئوۋغا چىققان چېغىمىزدا تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى بىر ئورماندا يېتىپ قويقانىدۇق. بۇ ئورمان بۈك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن تولغان. ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇم بىلەن قورشالغانىكەن. بۇ ئورمانغا كىرگەن كىشى نەچچە كۈن ماڭسىمۇ، ئۇ باشتىن بۇ باشقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ جاي ئەركىن ياشاشقا

تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئورمانلىق يېنىدا بىر نەچچە يوغان كۆل بار. تارىم دەرياسى تاشقان چاغلاردا، بۇ كۆللەر سۇ بىلەن لىق تولىدۇ. كۆلدە ۋە كۆل بويىدا ئوۋلىغىلى بولىدىغان ھەرخىل جاندارلار كۆپ. بىز ئەڭ ياخشىسى تەكلىماكانغا بېرىپ بۇ جاينى بىر كۆرۈپ باقايلى. قانداق دەيسەن؟

— بوپتۇ ئاداش، ئەگەر ئۇ جاي راستتىنلا سەن دېگەندەك بولسا بېرىپ كۆرسەكمۇ كۆرەيلى، — دېدى ھەسەن ئاخىر ئامال تاپالىغىنىغا خۇش بولغاندەك.

ئۇلار شۇنداق قارارغا كېلىشتى - دە، ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

سەئىدىن ھەسەندىن ئايرىلىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ خىيالى تېزرەك يولغا چىقىش بولۇپ، ئىشق ئوتىدا تاقەتتى تاق بولغانىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئاتا - ئانىسى شېرىن ئويقۇغا كەتكەنىدى. سەئىدىن ئىشىكتىن ئاستا قەدەم بىلەن ھۇجرىسىغا كىردى - دە، ئۆزىنى كاڭغا تاشلاپ، تېزرەك تاڭ ئېتىشىنى تىلەپ ئۇخلاپ قالدى.

خورازنىڭ چىللىشى بىلەن ھەممە ئويقۇدىن ئويغاندى. كۆڭلىدە خىياللار ئىلكىدە يۈرگەن سەئىدىن بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاران ئورنىدىن تۇردى. ئاتا - ئانىسى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ناشتا قىلىش ئۈچۈن ھويلىدىكى كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. سەئىدىن ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئاتا - ئانىسىغا ئاددىيلا سالام بەردى - دە، ئۆيىنىڭ كەينىدە ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇپ، بىر يۇتۇم سۇنى ئوتلىغاندىن كېيىن ناشتا قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ناشتىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەئىدىن ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ ھەسەن بىلەن بىرگە شەھەرگە بېرىپ، بىرھەپتە تۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ سەۋەبىنى سورىمايلا قوشۇلدى. ئۇلار ئوغلىدا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ، رابىيەدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، كاللىسىنى ئارام

ئالدۇراي دېگەندۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

بۈگۈن كېچە تولىمۇ سۈرلۈك ئايدىڭ بولغانىدى. تەڭ كېچىدە ھەسەن بىلەن سەئىدىن ئاتلىرىنى ئاستا يېتىلەپ دېيىشىۋالغىنى بويىچە مەھەللىسىنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىقنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى. بۇ چاغدا مەھەللىدىكىلەر ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ، مەھەللىدىن خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. ئۇلار ئاتلىرىنى شۇ مىنگىنىچە ئادەملەر ئويغىنىشتىن ئىلگىرى چۆلگە چىقىدىغان ئاچىغا يېتىپ كەلدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي قۇملۇق بولۇپ، ئەتىگەندە چىققان سوغۇق شامال ئادەمنى تىترىتەتتى. ئۇلار چۆلگە، يەنى تەكلىماكاننىڭ ئىچىگە قاراپ ئاتلىرىنى «چۇھ» دېگىنىچە چاپتۇرۇشۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە ئاتلار ھېرىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قۇياشمۇ تىك ئۆرلىگەن بولۇپ، ھاۋامۇ خېلى ئوبدانلا قىزىپ، ئەتراپ ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن ئېزىتقۇلارغا تولغانىدى. ئاتلارنىڭ قەدەملىرىنىڭ ئاستىلىشىغا ئەگىشىپ، سەئىدىنلەرمۇ پات ـ پات گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تولۇمدىكى يېرىمداپ قالغان سۇدا نەمدىۋالاتتى. ئۇلار شۇ سۈرئەتتە مېڭىپ كۈن ئولتۇرۇپ، قۇم دۆۋىسى كەينىدە كەچكى شەپەق كۆتۈرۈلگەندە بىر توغراقلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەنزىلنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بېسىپ بولغانىدى. بىر كۈن ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان سەئىدىن ۋە ھەسەن قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇ توغراقلىقتا ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇلار ئاتلىرىنى مىنىشتى ـ دە، مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىر كۈن يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەن ئاتلار بىر كېچە ئارام ئالغاچقا، خېلى جان كىرىپ قالغان بولۇپ تېز چاپماقتا ئىدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي قۇم دۆۋىلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئەتراپتا ئانچە ـ مۇنچە ئۆسۈپ قالغان تىكەن ۋە ياۋايى

ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ سۆڭەك بولۇپ كەتكەن جەسەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئۇچرىمايتتى. ئىچكىرىلەپ ماڭغانچە ئادەمنى سۇر باساتتى. ئۇلار يېشىن ۋاقتى بولغاندا، بىر ئورمانلىققا يېتىپ كېلىشتى. ئىككى كۈن پەقەت چۆللۈكنىلا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن كۆزلەر بۇ يېشىللىقتىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەندى. ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدە يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كەچتە يوغان بىر كۆلنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار كۆل بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇسساپ ھېرىپ كەتكەن ئاتلىرىنى سۇغىرىشتى. ئۆزلىرىمۇ كۆلنىڭ مۇزدەك سۈپسۈزۈك سۈيىدىن تازا قېنىپ ئىچىپ راھەتلىنىۋالغاندىن كېيىن كۆل بويىدىكى چىملىققا كېلىپ ياتتى ــ دە، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئۇلارنى ئويغاتتى. بۇ چاغدا جاھان ئاللىبۇرۇن يورۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھېرىپ كەتكەچكە قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندى. ئۇلار ئويغىنىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى ۋە كۆزلىرىدە دەرھال ئۇمىد نۇرلىرى چاقنىدى. ئۇلار بۇ يەرگە قاراڭغۇ چۈشكەندە يېتىپ كەلگەچكە ئەتراپتىكى مۇھىتتىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى كۆل ناھايىتى چوڭ، ئەتراپىدىكى ئورمانمۇ ناھايىتى كەڭرى ئىدى. ھەرخىل ياۋا مېۋىلەر پىشىپ تۆكمە بولۇپ كەتكەندى. كۆلدە ياۋا غازلار شوخ ئوينىشىۋاتقان، قىرغاۋۇللار بار ئۈنى قويۇۋېتىپ سايرىشىۋاتقان، ئورمانلىقتا كېيىك، توشقانلار ئۇياقتىن ــ بۇياققا چېپىشىۋاتقان بولۇپ، ئەتراپ ھاياتي كۈچكە تولغانىدى. دېمەك، بۇ يەردە ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئورماندا قويۇق چاتقال، ئادەم بويى ئۆسكەن تىكەن، تاللار گىرەلىشىپ كەتكەندى. ئەگەر بۇ يەرگە ئادەم يوشۇرۇنسا خېلى كۆپ رىيازەت چەكمىگۈچە تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلار بۇ يەرنى يوشۇرۇنۇشقا ئەپ كۆرۈپ بىر ــ بىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، بۇ يەرگە كېلىشنى لايىق كۆردى.

ئىككىيلەن ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان قېرىپ پور بولۇپ كەتكەن يوغان بىر توپ توغراقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. توغراقنىڭ ئالدى يان تەرىپىگە خېلى چوڭ تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، بۇنى تۈلكىنىڭ ئۇۋا قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار تۆشۈكنى ئادەم پاتقۇدەك قىلىپ چوڭايتىپ ئىچىگە كىردى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتۇرا ھال بىر ئېغىز ئۆي نامايان بولدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ يەرنى قېچىپ كېلىپ تۇرىدىغان ماكان قىلىش قارارىغا كەلدى. توغراقنىڭ ئەتراپى بۆك - باراقسانلىق بولۇپ، ئاي - يىللاپ ئادەم قەدەم باسمايتتى. ئادەملەر كېلىپ قالدۇ دېسە، پەقەت قىش كۈنلىرى ئوۋ ئوۋلاشنى نىيەت قىلغانلار ئاندا - مۇندا كېلىپ قالاتتى. بولمىسا بۇ يەردە ئادەمزاتنى كۆرمەك بەسى مۈشكۈل ئىدى.

ئۇلار بۇ جاينى ئۆي قىلىشنى باب كۆرۈپ بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، جابىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ يەردە ئارامخۇدا ياشاپ، ئۆز مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن يۇرتىدىن كېچىشنى خوپ كۆردى. ئۇلار بۇ جاينى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن قاتتىق رىيازەت چېكىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

سەئىدىن ئۆيىگە كىرىپ ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن تاماقنى ھۇزۇر بىلەن يەپ بولغاندىن كېيىن، نەچچە ۋاقتىن بۇيان كۆلكە يۇگۇرمىگەن چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرتۈپ شەھەرگە ساق - سالامەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ سەئىدىن پىلانلىرىنىڭ خېلى جايىدا مېڭىۋاتقانلىقىدىن خۇش ئىدى. ۋىسال ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئاشىق ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سەئىدىن ئۆزىنىڭ پىلانى ۋە بىر ھەپتىلىك پائالىيىتىنىڭ مەقسىتىنى ھەسەن ئارقىلىق رابىيەگە يەتكۈزدى. ھەسەندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، رەھىمسىز

دۇنيادىن دىلى سۇنغان رابىيەنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ۋىسال ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، تەكلىماكانغا كېتىپ سەئىدىن بىلەن بىرگە ياشاشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئاللادىن ئۆزلىرىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىدى.

## 11

جۇمە كۈنى چۈشتىن كېيىن، بالىلار تازىلىق قىلىپ بالدۇرلا بىكار بولۇپ كەتكەچكە، باتۇر ئادىل بىلەن كېلىشىپ توپ مەشىق قىلماقچى بولدى. ئادىل ۋاراتادا تۇرىدىغان بولغاچقا، ياتاققا بېرىپ پەلەي، تىزلىق قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ پۇتبول مەيدانىدا ساقلاپ تۇرماقچى بولۇپ كەتتى.

باتۇر سالامەت سوۋغا قىلغان «ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار» دېگەن كىتابنى نەچچە بەت ئوقۇغاندىن كېيىن سىنىپتىن چىقتى. كىتاب ئوقۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان باتۇر «سالامەت سوۋغا قىلغان كىتابتا نېمە دېيىلگەندۇ؟» دېگەن قىزىقىش سەۋەبىدىن بۇ كىتابنى ئوقۇشقا ئۆزىنى مەجبۇرلاۋاتاتتى. دەسلەپتە كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭغا تەس كەلدى. دىققىتى چېچىلىپ كەتتى، باشتا ئوقۇغىنىنى كېيىن ئۇنتۇپ قالدى، ئالدى ـ كەينى مەزمۇنلارنى باغلىيالمىدى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا كىتابقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇردى. كىتابتىكى جاھاندارچىلىق قىلىش ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلار، ئەمەلىي مىساللار ئۇنى ھەيران قالدۇردى. شۇڭا، بىكار بولسىلا كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەم ھەيران بولدى، ھەم «تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن» دەپ كۈلۈشتى.

باتۇر كىتابتا دېيىلگەن بىر مىسالنى ئويلىغاچ مەيدانغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ دەرەخلىك ئارىسىدىن پۇتبول مەيدانىغا قاراپ بۇرۇلۇۋىدى، خۇددى ساقلاپ تۇرغاندەك ئالدى تەرەپتىن سالامەت چىقىپ كەلدى. سالامەتنى كۆرگەن باتۇر ئىختىيارسىز خۇشلۇققا چۆمۈلدى.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سورىدى سالامەت ئىللىق بېقىپ.

— پۇتبول مەشقىگە، — دېدى باتۇر جايىدا توختاپ. ئۇ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق سالامەت بىلەن پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى بىئىختىيار ئىپادىلەپ قويدى. سالامەتمۇ شۇ خىيالدا تۇرغانمۇ، ئۇمۇ تەڭلا توختىدى. ئۇلار يولنىڭ چېتىگىرەك سۈرۈلدى.

— سىزنى ئىزدەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى سالامەت بىر ئىشنى ئۆتۈنىدىغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدىڭىز.

— نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى باتۇر سالامەتنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك ياخشى. مۇشۇنداق كۈنلەر بىز رەسساملار ئۈچۈن بەك ياخشى پۇرسەت. شۇڭا مەن شەنبە، يەكشەنبە كۈنىدىن پايدىلىنىپ سىرتقا چىقىپ رەسىم سىزىپ كېلەيمىكىن دېگەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باتۇر ئەندىكتى. سالامەت سىرتقا چىقىپ كەتسە ئۇنى نەچچە كۈنگىچە كۆرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى. ئەمما «ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى دەيدىغانغا مېنى ئىزدەيدۇ؟» دېگەننى قەتئىي ئويلىمىدى.

— نەگە؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى باتۇر.

— تۇيۇققا.

— تۇيۇققا؟ — ياندۇرۇپ سورىدى باتۇر، — ئۇ يەردە نېمە بار؟ شەھەر ئەتراپىغا بارسىڭىز بولمامدۇ؟

— سىزنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار، — دېدى

سالامەت، — ھازىر تۆيۈققا نۇرغۇن رەسسام ۋە فوتوگرافلارنىڭ كۆزى چۈشۈۋاتىدۇ. ھەر يىراق جايلاردىن نى - نى رەسساملار تۆيۈققا كېلىپ رەسىم سىزىشنى ئارمان قىلىشىۋاتىدۇ، شەرەپ ھېس قىلىشىۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى يەر تۇرۇپ بارمىسام بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇدەك. شۇڭا، پىراكتىكىغا مېڭىشتىن بۇرۇنقى بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ بىر بېرىپ كېلەي دەيمەن.

باتۇر كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— لېكىن سىزنى ئىزدەشتىكى مەقسىتىم ئۇ يەرگە بېرىشنى سىزگە دەپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، — دېدى سالامەت باتۇردىكى روھىي ئۆزگىرىشتىن سۆيۈنۈپ، — سىزنى تۆيۈققا بىللە بېرىشىپ بېرەمدىكىن دېگەن.

— ھە !؟

باتۇر بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى ۋە شۇنداقلا خۇش بولدى. لېكىن ئۇنى بىر غەم تاغدەك باستۇرۇپ كەلدى: «ئۇ يەرگە بارسام سالامەتنى خۇش قىلالايمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى ھەمدەم بولالايمەنمۇ؟» بۇ غەملەر تاغدىنمۇ ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ ئىقتىساد مەسىلىسى!

باتۇرنىڭ شۇنچىلىك بىللە بارغۇسى بولسىمۇ:

— سىز بىلەن بىللە بارسام قانداق بولۇر؟ — دېدى.

— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

— ئۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىماي دەيمەن.

— مەن سىزنى ئۇ يەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىڭ دېمىدىم. ماڭا ياردەملىشىسىز، تۇرمۇشىمدىن خەۋەر ئالىسىز، مېنى قوغدايسىز.

بۇ گەپلەر باتۇرغا شېرىن سېزىم ئاتا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىساد غېمى ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ جىم تۇرۇپ قالدى.

— بىللە بېرىڭ، بولامدۇ باتۇر؟
تىل قىسىنچىلىقتا قالغان باتۇر تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان «ماقۇل» دېگەن گەپنىمۇ ئېيتىشتىن قىينالدى.
— ماقۇل دەڭە باتۇر.
قىزنىڭ ئەركىلىشى باتۇرنى جېنىدىن كەچكۈدەك قىلىۋەتتى. لېكىن ئىقتىساد — پۇل دېگەن نەرسە ئۇنىڭ ئەركەكلىكىنى، ئاشىقلىقىنى بوغما يىلاندەك بوغۇپ تۇراتتى.
باتۇرنىڭ جىم تۇرغىنىنى كۆرگەن سالامەت دومسايدى.
— بارمىسىڭىز بوپتۇ. مەن تېخى سىزنى يېقىن دوست قاتارىدا كۆرۈپ، گېپىمنى يەرمايدۇ، دەپ ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن. شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يارىمىسىڭىز...
باتۇر تاقەت قىلىپ تۇرالماي:
— بارىمەن، — دەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلدى.
— ئەتە سائەت 10 لاردا ماڭايلى. شۇ ۋاقىتتا لۈكچۈنگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس بار ئىكەن.
— ماقۇل.
ئۇلار خوشلاشتى. قىز خۇشلۇقتا، يىگىت غەمدە ماڭدى.
شۇ تاپتا باتۇرنىڭ خىيالىدا پۇتبولنىڭ ئورنىغا پۇل ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ پۇتبول مەشقىنى ئۇنتۇپ، خىيال بىلەن يول بويىدا تۇرۇپ قالدى. «نەدىن پۇل تېپىش كېرەك؟» بۇ غەم ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇردى. بىر چاغدا مەيدان تەرەپتىن كەلگەن بىرىنىڭ «ئادىل سىنى ساقلاۋاتىدۇ» دېيىشى بىلەنلا پۇتبول مەشقى ئېسىگە ئېلىپ مەيدانغا كەتتى.
باتۇر پۇتبول مەيدانىغا بارغاندا، ئادىل تەق بولۇپ ئۇنى ساقلاۋاتقانىدى. باتۇردا سالامەت بىلەن بىللە بېرىش خۇشاللىقىمۇ، قانداق بېرىش غېمىمۇ بولغاچقا كەيپىياتى تازا تۇراقلىق ئەمەس ئىدى.

— قانداق، ئاشقلىق يامانمىكەن؟ — دېدى ئادىل كۈلۈپ. باتۇر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— مېنى بۇ يەرگە بۆيرۇپ قويۇپ ئۆزۈڭ جانانىڭ بىلەن خىلۋەتتە سىردىشىپ كېتىپسەنا.

— كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى باتۇر ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ.

— كۆرۈپقۇ قالمىدىم، بىراق خەۋىرىڭ كەلدى.

— كېلە، مەشىقنى باشلايلى.

— توختا، گەپنىڭ ئاخىرى چىقسۇن. سەن سالامەت بىلەن يۈرۈۋاتامسەن؟

— ياق.

— راست گەپ قىل.

— راست.

— بولمىسا ھە دېسە بىللە يۈرۈيسىلەر، كىنوغا، تاماققا بارىدىكەنسىلەر. بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشۇنچە ئالاھىدە بولسا...

— يېقىن ئۆتتۇق شۇ.

— يوشۇرغىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر ئاشكارا بولىدىغۇ. لېكىن، سالامەت بولىدىغان قىز. توغرا تالالاپسەن. ئۇ قىز دېگەن چىرايلىق، تىرىشچان، كەسپكە پىششىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق. سەن ئالىقاپ ئۇنىڭ چىرايىغا قىزىققانسەن. ئۇ قىزنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى تايىنلىق سېنىڭدەك بىر ئادەمنى يارىتىپ قالغىنى سېنىڭ تەلىيىڭ جۇمۇ. ئۇ قىزنى چىڭ تۇت.

باتۇر ئادىلنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىسىزلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— يا ئۇ قىز قوشۇلمايىۋاتامدۇ؟ ساڭا بىرەر پارچە شېئىر يېزىپ بېرەي، ئۇ قىزنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىپلىۋېتىسەن.

— ئالدىرىما، «ئاھ، ۋاھ» دەپ شېئىر يېزىپ، توپ تېپىپ

يۈرۈيدىغان سىنىڭدەك يالغان شائىرنى ئىشقا سالىدىغان ۋاقىتمۇ بوپ قالار.

— يازىدىغان ئىشقا مەن تەييار.

— ئەمدى هوشۇڭنى يىغىپ مەشىققە تەييارلان.

ئۇلار مەشىقنى باشلىدى. مەشىق شۇنداق ئوبدان بولدى. بۇ قېتىم باتۇر هە دېسە ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان، قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق قىلىدىغان، تىللاپ ئۆگىتىدىغان ئىشنى قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۆگىتىشتە شۇنداق ئەستايىدىل بولدى، تېپىش نۇقتىلىرىنى، توپ تېپىدىغان ئارىلىق بىلەن سۈرئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، توپ تېپىش بۇلۇڭلىرىنى ناهايىتى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى. ئادىل بۇنىڭدىن هەيران قالدى ۋە بۈگۈنكى مەشىقتىن هۇزۇر هېس قىلدى.

ئۇلار تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا باتۇر:

— ئازراق پۇل بېرىپ تۇره، جىددىي لازىم بولۇپ قالدى، — دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئادىل ئۇنىڭ پۇل سورىغىنىغا هەيران قالمىدى. ئەمما ئۇنىڭ پۇل سورىغاندىكى سىلىق تەلەپپۇزىغا هەيران قالدى. بۇرۇنلاردا ئۇ بۇنداق دەپ ئولتۇرماي «هوي، ئادىل، پۇل چىقىره» دەيتتى.

— قانچىلىك؟

— 50 كوي.

— هوي، نېمانچە جىق.

بۇرۇن باتۇر بەش كويدىن ئوشۇق پۇل سورىمايدىغان بولغاچقا ئادىل ئەجەبلەندى.

— بولسا بەرمەمسەن ؟

— بۇنداق ۋارقىرىساڭ نېمىنى بېرىدۇ.

— بولمىسا تېپىك يەيسەن.

— بايا ئۆگەتكىنىڭدەك پۇتۇڭنى توپنى تۇتقاندەك تۇتۇۋالمەن.

— چاقچاق بول.
— مەندە ئۇنچىلىك جىق پۇل يوق.
— مېنى جىلە قىلما.
— راست، 30 كوي بېرەي.
ئادىل شۇنداق دەۋېتىپ بىر نەرسىنى ئويلىدى ۋە:
— سەن راستىنىلا سالامەتكە ئاشىق بوپ قاپسەن. بۇ پۇلنى شۇ قىزغا خەجلەرسەن ھەقاچان؟ — دېدى.
— تولا گەپ قىلماي چىقىرە 30 كويۇڭنى.
— ئۇ ھەقىقەتەن يامان قىزكەن. سېنىڭدەك پىخسىقنى 30 كوي خەجلەتكۈدەك قىلىۋەتكەندىكەن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان باتۇر ھىجىيىپ قويدى.
كەچلىكى باتۇر ئارتۇقچە تەييارلىق قىلمىدى. پەقەت تەنھەرىكەت ئايىغىنى بىرەر قۇر سۈرتتى.
ئەتىسى سائەت 9 دىن سەل ئۆتكەندە ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچراشتى. سالامەتنىڭ قولىدا ئىككى سومكا، مۇرىسىدە رەسىم جازىسى، بويندا فوتوئاپپارات بار ئىدى. باتۇر قۇرۇق قول. يەنە كېلىپ شۇ كىيىملىرى بىلەنلا. سالامەت بوينىنى قىسىپ قويۇپ سومكىلارنى ئۇنىڭغا ئىشارە قىلدى.
— سومكا كۆتۈرۈپ چىققان بولسام، بۇ يۈكلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز كۆتۈرەتتىڭىز، — دېدى باتۇر سومكىلارنى كۆتۈرۈۋېتىپ. سالامەت باتۇرنىڭ تەنىسىنى چۈشىنىپ خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.
ئۇلار بېكەتكە يېتىپ بارغاندا، باتۇر سومكىلارنى قويۇپلا بېلەت سېتىش ئورنىغا قاراپ ماڭدى.
— بولدى باتۇر، مەن بېلەت ئېلىپ بولدۇم، — دېدى سالامەت سومكىسىدىن بېلەتنى چىقىرىپ.
— بۇ...
— مېنىڭ ئىشىمغا ماڭغاندىكىن... توغرا چۈشىنىڭ... كېلەر

قېتىم بولسۇن ـ ھە...

سالامەت باتۇرنىڭ بۇ ئىشىدىن خېلى سۆيۈنۈپ قالدى. باتۇرنىڭ ئوغۇلبالىلىقى تۇتقانىدى. «باشقىلاردىن سوراپ ئالغان پۇلۇمنى خەجلىيەلمەي بىر ئىش بولدىغۇ» دەپ ئويلىدى باتۇر ئىچى ئاچچىق بولۇپ.

ئاپتوبۇس قوزغالدى. سالامەت خۇشال ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېزىسى ئىدىقۇت تېغىنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان، بۇرۇن بۇ يولدىن تالاي قېتىم ماڭغان بولسىمۇ، بىراق بۇگۈن يول، يول بويىدىكى پاكار دەرەخ كۆچەتلىرى، يىراقلارغا سوزۇلغان ساي، جىرالىرى ئۆزگىچە مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدىقۇت تېغى، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرپان مۇنارى، يولغا يېقىن يەردىكى يېشىل بوستانلىق يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

يۈرەكلەر ھاياجان، خۇشاللىق ئىلكىدە ئويناقشىيتتى، شۇنداقلا شېرىنلىكمۇ بار ئىدى. ئەمما ھەر ئىككىيلەن جىم ئولتۇراتتى. ھە دېسە خىيالىغا كەلگەننى دەپ قويىدىغان باتۇرمۇ بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردى.

— سۇ ئىچىڭ، — دېدى جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشقان سالامەت سومكىسىدىن مىنېرال سۇ ئېلىپ. شۇندىلا بەك جىم ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان باتۇر:

— مەن تۇيۇققا بىرىپ باقمىغان. تۇيۇق قانداقراق يەر؟ — دەپ سورىدى سۇنى ئېلىۋېتىپ.

— مەنمۇ بىرىپ باقمىغان، پەقەت يۇرتقا قايتقۇچە يول ئۈستىدە كۆرگەن. مەندە بىر ماتېرىيال بار. ئۇنىڭدا تۇيۇق ھەققىدە چۈشەندۈرۈشلەر بار ئىكەن. مەڭ، كۆرۈپ بېقىڭ.

سالامەت بىر كىتابچىنى باتۇرغا سۇندى. باتۇر تېزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى:

«تۇيۇق — پىچان ناھىيەسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جىلغا ‹تۇيۇق چوڭ

جىلغىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جىلغا ھازىر تۇرپان ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئېچىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساياھەتچىلەرنى بارغانسېرى جەلپ قىلماقتا.

تۇيۇق جىلغىسى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ سىرلىق تۇسكە ئىگە جاي. 19 ـ ئەسىردىن بۇيان، بۇ جاي رۇسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. بۇ جايدا چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە تاشلار، جىلغا ئىچىنى بويلىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە 16 بەگلىك دەۋرىدە قېزىلغان تۇيۇق مىڭئۆيلىرى، ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مەسچىت، يەنە بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار. ھەيۋەتلىك جىلغا، ئۇزۇن تارىخ، قويۇق مەدەنىيەت تۇسى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەھەللىسى، ئۇزۇن مەنبەلىك سېرىق تۇپراق مەدەنىيىتى، ياپيېشىل تەكزارلىق مەنزىرىسى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ سىرلىق، ئۆزگىچە، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

تۇيۇق يېزىسىنىڭ مازاركەنتى تۇيۇق جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەنتى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك داڭلىق كەنت. بۇ كەنت يېشىل مۇنارلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتنى چۆرىدەپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق ئائىلە بار. بۇ كەنتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

ھازىر بۇ يەرگە ھەر يىلى نۇرغۇن ساياھەتچىلەر، زىيارەتچىلەر، كىنو ـ فىلىم ئىشلىگۈچىلەر، رەسساملار، فوتوگرافلار كېلىپ، تۇيۇقنىڭ ئۆزگىچە مۇھىتىدىن يېڭى ئىلھاملارنى ئېلىپ قايتىشماقتا.»

— ھوي، بۇ يەردە كىنومۇ ئىشلىنىپتۇ ـ دە، — دېدى باتۇر ھەيران بولۇپ.

— مانا تۇرمامدۇ، — دېدى سالامەت كىتابچىنىڭ كەينى بېتىنى ئېچىپ، — قاراڭ، «قاراقچى بىلەن قاراقۇ»، «خۇشال زامان»، «يالقۇنتاغدىن كەلگەن داپچى بالا» دېگەن كىنولار ئىشلىنىپتۇ.

— هوي، تۇيۇق شۇنچىۋالا كاتتا يەرمىدۇ؟ تۇيۇققا بارغانچە قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن.

— بارغاندا بىلىسىز.

لۈكچۈننىڭ ئاپتوبۇسى ئۇلارنى يول ئۈستىدە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار چۈشۈپ قالغان يەر كىچىك بازار بولىدىغان ئۈچ ئاچا يول بولۇپ، ئۇدۇلدىكى كىچىك قاراماي يول ئىدىقۇت تېغى تامان سوزۇلغانىدى. يولغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان مەسچىت يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىز رەسىم سىزىدىغان جاي ئاشۇ تاغنىڭ باغرىدا، — دېدى سالامەت ئاڭلىۋالغىنى بويىچە چۈشەندۈرۈپ.

— ئۇ يەرگە قانداق بارىدۇ؟ — دېدى باتۇر يىراقلارغا كۆز تىكىپ.

— بۇنى مۇئەللىم دەپ بەرگەن.

سالامەت شۇنداق دېگەچ يولدا كېلىۋاتقان بىر ئۈچ چاقلىق تىراكتورنى توستى. بۇنداق تىراكتور باتۇرلارنىڭ مەھەللىسىدىمۇ بار ئىدى. بۇنى دېھقانلار ئاساسەن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا ئىشلىتەتتى. بىراق بۇ تىراكتور پاكىزە بولۇپ، كوزۇپنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن ئورۇندۇق ئورنىتىلغانىدى.

— نەگە؟ — دېدى تىراكتورچى.

— مازار ئالدىغا، — دېدى سالامەت، — قانچە پۇل؟

— بىر ئادەم بىر كوي.

ئۇلار تىراكتورغا چىقىشتى.

— كىرا قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

— ھەئە.

— يەرلىك تاكسى ئىكەندە. بولىدىكەن.

مەھەللە بويلاپ ماڭسا يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئۆجمە دەرىخى ئىدى. مەھەللىدىن چىققان يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئۈزۈملۈك، يول بويلىرىدا چوڭ ـ كىچىك چۈنچىلەر يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بۇلارغا قاراپ باتۇر: «نىمە جىق ئۈزۈمدۇ بۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭدى. سالامەت ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە، بولۇپمۇ قەدىمىي پاسوندىكى ئۆيلەرگە تويماستىن قارايتتى.

تىراكتور بىر داۋانغا كەلگەندە ئوتى ئۆچۈپ قالدى. تىراكتورچى خېلى قېرىشىپمۇ تىراكتورنى ئوت ئالدۇرالمىدى.

— ئۆكىلىرىم، — دېدى تىراكتورچى بېشىنى تاتىلاپ خىجىللىقىنى ئىپادىلەپ، — سەنلۇچەي ئوت ئالمايۋاتىدۇ، بايىلا ساق ئىدى بولمىسا... كېلىپمۇ قالغان... مۇشۇ دۆڭدىن چىقىپ ئۆڭغا بۇرۇلسىڭىزلارلا باراتتىڭىزلار...

بۇنى ئاڭلىغان باتۇرنىڭ چىرايى ئۆڭدى:

— ئاكاۋوي...

بىراق سالامەت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى:

— كېرەك يوق. ئۇنچىلىك يولنى...

سالامەت شۇنداق دەپ ئىككى سومكىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن باتۇر نېمىنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي قىزنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى ۋە سومكىغا قول ئۇزاتتى. بىراق سالامەت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ خاپىلىقىنى بىلدۈردى.

— ئاپا!

سالامەت قورقۇنچلۇق ۋارقىراپ قولىدىكىلەرنى تاشلاپ باتۇرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. چۆچۈپ كەتكەن باتۇر «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئالدىغا قاراپ كۈلۈپ تاشلىدى. ئەسلىدە سالامەت بىر قوڭغۇزدىن قورقۇپ كەتكەنىدى. ئادەملەر قىزىق، ھەر بۆرە ئىتلاردىن قورقمايدىغانلار قوڭغۇزدىن، قۇرتتىن قورقىدۇ. ئادەمنىڭ قورقۇش پسىخىكىسىنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس.

— مەندىن قورقماي سىلكىپ يۇرۇيسىزۇ، شۇ قوڭغۇزدىن قورقتىڭىزمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت «ساراڭ» دەپ، كۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئوڭشىلىپ پاراڭغا چۈشتى.

دەرۋەقە، داۋاندىن چىقىپلا دەرەخلەر بۈك - باراقسان بولۇپ كەتكەن مەھەللە كۆرۈندى. ئاندىن مەھەللە يولى ئىككىگە ئايرىلدى. قاياققا مېڭىش كېرەك؟

بىر ساپاق ئۇزۇمنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇزۇم دانچىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئاغزىغا چۈشۈرۈپ يەپ كېتىۋاتقان بىر بالا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن شوخ بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقى باتۇرنىڭ كۆزىگە سىغمىدى.

— يول سوراپ باقايلى، — دېدى سالامەت.

باتۇر ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى:

— ھەي شۇم...

سالامەت ئۇنى سىلكىشلىدى:

— باتۇر!

ئاڭغۇچە بالا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ باتۇرغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. شۇندىلا باتۇر ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى — سالامەت ئاگاھلاندۇرغان سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— چاقچاق قىلىپ قويسام خاپا بولۇپ كەتكىنىنى مانىڭ، — دېدى باتۇر ئۇ بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇزۇمىدىن بىر تال يېگەچ، — بۇ ئۇزۇم تۇرپاندىكى ئۇزۇمدىن تاتلىق ئىكەن.

ماختاشنى ئاڭلىغان بالىنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

— دەپ بېرە ئۇكەم، مازار ئالدىغا قايسى يول بىلەن ماڭىدۇ؟

بالا قولى بىلەن ئوڭ يولنى ئىشارەت قىلدى.

— رەھمەت، — دېدى سالامەت.

— ساڭا ئوبدان بىر رەھمەت ئېيتاي.

باتۇر شۇنداق دەپ ئارقىغا نەچچە قەدەم داجىدى. سالامەت بىلەن

بالا ئۇنى نېمە قىلىدىكىن دەپ قاراپ تۇردى. باتۇر يۈگۈرۈپ كېلىپ يەردە ئىككى موللاق ئاتتى ۋە قاڭقىپ چىقىپ بوشلۇقتا بىر موللاق ئاتقاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ قولىنى قاقتى. بۇنى كۆرگەن سالامەت زوقلىنىپ كۈلدى. بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ئۇيىيۇ، ئەجەب يامانكەن، — دەۋەتتى.

ئۇلار يولىغا مېڭىۋىدى، بالا سالامەتنىڭ مۇرىسىدىكى رەسىم جازىسىنى كۆرۈپ:

— داۋۇ [1] ئېرىقىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە رەسىم سىزىدىغان ئوبدان ئۆيلەر بار، — دېدى. باتۇرنىڭ موللاق ئېتىشىغا ھەيران قالغان بالا ئۇلارغا بولغان كۆڭۈل مايىللىقىدىن شۇنداق دەۋاتاتتى.

— كەچۈرۈڭ سالامەت، — دېدى باتۇر.

— مانا كۆردىڭىز، ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋىدىڭىز، بالا يولنىلا ئەمەس، بارىدىغان جايىنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى. تاس قالدىڭىز، بايا كىراكەشنى رەنجىتىپ قويغىلى. مېنىڭ دەۋاتقان گېپىم شۇلا: باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ.

باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار كەچكىچە ئايلاندى. قەدىمىي كوچىلار، كونا پاسوندىكى ئۆيلەر، جىلغا ئىچىدىكى مىڭئۆيلەر، سېھىرلىك رىۋايەتكە بۆلەنگەن ئەسھالبۇلكەف، مېھماندوست، ئوچۇق مىجەزلىك كىشىلەر ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

— كەلگىنىم ھەقىقەتەن توغرا بوپتۇ، — دېدى سالامەت قايىللىق بىلەن، — بۇ يەر سەنئەتكارلارنىڭ ماكانى ئىكەن. ھەقىقىي قەدىمىي ماكان ئىكەن.

ئۇلار ياتىدىغان يەرنىڭ غېمىنى قىلغاندا باتۇر تەمتىرەپ قېلىپ:

— بىزدىن بۇرۇن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەتكەن بىر بالىنىڭ

[1] داۋۇ — تۇرپان شېۋىسى، ئاۋۇ دېگەن مەنىدە.

ئۆيى مۇشۇ تۇيۇقتا بولىدىغان. «ئۆيىمىز مازارغا يېقىنلا» دېگەندەك قىلىۋىدى، شۇنى ئىزدەپ باقاي، — دېدى.

— بولدى، — دېدى سالامەت، — مەن مۇئەللىمدىن ئۇقۇشۇپ بولغان. بۇ يەردە رەسساملارغا، فوتوگرافلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان مەخسۇس ئائىلىلەر بار ئىكەن. شۇلاردىن بىرەرنى تاپىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باتۇر ھەيرانلا قالدى. ئۇلار شۇ پاراڭ بىلەن كېتىۋاتقاندا، تونۇر بېشىغا ئوتۇن دۆۋىلەۋاتقان بىر ئايال:

— قونامسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار بېشىنى لىڭشىتتى.

— داۋۇ يوغان جۇجەمنىڭ يېنىدىكى ناسىر بوياقنىڭ ئۆيى. رەسىم سىزىدىغانلار ئۇنىڭ ئۆيىدە ياتىدۇ.

ئۇلار بۇ ئايالغا رەھمەت ئېيتىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئايال يەنە ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك يېتىپ قوپۇشى، تامىقى 25 كوي. بىلمىگەنلەرگە ئۆزرە دەۋالىدۇ. ئۆيىدە قونىدىغان رەسىم سىزىدىغانلار كۆپىيىۋىدى، ئەسكىرىۋالدى...

ئۇلار بۇ ئايالنىڭ ساددىلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكىگە مەستلىكى كېلىپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

بۇ ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى مەخسۇس قونالغۇ قىلىپ جابدۇلغان بولۇپ، پۈتنى يۇيۇۋاتقان ئىككى خەنزۇ فوتوگراف بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۆي ئىگىسى ناسىر رەسساملارغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ قولى بوياق پېتى يۈرۈيدىغان بولۇپ قالغاچقا «ناسىر بوياق» دەپ ئاتالغانىدى.

— سىزلەر...

ناسىر بوياق ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— بىز ئوقۇغۇچى، — دېدى سالامەت ئالدىراپ.

— ئۇنداق بولسا سىز، قىزىم بىلەن ئۆيدە يېتىڭ. يىگىت ئارىلىقنىڭ تۆر تەرىپىدە ياتسۇن.

ناسىر بوياقنىڭ «ئارىلىق» دېگىنى قورۇ ئىچىدىكى ئۈستى

ئوبدان يېپىلغان ئىچ قورۇ ئىدى.

باتۇر تولا مېڭىپ چارچىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋۇجۇدىدا بىر خىل شېرىنلىك بار ئىدى. شۇ شېرىنلىك ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇنى قاچۇردى. ئۇ بۈگۈنكى سەپەردىن بىر خىل مېھرىبانلىقنى، يېقىنلىقنى، كۆڭۈل توقلۇقنى ھېس قىلدى... ئۇ ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇنغا سوزۇلغان خىيالدىن كېيىن: «سالامەت، مېنى باشقىچىلا بىر ئادەم قىلىپ قويدىڭىزغۇ» دەپ پىچىرلىدى.

ناسىر بوياقنىڭ قىزى كىتابخۇمار قىز ئىكەن. شۇڭا، سالامەت ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئۈلمەس ئۆمەربېكنىڭ «ئادەم بولماق قىيىن» ناملىق رومانىنى ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇ رومان توغرۇلۇق، شۇنداقلا يەنە كەرىمە نادىرنىڭ «ئۆكسۈش»، «ئۇيقۇسىز كېچىلەر» ناملىق رومانى ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتى. شۇ ئارىدا قىز ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ــ دەردىنى سۆزلەپ بەردى. قىز خالىمىسىمۇ ئاتىسى باي ئائىنىسىنىڭ ئوغلىغا بېرىش ئۈچۈن چېيىنى ئىچۈرۈپ قويۇپتۇ. قىز باشقا بىرىنى خالايدىكەن. ئەمما بۇنى ئاتىسىغا دېيەلمەيدىكەن. سالامەت بۇ قىزنىڭ ھەسرىتىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدى. بۇنى ئويلا ــ ئويلا سالامەتنىڭ كۆزى نەملەشتى. «بۇ قىزغىمۇ ئامال يوق ئىكەن؟ ماڭىچۇ؟» ئەلەم سالامەتنىڭمۇ يۈرىكىنى ئەزگەندەك بولدى.

ئەتىسى ئۇلار ئەتىگەن تۇرۇپ ئايلىنىشقا ماڭدى.

ــــ رەسىم سىزامسىز؟

ــــ رەسىمنى چوقۇم سىزىمەن. لېكىن ھېچ ئىلھامىم كەلمەيۋاتىدۇ. سېزىمىلىرىمدە بىر نەرسە ئويغاندى. لېكىن كۆزۈمگە روشەن بولمايۋاتىدۇ.

ــــ ئەمدى نەگە بارىمىز؟

ــــ شەرق تەرەپتە «بارات تاغ» دەپ بىر تاغ بار ئىكەن. ئۇ يەردىن تۈيۈقنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. شۇ يەرگە بارايلى.

ئۇلار سەھەردىكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىغا چۆمۈلگەنچە «بارات تاغ» دەپ ئاتالغان كىچىك تاغقا ياماشتى.

بۇ يەردىن تۇيۇقنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. تۇيۇق دائىرە جەھەتتىن ئىدىقۇت تېغى شەرق - غەرب تەرەپتىن تۇتاشقان تاغنىڭ جىلغىسىغا قاپسىلىپ تۇرىدۇ. ئادەمگە بىر خىل بېكىنمە ھالدا تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. مەنزىرە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تۇيۇقنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي يېشىللىق. بۇ يېشىللىق ئادەمگە چىڭقىلىپ تۇرغان ھاياتلىقنى — ھاياتىي كۈچنى ئەسلىتىدۇ.

— تۇيۇق بىر پارچە يېشىل بوستانلىق ئىكەنغۇ، — دېدى باتۇر چەكسىز كەتكەن بوستانلىققا ھەۋەسلىنىپ، — قاراڭ، ھەممىسى ئۈزۈم ئىكەن. ئازراقمۇ بىكار يەر يوق ئىكەن. شۇنچىۋالا چوڭ ئۈزۈمزارلىقتىن چىققان ئۈزۈم قانچىلىك جىقتۇ - ھە؟

سالامەت كۆز ئالدىدىكى يىراقلارغا سوزۇلغان يېشىل زېمىنغا قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

— مەن ئاخشامقى قىزنى ئويلاۋاتىمەن. ئۇنىڭغا چەكلىمە شۇنچە كۆپ ئىكەنۇ، ئىچكى دۇنياسى شۇ قەدەر پاك، شۇ قەدەر باي، شۇ قەدەر جانلىق ئىكەن. ھېسسىياتى ئىچىگە پاتماي تۇرىدىكەن. خۇددى مۇشۇ بوستانلىقتەك، مۇشۇ بوستانلىقتىكى ئادەملەردەك. ئۇلار ئىدىيەسىدىكى قاتماللىقتىن قۇتۇلۇپ جاھانغا نەزەر سېلىشى كېرەك.

باتۇر سالامەتنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالدى. شۇنداقلا چۈشەنگەندەكمۇ قىلدى - يۇ، لېكىن يەنىلا تولۇق چۈشىنىپمۇ كېتەلمىدى.

— مەن نېمىنى سىزىشنى بىلدىم، — دېدى سالامەت ھاياجانلىنىپ، — مەن ئاشۇ قىزنى سىزىمەن...

گەپنى يۇتۇۋەتكەن سالامەت ئىچىدە بايىقى گېپىگە ئۇلاپ: «يەنە ئۆزۈمنىمۇ سىزىمەن» دېدى.

— قايتايلى، — دېدى سالامەت. ئاندىن فوتو ئاپپاراتىنى تەق قىلدى، — خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشەيلى. مەن سىزنى باشتا تارتىپ قوياي.

باتۇر ئەتىگەنلىك شامالدا چۈۋۈلغان چېچىنى ئوڭشاشنىمۇ ئۇنتۇپ ئاپپاراتقا يۈزلەندى. سالامەت سومكىسىدىن تارغاقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— سۇمبۇل چاچلىرىڭىزنى تارىۋېلىڭ.

باتۇر بۇ گەپتىن باشقىچىلا بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ چېچىنى تاراپ تەييار بولدى...

ئۇلار تاغدىن چۈشۈۋاتقاندا سالامەت:

— ئۇزۇن چېچىڭىز رەسىمگە چۈشۈشكە تاقاشتى - ھە؟ — دېدى.

باتۇر چېچىنى بىر قەدەر ئۇزۇن ئۆستۇرۇپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، مۇسابىقىگە چۈشكەندە بوغۇپمۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ چېچى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىغاچقا، كۆپ دەشنام، تەنقىد ئىشىتتى. ئەمما ئۇزۇن چېچىنى ئۆز كۆڭلىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى قىلىۋالغان باتۇر، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ھەتتا ئۆگەي ئانىسى «ئاناڭ سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقاندۇ؟» دەپ دۆشكەللەپمۇ گېپىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، «ئەرگە بېرىۋېتەرمەن بولمىسا» دەپ ئاچچىق يۇتۇپ بولدى قىلغانىدى. تولا گەپ قىلغان مۇئەللىملەرمۇ «توپ تېپىدىغانلار شۇنداق چېغىۋا» دەپ بولدى قىلىشقانىدى.

باتۇر چېچىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

— تولا ماڭا ئارىلىشىۋالدى دەپمۇ ئويلاپ كەتمەڭ. مەن دەيمەن: رەسساملار چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋېلىشى، يا غەلىتە بويىۋېلىشى كېرەكمۇ؟ پۇتبولچىلار چاچلىرىنى غەلىتە

ياستۇقىنىڭ پوچۇق يېرىنى شۇ يەرگە توغرىلاپ ياستۇقنىڭ بېشىغا قويۇپ... ياستۇقىنى شىپاڭلاپ ياستۇقنىڭ

ياستىقىلىشى شەرتمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ رەسسامنىڭ، يا توپچىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. ئويلاپ باقايلى، چىچىنى چىرايلىق ياستىۋالغان ھەر داڭلىق رەسسام، داڭلىق پۇتبولچىلار بار. ئۇلارنىڭ چېچى ئۇلارنىڭ «رەسسام»، «پۇتبولچى» ئاتىلىشىغا ھېچقانداق توسالغۇ بولمىغان. بەزىلەر ساددا ئويلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولمىغان بىئەپ ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.

چاچ ھەققىدىكى گەپلەر باتۇرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگۈسى كەلمەي جىم بولۇپ قالدى. سالامەت ئۇنىڭغا سەپسېلىپ:

— بۇ گەپلىرىمدىن خاپا بولماڭ. سىزنى يېقىن كۆرۈپ شۇنداق دەۋاتىمەن. ئەڭ مۇھىمى، باتۇر، مەن سىزنىڭ نورمال سىياقتىكى پۇتبولچى بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى.

سالامەتنىڭ بۇ گېپى باتۇرغا ئارام بېغىشلاپ، بايىقى دىل غەشلىكىنى يوقاتقاندەك بولدى. لېكىن ئۇ يەنىلا پەرىشانلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ئەمما سالامەت بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆز گېپىنى قىلىپ كېتىۋەردى.

ئۇلار ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سالامەت رەسىم سىزىدىغان مەنقۇلاتلىرىنى ئېلىپ مەھەللىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئاندىن بىر قەدىمىي كوچىنىڭ دوقمۇشىنى تاللاپ رەسىم سىزىشقا تۇتۇندى.

باتۇر تېخىچىلا سالامەتنىڭ چاچ ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. بۇ گەپلەرگە تۇرۇپ خاپا بولغۇسى كەلسە، تۇرۇپ توغرىدەكمۇ ھېس قىلاتتى. «نېمىشقا ھەممە ئادەم مېنىڭ بۇنداق چاچ قويۇشۇم بىلەن قالىدىغاندۇ؟» دەپمۇ ئويلايتتى.

— ھە، سۇمبۇل چاچ، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ ئىچىڭىز پۇشتىمۇ؟ مەڭ، ئوقۇڭ.

سالامەت شۇنداق دېگەچ «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنى ئۇنىڭغا سۇندى. سالامەتنىڭ گەپ قىلىشىدىن بايىقى چاچ ھەققىدىكى گېپىنىڭ

توغرىلىقى چىقىپ تۇراتتى.

كاللىسىدىكى زىددىيەتلىك خىيالار تۈپەيلى تىلى گەپكە بارمايۋاتقان باتۇر ژۇرنالنى ۋاراقلاپ يۇمۇرلارنى ئوقۇدى. ئاندىن بىر قىسقا ماقالىنى ئوقۇدى. ماقالىدە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«بىر يىگىت سوقراتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بەزى كىشىلەر مېنى بىر نەرسە دەپ ھېچ ئارامىمدا قويمايۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست گەپ قىل، ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ سوقرات.

— ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ ئاساسى يوق.

— ئۇنداق بولسا مەن سەندىن بىر مەسىلىنى سوراي: ئەگەر بىراۋ ساڭا سوۋغات بەرسە، سەن سوۋغاتنى قوبۇل قىلمىساڭ، سوۋغات كىمگە تەئەللۇق بولىدۇ؟

— ئەلۋەتتە سوۋغات بەرگۈچىگە ـ دە.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ بىل.»

بۇ ماقالىدە ئىپادىلەنگەن ئەقلىي يەكۈنگە ھەيران قالغان باتۇر، ژۇرنالنى داۋاملىق ئوقۇشقا باشلىدى. ژۇرنالدىكى قىسقا، مېغىزلىق ماقالىلەر باتۇرنى جەلپ قىلىۋالدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئەسلىگە كېلىشكە، نورماللىشىشقا باشلىدى.

سالامەت سىزىۋاتقان رەسىمنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەنىدى. باتۇر ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى.

مەھەللىدىن كۆزنىڭ ھىدى كېلەتتى. تەك شۆگىلىرى (ئۈزۈم تالىلىرى) يىغىلىپ تۈپ بېشىغا يۆمىلاق قىلىپ يۆگەلگەن، تەكلەرنىڭ قىر بويلىرىدا بالىلار قوي باققاچ ئوتتۇن تەرمەكتە؛ قېرى جۇجەملەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، ھويلىلاردىكى بەزى باراڭلاردا شىرنىسىغا تولغان ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ كۆزنىڭ يېغىنى يەپ، ئېغىزلارغا سىرىق سۇ

كەلتۈرىدۇ. توپىلىق يولدا، تەكلەرنى چاتاشتىن چىققان شاخلارنى (غول شۇڭلارنى) باسقان ھارۋىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. توپتىن قېچىپ كەتكەن قويلار ھەريان ئۆركۈپ يۈرۈيدۇ. لىققىدە ئۈزۈم ئېسىلغان چۈنچىلەرنىڭ ئالدىدا بوۋايلار يەرگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانچە ئۈزۈمنىڭ بۇ يىلقى باھاسى ئۈستىدە پەرەز قىلىشىدۇ... مانا بۇلار قەدىمىي كوچىلار مەھەللىسىنىڭ كۆز پەسلى.

باتۇر ئۆز مەھەللىسىگە كېلىپ قالغاندەك بولدى. بىراق تۇيغۇسى ئوخشىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز مەھەللىسىدە خۇدۇكسىرەپ، ئەندىشىدە يۈرەتتى. بۇ يەردە بولسا كۆز مەنزىرىسىگە ئازادە كەيپىياتتا، مەپتۇنلۇق بىلەن نەزەر سالدى، ۋۇجۇدىنى خۇشلۇق چۇلغىدى.

ئەركىن نەپەس ئېلىپ، يېنىكلىشىپ قالغان باتۇر، سالامەتنىڭ قېشىغا كېلىشىگە ئۇ:

— ھەي، سومبۇل چاچ، تولا ھاڭۋېقىپ يۈرمەي، بېرىپ تاماق ئەكېلىڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

— نېمە، مۇشۇ يەردە يەمسىز؟

— ھەئە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ.

باتۇر سالامەتنىڭ ئەپلىككىنە تاماق قاچىسىنى ئېلىپ ناسىر بوياقنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

سالامەت سىزىۋاتقان رەسىمگە زوقلىنىپ قاراپ - قاراپ قويغىنىچە، ئوخشىغان پولونى مەززە قىلىپ يېدى.

باتۇر رەسىم جازىسىغا قاراپ قەدىمىي كوچىدا تۇرغان بىر قىزچاقنىڭ رەسىمى سىزىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

سالامەت تاماقنى يەپ بولۇپ، يەنە سىزىشقا تۇتۇندى. «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنى تولا ۋاراقلاپ، ئۇنى - بۇنى خىيال قىلىپ ئىچى پۇشۇپ قالغان باتۇر، كەنت قورۇسىغا كىرىپ كىچىك باللارنىڭ ۋاسكېتبول ئوينىشىغا قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇلار دەم ئالغان ۋاقىتتا، ۋاسكېتبولنى پۇتىنىڭ ئۇچىدا تېپىپ ساناپ

باللارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مىللىك قىلدى.

توڭ ئۆزۈن، كۆن قىسقا مەزگىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر تاغ جىلغىسى بولغاچقا، كۈن تاغ كەينىگە ئۆتۈشىگە گۇگۇم يېيىلغىلى تۇردى.

— پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

— ئاساسەن پۈتتى. رەڭ جەھەتتە تەڭشەيدىغان ئىشلارنى مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن يەنە ئوڭشايمەن. ئەمدى قايتىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

— مەلىكىنى ئېلىپ كېتىدىغان مەپىنى تەييار قىلىپ قويدۇم.

«سۇمبۇل چاچ» دېگەن گەپ بىلەن چىرايى تۇتۇلۇپ قالغان باتۇرنىڭ ئەمدىلىكتە ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سالامەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان باتۇرنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن قەستەنگە پىسەنت قىلمىغان بولۇۋېلىپ، باتۇرنى ئۆز - ئۆزىنى بىلىشكە قىستىغانىدى. مانا مەلۇم بولدىكى، سالامەت مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

دەرۋەقە، كەيپىياتى خېلى ئوڭشىلىپ قالغان باتۇر، باياتىن بېرى بىكار يۈرمەي، مازار ئالدىدىكى ئۈزۈم سودىسى قىلىدىغان باللار بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرىنىڭ ماشىنىسىدا قاراغۇجىغىچە بېرىۋېلىشقا دېيىشىپ قويغانىدى.

سالامەت رەسىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. باتۇرمۇ كېلىپ قارىدى.

— رەسىمگە نېمە دەپ ئىسىم قويدىڭىز؟

— رەسىمنىڭ ئىسمى «قەدىمىي يۇرتتىكى ھەسرەت». قانداق، بوپتىمۇ؟

— نېمىشقا مۇنداق ئىسىم قويدىڭىز؟

— كېيىن دەپ بېرەي.

باتۇر رەسىمگە قىزىقىپ تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭدا قەدىمىي كوچىدا تۇرغان، بېشىغا ئارتقان ياغلىقى يۈزىنىڭ بىر

تەرىپىدىن باشلاپ ئېتىكىنى يېرىم يايپان بىر قىز سىزىلغانىدى. رەسىمدە قىزغۇچ رەڭ ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قىز، كونا ئۆي، كوچا، يول، ئاسمان، قىزنىڭ ياغلىقى، ھەتتا دەرەخمۇ قىزغۇچ ئىدى. شۇڭا رەسىمنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئادەمگە قىزغىنلىق، قايناق ھاياجان تۇيغۇسى بېرەتتى. قىزنىڭ كۆزىدىن ھەسرەت، مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چوڭ ـ چوڭ قارا كۆزى، تومۇ، قارا قېشى قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇنداقتا بۇ گۈزەل قىزغا بۇنچىلىك ئازاب نەدىن كەلدى؟ تار كوچا، دەز كەتكەن ئېگىز تام، چەپرەس تاقاق بېكىتىلگەن پەنجىرە، شادىلىرى سۇنۇپ كەتكەن ئىشىك ئادەمدە بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق سېزىمى پەيدا قىلاتتى. ئەمما كونا ئۆينىڭ كەينىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ياشىرىپ تۇرغان دەرەخ، تار يولنىڭ شەپەق قىزارتىۋەتكەن ئۇپۇق تامان سوزۇلۇشى ئادەمگە ئۈمىد، تەلپۈنۈش بېغىشلايتتى.

— دەردى بار قىزدىن بىرنى سىزىپسىزمۇ ـ نېمە؟ — دېدى باتۇر قىزنىڭ چىرايىغا يېنىش ـ يېنىش قاراپ.

— شۇنداق، دەردى بار قىزنى سىزدىم، قايتايلى.

قايتقۇچە ئۇزۇم باسقان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئادەم بولغاچقا، ئۇلار ئارتۇقچە گەپ قىلىشمىدى. قاراغۇجىدا پىچاندىن كەلگەن ئاپتوبۇسقا چىققاندا چارچاپ قالدىمىكىن، سالامەت مۈگدەپ قالدى.

مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، باتۇر سومكىلارنى سالامەتكە سۇندى. سالامەت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— مەن چېچىمنى ياستىپ كىرىپ كېتەي.

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت رازىمەنلىك بىلەن يېقىملىق كۈلدى:

— چاققانراق بولۇڭ. كەچلىك مۇزاكىرە باشلىنىپ كېتىپتۇ.

رەسىم سىنىپىنىڭ بالىلىرى كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتناشماي رەسىم سىزىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا كۆرۈشەلمىدى.

ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ ياتقان باتۇر ھەرقانچە قىلىپمۇ سالامەتنى كۆز ئالدىدىن نېرى قىلالمىدى. ئۇنىڭ تاتلىق كۈلكىسى، شېرىن گەپلىرى، ئەركىلەشلىرى، ھەتتا تەنە سۆزلىرىمۇ باتۇرنىڭ پىكرى ـ خىيالىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

باتۇرغا كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، تۇرمۇشىدا بىر نەرسە كەمدەك، كۆز ئالدىدىكى مەلۇم نەرسە ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۇ نەرسە ئەسلىدە...

ئۇ سالامەت ئىكەن !

باتۇر سالامەت سەۋەبلىك شۇنداق ھالغا دۇچار بوپتۇ.

«قارىغاندا مەن سالامەتكە ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.» بۇ ئوي باتۇرنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى.

سالامەت رەسىم تاختىسىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. رەسىمدىكى قىز ئاستا ـ ئاستا سالامەتكە ئايلاندى. سالامەتنىڭ كۆزى نەملەشتى: «باتۇر، باتۇر بولۇپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. باتۇر بولۇپ مېنى قۇتقۇزۇڭ!»

*تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،*
*سۈزۈپ ئىچەر يەر بارمۇ؟*
*نازۇك باشىغا كۈن چۈشتى،*
*ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟*

## K

ياقۇپباي جابىر بىلەن كېلىشىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە رازىلىق بەردى. ھەممە نەرسىسى تەل جابىر ناھايىتى تېزلا تويغا تۇتۇش قىلىپ، رابىيەنى ئەمرىگە ئېلىشقا ئالدىرىدى.

بۈگۈن جابىر بەگنىڭ باغ ۋە ھويلىسى تولىمۇ ئاۋاتلىشىپ

كەتكەن، ئۆي، ھويلا تولىمۇ رەتلىك ۋە چىرايلىق تۈزەشتۈرۈلگەنىدى. ھەممە ئۆي ۋە باغدىكى كۆلنىڭ يېنىدىكى راۋاقچە قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆي ئىچى ۋە باغلارغا ئەتلەستىن تىكىلگەن كۆرپىلەرنى سېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سازەندىلەر باغقا راسلانغان راۋاقتا بىر - بىرلەپ سازلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىشمەكتە ئىدى. سازچىلار ئويۇن خۇمار بولغاچقا كېلە - كەلمەيلا ئورۇن ئېلىپ، سازلىرىنى تەڭشەپ چېلىشقا باشلىدى. ساز ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇنىڭ بىلەن جابىر بەگنىڭ ھەيۋىسىمۇ ئاشتى. باغنىڭ كەينىدە قاسساپلار پىچاقلىرىنى بىلىشىپ، توي ئۈچۈن ئاتالغان قوي - كاللىرىنى سويماقتا ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بۈگۈن جابىرنىڭ تويى، سەئدىن بىلەن رابىيەنىڭ كۆز ياشلىق ماتىمى ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن باغ ۋە ھويلىغا ئادەم لىق تولدى. نەغمىچىلەر تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىشتى. سازچىلارنىڭ ھاي - ھايلىرى بىلەن ئوتتۇرىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن كىشىلەرنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى بىرلىشىپ، بۇ يەردە تولىمۇ كاتتا ھەم ھەشەمەتلىك بىر توينىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. جابىر خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن كۆلۈپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئەمما، بىچارە سەئدىن بىلەن رابىيە ئازابلىق ئىزتىراپ ئىچىدە قالغانىدى

ياقۇپ بىلەن جابىر بۇ توي شادلىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بولسا، كۆڭلى سۇنۇق ئىككى ياشنىڭ نىيىتى باشقا. ياقۇپ ۋە جابىر ئۆز خۇشاللىقلىرىنى سۈرۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا، رابىيە بىلەن سەئدىن ھەسەننىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن قانداق قېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىپ تۇردى. ئۇلار بىر قارارغا كېلىپ كېلىشىۋالغىنى بويىچە كەچتە نىكاھ ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا سەئدىن بىلەن ھەسەن باغ كەينىدە تەييار تۇرماقچى، ئاي

كۆتـۈرۈلگەنده بـاغدىن رابـىـيەنى ئېـلىپ قـېچىپ، كـىـشـلـەرگـە كۆرۈنمەستىن سەئىدىنىنىڭ تەكلىماكاندىكى ھېلىقى ئـاددىي، ئەمما مېھرى ئىسسىق ئۆيىدە يېڭى تۇرمۇشنى بـاشلىمـاقچى بولدى. جابىر ۋە يـاقۇپ ئۆز خۇشاللىقى بىلەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى.

دۇنيادا قىيىن، مۇشكۇل ئىشلار تولىمۇ كۆپ. ئەلۋەتتە ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىقلاردىن تولىمۇ قورقىدۇ ۋە بىزار. بىراق، كىشىدە جاسارەت ۋە يۈرەك بولسىلا بۇنداق قىيىنچىلىقلار ئاسانلا بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. سەئىدىنىمۇ رەھىمسىز دۇنيانىڭ مانا مۇشۇنداق تەقدىر قىسمىتى تەتۈر بولغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقىدىن تەقدىرگە باش ئەگمەي، قەيسەرلەشتى. تولىمۇ خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلىدى.

سەئىدىن بىلەن ھەسەن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدى ـ دە، دېيىشكەن جايغا يېتىپ كەلدى. شۇنداقلا، يىراقتىن جابىرنىڭ توينى كۆزىتىپ تۇردى.

توي داغدۇغىلىق باشلىنىپ، نەغمە ـ ناۋا كۆككە يەتتى. يىراق ـ يېقىندىن مېھمانلار توختىماي كېلىشكە باشلىدى. بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىق ئىچىدە، جابىرنىڭ تاقىتى ـ تاق بولۇپ كەتتى. كۈن غەربكە تولۇق قىيسىيىشى بىلەن مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ ئۆزاشقا باشلىدى. جابىر شام يورۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق تويلۇق ھۇجرىسىدا چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتكەن پېتى رابىيە بىلەن تېزرەك نىكاھلىنىش ئۈچۈن پات ـ پات ئىشىككە قاراپ قوياتتى. كىمىمۇ رابىيەدەك گۈزەل، نازىنىن قىز بىلەن نىكاھلىنىشنى خالىمىسۇن!

بىر توپ ئايال رابىيەنى نىكاھقا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەتراپنى چىرايلىق گۈللەر بىلەن توشقۇزۇپ، رابىيەنى مەلىكىلەردەك ياسىۋەتتى. رابىيە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇ تويغا

خۇددى رازىدەك ساختا بىر كۆرۈنۈش ياسىدى. ئانىسى رابىيەنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ: «قىزىم ئاخىر كۆنۈپتۇ، كۆنمەيمۇ نېمە ئامال، بەختلىك بول قىزىم» دەپ ئىچىدە پىچىرلىدى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيە دېمىم سىقىلىپ كەتتى، ھاۋا يەپ كىرەي دەپ، باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا باغنىڭ كەينىگە ھەسەن بىلەن سەئىدىن ئالللىبۇرۇن كېلىپ بولغان بولۇپ، كېلىۋاتقان رابىيەنى كۆرۈپ ئۇلار تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ياشلىق دېگەن ئاجايىب بەختىياش چاغلار. ياشلىقتا قىلىمەن دېگەن ئىشنى ھېچكىممۇ توسۇيالمايدۇ. سەئىدىن ئۆزى ئۇچۇن توغرا، ھېچكىم توسۇپ بولالمايدىغان بەختىياشلىق بىلەن تولىمۇ خەتەرلىك بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانىدى.

رابىيە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەسەن رابىيەگە تەييارلانغان ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى گەپ قىلماي‌لا سۇندى. رابىيە ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ بىر ئارتىلىپ‌لا ئاتقا مىندى. ئۇلار كىشىلەردىن يىراق بولغان تەكلىماكانغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. رابىيە بىلەن سەئىدىن كۈچلۈك جاسارەت بىلەن رەقىبى جابىرنى داغدا قويۇشقا جۈرئەت قىلغانىدى. ئۇلار تەكلىماكانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. سەئىدىن بىلەن جابىرنىڭ بۇركۈتى جەڭگە چۈشكەندەك، ھەممىگە سىرلىق بىلىنىدىغان تەكلىماكاندا جابىر بىلەن سەئىدىننىڭ يەنە بىر مەرتە جەڭگە چۈشۈشىدىن شەپە بېرىلمەكتە ئىدى.

## 12

ئەتىسى بالىلار سىنىپقا كىرىپ‌لا باتۇرنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە ئىما ـ ئىشارەت قىلىشتى. باتۇر ئۇلارنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، بۇرۇنقى پەرۋاسىزلىقى بىلەن ئولتۇرۇۋەردى. مۇئەللىم:

— مەيدانغا چۈشۈڭلار، كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشنى مەشىق

قىلىمىز، ــ دەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئارانلا تۇرغان بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــ بىزنىڭ يولۋاس شۇكلەپ قاپتۇ!

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ باتۇرغا قارىدى. باتۇر كالتە قىلىپ ياسىتىۋالغان چىچىنى سىلاپ باللارغا قاراپ ھىجايدى.

ــ ئاشىقلىق يامان، ــ دېدى بىر قىز تومشۇقىنى ئۈچلاپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاچچىق تەنە چىقىپ تۇراتتى.

ــ مەشۇقلۇقمۇ يامان، ــ دېدى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى چېقىشىپ.

ــ ساراڭ، ــ دېدى ھېلىقى قىز ئوغۇل بالىغا قولىدىكى توپنى ئېتىپ.

قىزلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ھېلىقى قىزنى ئېلىپ مەيدانغا مېڭىشتى.

يۈرىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك ھېس قىلىۋاتقان باتۇر، ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇردى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىۋىدى، ساۋاقدىشى سائادەت ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ــ سىز سالامەت بىلەن يۈرۈۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

باتۇر بىر نەرسە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

ــ يۈرۈۋاتقان بولسىڭىز گەپنى ئوچۇق قىلىڭ، ــ دېدى سائادەت كەسكىنلىك بىلەن.

ــ ئۇنداق ئىش يوق، ــ دېدى باتۇر بوش ئاۋازدا.

ــ بىزنى بىلمەيدۇ دېمەڭ. ھازىر ئىشىڭىزلارنى ھەممەيلەن بىلىپ بولدى. گەپنى ئوچۇق قىلسىڭىز، بىزمۇ شېرىنگە ۋاقتىدا نەسىھەت قىلىمىز.

شېرىن، بايىقى «ئاشىقلىق يامان» دېگەن قىز ئىدى. شېرىن باتۇرغا كۆيۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. باتۇرنىڭ قوپال مىجەزىنى بىلگەچكە، قاتتىق تېگىۋېتەمسۇن دەپ قورقۇپ ئېغىز

ئاچالماي كېلىۋاتقانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قىزلار «باتۇردا قىزلارغا كۆيگۈدەك يۈرەك يوق» دەپ ئويلىشاتتى. ئەمما، مانا ئەمدى ئويلىمىغاندا...

— ئۆزىڭىزمۇ ئاڭلىغانسىز، — دېدى سائادەت، — شېرىن دەردىڭىزدە تۇزۇك تاماقمۇ يېمەي، ھە دېسە ئاغرىق - سىزلاق بولۇپ يۈرۈيدۇ، مىجەزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالدى. كۈن - كۈنلەپ گەپ قىلمايدۇ، تۇرۇپلا ئادەمنى قورقۇتۇپ ناخشا ئېيتىپ كېتىدۇ... شۇڭا شېرىننىمۇ ئويلاپ قويسىڭىز بولاتتى.

باتۇر بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن كەينى ئىشىككە قارىدى:

— شېرىنگە دەپ قويىڭىزلار، مەن ئۇنچىلىك بەدەل تۆلەشكە ئەرزىمەيمەن.

باتۇر شۇنداق دەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. «بىچارە دوستۇم» دەپ پىچىرلىدى سائادەت ئىچ ئاغرىتقان ھالدا.

خۇش ھىد، خۇش روھقا تويۇنغان قىزلار ياتىقى قىزىپ كەتكەنىدى.

— دىققەت قىزلار، — دېدى رەيھانگۈل ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ، — بۈگۈن مۇھەببەت ھەققىدە تەھلىل قىلىش، تالاش - تارتىش قىلىش يوق، پەقەت تەبرىكلەشلا بار.

سالامەت ھەققىدە سوئال - سوراقلارنى تەييار قىلىشىپ تۇرغان قىزلار، ھەيران بولۇشۇپ رەيھانگۈلگە قاراشتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئالدى بىلەن باشلاپ بېرەي، — دېدى رەيھانگۈل ھەييارلىق بىلەن كۆز قىسىپ، — سالامەت، مۇبارەك بولسۇن!

نېمە ئۇچۇنلۇكىنى چۈشەنمىگەن سالامەت ۋە قىزلار تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ رەيھانگۈلنى سوئال نەزەرلىرى بىلەن كۆزىتەتتى.

رەيھانگۈل ئۆزىگە تېخىمۇ ياسالما ۋە سىرلىق تۈس بەردى:

— مەن پېداگوگىكا مەكتىپى 2 - نومۇرلۇق قىزلار بىناسى

209 ـ نومۇرلۇق ياتاقنى كوممىتېتنى تەرىپىدىن شۇنى جاكارلايمەنكى ۋە مۇبارەكلەيمەنكى، سالامەتنىڭ باتۇر بىلەن بولغان ئۇلۇغ مۇھەببىتى ۋۇجۇدقا چىقتى. مۇبارەك بولسۇن !

بۇنى ئاڭلىغان قىزلار چۇۋۇلدىشىپ كەتتى. سالامەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، يۈزى قىزاردى.

قىزلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— راست بولسا مۇبارەك بولسۇن !

— خەت ئېتىشىش ئاخىر ھوسۇل بېرىپتۇ.

— ئېھ، خاسىيەتلىك ئۇدۇل ئىشىك !

— «كەينى ئۇدۇل ئىشىك» دەڭ.

— بۇ باتۇر توڭ قايسى قىزنى تاللايدىكىن دېسەك، بىزنىڭ گۈزەلنى تاللاپتۇ.

— بىزنىڭ سالامەت يارايدۇ. شۇ توڭنى ئېرىتىۋالغاندىكىن.

— قالتىس ئىش قىلىپسىز سالامەت.

— نۇرغۇن قىزلار دەردتە قالىدىغان بولدى ـ دە.

— نۇرغۇن يىگىتلەرمۇ ئاھ دەپ قالىدىغان بولدى.

— شۇ.

— سالامەتنىڭ قوشۇلغىنى باتۇرنىڭ تەلىيى.

— باتۇرنىڭ بەختى.

— ئەمدى ياتاقتا بويتاقتىن بىرسى ئازىيىپتۇ.

— قىزلار، — دېدى كۆزى ياشقا تولغان سالامەت، — نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلەر. باتۇر بىلەن ئارىمىزدا نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. قاراپ گەپ قىلىڭ رەيھانگۈل.

قىزلارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويغان رەيھانگۈل بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— ئارىڭىزلاردا ھېچقانداق ئىش بولمىسا، تۈيۈقتا سۆرۈشۈپ يۈرۈپ نېمە بار؟

— مەن رەسىم سىزغىلى باردىم. باتۇر ھەمراھ بولدى شۇ.

— ھەمراھ بولىدىغانغا بىز تۇرمايمىزمۇ. تېخى بىزمۇ مۇشۇ باھانىدا رەسىم سىزىۋالاتتۇق ئەمەسمۇ؟

— قەستەنگە مېنى قىيناۋاتىسىز رەيھانگۈل. مەن بۇنى سىزلەرگە دېگەنغۇ. ئۆزىڭىزلەر شۇ ئاخشىمى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن «ياشلىق كۈيلىرى» ئانسامبىلىنىڭ ئويۇنىنى كۆرىمىز دەپ بارمىدىڭىزلەرغۇ.

— بۇغۇ راست، ئۇنداقتا كۇندە خەت ئېتىشقان ئىشچۇ؟ دەپ بېقىڭە، ئۇ خەتلەردە نېمە بار؟

— ئادەتتىكى گەپلەر شۇ.

— باتۇرنىڭ سىزىپ سىزگە ئەۋەتكەن يۈرەكنىڭ رەسىمىچۇ؟

— ئۇ دېگەن باتۇرنىڭ ئادىتى. ئۇ پۇتبولنى ئاشۇنداق غەلىتە شەكىلدە سىزىشقا ئامراق.

— ھوي، سىزلەر شۇنچىلىك چۈشىنىشىدىغان بولۇپ كەتتىڭىزلەرمۇ؟ مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ ئېپادىسى.

— ئۇنچىلىك ئارىلىشىش نورمال ئىشقۇ. سىز مۇشۇنىڭغىمۇ...

— قانچىكى چۈشەندۈرسىڭىز، سىرىڭىز شۇنچىكى پاش بولىدۇ، — دېدى رەيھانگۈل سەل يۇمشاپ، — قىزچاق، بىز سىزنى بىرەر جىنايىتىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ دەپ قىستاۋاتمايمىز. بەلكى گۈزەل ھېس - تۇيغۇنىڭ قەلبىڭىزنى ئۇۋۋا قىلغانلىقىغا خۇشاللىق بىلەن تەن بېرىڭ دەۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خۇشاللىق ئىشقۇ. تەنتەنە قىلىش كېرەك.

شۇ تاپتا سالامەتنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ھاياجان چۇلغاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىگە ياش كېلىپ كەتكەنىدى. سۆيگۈ باشلانغاندا مەخپىي بولىدۇ. ئۇ بىراۋ تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىغاندا تاتلىق يىغا ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. ئاشكارىلاي دېسە ھايا، تارتىنىش ياش بولۇپ چىقىدۇ، ئاشكارىلىماي دېسە سۆيگۈ شادلىقى، سۆيگۈ دەۋىتى ياش بولۇپ ئاشكارا قىلغۇسى كېلىدۇ.

شۇنداق، شۇ تاپتا سالامەتنىڭ يۈزى سۆيگۈ تەپتىدىن قىزىرىپ، سۆيگۈ ھارارىتىدىن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

— بولدى قىزلار، سالامەتنى بەك قىستاپ تۇرۇۋالمايلى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن. ئاندىن بىزگە دەپ بېرەر.

— كۆيۈپ قېلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، — دېدى رەيھانگۈل خۇپسەنلىك بىلەن كۈلۈپ، — ئۆزىنىڭ دېگۈسى كېلىپ ئەتە - ئۆگۈن ئۆزى كەينىمىزگە كىرىۋالار.

قىزلار كۈلۈشۈپ ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى.

سالامەت ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىلدىكى، ئۇنىڭ يۈرىكى يېڭىچە سېزىمدىن ئايانچىلىق، تەلپۈنۈشلۈك، ھاياجانلىق تىترەۋېتىپتۇ.

گەرچە قىزلارنىڭ گەپلىرى بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سالامەتنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدىدىكى غەلىيان بېسىقماي دېمەيتتى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدىكى خۇيزۇ قاراماتاقنىڭ لەڭپۇڭىدىن يەپ كەيپىياتىنى تەڭشىۋالماقچى بولدى.

بۇ سالامەتنىڭ ئادىتى ئىدى. جىددىيلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا، كۆڭلى يېرىم بولغاندا، بەزىدە قاتتىق خۇشال بولغانلىرىدا قارىمۇچ قىيامى، ئاچچىقسۇ، سامساق قىيامى جىق سېلىنغان لەڭپۇڭنى يېسە ئۇنىڭ خۇشلۇقىغا، جىددىيچىلىكىگە، دىل غەشلىكىگە مەلھەم بولاتتى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدىكى تېرىسى قارا كەلگەن خۇيزۇ ئايالنىڭ لەڭپۇڭىنى يەپ ئادەتلەنگەنىدى. بۇ لەڭپۇڭچى تېرىسىنىڭ قارىلىقى بىلەن «خۇيزۇ قاراماتاق» دەپ ئاتالغانىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇ خۇيزۇ قاراماتاقنىڭ لەڭپۇڭىنى يېيىشكە ئامراق ئىدى.

سالامەت ھاۋانى سوغۇق كۆرۈپ ئىچىگە كىرىپ يېمەكچى بولۇپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا ئىچىدىن باتۇر چىقىپ قالدى. بۇ

ئۇچرىشىش ئىككىيلەننىلا ھودۇقتۇرۇۋەتتى.
ساۋاقداشلىرىنىڭ سۆزلىرى يادىغا يەتكەن باتۇر، ئاشۇنداق گەپلەر سەۋەبلىك ئۇنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ سالامەتنىڭ كۆزىگە قارىيالمىدى. ياتاقداشلىرىنىڭ گەپلىرى ئېسىگە كەلگەن سالامەت خىجىلچىلىقتىن قىزىرىپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.
— لەڭپۇڭ يېگىلى كىرىدىڭىزمۇ؟
— ھەئە.
— مەن يەپ بولدۇم.
— ھە...
— خوش.
— خوش.
بىرى گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا، يەنە بىرى خىجىللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن ئاشۇ دەقىقىدە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىكلا گەپ بولۇندى. جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇكى، بەزىدە ئۇلۇغ نەرسىلەر ئاددىيلىق ئىچىگە يوشۇرۇنىدىكەن، يەنە بەزىدە ئاددىي نەرسىلەر ئۇلۇغلۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدىكەن.
سالامەت خىيالغا ئەسىر بولۇپ، لەڭپۇڭنى تولىمۇ ئۆزۈندا يەپ بولدى. ئۇ ئۆزىنى ھېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، سىرتقا چىقىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.
شۇ ئەسنادا كەچلىك مۇزاكىرە قوڭغۇرىقى چېلىندى. سالامەت سىنىپقا قاراپ ماڭدى.
سىنىپىغا يېقىنلاشقان سالامەت، ئۇدۇل كەينى ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يورىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ يورىكى قاتتىق سوققان ھالدا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. كەينى ئىشىكنى ئېچىشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىلىنىش ئىچىدە يەنە خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. ئەگەر ئىشىكنى ئاچمىسا

ياتاقداشلىرى «قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بولغاچقا، ئەمدى كەينى ئىشىكنى ئاچمايۋاتىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قارايدىغاندەك، ئەگەر ئىشىكنى ئاچسا «بەربىر بىز دېگەندەك بولماقچى» دەپ مىيىقىدا كۈلىدىغاندەك. ئاخىر ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارىغا بويسۇنماي كەينى ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تۇيغان باتۇر «سالام ئىشىكداش» دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، خۇددى شۇ گەپ بىلەن بارلىق سىرى پاش بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇنىڭ بېسىمىدا بېسىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

سالامەتمۇ «سالام ئىشىكداش» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي چېپىلداپ تەرلەپ كەتتى.

بۈگۈن كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى تولىمۇ تەستە توشتى.

بۈگۈن باتۇر سىنىپتا ئېزىلىپ ئولتۇرماي بالدۇرلا چىقىپ كەتتى.

سالامەت بۈگۈن ئۆزىدە بولۇۋاتقان ھالەتلەرگە كۈلگۈسى كېلىپ ئۇدۇل ياتاققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ياتاققا كىرىشى بىلەن رەھىمە ئۇنىڭغا بىر كونۋېرتنى تەڭلىدى.

— مۇزاكىرىدىن بۇرۇن خېتىڭىزنى ئېلىپ كىرسەم سىرتقا چىقىپ كېتىپسىز. مەھبۇبە دېگەن ھېلىقى دوستىڭىزدىن كەپتۇ، — دېدى رەھىمە.

«مەھبۇبە» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، سالامەتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— بۇ مەھبۇبەدىن سىزگە تولا خەت كېلىدۇ. يېقىن دوستىڭىز بولسا بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ.

— ئانچە يېقىنمۇ ئەمەس. خەق خەت يازسا ماڭا نېمە ئامال.

— يا بۇ قىز سىزگە ئەلچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟ ماڭا بۇ خەتتە مەسىلە باردەك بىلىنىۋاتىدۇ.

بۇ سوئال سالامەتنى ئەندىكتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ھودۇقۇشىغا رەھىمە دىققەت قىلدى.

— قارىغاندا، مەھبۇبەدىن كەلگەن خەتتە بىر گەپ بار ئىكەن - ھە؟

سالامەت چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ كۆلۈپ قويۇپ كارىۋىتىغا باردى ۋە كونۋېرتنى ئېچىپ خەتكە كۆز يۈگۈرتتى. خەتنىڭ بېشى «قەدىرلىك سالامەت» دەپ باشلانغان. قالغان مەزمۇنلارغا ئانچە قىزىقمىغان سالامەت خەتنىڭ ئاخىرىغا كۆز تاشلىدى. خەت «تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە چوقۇم بارىمەن» دەپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەك «جاۋابىڭىزنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ: مەسئۇد» دېيىلگەنىدى. دېمەك، خەتنىڭ ئىگىسى مەسئۇد، «مەھبۇبە» دېگەن ئىسىم بولسا بىر نىقاب.

سالامەتنىڭ رەھىمەنىڭ «يا بۇ قىز سىزگە ئەلچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟ ماڭا بۇ خەتتە مەسىلە باردەك بىلىنىۋاتىدۇ» دېگەن گېپىگە ئەندىكىشى بىكار ئەمەس ئىدى.

— ئەكېلىڭە، سىرىڭىزنى پاش قىلاي.

شۇ گەپ بىلەن رەھىمە خەتكە چاڭ سالدى. سالامەت خەتنى نارازىلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرغانىدى. خەت يىرتىلىپ كەتتى. خەتنىڭ يىرتىلغانلىقىنى كۆرگەن رەھىمە ئوڭايسىزلانغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— كە... كەچۈرۈڭ... مەن... مەن...

رەھىمەنىڭ يۈزى ئېسىلىپ يىغلىۋېتەي دەپ قالدى.

— كېرەك يوق، رەھىمە، — دېدى سالامەت يۇمشاق سۆزلەپ رەھىمەنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىشقا تىرىشىپ، — بۇ ئەسلىدىلا يىرتىۋېتىشكە تېگىشلىك خەت ئىدى.

سالامەت شۇنداق دەپ خەتنىڭ رەھىمەنىڭ قولىدىكى پارچىسىنى ئېلىپ قولىدىكى خەتكە قوشۇپ يىرتتى ۋە ئۇششاق پارچىلاپ كارىدوردىكى ئەخلەت چېلىكىگە تاشلىۋەتتى.

ئەمما، رەھىمە ئارامسىزلىنىپ قايتا ـ قايتا ئەپۇ سوراپ كەتتى.

— راست رەھىمە، ئۇ مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا مۇھىم خەت ئەمەس. ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەشنىڭ، مېنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. بولدى، بىسەرەمجان بولماڭ.

سالامەتنىڭ راست دەۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن رەھىمەنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

چىراغ ئۆچتى، بىراق سالامەت ئۇخلىيالمىدى. ئارىدىكى بولۇنغان ئىشلارنى، باتۇرنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىنى ئويلىدى، ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى دەڭسەپ كۆردى. كۆپرەك قەلب تىۋىشىگە قۇلاق سالدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆگۈنلۈككە بولىدىغان تۇغۇلغان كۈنىدە، باتۇرنىڭ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي گەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا، سالامەت «مەسئۇد خېتىدە كىلىمەن دەپتۇ. ئۇ جاھىل كەلمەي قالمايدۇ. ئەگەر كېلىپ قالسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، كانايدىن «جىددىي مۇراجىئەتنامە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەممەيلەن ئالاھىدە ئەھۋال بارلىقىنى تۇيۇپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

— ساۋاقداشلار، مەكتىپىمىزنىڭ سەنئەت سىنىپىدىكى ساۋاقداش ئالىم بۈگۈن ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىۋېتىپ بەختكە قارشى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ ئېغىر يارىلاندى. ھازىر ئەھۋالى بەك خەتەرلىك. ئۇنىڭدىن قان بەك كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ. دوختۇرخانىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىچە ئالىمغا دەرھال قان سالمىسا بولمىغۇدەك. شۇڭا، قان تىپى O بولغان ساۋاقداشلارنىڭ دەرھال ئۆزىنى تىزىملىتىشىنى، قىممەتلىك قېنىنى تەقدىم قىلىپ، بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھازىرنىڭ ئۆزىدە تىزىملاپ دەرھال دوختۇرخانىغا ماڭمىساق بولمايدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن

ماسلىششىنى سورايمىز. تىزىملىتىشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ساۋاقداشلار تارقالسا بولىدۇ.

«قان بېرىش» دېگەن گەپ چىقىشى بىلەن مەيدان باشقىچە كەيپىياتقا چۆمۈلدى. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار جىممىدە يولغا مېڭىشتى. بەزىلەرگە بۇنداق مېڭىش بىئەپ بىلىنگەن چېغى، ئۇلار باشقىلار ئاڭلىسۇن دېگەندەك: «مېنىڭ قېنىم ماس كەلمىگۈدەك، بولمىسا... » دېيىشىپ غىپپىدە كېتىپ قېلىشتى. بەزى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار: «مېنىڭ قېنىمغۇ ماس كېلىدۇ. بىراق بۇرۇن مەن جىگەر ياللۇغى بولغان. مۇنداق قاننى بەرىبىر لازىم قىلمايدۇ» دەپ ئۆزىدىكى قورقۇنچنى باسماقچى بولدى. قىزلار بولسا خۇددى «بۇ ئىش ئوغۇللارنىڭ ئىشى» دېگەندەك ئوغۇللارغا قارىشىپ قويۇپ سىنىپقا مېڭىشتى. بەزى قىزلار:

— قاراپ تۇرغىنىنى، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن شاققىدە بېرىپ تىزىملاتسا بولمامدۇ، — دېيىشىپ كەتتى.

سالامەت قىزلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ ئۆز خىيالى بىلەن كېتىپ باراتتى. بىردىنلا قىزلار چۇۋۇلدىشىپ كەتتى.

— قاراڭلار، بىرى تىزىملاتقىلى ماڭدىمۇ ـ نېمە؟

— كىمكەن ئۇ؟ ئۇ ھېلىقى...

— باتۇر شۇ. باتۇركەن.

— ئوغۇل بالا.

— چېچى... ھە، چېچىنى كەستۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە. بۇنچىلىك قەھرىمانلىقنى قىلالايدۇ ئۇ.

يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالغان سالامەت مۇنبەرگە قاراپ تىزىملاش ئورنىغا كېتىۋاتقان باتۇرنى كۆردى. ئاغۇچە رەيھانگۇل ئۇنى نوقۇدى:

— قاراڭ، باتۇرىڭىز كېتىۋاتىدۇ.

سالامەتنىڭ ۋۇجۇدىنى سۆيۈنۈش قاپلىدى. رەيھانگۇل ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— بېرىپ دەپ قويۇڭ، بىكار يۈرىكىدىكى سىزگە تەۋە قانلارنىمۇ بېرىۋەتمىسۇن يەنە.

سالامەت رەيھانگۇلنىڭ چاقچىقىغا ئامراقلىق قىلىپ ئۇنى بوش ئۇرۇپ قويدى.

دەرۋەقە، باتۇر مەردانە قەدەملەر بىلەن تىزىملاش ئورنىغا باردى. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشقان قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدا قىلچىلىك ئىككىلىنىشنى، ياسالمىلىقنى بايقاشمىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ئۆزىگە مەدەت ئالغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

باتۇر بارغانچە ئۇدۇللا ئېيتتى:

— مېنىڭ قېنىم O تىپلىق قان. كېسىلىممۇ يوق.

بۇ چاقىچە بۇ يەرگە كېلىپ بولغان مەكتەپ مۇدىرى قادىر گوركىي ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى:

— رەھمەت ئۇكام، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ.

تىزىملاتقىلى بارغان ئوقۇغۇچىلارغا يىراقتىن قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىپ ئۇلارنى ئالقىشلىدى.

تىزىملىتىپ، قېنى ماس كەلگەن ئوقۇغۇچىلار باتۇر بىلەن مەكتەپ مۇدىرىغا ئەگىشىپ مەكتەپنىڭ ئاربىۇسغا چىقتى.

يىراقتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان سالامەتنىڭ ۋۇجۇدىنى قايىللىق، سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىق لەرزىگە سالدى.

L

نىكاھ باشلىنىدىغان چاغمۇ يېتىپ كەلدى. جابىر بىلەن ياقۇپ تۇغقان بولۇشقىنىدىن تولىمۇ خۇش بولۇشۇپ ئاغزى قولىقىغا يەتكەندى. ھايال ئۆتمەي جابىرلار نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇتقىلى ياقۇپلارنىڭكىگە يېتىپ كەلدى. قىزنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن جابىر بەگ قىزىل رەختتىن ئالاھىدە بېزەلگەن مەپە تەييارلىغان بولۇپ،

ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلارنىڭ ھەسسىتىنى قوزغايتتى. مەپە ئۇدۇل بېرىپ رابىيەنىڭ ھوجرىسى ئالدىدا بىتاقەت توختىدى. جابىر بەگ تۆت كۆزى بىلەن رابىيەنىڭ مەپىگە چىقىشىنى كۈتمەكتە. جابىر بەگ خېلى ساقلىغان بولسىمۇ، رابىيەنىڭ ھوجرىسىدىن ھېچبىر سادا چىقمىدى. تاقىتى تاق بولغان جابىر بىر نەچچە ئايالنى رابىيەنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ھايال ئۆتمەي ھوجرىغا كىرىپ كەتكەن ئاياللار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ياقۇپباي تولىمۇ چۆچۈگەن بولسىمۇ يەنە سوغۇققانلىق بىلەن «قىزىنى بىرەر يەرگە چىقىپ كەتكەندۇ» دەپ ئىزدەپ بېقىشنى ئېيتتى. قولىدا پانۇس كۆتۈرگەن بىر توپ ئايال رابىيەنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىمەكتە. تازا ھالقىلىق ۋاقىتتا سادىر بولغان بۇ ئىش جابىرنىڭ مېڭىسىنى قايناتقاندى. رابىيەنى ئىزدەش ئۈچۈن كەتكەنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھەممە يەرنى قېزىۋەتكەن بولسىمۇ، رابىيەنى تاپالمىغاندى.

كۆپچىلىك رابىيەنى تاپالمىغاندىن كېيىن رابىيەنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە پاتتى. كونىلاردا «قىز بۇزۇلسا ئانىدىن كۆر» دېگەن گەپ بار. دېمىسىمۇ قىزىغا نىكاھ چۈشۈپ ياتنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغان چاغدا، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئانا قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن. غەم ـ ئەندىشىگە پاتقان ئانىسى «رابىيەنى سەئىدىن ئېلىپ قاچتىمۇ ـ يە؟» دەپ ئويلاپ دەرھال زۆھرەنى يېنىغا تارتتى.

— زۆھرە، ئېيتە، رابىيە قېنى؟ سەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە يۈرەتتىڭ. ئۇنىڭ نەگە كېتىشىنى چوقۇم بىلىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رابىيەنىڭ مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا يوقاپ كېتىشى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق. سەن ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسەن. ئېيتە، ئۇ نەگە كەتتى؟ — دېدى رابىيەنىڭ ئانىسى ئاچچىقى بىلەن پىچىرلاپ.

— مەن راستىنلا ئۇقمايمەن. مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە يېقىن بولساممۇ، يېقىنلىق جەھەتتە سىلىگە يەتمەيمەن. چۈنكى سىلى ئۇنىڭ ئانىسى. سىلى رابىيەنى مېنىڭدىنمۇ ئوبدان بىلىلىغۇ، — دېدى زۆھرە تەمكىنلىك بىلەن.

رابىيەنىڭ ئانىسى ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى، ئۇ بۇ نومۇستىن ئۆز چېچىنى ئۆزى يۇلغۇدەك بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بولغان ئىشلاردىن ئانچە - مۇنچە خەۋەردار بولغان ياقۇپ بىلەن جابىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، پۈتۈن ھويلا ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كەتتى. بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ياقۇپ، خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. جابىرنىڭ كەيپى قىرىق گەز ئۆرلەپ، غەزەپ بىلەن پۈتۈن يۇرتقا: «پۈتۈن ئالامان ئاتلانسۇن، ئېتى بارلار ئېتىنى، ئىتى بارلار ئىتىنى ئېلىپ چىقسۇن. پۈتۈن يۇز باشلىرى، ئونبېشى ۋە پاششاپلارمۇ ھەربىكەتكە كېلىپ، بۇ ئىككى قاچقۇننى ئىزدەپ تېپىشسۇن. ئەگەر كىمكى بۇ ئىككى بەتبەختنى ئۆيىگە يوشۇرسا ياكى قېچىشىغا ياردەملەشكەن بولسا، ئۇلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

ھەممە يەرنى پاتىپاراقچىلىق قاپلىدى، پۈتۈن مەھەللە تىنتىلدى. قاراڭغۇ كېچىدە يۈزچە ئاتلىق كىشى مەھەللىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ رابىيەلەرنى ئىزدەشتى. ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئاختۇردى. دورغىلار ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئىبراھىم بىلەن خوتۇننى يەتكۈچە قىيىن - قىستاققا ئالدى. جابىر بەگ ئوبدان بېقىلغان بەلەن ئاتلارغا قولىدىن ھەر ئىش كېلىدىغان يامان دورغىسىدىن ئوننى مىندۈرۈپ، شەھەر يوللىرىنى قامالالاشقا، رابىيەلەرنى قەيەردە كۆرسە شۇ يەردە تۇتۇشقا ئەۋەتتى.

رابىيەلەرنى ئىزدەش داۋام قىلماقتا. جابىر بەگ قانچىلىك غەزەپ بىلەن ئۇلارنى ئىزدىسە، سەئدىنلەرمۇ زور چىدام ۋە ۋىسال

شادلىقىدا ئاتلىرىنى شۇنچە تېز چاپتۇرماقتا. دورغىلار ھەريان كېزىپ ئۇلارنى ئىزدىمەكتە. رابىيەلەر كۆز يەتكۈسىز قۇملۇققا شۇڭغۇماقتا. جابىر بەگ بىكار ئاۋارە بولۇپ، مەھەللىمۇ مەھەللە ئۇلارنى ئىزدىمەكتە.

رابىيە، سەئىدىن ۋە ھەسەن ئۈچەيلەن ئاتلىرىنى شۇ چاپتۇرغىنىچە تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپ تېرىم، موغۇل ۋە يىلدىز قاتارلىق يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدا ھارمايتتى. ئاتلارمۇ بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇققا قاراپ ھارغىنىنى چاندۇرمايتتى. دېمىسىمۇ ئۆز بەختىنى قولىدا ئېلىپ يۈرگەندە كىممۇ ھارسۇن!

ئۇلار توختىماستىن يۈرمەكتە. يۇرت ـ يۇرتلارنى، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كەزمەكتە. ئۇلار دەم ئالماستىن ئىككى كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قارا تەرگە چۆمۈلگەن يورغا ئاتلار تىزگىن سېرىپ ئالدىغا قاراپ داۋاملىق چاپماقتا. قۇياش قۇم تۆپۈلۈكلىرىنىڭ كەينىگە يانپاشلاپ قىزىل شەپەق ھاسىل قىلىشى بىلەن تەڭ ئۈچ سايە شۇ تامان كېتىپ بارماقتا. ئەتراپ خۇددى قۇم دېڭىزى بولۇپ، قۇمدىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىمايتتى.

تاڭ بىلەن تەڭ قۇملۇقتا يەنە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە ئاشۇ ئۈچەيلەن، خۇددى قۇملۇق چەۋەندازلىرىدەك چاپماقتا. ئۇدا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چاپقان ئاتلارمۇ ھارغانىدى. ئاتنى مىنگەن كىشىلەرنىڭمۇ قورساقلىرى ئاچ بولۇپ، بۇ كۆز يەتكۈسىز چۆللۈكتە ئېغىر ھالسىرىغانىدى. ئاتلارنىڭ قەدەملىرى بارغانچە ئاستىلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە يىراقتىن بىر يېشىل توغراقلىق كۆرۈندى. توغراقلىق چوڭقۇرغا جايلاشقان بولۇپ، يېنىدا كىچىك بىر كۆلمۇ بار ئىدى. چاڭقاق دىللارغا مەلھەم بولغان زەمزەمدەك سۇ ئۇلارغا قايتىدىن ھاياتلىق بېغىشلىدى. كۆل ئەتراپىدا ئاندا ـ مۇندا گۈللەر

ئېچىلغانىدى.

ئۇلار بۇيەردە ئارام ئېلىش ئۇچۇن ئاتتىن چۈشۈپ قومغا ئۆزىنى ئېتىپ سوزۇلۇپ يېتىشتى. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ بارلىق غەم ـ ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇدى. بىر چاغدا ھەسەن مۇخەممەس ئوقۇشقا باشلىدى.

ھەسەن:

بۇگۇن شادمەن شاد بولغۇم كېلۇر،
يېڭى غۇنچىلاردەك ئېچىلغۇم كېلۇر،
قېقىپ پەر ھاۋالاردا ئۇچقۇم كېلۇر،
بۇ چۆللەر ئارا سەير قىلغۇم كېلۇر،
قېقىپ پەر ھاۋالاردا ئۇچقۇم كېلۇر.

سەئىدىن:

ئېرۇر نەچچە يىل بىزنى ياقتى پىراق،
قىلىپ بىر ـ بىرىمىزنى دائىم يىراق،
يۇرەك باغرىمىز كۆيدۇرۇپ ئىشتىياق،
قارا كۇنلىرىمىز بۇ كۇن بولدى ئاق،
مۇھەببەت گۇلىنى ئەمدى ئۇزگۇم كېلۇر.

رابىيە:

چېكىپ قانچە يىل ئوتلۇق ئاھ كۇن ۋە تۇن،
تۆكۈپ كۆزىمىزدىن ياش ئورنىغا خۇن،
تۇگەپ تۇن، چېچىپ بىزگە نۇرىنى كۇن.
ئېچىلدى قارا بەختىمىز مۇشۇ كۇن.
ئۇزۇن ۋاقىت ئەمدى ھايات سۇرگۇم كېلۇر.

ھەسەن:

ئىككىمىز كۇلۇپ بولسىڭىز كۆڭلى شاد،
مۇھەببەت بىغى ئىچرە تېپىپ مۇراد،
رەقىب بولسا ئاۋارە ھەم بىمۇراد،

قىلىپ يۈرسە ئۇ دائىما ئاھ ـ داد،
شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئۆمۈر سۈرگۈم كېلۇر.

سەئىدىن:

ئۇزۇن ۋاقىت تارتىپ تولا دەرد ـ ئەلەم،
جۇدالىقتا ئەيلەپ ئاياغ ئاستى غەم،
يېتىپمەن مۇراد ـ مەقسىتىمگە بۇ دەم،
يېنىمدا مېنىڭ نازىنىن بىر سەنەم،
بۇ بەختىمگە ھەر لەھزە كۈلگۈم كېلۇر.

رابىيە:

چېكىپ بىز جاپا، ۋەسلى يار ئىزدىشىپ،
يۈرۈپمىز ئۇزۇن زار ـ زار قاقشىشىپ،
بۈگۈن ئارزۇيىمىزغا بىز يېتىشىپ،
سۈرۈپمىز ھايات ئىككىمىز بىرلىشىپ،
بۇ ئەھۋالغا كۆپ شۈكرە قىلغۇم كېلۇر.

ئۇلار مانا مۇشۇنداق مۇخەممەس ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خۇش قىلىشقاچ، يۈرەك سۆزلىرىنى مۇخەممەسكە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق نەچچە كۈندىن بۇيانقى ھارغىنلىقىنى يوقاتتى.

ئۇلار ھېرىپ كەتكەن ئاتلارنى سۇغىرىشقاندىن كېيىن، ئاتلىرىغا يەم بەردى. ئۆزلىرىمۇ ئېچىپ كەتكەن قورساقلىرىنى ئازراق بىر نەرسە يېيىشكەچ ئەستەرلەشتى. گەرچە بۇ جاي چۆل ـ باياۋان بولسىمۇ، ئۆز بەختى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان شادىمانلار ئۈچۈن بىر باغۇ ـ بوستانلىق ئىدى.

قۇياش قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ، كۆز ئەتراپىنى كۆرمەس بولغاندا ئۇلار بۇ ئويمانلىقتا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇلارنى دىر ـ دىر تىترىتەتتى.

تاڭ گۈلگىن چېھرىنى ئېچىشى بىلەن تەڭ ئالەم يورۇشقا باشلىدى. گەرچە قۇياش تېك ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار مېڭىشقا

ئالدىرىمايتتى. چۈنكى تۆت ئەتراپى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان بۇ جايدا، ئۇلارنىڭ بارىدىغان مەنزىلىنى مۆلچەرلىشى تەسكە توختاۋاتاتتى. قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى چېچىشى بىلەن قۇم دانچىلىرى خۇددى پارقىراپ تۇرغان مەرۋايىتلارغا ئوخشاپ قالدى. ئەتراپ ئىسسىق تەپتىدىن ئېزىتقۇغا تولغانىدى. ئۇچەيلەن ئېگىز قۇم دۆۋىسىگە تەستە يامىشىپ چىقىپ، ماڭار يولىنى مۆلچەرلەشكە باشلىدى.

ئۇلار ماڭىدىغان تەرەپنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، دۆڭدىن چۈشۈپ ئاتلىرىنى يېشىشتى. سەئىدىن:

— مېنىڭچە، ماڭغان يولىمىز توغرا بولسا، بىز مۇساپىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىپ بولدۇق. مانا چەكسىز كەتكەن قۇملۇق. بىز يەنە چىداپ يېرىم كۈن ماڭساق، كۈن چۈش بولغىچە بارىدىغان جايىمىزغا يېتىپ بارىمىز، — دېدى مۆلچەرلەپ. بۇ چاغدا ھەسەن:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئالدىنقى قېتىم بىز بۇ جايدىن ئۆتكەن ھەمدە بۇ جايدىن ئاشۇ توغراقلىققا يېرىم كۈن ماڭغانىدۇق، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى-دە، بىر-بىرىگە چاقچاق قىلىشىپ كۆلكە ئاۋازلىرىنى كولدۇرما ئاۋازىدەك قۇملۇقتا ياڭرىتىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئۇلار تەكلىماكانغا داۋاملىق كىرىپ كېتىۋاتماقتا. ئەتراپ پۈتۈنلەي قۇم بىلەن قورشالغان. يىراقتىن ئۈچ ئاتلىق كىشىنىڭ جىسمى ئىسسىقتىكى ئېزىتقۇدا لەيلەپ كۆرۈنمەكتە. ئەتراپتىن ئورمانلىق، ئۆسۈملۈك دېگەندىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. قۇياشمۇ خۇددى قۇمدىن چىقىپ قۇمغا پاتىدىغاندەك، كېچىمۇ قۇمدا بولىدىغاندەك، تاڭمۇ قۇمدا ئاتىدىغاندەك.

ئۇلار بىرخىل رىتىمدا ماڭغاندەك قىلغىنى بىلەن تولىمۇ ھارغانىدى، ئۇلارغا قاراپ ئاتلارمۇ قەدەملىرىنى ئاستىلىتىشقا تەمشەلمەكتە. بولۇپمۇ رابىيەدەك بىر ناتىۋان قىزنىڭ نەچچە كۈن ئات ئۈستىدە مېڭىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ

قەلبىدىكى مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭغا كۈچ ۋە غەيرەت ئاتا قىلغاچقا ھارغىنىنى بىلىندۈرمەيتتى.

## 13

ئەتىسى ئاخشىمى كەينى ئۇدۇل ئىشكتە — سۆيۈملۈك ئىشكتە ئىككى كۆز مېھىر بىلەن بىر - بىرىگە بېقىشتى. سالامەت ئۇنىڭغا مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

باتۇرمۇ كۈلدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇگۈنكى كۈلكىسىدە سەمىمىيلىك، تەبىئىيلىك كۈچلۈك ئىدى. سالامەت بۇنى ھېس قىلىپ رازى ۋە خۇرسەن بولدى.

راستىنى ئېيتقاندا، باتۇر مۇشۇنداق كۈلكىسى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇرۇن دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا: «سەن يالغان كۈلىسەن، شۇنداق چىن، تەسىرلىك، ھەتتا كۈلكىلىك يۇمۇرلارغىمۇ يالغاندىن كۈلىسەن» دەپ ئاغرىناتتى، ئاچچىقلىناتتى. ئەمما باتۇرنىڭ قەستەنگە ئۇنداق بولۇۋالمىغانلىقىنى ئۇلار قانداقمۇ بىلسۇن. ئائىلىدىكى سوغۇق چىراي، قوپال مۇئامىلە، دىل ئاغرىقى، تۆۋەن كۆرۈش، ئوغۇل بالىلىق غۇرۇرىنى كەمسىندۈرۈشلار ئۇنى كۈلەلمەيدىغان، كۈلۈش توغرا كەلسىمۇ مەجبۇرىي كۈلىدىغان قىلىپ قويغانىدى. باتۇر قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، قانچىلىك ئەلەم چەككەنلىكىنى بىر ئۆزىلا بىلىدۇ. كىچىكىدىن سەبىي يۈرىكىگە مەھكەم ئورنىشىپ كەتكەن بۇنداق كۈلۈشنى ئۇ قانداقمۇ دەرھاللا ئۆزگەرتەلىسۇن؟ پەقەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا، سالامەتنىڭ ئوتلۇق مېھرى ۋە سېھىرلىك رىشتى ئۇنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ تىرىشتى، ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بەردى. ئادەتنى بۇزماق نەقەدەر تەس - ھە! بىراق باتۇر ئاخىر مۇشۇنچە كۈلۈشكە ئادەتلەندى.

سالامەت بىر پارچە خەت يېزىپ باتۇرغا ئاتتى. باتۇر خەتنى

ئېچىپ ئوقۇدى: «باتۇر، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. ئەتە كەچتە تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەشكە قاتنىشىپ بېرىڭ.» باتۇر دەرھال قىسقا جاۋاب يازدى: «مۇبارەك بولسۇن، ماقۇل.» جاۋابنى كۆرگەن سالامەت خۇش بولۇپ كۈلدى.

باتۇر جاۋابنى دەرھال يازغىنى بىلەن ئارقىدىن غەمگە پاتتى. چۈنكى سالامەتكە سوۋغات بېرىش كېرەك. بۇرۇنلاردا ئۇ بۇنداق ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئەمما بۇ قېتىم باتۇر ئۇنداق قىلالمىدى، ئىچى تىتىلدىدى، چوقۇم سوۋغات ئېلىشتەك خىيال ئۇنى قىيىنىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. شۇڭا، ئۇ ئاستا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

باتۇرنىڭ سىنىپتىن چىقىپ كېتىپ، خېلىغىچە كىرمىگىنىنى كۆرگەن سالامەت تەئەججۇپلەندى.

باتۇر پۇتبول مەيدانىغا بېرىپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. «نېمە سوۋغا قىلىش كېرەك؟ سالامەتكە مۇۋاپىق كەلگۈدەك مېنىڭدە قانداق سوۋغات باردۇ؟ قانچىلىك سوۋغات تەييار قىلالايمەن؟ قەرز ئالاي دېسەم، ئادىلدىن ئالغان پۇلنى تېخى قايتۇرمىدىم. قانداق قىلاي؟ قاتناشمىسام تېخى. زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بىرەر باھانە تېپىپ بىر يەرگە كېتەيمۇ ـ يە؟ ياق، ياق، مۇنداق قىلسام سالامەتنى خاپا قىلىپ قويىمەن. ئۇنداقتا قانداق قىلاي؟... » باتۇرنىڭ ھەقىقەتەن بېشى قاتتى. ھېچ ئامال قىلالماي مۇسابىقىلەردە ئالغان بىرەر مېدالىنى سوۋغات ئورنىدا بەرمەكچىمۇ بولدى. بۇغۇ چوڭ سوۋغا. لېكىن بۇنداق قىلىشقا باتۇرنىڭ يۈزى چىدىمىدى. مانا مۇشۇ مەيداندا ئۇ مۇسابىقە ئەركىسى بولۇپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەن، بېشىنى تىك تۇتقان، مەغرۇرلۇقى چېكىگە يەتكەن، مەڭسىتمەسلىك بىلەن چاۋاكلارغا قول سالغان... ئەمدىچۇ؟ مۇشۇ مەيداندا يۈرىكىگە سىڭىشكەن بىر قىزغا ئالىدىغان سوۋغات ئۈچۈن غەمگە پاتتى، بېشى ئېگىلدى، شان ـ شۆھرىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان مېداللارغا يامان

خىياللاردا بولدى...

باتۇرنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى، بېشىنى چىڭ چاڭگاللىدى، زېھنىنى يىغىشقا تىرىشتى. ئاخىر ئۇنىڭ خىيالىغا سۇزۇكلۈك ئىچىدىكى بىر قۇمچاق كەلدى...

ئەتىسى ئاخشىمى، باتۇر دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۆلگۈرۈپ ئىدىقۇت سودا بازىرىدىكى بىر كىچىك ئاشخانىغا كەلدى. سالامەت تۈغۈلغان كۈننى تەبرىكلەشكە كۆپ ئادەم چاقىرمىغانىدى.

باتۇر ئاشخانىدا سالامەت بىلەن بىللە رەيھانگۈل ۋە رەھىمەنىمۇ كۆردى. باتۇر قىزلارغا سالام قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ سالىمىدا بۇرۇنقى كۆرەڭلىك، بىپەرۋالىقنىڭ ئورنىدا ئوڭايسىزلىنىش، تارتىنىش ئىپادىلەندى. باتۇرنىڭ ئەدەپلىك مۇئامىلىسىدىن سالامەت خاتىرجەم بولۇپ يېنىك تىندى.

باتۇرنى كۆرگەن قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىپ مەنىلىك كۈلدى.

— يەنە ساقلايدىغان باشقا ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى رەيھانگۈل مەنىلىك قىلىپ.

— يوق، باشلىساق بولىدۇ، — دېدى سالامەت تورتىنىڭ لېنتىسىنى يېشىۋېتىپ.

— بايىلا باتۇرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى دېسىڭىز بولمامدۇ، — دېدى رەيھانگۈل يالغاندىن خاپا بولۇپ، — مەن كىمكىن دەپ ئىچىمنى پۇشۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئۆز ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ.

سالامەت كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. بىراق رەيھانگۈل بولدى قىلمىدى، رەھىمە گەپ قىلماي كۈلۈپلا ئولتۇردى. ئۇ، رەيھانگۈلنىڭ قەستەنگە ئويۇن چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— باتۇر بۇنداق سىپايە بولۇۋالسىڭىز قاملاشمايدىكەن جۇمۇ. سىزنىڭ ئۇدۇل - ئۇدۇل گەپلىرىڭىزنى سېغىنىپ قالىدىكەن كىشى...

— بۇگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، — دېدى سالامەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — شۇڭا بۈگۈن مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىمىز.
— «مېنىڭ گېپىمنى» دەپ كەتمەڭ. ھازىر باتۇر ئىككىمىزلەر بىرلا ئادەمغۇ.
— ئەستا...، — سالامەت شۇنداق دەپ ۋىللىدە قىزاردى.
باتۇر ھودۇقۇپ يەرگە قارىۋالدى. رەيھانگۈل بىلەن رەھىمە ئۇلارنىڭ ھالىتىنى تاماشا قىلىپ كۈلۈشتى.
سالامەت تورتقا شاملارنى سانجىماقچى بولۇپ يالتايدى.
— كەچۈرۈڭلار، — دېدى سالامەت، — مەن قارىغۇلاچە بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن. ھايات شامىمىزنى ئۆزىمىز پۈۋلەپ ئۆچۈرسەك قانداق بولىدۇ.
— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى رەيھانگۈل دەرھال رەددىيە بېرىپ، — قانچە تال شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرگىنىڭىز سىزنىڭ شۇنچىلىك ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرلاشقىنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەكچى، ئادەمنىڭ ھاياتى ئاشۇ شامدەك ئۆچۈپ تۈگەيدۇ.
— ئىشقىلىپ مەن شام سانجىپ ئۆچۈرۈشنى ياقتۇرمايمەن، تورتنى يېسەك بولىدۇ. ئالدى بىلەن مەن بىر تىلەك تىلىۋېتەي.
سالامەت ئورنىدىن تۇرۇپ شىرەگە قولىنى تىرىگىنىچە كۆزىنى يۇمدى:
— ھەممىمىزگە بەخت ـ سائادەت يار بولغاي.
تىلەك تىلەپ بولغان سالامەت تورتنى كېسىپ ئالدى بىلەن باتۇرغا سۇندى.
— مەن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن، — دېدى رەيھانگۈل گەپتە چاقىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي.
ئۇلار تورت يېيىشكەندىن كېيىن سوۋغاتلىرىنى چىقىرىشتى. چىرايلىق پەلەي بىلەن كۆركەم شارپىنى كۆرگەن سالامەت قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.
شۇندىن كېيىنكى قىسقا دەقىقىدە قورقۇنچلۇق جىددىيچىلىك

بولۇپ ئۆتتى. رەيھانگۈل بىلەن رەھىمە باتۇرغا قارىدى. قولىنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىۋالغان باتۇر تاتىرىپ ئولتۇراتتى. باتۇرنىڭ مىجەزىنى، ئىقتىسادقا كەلگەندە ئانچە ئاكتىپ ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان سالامەت باتۇردىن ئۆزى خۇشال بولغۇدەك، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلغۇدەك سوۋغىغا ئېرىشىشكە ئىشەنچ قىلالمايتتى. بۇنى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ يەتكەچكە ئامالىنى قىلىپ قويۇشقا سەل قارىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. شۇڭا، ئۇ بۇ خەتەرلىك پەيتنى «سىلەرگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي» دەپ ئەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى. شۇ پەيتتە باتۇر قولىنى ئىشتان يانچۇقىدىن چىقاردى.

— سالامەت، ئاددىي بولسىمۇ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە سوۋغىتىم.

باتۇر قولىنى سالامەتكە سۇندى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قەغەز تۈگۈنچەك بار ئىدى. قىزلار ھەيران بولۇشۇپ تۈگۈنچەككە قاراشتى. رەيھانگۈل تېخىچە ھەيرانلىقتا تۇرغان سالامەتنى نوقۇدى. سالامەت تىترەپ تۇرغان قولىنى سۇنۇپ تۈگۈنچەكنى ئالدى. تۈگۈنچەك قاتتىق، ئەمما ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى.

سالامەت تۈگۈنچەكنى ھەم خۇشاللىق، ھەم قورقۇش ئىچىدە ئاچتى. خۇشاللىقى: باتۇرنىڭ سوۋغا بېرىشى. قورقۇنچى: بۇ سوۋغىنىڭ باتۇرنىڭ مىجەزىگە يارىشا باشقىلارغا كۈلكە بولۇپ بېرىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشى.

تۈگۈنچەك ئېچىلدى. تۈگۈنچەكتىن ياڭاقچە بىر ئاق تاش چىقتى. قىزلار تاشقا قىزىقسىنىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

باتۇر تاشنى قولىغا ئالدى.

— سالامەت، سىزگە مۇشۇنداق بىر تاشنى سوۋغا قىلغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ. يۇرتىمىزدا بىر قۇرۇپ كەتكەن دەريا بار. ھازىر ئازغىنە سۇ ئاقىدىغان بولغاچقا يەرلىكلەر ئۇنى خابا ـ ئۆستەڭ دەپ ئاتىشىدۇ. مەن يالغۇزلۇق تارتىپ قالغان چاغلىرىمدا

دائىم شۇ دەريانىڭ ئۈستى تەرىپىگە بېرىپ، دەريانىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىنى ئايلىناتتىم. ئاشۇنداق ئايلىنىپ تۈگىمەس خىياللارنى قىلىشقا ئامراق ئىدىم.

باتۇرنىڭ بايانىنى ئاڭلىغان قىزلار قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنى يالغۇز ئايلىنىپ ساماۋى خىياللارغا ئەسىر بولىدىغان ئادەم بىلەن كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ ئادەمنى باغلىيالماي ھاڭۋاققانچە ئولتۇرۇپ قېلىشقانىدى. باتۇر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىر قېتىم ئاشۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ تاشنى تېپىۋالدىم. قارىڭىزلار، بۇ تاشنىڭ ئىچىدە بىر قۇمچاق بار.

قىزلار تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ تاشنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشتى. دەرۋەقە، تاشنىڭ ئىچىدە بىر قۇمچاق بار ئىدى.

— قانداقلارچە بۇ تاشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندۇ؟ — دېدى رەيھانگۈل.

— قىزىقلا ئىشكەن بۇ، — دېدى رەھىمە ئىشەنگۈسى كەلمەي.

سالامەت بولسا ھاياجان ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— مەنمۇ بۇ تاشنى بىرەرسىگە كۆرسىتىپ سىرىنى سوراپ باقمىدىم. ئاڭلىسام، تۇرپان نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى دېڭىزمىش. بەلكىم دېڭىز قۇرۇش جەريانىدا بۇ قۇمچاق دېڭىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قوشۇلۇپ قېتىپ مۇشۇنداق تاشقا ئايلىنىپ قالغاندۇ؟ مەيلى قانداق بولسۇن مەن بۇ تاشنى ھېچكىمگە دېمەي، كۆرسەتمەي ساقلاپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇنى سالامەتكە سوۋغا قىلغىنىمدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

— مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى قىممەت جۇمۇ. مۇنداق تاشنى تاپماق بەك مۈشكۈل، — دېدى رەيھانگۈل.

— راستىنلا قىممەتمىدۇ؟ تاشنىڭ يا بىر دەز كەتكەن يېرى يوق ئىكەن. نەچچە مىليون يىلدا شەكىللەنگەن بولسا قىممەت بولسىمۇ قىممەتتۇ ھەقىچان.

سالامەت بۇ تاشنىڭ قانچىلىك قىممەتلىكلىكىنى ئويلىشىپ

ئولتۇرمىدى. پەقەت باتۇرنىڭ ئۆزى ياقتۇرۇپ ساقلاۋاتقان مۇشۇنداق قەدىرلىك نەرسىسىنى ئۆزىگە سوۋغا قىلغىنىغا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سۆيۈندى، مىننەتدار بولدى، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ بىر سېھىرلىك ئوت يۈرىكىدە گۇرۇلدىدى.

— رەھمەت باتۇر، — دېدى ئۇ تەسىرلىنىپ، — بىراق بۇ تاش بەك قىممەتلىك ئىكەن. بۇنى قوبۇل قىلسام بولارمۇ؟

— ئېلىڭ، باتۇرمۇ بىر يېرىنى ئويلاپ سوۋغا قىلغاندۇ، — دېدى رەيھانگۇل، — ئالمىسىڭىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلمەمدۇ.

— بۇ سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن قىلغان سوۋغام، — دېدى باتۇرمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي.

بۇ ھەقىقەتەن قىممەتلىك تاش ئىدى. باتۇر تېپىۋالغاندىن باشلاپ، بولۇپمۇ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلگەندىن بۇيان بۇ تاشنىڭ قىممىتىنى مۇشۇنداق تاش ساتىدىغان دۇكاندىكى تاشلارنىڭ باھاسىغا قاراپ بېقىپ مۆلچەرلەپ باققانىدى. بىراق، باتۇر بۇ تاشنىڭ قىممىتىنى بىلىشتىن ئىلگىرى، يا كېيىن بولسۇن بۇ تاشنى قىممەتلىك بۇيۇمى، ئامراق نەرسىسى قاتارىدا كۆرۈپ قەدىرلەپ ساقلىدى. بۇ تاشنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىدى، تىنمىدى، خۇددى ئىچكى دۇنياسىنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتقاندەك مەخپىي تۇتتى. ئىچى پۇشقاندا، زېرىككەندە، يالغۇزلۇق ھېس قىلغاندا ئۇ تاشنى كۆرۈپ سۇنۇق دىلىغا مەلھەم قىلدى، مۇڭداش، سىرداش قىلدى. شۇڭا، ئۇ بۇ تاشنى مەڭگۈ ساقلايمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ سالامەتتىكى قانداق سېھرىي كۈچنىڭ بۇ تاشنى سوۋغا قىلدۇرۇۋەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ئىشىنەلمەي قالدى. ئەمما چىن گېپىنى قىلغاندا، باتۇر بۇ تاشنى سالامەتكە سوۋغا قىلغىنىغا رازى ئىدى.

— سائەت سەككىز بولاي دەپ قاپتۇ، — دېدى رەيھانگۇل، — تاماق يەيلى، تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئاچ قورساق ئۆتكۈزسەك بولماس.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ تېشىڭىزنى كېيىن كۆرۈۋېلىڭ، — دېدى رەھىمە، — ئەمدى ئۇ تاش سىزنىڭ. باتۇر ئۇ تاشنى سىزگە ئۆزىنى بەرگەندەك بەردى، ئوبدان ساقلاڭ.

بىر ئىشتىن چۆچۈگەن سالامەت دەرھال قولىدىكى سائەتكە قارىدى. ئاندىن كۇتكۇچىنى چاقىردى:

— توخۇ قوردىقىنى ئەكىرىڭ.

ھايالشىمايلا كۇتكۇچى ئاچچىق ـ چۇچۇك بىر تاۋاق توخۇ قوردىقىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— سىزلەر ئالغاچ تۇرىڭىزلەر. مەن چىقىپلا كىرەي.

سالامەت شۇنداق دەپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

سىرتقا چىققان سالامەت تاشنى لېيۇنگە تەگكۈزۈپ قويۇپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىنو ـ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئۇ يەردە ئېسىل كىيىم كىيگەن بىر يىگىت تاماكا چەككەنچە تىتىلداپ تۇراتتى.

— سەل كېچىكىپ قالدىم، كەچۈرۈڭ مەسئۇد، — دېدى سالامەت تۆۋەن ئاۋازدا.

— كېچىكىشىڭىزگە مېنى كۆندۈرۈپ بولدىڭىز، — دېدى مەسئۇد چاقچاق قىلىپ، — ناۋادا بالدۇر ياكى دەل ۋاقتىدا كېلىپ قالسىڭىز ئاندىن مەن خاپا بولسام بولىدۇ.

سالامەت يەرگە قاراپ جىم تۇردى.

مەسئۇد سالامەت بىلەن بىر مەھەللىلىك يىگىت بولۇپ، سالامەتتىن ئۈچ ياش چوڭ. بانكا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۈرۈمچى ناھىيەلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدا ئىشلەۋاتقانىدى. مەسئۇدنىڭ ئاتىسى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، ئاپىسى يېزىلىق مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سالامەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يېقىن دوست. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار مەسئۇد بىلەن سالامەتنىڭ توي ئىشىنى پۈتۈشۈپ قويغان.

مەسئۇدمۇ سالامەتنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، سالامەتنى قوغلىشىۋاتقىلى خېلى يىللار بولدى. بىراق، سالامەت تا هازىرغىچە ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي يۈرگەنىدى. باتۇر بىلەن چىقىشىپ قالغاندىن كېيىن مەسئۇدنى ئويلىماسلا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، مەسئۇد ئەۋەتكەن چاقىرغۇنى ئىشلەتكۈسى كەلمەي يۈرۈۋاتاتتى. هېلىقى چاغدا چاقىرغۇ ئىشىدا رەهىمە بىلەن خاپىلىشىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

مەسئۇد يانچۇقىدىكى كىچىك قۇتىنى سىلاپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

— رەهمەت!

— بىرەر يەردە ئولتۇرۇپ تەبرىكلىسەك ئوبدان بولاتتى. نەگە بارساق بولار؟ قەيەرنى كۆڭلىڭىز تارتىدۇ؟

— شۇنداق قىلساققۇ ئوبدان بولاتتى. بىراق مەن ئاشخانىغا دوستلىرىمنى چاقىرىپ قويغان، بىللە ئولتۇرۇۋاتىمىز. ئۇلارنى تاشلاپ كەتسەم سەت بولىدۇ.

— ئۇنداقتا دوستلىرىڭىز بىلەن تونۇشقاچ بىللە ئولتۇراي.

— ئۇنداق قىلسىڭىز خىجىل بولمايمەنمۇ.

— ئۇنداق بولسا...

مەسئۇد تاماكا چىقىرىپ چەكتى. ئۇنىڭ تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراشلىرى ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاۋارە بولۇپ ئۈرۈمچىدىن كەلسىڭىز بىللە ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم، كەچۈرۈڭ.

— بىللە تاماق يېسەك ئوبدان بولاتتى.

— راستتىنلا كەچۈرۈڭ، كەچ قالسام بولمايدۇ. هازىر مەكتەپنىڭ تۈزۈمى تېخىمۇ چىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئۇزۇن يوقاپ كەتسەم، دوستلىرىم باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن.

سالامەت شۇنداق دەپ يانچۇقىدىكى تاشنى سىلاپ قويدى. ئۇ تاش

هارارىتى بىلەن قولىنى كۆيدۈرگەندەك بولدى.

— ھېچ بولمىسا سوۋغىنى بەرگۈدەك بىر ئورۇن بولغان بولسىمۇ بولاتتى ـ دە.

— رەھمەت، سوۋغا بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ھەي... ئاددىي بولسىمۇ، بۇ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە سوۋغام.

مەسئۇد شۇنداق دەپ بىر قىزىل قۇتىنى چىقاردى ۋە ئاچتى. ئۇ بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئىدى. مەسئۇد ئۈزۈكنى قولىغا ئالدى.

— كېلىڭ، قولىڭىزغا ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي.

سالامەت ئىختىيارسىز قولىنى ئېلىپ قاچتى:

— سورۇنغا قايتقاندا ئۈزۈك تاقاپ كىرسەم دوستلىرىم نېمە دەپ قالىدۇ؟ ئەتىلىككە چاندۇرماي ئۆزۈم سېلىۋالاي.

مەسئۇد ئامالسىزلىقتىن بېشىنى چايقاپ ئۈزۈكنى قۇتىسىغا سالدى:

— سىز جاھىل قىزغا «ھە» دېمەي نېمە ئامالىم.

سالامەت قۇتىنى خالىماي دېگۈدەك ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى. بىراق ئەندىكىپ قۇتىنى ئېلىپ يەنە بىر يانچۇقىغا سالدى. چۈنكى ئۇ بايا قۇتىنى تاش بار يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى.

— يۇرتقىمۇ بارامسىز؟ — دەپ سورىدى سالامەت ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن.

— بەرىبىر سىز بىلەن بىللە بولالمىغاندىكىن، يۇرتقا بېرىپ كېلەي. ھازىر ماڭسام بولامدىمۇ ـ نېمە؟ دوستۇم ماشىنىسىدا ساقلاپ قالغان. يا... بىللە ئولتۇرۇشقا بىرەر ئامالىنى قىلىپ باقسىڭىز...

— بوپتۇ، يۇرتقا بېرىپ ئاتا ـ ئانىڭىزنى كۆرۈپ كېلىڭ. بىز كۆرۈشتۇقمۇ مانا، — دېدى سالامەت ئالدىراپ.

مەسئۇد ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بېشىنى مەيۈسكىنە لىڭشىتتى:

— بوپتۇ، خوش ئەمىسە. پىراكتىكىغا مېڭىشتىن بۇرۇن

ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ چوقۇم ئۇرۇمچىگە چىقىڭ.
— ماقۇل.
— چاقىرغۇنى ئېچىۋېتىڭ.
— ماقۇل.
— چاقىرغۇ قىلسام چوقۇم قايتۇرۇڭ جۇمۇڭ.
— ماقۇل.

مەسئۇد كۆزى قىيمىغان هالدا كەينىگە ياندى.

سالامەت تېز قەدەملەر بىلەن ئاشخانىغا ماڭدى. ئۇلار توخۇ قورۇدىقىدىن سالامەتنىڭ تەخسىسىگە جىققىدە سېلىپ قويۇپ باشقا قورۇما يەپ ئولتۇراتتى.

— نەگە باردىڭىز؟ — دەپ سورىدى رەيھانگۈل.

— سىرتقا چىقسام بىر مەھەللىلىك تونۇش ئادەم ئۇچراپ قالدى. هوي، باشقا قورۇمىلار چىقماپتىغۇ...

سالامەت تاشنى چىقىرىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن باتۇرغا:

— رەهمەت، — دېدى بوش ئاۋازدا.

— يائاللا، هايال بوپقالدىڭىزغۇ، — دېدى رەيھانگۈل، — بۇنچە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. تاش سىزنىڭ بولغاندىكىن كېچىچە قوينىڭىزغا سېلىپ يېتىۋالارسىز.

«ساراڭ» دېدى يۇزى قىزارغان سالامەت. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باتۇرنىڭ ۋۇجۇدى شورىدە قىلىپ قالدى.

## M

تۇساتتىنلا چاڭ ـ توزان خۇددى جابىردەك قۇياش نۇرىنى رەهىمسىزلىك بىلەن توستى. سۇزۇك ئاسماننى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن سەزگۈر ئاتلار بىرەر خەتەرنى سەزگەندەك چۆلۈۋۈرنى سىلكىپ، تېزلىك بىلەن چېپىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا سەئدىن چاققان هەرىكەتلىرى بىلەن رابىيەنىڭ يېنىغا

كېلىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئەلۋەتتە، مۇھەببەت دەرياسىغا شۇڭغۇغان ئاشىقلارغا خەتەر دېگەن ھېچ نەرسە ئەمەس.

ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كەلگەن شىددەتلىك بوران ئۇلارنى قورشىۋالدى. بوران كۈچلۈك بولغاچقا، قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك سانجىماقتا. كۈچلۈك بوران دەستىدىن قۇملار ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قۇم دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئاسمان قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن بولۇپ، ئەتراپنى كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىدى. ئاتلار مېڭىشقا ئىمكان قىلالماي، ئۇچەيلەنمۇ ئۆرە تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئاسمان بىلەن قۇملۇق بىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىشكە باشلىدى. تېز سۈرئەتتە ئۇچۇۋاتقان قۇملار دەستىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمىغاچقا، ئۇلار يا تۇرۇشقا، يا مېڭىشقا ئىلاجسىز قېلىپ، دۈم يېتىشقا مەجبۇر بولدى. بوراننىڭ شىددىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، قۇم دەريا بولۇپ دولقۇنلاشقا باشلىدى.

بوران بىرخىلدا چىقماقتا. تېزلىك بىلەن ئۇچۇۋاتقان قۇم ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا كۆمۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۇلار چىقىۋاتقان بورانغا قارىماي تەسلىكتە ئورنىدىن قوپۇشتى. قۇم تېگىدە قالغان ئاتلىرىنى چۆلۈۋۈرىدىن تارتىپ قوپقۇزۇشتى. نېمىدېگەن تەتۈر قىسمەت بۇ؟ ئۇلار ئاتلىرىنى ئەمدىلا قوپقۇزۇشىغا بوران شىددەت بىلەن كۈچىيىپ ئەمدىلا قوپقان ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇنلارنى ئۇچۇرتىۋەتتى. ھەسەن خۇرجۇنلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك بوران خۇرجۇنلارنى دومىلىتىپ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ئۇلارغا جابىر دورغىلىرىنى باشلاپ «ھۇررا» تووۋلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. قاتتىق گۈلدۈرلەشتىن ئۈركۈگەن ئۇچ ئات تەڭلا ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن تېزلىك بىلەن ئاجرىدى ـ دە، پىتىرىغىنىچە خالىغان

تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك جابىردىن قۇتۇلاي دەپ قالغاندا، ماۋۇ بورانىنىڭ ئۇلارغا ئاۋارىچىلىك سېلىشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى. ئۇلار ئاتلىرىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىغا شىددەتلىك بوران ئۇلارنى كەينىگە مۇدۇرۇتۇپ، دومىلىتىۋېتىپ، ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرەردى. تەلىيىگە ئۇلار تۇرغان جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە نەچچە تۈپ يۇلغۇن بار بولۇپ، بوران ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ شۇ يەرگە تاشلىدى. ئۇلار تېزلىك بىلەن يۇلغۇنلارغا ئېسىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى خۇددى دەرەخكە چىڭگىلىشىپ قالغان رەختنىڭ بوراندا لەپىلدىشىگە ئوخشاپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان يۇلغۇنلار ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزغۇچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

تۇيۇقسىز چىققان بۇ قاتتىق بوران ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئۆلۈم قورقۇنچى ئۇلارغا بارغانچە يېقىنلاشماقتا. رابىيە كۈچلۈك بوراندا ماغدۇرسىزلىنىپ، ھوشسىز ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. بوران ئاشىقلارنىڭ يۈرەكلىرىگە داغ قالدۇردى. قۇم ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا كۆممەكتە ئىدى.

ئۇلارنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالغان بوران، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. قۇم دېڭىزىدا پەيدا بولغان دولقۇنلارمۇ يوقاپ، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى.

ئاتلار بوراندىن ئۈركۈپ، ئاللىقاياققا غايىب بولغانىدى. ئېچىنىشلىقى ئاتلار بىلەن تەڭ سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ يوقالغانىدى. بوران ئويمانلارنى دۆڭ قىلىپ، دۆڭلەرنى ئۇچۇرۇپ ئويمان قىلىۋەتكەنىدى. قۇم دولقۇنى ھەممە نەرسىنى كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن ئىز قالدۇرمىغانىدى.

يۇلغۇننى تۇتقان پېتى قۇمغا كۆمۈلگەن ئۇچەيلەن ئاستا باشلىرىنى كۆتۈردى. ئۇلار يۈز ـ كۆزلىرىدىكى قۇم ـ توپىنى

قوللىرى بىلەن سۈرتۈشتى. ئەتراپ قۇم باياۋان بىلەن تولغان، ئۆچەيلەننىڭ ھالى خانىۋەيران ئىدى.

ئۇلار ۋەيرانچىلىقتا ئىبغىر سۈكۈتكە چۆمدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۇلارنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلىككە پاتۇردى. بىر چاغدا ھەسەن سۈكۈتنى بۇزدى:

— ئاداش، ئەڭ ياخشىسى بىز كەينىمىزگە يانايلى. تەلىيىمىز كاج ئوخشايدۇ. بىز كەينىمىزگە يېنىپ ئادەم بار جاينى تاپايلى. ھازىر بىزدە يېمەك - ئىچمەك قالمىدى، دەرھال ئامالىنى قىلمىساق، ھاياتىمىز خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

سەئىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ «بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز» دېگەن نىيەتكە كېلىشتى.

ھەسەن دۆڭگە يامىشىپ چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— سەئىدىن، ئادەم بار جاي بىزدىن تولىمۇ يىراقتا. بىز غەربتىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، خېلى كۆپ يولنى بېسىپ بولدۇق. ئەگەر بىز كەينىمىزگە يانساق بۇنداق پىيادە قانچە ماڭساقمۇ ئادەم بار جايغا يېتەلمەيمىز. بۇ بالا - قازا بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنى يوق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىمىزمۇ ئاچ. بەرداشلىق بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز ھازىر قۇملۇقتا پىيادە قالدۇق، كىم بىلىدۇ، بوران يەنە چىقامدۇ تېخى. ئەگەر راستتىنلا بوران يەنە چىقىپ قالسا مۇشۇ يەردە جېنىمىزنى قۇمغا يەم قىلىۋېتىمىزمۇ، ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سەئىدىن.

ھەسەن بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇزاقى يىلى بىز ئوۋغا چىققاندا مۇشۇ ئەتراپلارغا كەلگەندەك قىلغان. شۇ چاغدا بىز مۇشۇ ئەتراپتىن شىمالغا قاراپ يېرىم كۈنچە ماڭغاندا، بىر توپ مال بار

يەرگە يەتكەندۇق. دېمەك، مال بار يەردە چوقۇم چارۋىچىلار بولىدۇ. شۇڭا، بىز، شىمالغا قاراپ ماڭايلى، قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى سەئدىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، جانغا بولغان تاتلىق ئىنتىلىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە قوپۇپ ئۆزلىرىنى قېقىشتۇردى. ئاندىن سەئدىن رابىيەنى يۆلەپ، ھەسەننىڭ يول باشلىشى بىلەن شىمالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

دېگەندەك، ئۇلار پىيادە شىمالغا قاراپ يېرىم كۈنچە ماڭغاندىن كېيىن، بىر قويچىنىڭ كەپىسى كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— سىلەر مۇشۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار. مەن بېرىپ قاراپ باقاي، — دېدى ھەسەن.

ھەسەن كەپە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھەسەن كەپىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشىك يوچۇقىدىن ئىچىگە قاراپ بىر ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينى كۆردى.

بۇ جاي يەكەننىڭ پەيزئاۋات دېگەن جايىنىڭ ئايىغى بولۇپ، بىر ئۇچى ئاقسۇغا تۇتىشاتتى. بۇ بوۋاي، باشقا چارۋىچىلاردىن يىراق يۇرگەن تەنھا چارۋىچى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ كەپە ئىچىگە كىردى ھەسەن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — بوۋاي ئۇستىبېشى ۋەيرانە ھەسەنگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

ھەسەن بوۋاينىڭ ئىجازەت بېرىشى بىلەن يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇملۇقتا يولۇققان پالاكەتلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. بوۋاي ھەسەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ھەمدە سىرتتا ھەسەننى ساقلاپ تۇرغان رابىيە بىلەن سەئدىننى كەپىگە باشلاپ كىرىشنى ئېيتتى.

ھەسەن چىقىپ دەردلىك يۇرىكى بىر - بىرى ئۇچۇن سوقۇۋاتقان بۇ ئاشىق - مەشۇقنى كەپىگە باشلاپ كىردى. بوۋاي ئۇلارنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. بوۋاي ئۇلارنىڭ پۇتۇنلەي

توپا ـ قۇمغا مىلەنگەن ئەپتىنى كۆرۈپ، سىرتقا چىقىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئېلىپ كىردى. ئۇلار مۇزدەك سۇدا باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، چاڭقاق تىللىرىغا مۇزدەك سۇنى مەلھەم قىلدى. بۇۋاي ئۇلارغا تېرىدىن تىكىلگەن داستىخان سېلىپ نان، سۇت، قايماق كەلتۈردى. ئاچلىقتىن تازا جاپا تارتقان ئۇچەيلەن ئىشتىھا بىلەن چارۋىچىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تېگىشتى ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلاشتى.

يىپەك كىيىملىك تېنى رەنجىيدىغان قىز رابىيە ھازىر يادىغان، قىزىل گۈلدەك يۈزى سولغۇنلاشقان، ھەممىنى لال قىلىدىغان ئاھۇ كۆزلىرىدىكى نۇرلار ئاللىقاچان يوقالغان، سۇمبۇل چاچلىرى بوراندا چۇۋۇلۇپ، پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، توزان دەستىدىن ئۇنىڭ لاتاپەتلىك ئەپتى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. ھەسەن بىلەن سەئىدنىڭ تۇرقىمۇ رابىيەنىڭ بۇ ئەپتىدىن قېلىشمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەلبىگە نۇرغۇن ئىزگۈ ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈككەن سەئىدىن تولىمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى.

## 14

شۇ كۈندىن باشلاپ، سالامەت باتۇرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، قىممەتلىك تاشقا قارىغىنىدا بۇ ھېسسىياتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ تاشنىڭ نۇرغۇن پۇلغا يارايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى باتۇرنىڭ ساقلاپ كېلىۋاتقان كۆڭۈل ئەرمىكىنى سالامەتكە سوۋغا قىلغانلىقىدىن ئىدى. بۇ ئاسانمۇ؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشى نەدە تۇرۇپتۇ. دېمەك، بۇنچىلىك سوۋغا بېرىشكە خېلى يۈرەك كېرەك. سالامەت تاشنى ئېلىپ سىلىدى. مانا بۇ باتۇرنىڭ چىن يۈرىكى. ئۇ كۆڭۈل مەيلىنى تىل بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىدى.

«ئۇنداقتا مەنچۇ؟ مېنىڭ كۆڭۈل مەيلىم قانداق؟»
بۇ سوئال سالامەتنى قىيىندى. بۇرۇن ئۇ يۇرەك تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ بېقىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرغا مايىللىق تەرەپلىرىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. پەقەت ئاشكارا بولمىغان يېرىلا بار ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئارىدىكى ئىش باتۇر تەرىپىدىن ئاشكارا بولۇپ چىقىشقا چىقىۋىدى، سالامەت گاڭگىراپلا قالدى.
«مەن باتۇرنى ياخشى كۆرىمەنمۇ؟ باتۇرنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن؟»
بۇلار سالامەت ئۈچۈن قىيىن، مۇھىم سوئاللار ئىدى.
سالامەت ئىقرار قىلماي تۇرالمىدىكى، ئۇ باتۇرنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟
سالامەت دەسلەپ باتۇرغا دىققەت قىلغاندا، باتۇر پۇتبولغا ماھىرلىقى بىلەن ئۇنى قايىل قىلغان. بىراق، باتۇرنىڭ قوپاللىقى، چۇشكۇنلۇكى، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقى، ئۆز خىيالى بىلەن يۈرۈيدىغانلىقى، تۇرمۇشتا مەنىلىك ئىنتىلىشىنىڭ يوقلۇقى سالامەتكە ياقمىغانىدى. قىزلارنىڭ باتۇر ھەققىدىكى تۈگىمەس گەپلىرى، باتۇرنىڭ «سالام ئىشكداش» دېگەن ئاكتىپ سالمى ۋە مۇسابىقىدىكى قالتىس ماھارىتى سالامەتنى قىزىقتۇردى. كېيىن سالامەت ئۇنىڭ بىلەن خەت ئېتىشىپ يۈردى ۋە باتۇردەك بالىنىڭ ئۇنداق ناچار كەيپىياتتا يۈرۈشىنى خالىماي ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى، تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشتى، ئاخىردا باتۇر كۈتكەن يېرىدىن چىقتى.
بولغان ئىش شۇ. دېمەك، سالامەتنىڭ باتۇرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغۇدەك باتۇرنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپىمۇ يوق ئىكەن. ئوتتۇرىدا مەڭگۈ ئەسلىگۈدەك ئىشمۇ يوق. لېكىن سالامەت باتۇرنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بەلكىم، بۇنىڭغا كېرەك بولغان ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ قايىل قىلارلىق سەۋەب سالامەتنىڭ

يۈرەك قاتلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقاندۇ، پەيتى كەلگەندە ئاشكارا بولىدىغاندۇ؟

بېشىنى سىلىكۈەتكەن سالامەت تۇيۇقسىز «بەلكىم، باتۇرنىڭ ئاشۇ سەۋەنلىكلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغاندىمەن» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئويىدىن كۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى كىتابلىرىنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇلغان قىزىل قۇتىغا چۈشتى.

قىزىق ئىش، ئۇ مەسئۇدنى ئۇنتۇپتۇ.

«مەسئۇد بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى چوڭلار پۈتۈشۈپ قويغان. ئەمدى باتۇرنىڭ ئىشىنى ئۇلارغا قانداق دەيمەن؟ بۇنىڭغا ئاپاملار قوشۇلارمۇ؟ قوشۇلمىسا قانداق قىلارمەن؟ يا بۇ مەسئۇدمۇ ئۆزىنى بىلىپ بولدى قىلمىدى. زادى قانداق قىلسام بولىدىكىن؟ قارىغاندا ماڭا بىر كۆڭۈل ئاغرىقى بار ئوخشايدۇ.»

سالامەتنىڭ ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتماي، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ئايشەمگۈل:

— نېمىگە بۇنچىۋالا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

سالامەت جاۋاب ئورنىغا مەيۈسكىنە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭغا ئارىلاشماڭلار، ھازىر سالامەتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ بەك ئالدىراش، — دېدى رەيھانگۈل.

سالامەت «ھەي... » دەپ بېشىنى چايقىدى.

باتۇرنىڭ بۇ ئىشتىكى غېمى سالامەتنىڭكىدىن ئېغىر ئىدى.

ئۇ، سالامەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئېتىراپ قىلغانىدى.

قەلبى مۇزدەك قېتىپ چوڭ بولغان باتۇر، بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا قانچىلىغان قىزلار ئۇنىڭ پۇتبول مەيدانىدىكى ئاساۋ ئاتتەك چېپىپ يۈرۈشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ياغقان ئالقىشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن،

ئۇنىڭغا بېشارەت بەرگەن، ھەتتا بەزىلىرى كۆڭۈلىدىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن باتۇرنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتەلمىگەنىدى. باتۇر ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە، ئوتتەك تەلپۈنۈشىگە سوغۇقلا مۇئامىلە قىلدى. بەزىلىرىگە كۆلۈپلا قويدى. ھەتتا بەزىلىرىگە: «يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگۈچە پايپىقىڭىزنى يۇسىڭىز بولمامدۇ» دەپ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سالامەتكە ئەسىر بولۇپ قاپتۇ. سالامەتنى كۆرگۈسى كېلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى، خەت ئېتىشقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قېلىش شۇنىڭ ئىپادىسىغۇ. تېخى قىممەتلىك تېشىنى سوۋغا قىلىپ ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئىقرار بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ھەيران قالغىنى، ئۇ ئىلگىرى كوماندا ئەزالىرىنىڭ، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ، مەشقاۋۇلىنىڭ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى نەسىھەت، تەنقىدلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىغانىدى. ئەكسىچە ئۇلار بىلەن قېرىشقانىدى. سالامەتنىڭ نەچچە ئېغىز گېپى ئۇنى ئارامىدا قويمىدى، خىيالىنى بۆلدى، ئىختىيارسىز قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. ئاخىر بېرىپ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا سالامەتنىڭ سىزغان سىزىقى بويىچە مېڭىپ كەتتى.

باتۇرغا سالامەت يېقىشلىق، مېھرىبان، كۆڭۈلگە تەسەللى بەرگۈچى، سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل بىلىنەتتى. مۇشۇ تەرەپلەر باتۇرنىڭ قەلبىدىكى مۇزنى ئېرىتكەندۇ ياكى باتۇرنىڭ يىگىتلىك ھېسلىرىنىڭ ئويغىنىشىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغاندۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، باتۇر سالامەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىغا ئىقرار.

بىراق، گەپ باشقا يەردە ئىدى.

«مەن سالامەتكە ماس كېلىمەنمۇ؟» ئۇ ئارمان قىلغان سۆيگۈ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلغاندا، مانا مۇشۇ خىيال باتۇرنى قىيناۋاتاتتى. باتۇرغۇ ئالامەتلەردىن سالامەتنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئائىلىچۇ؟

باتۇرنى قىيناۋاتقان ئىش مۇشۇ ئىدى.

مانا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك، باتۇر ئۆزىنى سالامەتكە ماس كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى: «بىزنىڭ ئائىلە قانداق ئائىلە؟ بۇنى ئۆزۈم ئوبدان بىلىمەن. ئۆزۈمنىڭ قەدرى قانچىلىك؟ بۇنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. شۇنداق تۇرسا، ئاتام بىلەن ئاپام سالامەتنى قانچىلىك چوڭ كۆرۈپ كېتەر؟ ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا... ئائىلىمىزمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ماس كەلمەيدۇ، ئۆزۈممۇ ئۇنىڭغا ماس كەلمەيمەن. نېمىشقا بۇنى بالدۇرراق ئويلانمىغاندىمەن؟»

باتۇر كۆپ ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدى: «بۇ ئىشنى ۋاقتىدا سالامەتكە دەپ ئۇنىڭ سىمىگە سالاي. بولمىسا شۇنچىلىك بەختىيار بىر قىزغا ئارتۇقچە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرمەي.»

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا، كەينى ئۇدۇل ئىشكلەر ئېچىلدى. باتۇر سالامەتنىڭ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۆز غېمى ئۆزىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن كۆلۈشكە تىرىشىپ سالامەتكە قارىدى. بىراق سالامەتنىڭ چىرايى ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس. بۇنىڭدىن باتۇرنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولدى. باشقا ئىشقا قولى بارمىغان باتۇر سالامەتكە خەت يازدى.

باتۇر خەت ئاتتى: «خۇشال يۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن.» سالامەت تېزلا جاۋاب قايتۇردى: «مەن قانداقمۇ خۇشال يۈرەلەيمەن؟» بۇنى ئوقۇغان باتۇر ھەم چۆچۈپ، ھەم ھەيران بولۇپ سالامەتكە قارىدى ۋە قىسقا خەت يازدى: «نېمىشقا؟» سالامەت قەلەمنى تۇتۇپ خېلىغىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن باتۇر «سالامەتكە نېمە بولغاندۇ؟» دەپ تىت ـ تىت بولۇپ سالامەتكە پات ـ پات قاراپ قويدى. بىر چاغدا سالامەت تولىمۇ تەسلىكتە ئىككى قۇر خەت يېزىپ باتۇرغا ئاتتى: «باتۇر، راستىنى دەپ بېقىڭە، بىزنىڭ

ئىشىمىز نېمىگە ھېساب؟ يۈرگەنگە ھېسابمۇ؟» خەتنى كۆرگەن باتۇرمۇ خەتكە مىختەك قادىلىپ قالدى. ئەمدى سالامەت تىتىلداشقا باشلىدى. تۇرۇپ «بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ قويدۇممۇ ـ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى. بىر چاغدا باتۇر سالامەتكە جاۋاب خەت ئېتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سالامەت ھەيران بولۇپ خەتنى ئاچتى: «پۇتبول مەيدانىغا چىقسىڭىز، كۆرۈشسەك.» بۇ خەتنى ئوقۇغان سالامەت پۇتبول مەيدانىغا بارسا خۇددى باتۇر ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئاخىر «نېمە كۆرسەم كۆرەرمەن؟ قانچىلىك ئىش بولسىمۇ باتۇر بىلەن يۈزمۇيۈز دېيىشەي» دەپ ئۆزىگە مەدەت بەردى ـ دە، بىر باھانە بىلەن سىنىپتىن چىقىپ پۇتبول مەيدانىغا باردى.

بىر بۇلۇڭدا باتۇر ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. باتۇرنىڭ تاللىغان يېرى مەيداننىڭ بىر چېتى، قاراڭغۇ بۇلۇڭ بولۇپ، بەك ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەشمىسىلا باشقىلار ئاسان بايقىۋالالمايتتى.

سالامەت بېرىپ باتۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. شۇ تاپتا سالامەت كۆڭلىدىكى ئادىمىنىڭ سۆيگۈ ئىزھارىنى كۈتۈپ ھاياجانلىنىۋاتاتتى.

بىراق باتۇر جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشقا سالامەت چىدىمىدى.

— باتۇر، نېمە بولدىڭىز؟

باتۇر ئۈندىمىدى. بۇنىڭ بىلەن سالامەت «باتۇر مەن بىلەن ئارىلاشقىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالغاندىمۇ؟ قىممەتلىك تېشىنى ئالدىراپ بېرىپ قويغاندىمۇ؟ مەن بىلەن چاقچاق ئورنىدا ئارىلىشىپ قويغاندىمۇ؟ ئەجەبا باتۇر قىزلار دېگەندەك يەڭگىلتەك بىر يىگىتمىدۇ؟» دېگەندەك دىلنى غەش قىلغۇچى خىلمۇخىل خىياللارغا پېتىپ قالدى.

— نېملا گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ، — دېدى سالامەت كۆڭلى

يېرىم بولۇپ.

— سالامەت، سىز مېنى باشقىچە ئويلاپ كەتتىڭىز، — دېدى باتۇر ئاخىر ئېغىز ئېچىپ. ئۇ ئېغىر تىنغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمەلىيەتتە مەن سىزگە ماس كەلمەيمەن.

سالامەت چۆچۈپ كەتتى. «مانا، شۇنداق دەپ گەپ ياساپ ئېچىدىكىنى دېمەكچى.» سالامەت لېۋىنى چىشلىدى:

— سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— سالامەت، سىزدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن خۇش، سىز بىلەن تونۇشۇپ كۆڭلىرىم خۇشال ئۆتمىدىغان بولدى. بۇرۇن ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ئادەم بولۇپ يۈرەتتىم. باشقىلار بىلەن كارىممۇ بولمايتتى. شۇڭا سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمنى تەلىيىم دەپ بىلىمەن، — باتۇرنىڭ ئاۋازى بارغانچە تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەسىرلىك گەپلىرىدىن سالامەتنىڭ كۆزى نەملەشتى، — كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىزمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولدىڭىز. ئىشىمىز بۇ يەرگە كەلگەندە يوشۇرۇپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. بولمىسا سىزنىڭ ماڭا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا يۈزسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىمەن. سالامەت، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئىقتىسادى ئادەتتىكىچە ئائىلە. مەن كىچىكىمدە ئاپامدىن ئايرىلىپ قالغان، هازىرقى ئاپام ئۆگەي، ئاتاممۇ ماڭا ئۆگەيدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاپىسىز قالغان بالىلارنى ئاتىسى هەرهالدا قوغدايدىغان بولىدىغان، ئۆگەي ئاپا يوق يەردە بولسىمۇ مېھرىبانلىق قىلىدىغان. لېكىن بۇ ئاتام... قىسقىسى، ئۇلار مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمەيدۇ، شۇڭا مەن كىچىكىمدىن دۇشكەللەش، دەشنام ھەتتا تاياق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئۇلار هازىر ئۆلۈپ تارتىپ قالماي ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزۈپ، بالدۇرراق خىزمەتكە چۈشۈپ، ھەر ئايدا ئۇلارنىڭ يانچۇقىغا پۇل تەييار قىلىپ بېرىدىغان ئايلىقچى بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى يوق، كىيىم - كېچەكقۇ تۇرۇپ

تۇرسۇن، تۇرمۇشۇمغا يېتەرلىك پۇلمۇ بەرمەيدۇ، يوقلاپمۇ كەلمەيدۇ. پۇلۇم بولمىسا بۇرۇن كارىم يوق ئىدى، ئاچ - توق قالسامۇ، باشقىلارغا پۇل خەجلەپ بېرەلمىسەممۇ، باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلەن يۇرتلىرىغا بىللە بېرىپ ئويناپ كېلەلمىسەممۇ يۇرۇۋېرەتتىم. بىراق، سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۇنداق يۇرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئالدىڭىزدا خىجىل بولىمەن، قولۇم قىسقىلىقىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن...

سالامەت ئۆزى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى بېرىپ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادىمىنىڭ بۇنچىلىك دەردى بارلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقتى.

— سالامەت، سىزلەرنىڭ ئائىلە باياشات، باشقىلار ھەۋەس قىلغۇدەك ئائىلە ئىكەن، سىزنىڭ شاد - خۇرام يۇرۇشىڭىزدىن بۇنى ئېنىق بىلدىم. شۇڭا، كېيىنچە ئاتام بىلەن ئۆگەي ئاپامنىڭ سىزنىڭ دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويۇشىنى خالىمايمەن. سىز ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ ئۇنداق ئۆيگە يولىماڭ.

باتۇر بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى دېمەك باتۇرغا ھەقىقەتەن تەس كەلدى. ئەگەر باتۇر قوپال، گەپنى ئۇدۇللا قىلىدىغان، تۇز مىجەزلىك بولمىغان بولسا بۇ گەپلەرنى قاچان دېيىشى بىر گەپ ئىدى؟

سالامەت باتۇرنىڭ گەپلىرىدىن سۆيۈندى، باتۇرغا بولغان ئامراقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى: «باتۇر ھەقىقىي ئەركەك ئىكەن. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرماي باشتا دېدى. باشقىلاردەك يوشۇرۇپ، ئىش چىڭىغا چىققاندا تىلىنى چايناپ تۇرمىدى. باشقىلار بولغان بولسا پەيتى كەلمىگۈچە بۇنى سىر تۇتۇپ، قىزنى ئىككى يانغا تەۋرىيەلمەس قىلىۋېتەتتى، رەھمەت باتۇر!»

— مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى دەپ سىز بىلەن ئارىلاشمىغان، —

دېدى سالامەت جۇرئەتلىنىپ.

— ياق، سالامەت، كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ ئۆيدە دىلىڭىز ئازار يەپ قالدۇ. مەن بۇنى ھەرگىز خالىمايمەن. ئۇنداق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى مەنلا تارتىپ كېتەي.

— سىز... سىز نېمە دېمەكچى باتۇر؟

— سىز بەختلىك ياشاۋاتقان ئادەم، كېيىنمۇ بەختلىك ياشىشىڭىز كېرەك. مەن توسالغۇ بولسام بولمايدۇ.

باتۇر ئېغىزىدىن ئاشۇنداق دەبدەبىلىك گەپلەرنىڭ چىققانلىقىغا، يەنە كېلىپ شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق تەسىرلىك چىققانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. «سۆيگۈ ئادەمنى قەھرىمان قىلىۋېتىدۇ» دېگەن گەپ بار. قارىغاندا، مۆرىتى كەلگەندە سۆيگۈ ئادەمنى شائىر، يازغۇچىمۇ قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ باتۇر؟ بەختىمگە توسالغۇ بولمايسىز، سىز مېنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىسىز.

— مەن كۆپ ئويلاندىم. ئىشلىرىمىز مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاخىر مەن سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇرۇپ قويغۇدەكمەن. شۇڭا... سالامەت... شۇڭا سىز ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان، سىزنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىدىغان... باشقا... بىرىنى تېپىڭ.

— ياق، باتۇر...

— بىلىمەن، ئۇنداق يىگىتلەر جىق.

باتۇر تولىمۇ غەيرەت قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. بۇنى سالامەتمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— باتۇر، سىزنى ئاران تاپقان تۇرسام... ئۇنداق دېسىڭىز مېنى دەردتە قويىسىز.

— ياق، سالامەت، سىزنى دەردتە قويماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ.

— مەن ئالللىقاچان ئويلاپ بولغان، نېمە ئىش كۆرسەم سىز بىلەن تەڭ كۆرۈشكە رازى مەن.

— سالامەت، سىز مەن ئۆچرىغان مۇئامىلىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيسىز. سىز ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈپ باقمىغان.
— سىزلا بولسىڭىز، مەنمۇ غەيرەت قىلىمەن.
— ئەقىل بىلەن ئىش قىلىڭ سالامەت.
— مېنى خالىمايۋاتامسىز ـ نېمە، باتۇر؟
— ئۇنداق ئەمەس، كۆزىڭىزدىن ياش قۇرۇمايدىغان كۈنلىرىڭىز كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.
— بۇ كۈنلەرگە ئاران ئېرىشتىم. كەلمىگەن ئىشلارنى دەپ ئۆزىمىزنى بىسەرەمجان قىلمايلى، باتۇر. بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال ياشايلى.
— لېكىن ئۇ كۈن ھامىنى كېلىدىغان تۇرسا.
— ئۇ چاغدا ئۆيىڭىزدىكىلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىپ مېنى يىغلاتقان بىلەن، — دېدى سالامەت گەپكە ئىچكىرىلەپ. ئۇ ھەرقانچە تىرىشىپمۇ «توي قىلغاندا» دېگەن گەپنى دېيەلمەي «ئۇ چاغدا» دېدى، — ھازىر ئىشىمىزغا ئارىلىشالماس، بىز ھازىر شۇنداق خۇشال ئۆتىۋاتمايمىزمۇ؟ شۇڭا مۇشۇ كۈنلەرنى قەدىرلەيلى.
— ھازىر خۇشال ئۆتكەن بىلەن كېيىن ئازابتا قالىسىز. سىزنىڭ بىھودە ئازاب چېكىشىڭىزنى خالىمايمەن.
— باتۇر، بۇنداق دەپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلماڭ. مەن شۇنچە كۈن بولسىمۇ سىز بىلەن خۇشال ياشىۋالاي. ئۇندىن كېيىنكى ئىشلارغا تىرىشىپ باقمايمىزمۇ؟ شۇ چاغقا بارغاندا بىر ئامالى بولۇپ قالار.
باتۇر سالامەتنىڭ ئىسەدەۋاتقانلىقىنى تۇيدى. شۇ پەيتتە جىددىي ئويلانغان باتۇر ياخشى كۆڭلى بىلەن، ئۆزى خالىمىسىمۇ بۇ گەپنى بەك بالدۇر، ئۇدۇل دەۋېتىپ قىزنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى، پەيتىنى تېپىش كېرەكلىكىنى، ئاستا ـ ئاستا سالامەتنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدى.

باتۇر «سالامەتنىڭ كېيىنكى ئازابقا قالماسلىقى، بەختى ئۈچۈن» دەۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭغا يۈرىكى چىدىمايۋاتاتتى، سالامەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى. ئەمما كېيىنكى رېئاللىق ئۇنىڭدىن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

— بولىدۇ، — دېدى باتۇر ئۆزىنىڭمۇ، سالامەتنىڭمۇ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، — ھازىرچە كېيىننى ئويلىماي تۇرايلى. بۇ گەپلەرنى دېگىنىم بىلەن مېنىڭمۇ يۈرىكىم چىدىمايۋاتىدۇ.

باتۇرنىڭ ئىچ گېپىنى ئاڭلىغان سالامەت خۇشال بولدى. بىراق، باتۇرنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

— باتۇر، راست ئېيتىۋاتقانسىز؟

باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنى گوللاپ قويماڭ جۇمۇ. كۆڭلۈمنى ئىزدەپ ھازىر ھە دەپ قويۇپ، ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ كەتمەڭ يەنە.

— ياق، مەن...

— دۇدۇقلايسىزغۇ؟ مېنى ئالدىماڭ.

— سىزنى... ئالدىيالمايمەن.

— باتۇر، مەن سىزگە ئېنىق دەپ قوياي: مېنى بەختلىك قىلىمەن دەپ ئۇنداق قىلغىنىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئىككىمىزنىلا ئازابتا قويغىنىڭىز.

باتۇر قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ تۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن بەختسىز تۇرمۇشقا سالامەتنىمۇ چېتىۋېلىشنى خالىمىدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ سالامەت.

— كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى سىزنىڭ مەن بىلەن ئاخىرىغىچە ئۇبدان ئۆتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەلمەيۋاتىدۇ.

— قانداق قىلسام ئىشىنەرسىز؟

كەيپىياتى ئەمدى تەڭشەلگەن سالامەتنىڭ ئاغزى يەنە ئۇمچەيدى، يەنە ئېسەدەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن باتۇرنىڭ كۆڭلى

بۆلەكچە بولدى. شۇڭا، ئۇ سالامەتنى بۇ كەيپىياتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ:

— ئىشەنمىسىڭىز تىلخەت يېزىپ بېرەي، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— يېزىڭ.

— بوپتۇ ھۆججەت يېزىپ بېرەي.

— يېزىڭ، — دېدى سالامەت كۈلۈپ تاشلاپ. قىزنىڭ كۈلگىنىنى ئاڭلىغان باتۇر يېنىك تىندى.

— قەغەز - قەلەم قېنى؟ — دېدى باتۇر يېنىنى يالغاندىن ئاختۇرغان بولۇپ.

— چاقچاقنى ئايلاندۇرماڭ، — دېدى ياخشى ئامالدىن بىرنى تاپقاندەك خاتىرجەم بولۇپ قالغان سالامەت، — ئۇغۇل بالا بولغاندىكىن گېپىڭىزدە تۇرۇڭ.

— گېپىمدە تۇرىمەن.

— ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن توختاملا تۈزەمدۇق - يە.

— «نىكاھتىن ئاجرىشىش توختامنامىسى» دېگەن كىنودەكما؟

— تولا تىلىڭىزنى ئۇشتمەڭ. بىزنىڭ دېگەن «ئاجراشماسلىق توختامنامىسى».

بۇ گەپتىن ئىككىسىلا كۈلۈشتى.

بۇ چاغدا مۇزاكىرىدىن چۇشۇش قوڭغۇرىقى چېلىندى.

— سالامەت، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولسام مېنى كەچۈرۈڭ. مەن پەقەت سىزنىڭ كېيىن بەختسىز بولۇپ...

— باشقا گەپلەرنى قويۇڭ، — دېدى سالامەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ھازىرقى مۇھىم ئىش توختامنامە. ئەته كەچتە تاپشۇرىسىز.

— نېمە؟ مەنمۇ يازىمەنمۇ؟

— ئىككىمىز يېزىپ ئاندىن بىرلەشتۈرىمىز.

ئىككىسى خوشلاشتى. قىز خۇشال، يىگىت غەمناك. سەۋەبى، قىز ۋىسال شادلىقىنى ساقلاپ قالدى. يىگىت قانداق قىلىپ قىزنى ئۆز بەختىنى تېپىش يولىغا سېلىش غېمىدە قالدى.

ئەتىسى كەچ بولغىچە باتۇر ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈردى. قىلغىنىنى توغرا دەي دېسە، ئۆزى كۆڭۈل ئاغرىقىغا قالىدۇ، يەنى سالامەتتىن ئايرىلىش دەردىنى تارتىدۇ. خاتا دەي دېسە، سالامەتنى بەختسىزلىك قايىنىمىغا تارتىپ كىرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدىكى ئادىمىنى بىھودە ئازاب چېكىشكە دۇچار قىلىدۇ. باتۇر ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ سالامەتنىڭ بەختىنى قوغداپ قېلىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن باتۇر چىشىنى چىشلەپ، ھەرقانچە ئازاب چەكسىمۇ سالامەتنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشى، ھەتتا ئۆزىدىن بىزار قىلىشى كېرەك.

— يېقىندىن بۇيان بەك ئويچان بولۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى بىر ياتاقدىشى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ.

— ئالغان قەرزلەرنى قانداق قايتۇرۇشقا باش قاتۇرۇۋاتقاندۇ، — دېدى يەنە بىر ياتاقدىشى.

— كىمدىن قەرز ئېلىشنى ئويلاۋاتقاندۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن چېقىشىپ.

— تەنتەربىيەچى دېگەن بۇنداق ھاڭۋاقتى بولسا بولمايدۇ.

— توپ مەشقىگىمۇ ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدىڭ. نېمە بولدى ساڭا؟

— بىرەرىگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ ـ يا؟

— بۇھىزە[①] ئاشىق بولۇشنى بىلەمدۇ؟

— مەيداندا تۇمشۇقىغا توپ يېگەندە ئوڭشىلىدۇ.

بۇرۇنلاردا بۇنداق گەپلەرگە سەت گەپ قىلىپ تاقابىل تۇرىدىغان باتۇر، بۇگۈن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

① بۇھىزە — تۇرپان شېۋىسى، بۇزە دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ياتاقداشلىرى بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشتى.
كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى. سالامەت ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. باتۇر بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلدى.
سالامەت تېزلىكتە بىر پارچە خەت يېزىپ باتۇرغا ئاتتى. باتۇر خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى: «توختامنامىنى يازدىڭىزمۇ؟» باتۇر خەتنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، سالامەتنى «مۇھەببەت توختامنامىسى» ھەققىدىكى گەپنى مۇنداقلا دەپ قويدى، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما سالامەت ئۇ گەپكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانىدى. باتۇر «چاقچاق قىلىشمايلى» دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، سالامەت يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ ئاتتى: «باھانە كۆرسەتمەڭ، ئوغۇل بالا بولسىڭىز گېپىڭىزدە تۇرۇپ توختامنامىنى يېزىڭ.» باتۇر نېمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. سالامەت بۇ ئىشقا قىزىپ كېتىۋاتاتتى.
باتۇرنىڭ ھېچنېمە قىلماي جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن سالامەت، ھە دەپ ئۇنى يېزىشقا ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. باتۇر سالامەتنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىرەر قۇر بىر نەرسە يېزىپ قويماقچى بولۇپ قولىغا قەلەم ئېلىۋىدى، سالامەت يەنە خەت ئاتتى: «كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن، ئاخشامقى يەردە كۆرۈشۈپ توختامنامىلەرنى تولۇقلىۋېتەيلى.»
مۇزاكىرىدىن چۈشۈپ باتۇر پۇتبول مەيدانىغا باردى. سالامەت ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.
— يازدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سالامەت.
باتۇر قەغەزنى چىقاردى. سالامەت ئالدىنئالا تەييار قىلىۋالغان قەلەم شەكىللىك كىچىك قول چىرىغىنى چىقىرىپ قەغەزنى يورۇتتى.
— نېمانچە ئاز؟
— ئەمدى شۇ...
— مەن يازغاننى ئاڭلاپ بېقىڭ.

سالامەت شۇنداق دەپ قولىدىكى قەغەزنى ئاچتى. باتۇر قەغەزنىڭ خەتكە لىق توشقانلىقىنى كۆردى.

باتۇر سالامەتنىڭ بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ چاقچاق قاتارىدا كۆرمەي، ئەستايىدىل قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

سالامەت يازغان توختامنامىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار ئىدى:

« مۇھەببەتلىشىش توختامنامىسى

A تەرەپ: باتۇر (تەنتەربىيە سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

B تەرەپ: سالامەت (رەسىم سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئىككى تەرەپ مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك توختام تۈزۈشتى:

1. ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببەتلىشىش توختام مۇددىتى 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە بولىدۇ. (قالغان ئىشنى مۆھلەت توشقاندا ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ قايتا بېكىتىدۇ.)

2. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە كۆيۈنىدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.

3. مۇشۇ مۆھلەت ئىچىدە ئىككى تەرەپ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلەشمەيدۇ، يات جىنسلار بىلەن ئالاھىدە يېقىن ئۆتمەيدۇ.

4. B تەرەپ A تەرەپنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ.

5. مۆھلەت ئىچىدە ئىككى تەرەپنىڭ شەرم - ھاياغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىشى چەكلىنىدۇ.

6. مەكتەپ تۈزۈمىگە ئۇيغۇن ۋە شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ سەيلە قىلىش، بازار ئايلىنىش تەلىپىنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

7. بايرام، خاتىرە كۈنلەردە ئۆزئارا سوۋغات بېرىشى ئىختىيارىيچە بولىدۇ. بىراق، بىر تەرەپ مۇۋاپىق سوۋغات تەييارلىسا قارشى تەرەپنىڭ ئۇنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

8. مۆھلەت ئىچىدە ئىككى تەرەپ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىدۇ. ھەر بىر تەرەپنىڭ قەستەنگە قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
9. بۇ توختامنامە 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.

ئىمزا

A تەرەپ:

B تەرەپ:

ئىزاھات: بۇ توختامنامە ئىككى نۇسخا بولۇپ، ئىككى تەرەپ بىر نۇسخىدىن ئالىدۇ، مەخپىي ساقلايدۇ.

1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى»

توختامنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغان باتۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئۇ، شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىكى، سالامەت ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن قىلمىغان خىيالى قالماپتۇ. دېمەك، سالامەت ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىكەن. «مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەن قىزنى ئەلۋەتتە بەختسىز قىلىپ قويماسلىقىم، ئۇنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشىم كېرەك.» باتۇرنىڭ بۇ ئىرادىسى شۇ قىسقا دەقىقىدە تېخىمۇ كۈچەيدى.

— باشقا پىكرىڭىز بولمىسا، ئەتە بۇنى يەنە بىر نۇسخا كۆچۈرىمەن. ئىككىمىزگە ئىمزا قويىسىز.

باتۇرنىڭ لەۋلىرى تىترىدى:

— ماقۇل.

سالامەت بەختىيارلىق بىلەن كۈلدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، باتۇر ئادىل بىلەن توپ مەشىق قىلىش ئۈچۈن پۇتبول مەيدانىغا باردى. ئادىل كىيىملىرىنى كىيىپ ۋاراتانىڭ ئالدىغا كېلىپ تەييار بولسىمۇ، لېكىن باتۇر توپنى تۇتقىنىچە مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇۋەردى.

«بۇرۇنلاردا مەيدانغا كېلە ـ كەلمەي ئادەمنى ئالدىرىتىدىغان باتۇرغا نېمە بولغاندى؟ يېقىندىن بۇيان ئۇ باشقىچىلا بولۇپ قالدىغۇ؟...» شۇ خىيالنى قىلغان ئادىل باتۇرنىڭ قېشىغا باردى.

— نېمە بولدى ساڭا؟ ئاشىقلاردەك ھاڭۋاقتى بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى ئادىل ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىپ. ئادىل ئۇنىڭدىن قوپال گەپتىن بىرنى كۇتۇپ تۇرۇۋىدى، باتۇر ئويلىمىغاندا:

— ئولتۇرە، پاراڭلىشىمىز، — دېدى.

— توپ مەشىق قىلمايمىزمۇ؟

— بىرەر قېتىم مەشىق قىلمىغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىراكتىكىغا بارىمىز دەۋاتساق.

شۇنىڭ بىلەن ئادىلنىڭمۇ رايى يېنىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلار ھەرىكەت قىلمىغاچقا سوغۇق ئۇلارنىڭ غولىنى قورۇشقا باشلىدى. يېلىڭ كىيىنىۋالغان باتۇر بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دەپ سورىدى ئادىل.

باتۇر گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

— باتۇر، بىرەرسىگە كۆيۈپ قالمىغانسەن؟

— ئىشىڭنى قىلە، كۆيۈپ قالىدىغان قۇرۇق ئوتۇن ئەمەس مەن.

— قارىسام يېقىندىن بۇيان ئۆزۈڭگە ئوخشىمايلا قالدىڭ. يا سالامەتكە كۆيۈپ قالدىڭمۇ؟ مەن باشقىلاردىن شۇنداقراق گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەنچۇ.

باتۇر ئادىلغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

— گەپ بولسا دېگىن، — دېدى ئادىل.

— ئادىل، مەن بۇرۇن ساڭا سېنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ، دېگەنىدىم.

— نېمىگە ئىشلىتىسەن؟ يەنە پۇل سورامسەن؟ جىق سورىساڭ

يوق جۇمۇ.
— بولدى قىلە، ئۇ پۇللىرىڭنى ھامىنى قايتۇرىمەن... بىر نەرسە يازسەن.
— ھە، يازىدىغان ئىش بولسا چاتاق يوق، — دېدى ئادىل ھەيران بولۇپ. ئۇ باتۇرنىڭ بۇگۇنكى كۆڭلگە كەلگەندە ئۆزىگە بىرنەرسە يېزىش توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى.
— نېمە توغرۇلۇق يازىمەن؟
— قىزلارغا خەت يازسەن.
— ۋاھ، راست ئاشىق بوپسەن. كىمگە؟
— بۇ گېپىڭنى قوي، يازالامسەن؟
— يازىمەن.
— بىر قىزغا كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دەپ بىر نەرسە ياز.
— شېئىرمۇ، ھېكايىمۇ، نەسرمۇ؟
— نېمىلا بولسا مەيلى.
— ئۇنداق بولسا...
— مۇشۇ ئۆتكەن ئون كۈننى ياز.
ئادىل باتۇرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.
— بولدى چاتاق يوق، — دېدى ئادىل، — قاچان تاپشۇرىمەن؟
— ئاڭلىسام 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا پىراكتىكىغا ماڭغۇدەكمىز. پىراكتىكىغا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تاپشۇر.
— باش ئۈستىگە.
باتۇر بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپالمايۋاتقان ئادەمدەك ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، قولىدىكى توپنى ۋاراتاغا كۆچەپ ئاتقاندىن كېيىن ئادىلغا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالدى.
ئادىل ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. «ئۇ بىرسىگە ئاشىق بوپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئادىل، — ئاشىقلىق ئۇنى ئۆزگەرتىپتۇ.

ئۆزگە ئوخشىمايدىغان ئادەم قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ سىپايە، ئوڭلۇق بولۇپ قالغىنى ياخشى بوپتۇ. بىراق، بۇرۇنقىدەك چاچراپ تۇرىدىغان ھالىنىڭ قالمىغىنى بولماپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقسام بولغۇدەك. ئاشىقلىقنى دەپ ھەممىلا نېمىسىنى دو تىكىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟ باتۇرنى باتۇر قىلىپ تۇرغىنى مۇشۇ پۇتبولغۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ مۇھەببەت ئىشىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالامدۇ؟» بۇ ئاق كۆڭۈل قەلەمكەش، باتۇرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەردىن بىخەۋەر ئاشۇلارنى ئويلاپ بىسەرەمجان بولدى.

N

سەئدىنلەر رابىيەنى ئېلىپ قېچىپ جابىرنىڭ تويى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ياقۇپبايىنىڭ ئۆيىدە قىيامەت بولۇشقا باشلىدى. ياقۇپباي ئائىلىسى ئېغىر كۆڭۈل ئازابى تارتىپ، جابىر بەگنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ جابىر بەگ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە جاينى ئاختۇرۇپ رابىيەلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدى. جابىر بەگ شۇنچە ئىزدەپمۇ رابىيەلەرنى تاپالمىغاندىن كېيىن نەزىرىنى چۆللۈككە، سەئدىنلەر قاچقان تەرەپكە قاراتتى.

جابىرنىڭ ئادەملىرى چۆللۈككە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار يول بويى ئۇچرىغان ئادەم، چارۋىچى، ئوتۇنچى، ئوۋچى قاتارلىقلاردىن رابىيەلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى سوراپ ماڭدى. چۆللۈككە كىرگۈچە خېلى رىيازەت چېكىشتى. ئۇلار نۇرغۇن جاپالىق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سەئدىنلەر چۈشكەن كەپە يېنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قاتتىق ھېرىپ كەتكەن سەئدىنلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، پادىچىمۇ يىراقتا ئوتلاۋاتقان قويلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانىدى.

جابىرنىڭ ئادەملىرى شەپە چىقارماستىن ئاستا كەپە يېنىغا كېلىشتى. ئۇلار كەپىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ماراپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن سەئدىنلەرنى كۆردى ۋە سىنچىلاپ كۆزەتكەندىن كېيىن جەزملەشتۈردى. نېمىدېگەن تەتۈر پېشانىلىك بۇ. جابىرنىڭ قولىدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلغان، بەخت ئۇچۇن ئىنتىلگەن بۇ بىر جۇپلەر ئەمدى بەختسىزلىككە تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ يامان كىشىلەر ئۇلارنى تېپىۋالدى. ئەمدى نە ئامال؟

چۆلدە ئاچ ھەم ئۇسسۇز قېلىپ قاتتىق چارچىغان سەئدىنلەر پادىچىنىڭ داستىخىنىغا ئېغىز تېگىشكەندىن كېيىن، ھارغىنلىق دەستىدە پۇتۇن سەزگۈرلۈكىنى يوقىتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەچكە، يامان ئادەملەرنىڭ شەپىسىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى.

كەپە يېنىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئوبدان كېڭىشىپ، مەسلىھەتنى پىشۇردى. ئۇلار تۇيدۇرماستىن ئىككى ئادەم سەئدىن بىلەن ھەسەنگە ئېتىلدى. سەئدىنلەر كۆزىنى ئېچىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، يامان ئادەملەر بىر دەمدىلا ئۇلارنى باغلاپ بولدى. سەئدىنلەر جابىرنىڭ ئادەملىرىنى تونۇپ ھەيران قېلىشىپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى. رابىيەمۇ بىر چەتتە بۇ كۇتۇلمىگەن كاج تەلەيدىن ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. يەنە بىر چەتتە جابىرنىڭ ئادەملىرى رابىيەلەرنى تۇتۇۋالغانلىقىدىن خۇش بولۇپ كۇلۇشمەكتە ئىدى.

جابىرنىڭ ئادەملىرى پادىچىنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەيلا ئۇلارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، رابىيەنى ئاتقا مىنگۈزۈپ چىڭ تاڭدى. ھەسەن بىلەن سەئدىننى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى ئارىلىق قالدۇرۇپ باغلاپ چۆل تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. چۆلدە ھەسەن بىلەن سەئدىننىڭ ئېغىر قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران سۆرەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رابىيەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

دېمىسىمۇ تەتۈر پەلەك ئۇلارنى تولىمۇ بەك يۆگىۋالغانىدى.

مىڭبىر تەسلىكتە جابىرنىڭ قولىدىن قېچىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشەي دەپ قالغاندا، بوراندىن ئىبارەت تەتۈرلۈك مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قۇمغا كۆمۈپ يوق قىلغانىدى.

تۈنۈگۈنلا كۆلۈپ، ئەركىنلىكتە يۈرگەن سەئدىنلەر ئەمدى دورغىلارنىڭ ئالدىغا سېلىپ «تېز ماڭ» دېيىشلىرى بىلەن ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ، پاجىئەلىك قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغان يۇرتىغا قاراپ ماڭماقتا.

جابىر دورغىلىرىدىن بىر قىسمى سەئدىنلەرنىڭ تۇتۇلغىنىدىن خەۋەرسىز بولغاچ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ غالجىرلارچە قاچقۇنلارنى داۋاملىق ئىزدىمەكتە ئىدى. يۇرتمۇ يۇرت ئاختۇرۇش بولۇۋاتقان شۇ ۋاقىتتا، ئالتە دورغا ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ جابىر تەرەپكە قاراپ كەلدى. قاچقۇنلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرگەن جابىر نەچچە ۋاقىتتىكى كەيپىياتىنى بىراقلا ئۇنتۇپ، كىبىرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. قاچقۇنلار جابىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، جابىر ئۇلارغا شۇنداق بىر نېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئاچچىقىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا جابىرنىڭ كۆزى رابىيەگە چۈشكەنىدى. رابىيەنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز ـ كۆزلىرىدىن توپا ئۇچۇپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى سارالڭ خوتۇنلارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. جابىر ھەسەن بىلەن سەئدىنگە قارىدى ـ دە:

— كېلىڭلار، بۇلارنىڭ پۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىپ يامۇلغا ئېلىپ بېرىڭلار ھەم ئۇلارنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەڭلار. پاششاپ بېگىم سوراپ قالسا مېنى ئەۋەتتى دەڭلار. بۇلار شۇ گۈندىخانىدا ئۆلسۇن، — دېدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ رابىيەدىن ئەھۋال سورىماقچى بولدى. بىراق، رابىيە ئۇنىڭغا چىرايىنى ئېچىپمۇ قويمىدى. رابىيە جابىرنىڭ بۇ تىنچلىق سوراپ قاراشلىرىنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ

ۋاقىتتا جابىر چاققانلىق بىلەن مەپىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.
ئۇلار رابىيەنى مەپىگە مەجبۇرىي سېلىپ ئۆيى تەرەپكە، يەنى ياقۇپبايىنىڭ دوزىقىي ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. سەئىدىنىلەر جابىرنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدا ئېغىر كىشەنلەرنى سۆرەپ، ئۆزلىرى ئۇچۇن ھەر قىسمەتلەرنى تەييار قىلىپ تۇرغان يامۇلغا ماڭدى.

كۈز ئاخىرلىشىپ، قىش سوغۇقى بالدۇرلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قەشقەردە باغۇ - بوستانلار قۇرۇپ يازدىكى گۈزەللىكلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. جاھاننى ئاپئاق قارلار قاپلىغان بولۇپ، بۇلبۇل ئورنىغا قاغىلار ئالمىشىپ قاقىلدايتتى. سىرتتا تۇرۇپ - تۇرۇپ شىۋىرغانلار چىقىپ تۇراتتى. ئەتراپ مورىلاردىن چىققان ئىسلاردا ئىسلانغانىدى.

ئەنە، ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان سوغۇق يامۇل. يامۇلنىڭ ئالدى خۇددى كىشىلەرگە «مەن ساڭا ھۆكۈمران» دېگەندەك، بىر خىل سۇرلۇك تۇيغۇ بېرەتتى.

«داڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن يامۇلنىڭ دېڭى چېلىندى. بىر چاغدا ئۇچىسىغا ماگازا كىيگەن ئامبال خۇددى ئەپيۇن خۇمارى كەتمىگەندەك ئالچاڭلاپ مېڭىپ، ئۇزۇن ماگازىسىنىڭ پىشىگە دەسسىگىنىچە قولىدىكى غاڭزىسىنى يېنىك - يېنىك شوراپ سوراقخانىغا كىرىپ كەلدى. سوراقچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئامبالنى تۆردىكى كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئامبال ئاستا كېلىپ ئولتۇردى. جارچى:

— شىڭتاڭ (سوراق باشلاندى)! — دەپ سوزۇپ توۋلىدى.
ئوتتۇرىغا ئادەم قىينايدىغان ھەرخىل كالتەك، تارشا تاشلاندى.

سوراقخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر توپ جامائەت ئامبالغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى. ئامبال تۇڭچىغا قاراپ پەرمان قىلدى. تۇڭچى ئامبالنىڭ بۇيرۇقىنى تەرجىمە قىلدى ۋە سەئىدىننى دەرھال سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

يامۇلدىكى يايىلارنىڭ «ھۇ» قىلىشى بىلەن پۇت - قولىغا

كويزا، كىشەن، بوينىغا تاقاق سېلىنغان سەئدىن يايىنىڭ زەنجىردىن يېتىلىشى ئارقىسىدا سوراقخانىغا كىردى ۋە سوراق سەھنىسىدە تۇرغۇزۇلدى. گەرچە سەئدىننىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن، چىرايى سارغىيىپ رەڭگى ئۆچكەن بولسىمۇ، يەنە شۇ مەردۇ ـ مەردانىلىكى كەتمىگەنىدى. سەئدىن گۇندىخانىدىن چىققاندا، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان ئاتىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، باغرى شۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئالدىدا تۇرغان جابىرنى كۆرۈپ قەددىنى رۇس تۇتتى. جابىر ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئىتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئامبال سوراقنى باشلىدى. سوراقخانا ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتى. ئامبال چىرايىنى تۇرۇپ سەئدىنگە قارىدى ـ دە:

— سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇنى قەستەن قىلمىدىم، پەقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— قانداقسىگە مەجبۇر بولىسەن؟

— چۈنكى باشقىلار مېنى سۆيگەن يارىمنىڭ يېنىدىن قوغلىغاچقا.

— بۇ قىز ئەسلىي سېنىڭ ئەمەس تۇرسا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئەسلىي بىز ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن. بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشكە پۈتۈشۈشكەن.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئاتىسى رازى ئەمەستە؟

— ئەسلىي رازىلىقنىڭ ئۆزى قىزدا ئەمەسمۇ.

— ياق، سېنىڭ بۇ ئويلىرىڭ خاتا. ئاتا رازى بولمىسا قىز قانداقمۇ رازى بولالىسۇن؟

— ئامبال بېگىم، ئويلاپ باقسىلا، قىز ئاتىسى بىلەن نىكاھ قىلامدۇ ياكى ئۆزى رازى بولۇپ توي قىلماقچى بولغان ئادىمى

بىلەمسەن؟ ئاتىمىز قىزىدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلىكىنى سورىشى كېرەكتە، بۇنداق ئەھۋالدا قىزنىڭ رازىلىقىغا قارىماي ئاتىنىڭ رازىلىقىغا قاراش كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە، قىز ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانا قىزنىڭ پىكرىگىمۇ قوشۇلۇشى كېرەك. بىزدەك توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئوغۇل ـ قىزلارغا يول قويۇلۇشى كېرەكتە، — دېدى سەئىدىن.

بۇ چاغدا ئامبال ئاچچىقلاپ:

— بولدى، بۇنداق گېپىڭنى قوي. سەن نېمىشقا خەقنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ، تويى بولۇۋاتقان قىزنى ئازدۇرۇپ ئېلىپ قاچىسەن؟

— مەن خەقنىڭ ئۆيىگە كىرمىدىم ۋە يامان ئىشمۇ قىلمىدىم. بىز ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىدۇق، بۇ چىن ئىشقتىن باشقا ھېچنىمە ئەمەس. ئۆيدىكىلەرمۇ يولى بويىچە ياقۇپبايلارنىڭكىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. بىراق، ياقۇپباي ئەلچىلىرىمىزنى قۇرۇق قول ياندۇرۇپ، قىزىنى جابىرغا بەرمەكچى بولدى. قىزى جابىرغا ياتلىق بولغۇسى يوقلۇقىنى، ئىككىمىزنى مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكۈزۈشنى ياقۇپبايغا كۆپ قېتىم ئېيتىپ يالۋۇردى. ئەمما، ئاتىسى ئۇنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى قوبۇل قىلماي، قىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە ياردەم سورىغاچقا، مەن ئۇنى ئېلىپ كەتتىم.

— بولدى، بۇ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىكار. سەن دېگەن بىر ئىلىم ئىگىسى. ئېغىزىڭدا گېپىڭ بار. بۇ سۆزلىرىڭگە ئىشەنگىلى بولماس، — دېدى ئامبال مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ. ئامبال يايىلىرىغا قاراپ:

— ياچى، — دېدى.

تۇڭچى ئامبالنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ:

— ئامبال بېگىم سەئىدىننى قاماڭلار دەيدۇ، — دېدى يايىلارغا قاراپ.

سوراق نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپ، يايى سەئدىننى يالاپ مېڭىپ، گۇندىپايغا تاپشۇرۇپ بەردى. گۇندىخانا شۇنچىلىك دەرىجىدە يىرگىنچلىك بولۇپ، پاسكىنىلىقىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشاتتى. سەئدىن قاماقخانىغا پۇت ـ قولىغا كىشەن، بوينىغا تاقاق سېلىنىلىق هالدا سولاندى.

تاقاق ـ كويزىلارنى ئېغىرلىتىشنىڭ ھەممىسى جابىرنىڭ «تۆھپىسى» بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆچىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. گۇندىپاي سەئدىننى قاماقخانىغا قاماپ تۇرۇشىغا جابىر يېتىپ كېلىپ گۇندىپاينىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. گۇندىپاي جابىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا چىقىپ كەتتى.

— ئىشق دەيدىكەنسەن، نېمىدېگەن گەپ بۇ، — دېدى جابىر سەئدىنگە مەنسىتمىگەندەك قاراپ. سەئدىن:

— جابىر، ئىشق يولىدا مېڭىپ باقمىغان كىشى ئىشقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئىشق گوياكى بىر ئوت. بۇ ئوت كىشىگە تۇتىشىپلا كەتتىمۇ بولدى، شۇ ئوتتا كۆيۈپ تولغانمىغىچە ئىشقنىڭ سىرلىرىنى بىلمەك تەس. سەن ئەسلا ئىشقنىڭ ئەھلى ئەمەس. سەن دېگەن يامانلىق ۋە ھايۋانىي ھەۋەس تىلەيدىغان مەخلۇق. ئىشق نۇرلىرى سېنىڭدە ئەكس ئېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سېنىڭ قەلب ئەينىكىڭ پاكىز ئەمەس، داغ بېسىپ كەتكەن. سەن مېنىڭدىن «ئىشق نېمە» دەپ سورىما. بۇنىڭغا رابىيەنىڭ ئەمەلىيىتىلا بىر جاۋاب. ئويلاپ باق، رابىيە نېمە ئۈچۈن راھەت ـ پاراغەتتىن، جېنىدىن ۋاز كەچمەكچى بولدى؟ نېمىشقا ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئۆيىدىن كەچتى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك دەردلەرنى تارتىسمۇ، ئىشق ئوتى پەسەيمەي بارغانچە كۈچىيىپ باردى؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا كۆڭلىنى بېرىپ، ساڭا كۆڭلىنى بەرمىدى؟ بىلىپ قوي، ئىشقنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ! مۇشۇلار ساڭا ئىشقنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان تونۇتىدۇ، — دېدى جابىرغا غەزەپ بىلەن.

جابىر سەئىدنىدىن دەككە ئىشتىپ، كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىدى ۋە ئاغزى ھەيرانلىقتا ئېچىلىپلا قالدى. سەئىدىن مۇشۇنداق مەغرۇر دېيەلىگەچكە جابىر سۆزسىز قېلىپ، قاماقخانىدىن سالپايغىنىچە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

گۇللۇك مەپە رابىيەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە قىزنىڭ تېپىلغىنىدىن خۇش بولۇشقان ياقۇپباي بىلەن ئايالى پايپاسلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، خۇشلۇق يىغا ـ زارىسى بىلەن رابىيەنى قارشى ئالدى. رابىيە مەپىدىن چۈشۈرۈلۈپ، رابىيە ئۇچۇن دوزاخ بىلىنىدىغان بۇ مۇدھىش ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى. ئەگەر سەئىدىنلەرنىڭ پىلانى بويىچە ئۇلار تەكلىماكانغا تىنىچ يېتىپ بېرىپ، ھېلىقى تولىمۇ ئاددىي، ئەمما مېھرلىك توغراق ئۆيدە ياشىيالىغان بولسا، رابىيە ئۇچۇن بۇ توغراق ئۆي مانا بۇ ئالتۇن ئوردىدىنمۇ ياخشىراق بىلىنگەن بولاتتى.

بۇ بەختسىزلەر ئۇچۇن پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ، رابىيە قايتىپ كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن ئاي ئۆزىنى جۇلالاندۇرالماي قالغىنىدەك كېسەللىك ئاسارىتىگە چىرمىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئۇچۇن ھەقىقىي بىر ئاشىقلىقىنى نامايان قىلالماي قالدى. رابىيە ئۇچۇن كۇندۇزمۇ قاراڭغۇ كېچىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى خۇددى «ئاھ» ئۇچقۇنىدىن نۇر ئالغان يۇلتۇزلارغا تولدى.

رابىيەنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىپ، كۆز ئالدىدىكى يورۇق دۇنيا قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يېنىدىكىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەي، پۈتۈن دەردىنى ئۆزىلا بىلدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن تولىمۇ بىزار بولغاچقا، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قويدى.

ئاتا ـ ئانىسى رابىيەنىڭ بۇ خاراب ھالىغا قاراپ، ئۆزلىرى تاپقان ئەلەمدىن قاتتىق غەمگە پاتتى. ئۇلار نۇرغۇن ياخشى تېۋىپلارنى ئەكەلگەن بولسىمۇ ھېچ داۋاسى بولمىدى.

ئەلۋەتتە، مۇھەببەت دەردىنىڭ داۋاسىنىڭ نېمىلىكىنى ياقۇپباي بىلەن ئايالى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئەگەر بىلگەن بولسىدى، ھەممىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگۇدەك بۇنداق پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

## 15

قىش باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاۋا خېلى ئىسسىق ئىدى. شۇنداق كۈنلەردىن بىر جۈمە كۈنى — 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەكتەپ چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنى پىراكتىكىغا ئورۇنلاشتۇردى. پىراكتىكا ھەر تەرەپتىن قولاي بولۇشى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆز يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ۋاقتى 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئىدى.

باتۇر مەكتەپ ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ قايتىۋاتاتتى. ئۇ، ئاشخانا ئالدىدىكى پاكار دەرەخلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈشىگە بىرى ئۇنى چاقىردى:

— باتۇر.

باتۇر بۇرۇلۇپ سالامەتنى كۆردى. باتۇر خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. سالامەتنىڭ چىرايىدىن قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە تاماق يېدىڭىز؟ لەڭمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— سىزگە بۇرۇن دېدىمغۇ، چۆپى بارماق قولدەك چىقىدىغان لەڭمەننى تالىشىپ بالىلار ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئانچە يېگۈم كەلمەيدۇ. يەنە شۇ پىخەي① نان بىلەن قورۇما يېدىم.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سالامەت كۈلۈپ كەتتى. باتۇرنىڭ دەۋاتقىنى خېمىرنى ياپىلاق، ئۇزۇنچاق قىلىپ، دوخوپكىغا سېلىپ قاقلاپ پىشۇرغان نان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ ناننىڭ شەكلىگە

---

① لاتا ئاياغ.

قاراپ ئۇنى «پىخەي نان» دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق نان بىلەن ئاچچىق ـ چۇچۇك قىلىپ قورۇلغان قورۇمىنى يېيىشكە نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئامراق ئىدى.

ـــ سىز نېمە يېدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى باتۇر.

ـــ مەنمۇ سىزنى دوراپ پىخەي نان بىلەن قورۇما يېدىم، ـــ دېدى سالامەت تاماق قاچىسىنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ تاماق قاچىسىدا يېرىم نان تۇراتتى.

ـــ شۇنچە كىچىك ناننىمۇ يەپ بولالمىسىڭىز، قانداق ئۆرە يۈرۈيسىز؟ ئورۇقلاپ ئۇستىخان ئادەم بولۇپ قالماڭ يەنە.

ـــ ھېلىمۇ سەمرىپ كەتتىم.

ـــ سەمرىپ قاۋۇلراق ئادەم بولۇڭ. كېيىن بىرەرنى تېپىپ قويساممۇ تىك تۇرىدىغانغا.

ـــ تەپسىڭىزمۇ تېپىپ باقسىڭىزا.

باتۇر سالامەتنىڭ ئۇستاتلىق بىلەن ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

ـــ بۇ شەنبە ـ يەكشەنبە نېمە ئىش قىلىسىز؟

ـــ سىزچۇ؟

ـــ بىكارچىلىق.

ـــ ئاتام بىر نەرسىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇۋېدى، بىللە بېرىشىپ بېرىڭ.

ـــ قاچان قايتىپ كېلىمىز؟

ـــ ئەتە ئەتىگەن بېرىپ، كەچتە قايتىپ كېلىمىز.

باتۇر سالامەتنىڭ چىرايىغا قاراپ:

ـــ ماقۇل، ـــ دېدى.

ئەتىسى سەھەردە، ئۇلار نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. باتۇر بىلەن ئولتۇرغان سالامەت تۇيۇقسىز بارغان چاغدىكىدىنمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى.

باتۇرمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ دەسلەپتە سالامەتنى «ئاستا ـ ئاستا

يىراقلاشتۇرۇش»نى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ كۆڭلىدە ئىختىيارسىز ھالدا سالامەتتىن خۇشاللىق ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سالامەت بىلەن قىلىشقان ئاددىي پاراڭلار، سالامەتنىڭ ئانچىكىم كۈلكىسىمۇ ئۇنىڭغا ئالەمچە ھوزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆزىنى چەكلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا شۇ خۇشاللىققا ئىنتىلەتتى.

بۇ قېتىممۇ باتۇر «بۇ سەپەر ئىككىمىزنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ ئەندىشە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەپەر ئۇنىڭغا شادلىق بەخش ئېتەتتى.

ئۇلار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 11 لەر بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن يولىغا جايلاشقان ياشلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەن كۆرۈشىدىغان ئادەمگە چاقىرغۇ قىلىپ باقاي.

سالامەت شۇنداق دەپ نېرىدىكى تېلېفون بوتكىسىغا كەتتى.

باتۇر ئەتراپتىكى قىش مەنزىرىسىگە تېخىچىلا ھەيران بولۇپ قىزىقسىنىپ قاراۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، قىش پەسلىدە ئۈرۈمچى تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. سوغۇقتىن، دەرەخ، رېشاتكىلاردىكى قارلاردىن، ئادەمنى تېيىلىتىپ يىقىلدۇرۇشقا ئارانلا تۇرىدىغان يەردىكى مۇزلاردىن قىشنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى بولاتتى. قىشنىڭ بۇ يەردىكى ئۆزگىچە مەنزىرىسى باتۇرغا يېڭىچە تۇيغۇ ئاتا قىلىۋاتاتتى.

باتۇر بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن يازدا، ئۈرۈمچىگە بىر قېتىم كەلگەنىدى. شۇ چاغدا يۇرتتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان بىر كىشىنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئانىسى كەلمەكچى بولغاندا ئۇنىمۇ بىللە ئېلىۋالغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۈرۈمچى تىلغا ئېلىنسا، باتۇر شۇ ۋاقىتتا ئۆزىگە تەسىر قىلغان ئۈچ ئىشنى يادىغا ئالاتتى. بىرى، ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكى. ئىككىنچىسى، ئادەملەرنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلۈكى. ئۇ

كوچىدىكى قىستى ـ قىستاڭ ئادەملەرنى كۆرۈپ: «بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم نەدە يېتىپ ـ قوپىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران قالغانىدى. ئۇچىنچىسى، راۋۇرۇزا ئىدى. ئۇ راۋۇرۇزىنى كۆرۈپ يېگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

مانا ئەمدى كۆردىكى، ئۇرۇمچى باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئېگىز بىنالارغا قاراپ ئادەمنىڭ بويىنى ئاغرىپ كېتىدىكەن، يوللار كېڭىيىپ، كوچىلار رەتلىنىپتۇ. تەييارلا تۇرغان كىرا ماشىنىلىرى، بېكەتلەردە تىنىماي كىرىپ ـ چىقىۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسلىرى، ئۇلارغا بېقىپ ئاپتوبۇسلارغا ئېسىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، ئادەملەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىنىشى باشقىچە. بۇلارغا قاراپ باتۇر قورۇنغاندەك بولدى.

شۇ چاغدا سالامەت قايتىپ كەلدى.

ـــ يۈرۈڭ، بىز ئاۋۇ ئاشخانىغا كىرىپ تۇرايلى، ـــ دېدى سالامەت يول بويىدىكى ئاشخانىنى كۆرسىتىپ، ـــ ئۇ ئادەم مۇشۇ ئاشخانىغا كېلىدىغان بولدى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ تەملىك، قىزىق چايدىن ئىچىشىپ راھەتلەندى.

ھايال ئۆتمەي ئاشخانىغا مەسئۇد خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ سالامەت بىلەن شۇنداق قىزغىن سالاملاشتى. باتۇرغا دىققەت قىلغىنىدا بولسا ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئاندىن باتۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

باتۇر بۇ يىگىتنىڭ سالاپىتىگە، كىيىملىرىنىڭ ئېسىللىكىگە قاراپ ھەۋەسلەندى.

ـــ نېمە تاماق بۇيرۇتتىڭىزلار؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ.

ـــ تېخى بۇيرۇتمىدۇق. سىزنى ساقلاپ تۇردۇق، ـــ دېدى سالامەت تەبىئىي ھالدا.

ـــ كۇتكۇچى، بىزگە ئۈچ تەخسە لەڭمەن، كاۋاپتىن ئالتە زىق.

يەنچۇ؟ — مەسئۇد سالامەتكە قارىدى. سالامەت باتۇرغا قارىدى:
— يەنە نېمە يەيمىز؟
— بولدى، — دېدى باتۇر ئارانلا.
— ئۇنداق بولسا، تاماق يېگەچ كۆڭۈلىمىز تارتقاننى يەنە بۇيرۇتارمىز.
مەسئۇد شۇنداق دەپ قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇخانىغا قاراپ ماڭدى.
— ئۇ ئادەم ئەمەس ئىكەنغۇ، — دېدى باتۇر. بۇنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:
— بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— «كۆرۈشىدىغان ئادەم بار» دېسىڭىز، چوڭ ئادەممىكىن دەپتىمەن. بىز بىلەن تەڭتۇش يىگىت ئىكەنغۇ.
باتۇرنىڭ گېپىنى چۈشەنگەن سالامەت كۈلۈۋەتتى، شۇنداقلا باتۇرنىڭ ئىچى تارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خۇش بولدى.
— ئۇ بىزنىڭ مەھەللىلىك، ئىسمى مەسئۇد، مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ. سىز «كىم» دەپ سورىمىغاندىكىن، مەنمۇ دېمەپتىمەن. ھە، ئۇ كېلىۋاتىدۇ، بېرىدىغان نەرسىنى بېرىۋېتىپ كېلەي.
سالامەت شۇنداق دەپ سومكىسىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىۋاتقان مەسئۇدنىڭ ئالدىغا باردى.
— مەسئۇد، سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.
ئۇلار نېرىقى بۇلۇڭغا بېرىپ بوش ئورۇندا ئولتۇردى.
مەسئۇد ئۇمىدلىك خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىنىۋاتقان بولغاچقا تولىمۇ خۇشال ئىدى.
سالامەت سومكىسىدىن چاقىرغۇ بىلەن قىزىل قۇتىنى چىقاردى. بۇنى كۆرگەن مەسئۇد تېڭىرقاپ قالدى.
— مەسئۇد، — دېدى سالامەت ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — كەچۈرۈڭ، مەن بۇ نەرسىلەرنى... راستتىنلا قوبۇل قىلالمىغۇدەكمەن.

بۇنداق گەپنى كۈتمىگەن مەسئۇد قىزغا قاراپلا قالدى.
— بۇ... بۇ... نېمىشقا؟
— مەسئۇد، ئىشنى ئارقىغا سۈرۈپ، سىزنى ئاۋارە قىلىۋەرسەممۇ بولمايدۇ.
— بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتاتتۇققۇ.
— مەن ئارتۇق گەپ قىلىپ خىيالىڭىزنى بۆلمەي... مەن... مەن ئاۋۇ يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتىمەن. ساۋاقدىشىم، ئىسمى باتۇر.
— ھە!
مەسئۇد ھەيرانلىق بىلەن يىراقتىن باتۇرغا قارىدى. باتۇرنىڭ شۇ قەدەر ئاددىي ئۇستىبېشى مەسئۇدنى بۇ گەپكە ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى. «ئۇ يىگىت سالامەتكە قانداقمۇ ماس كەلسۇن؟ سالامەت ماڭا يالغان ئېيتىۋاتامدۇ ـ يا؟» دەپ ئويلىدى ئىشەنگۈسى كەلمىگەن مەسئۇد.
ئۇنىڭ خىيالىنى بىلگەن سالامەت:
— مەن سىزگە يالغان ئېيتمىدىم. قانداقلا ئويلاڭ، ئىشقىلىپ مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى.
قىزنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان مەسئۇد سالامەتنىڭ چىراي ئىپادىسى، سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزى، باتۇرغا قارىغاندىكى كۆزنىڭ چاقنىشىغا قاراپ سالامەتنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى. دېمەك، ئىش تۈگىگەنىدى، ئۈمىد شامى ئۆچكەنىدى.
— سىز ئىنتايىن ياخشى يىگىت، لېكىن مېنى كەچۈرۈڭ.
سالامەت ئورنىدىن تۇردى. ئامالسىز قالغان مەسئۇد:
— سالامەت، ئۇنداق بولسا بۇ نەرسىلەرنى دوستلىقىمىز يۈزىسىدىن بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ، — دېدى. سالامەت مەسئۇدنىڭ بۇ ئوغۇلبالىچىلىقىدىن خۇش بولدى:
— مەسئۇد، مەن سىزنىڭ مەردلىكىڭىز، ئوغۇلبالىلىقىڭىزغا قايىل. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ياخشىسى، مەن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماي.

ئېغىر تىنىپ جايىدا تۇرۇپ قالغان مەسئۇد، ئۇ نەرسىلەرنى يانچۇقىغا سېلىپ جايىغا باردى. باتۇر مەسئۇدنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭدا بايىقى قىزغىنلىقىنىڭ قالمىغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالدى. سالامەت ناھايىتى تەبىئىي ھالدا چاي ئېچىپ ئولتۇراتتى.

تاماق كەلتۈرۈلدى. مەسئۇد ئۆزىنى ھەرقانچە زورلاپ باققان بولسىمۇ، بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزدىن باشقا سۆز دېيەلمىدى. تاماق كۆڭۈلسىزلا يېيىلدى.

تاماقتىن كېيىن، مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خوشلاشتى:

— سالامەت، سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن، خوش.

مەسئۇد كەتتى. ئۇ كېتىشى بىلەن باتۇر يېنىك بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ كەيپىياتقا ھەيران بولدى.

— ئىشىڭىز تۈگىگەن بولسا، ئەمدى قايتىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

— ئۇرۇمچىگە ئاران بىر چىققاندا ئويناپ قايتىمىز.

— نەگە بېرىپ ئوينايمىز؟

— سۇ ئۈستى باغچىسىغا.

— نە ئۇ؟

— ئەتىگەندە تۇرپاندىن كەلگەندە ئاپتوبۇستىن چۈشكەن يەر شۇ.

— كەچ بولۇپ كەتمەس.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

سالامەت چوڭ يولغا چىقىپلا بىر كىرا ماشىنىسىنى توستى.

كىرا ماشىنىسىدىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بېشىنى كۆتۈرگەن باتۇر ئېگىزدە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان «سۇ ئۈستى باغچىسى» دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەرنى كۆردى.

سۇ ئۈستى باغچىسى ئاق لىباسقا چۈمكىلىپ تۇراتتى.

— بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن «سۇ ئۈستى باغچىسى» دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر.

سالامەت قىسقىلا ئېيتتى:

— ئۈستىدە بىر چوڭ كۆل بار. شۇنىڭغا قارىتا دېگىنى.

سالامەت باتۇرنى باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ئاق قارنى غاچىلداپ دەسسەش كۆڭۈللۈك بىلىنگەچكە ئۇدۇل مېڭىۋەردى. قىز تۇرۇپ - تۇرۇپ شوخلۇق قىلىپ قارنى پومزەكلەپ باتۇرغا ئاتاتتى، تۇرۇپ قار ئۈستىگە تىزلىنىپ قارنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ يۈزىگە ياقاتتى، باتۇرنى قەستەنگە دەرەخ ئاستىغا باشلاپ بېرىپ، دەرەخنى سىلكىپ دەرەختىكى قارلارنى باتۇرنىڭ ئۈستىبېشىغا چۈشۈرەتتى.

ئۇلار تۆۋەننى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سالامەت باتۇرنى ئېگىز پەلەمپەيدىن ئۈستىگە باشلاپ چىقتى.

ئۈستى بىر دۇنيا ئىدى. مۇز قاتقان، يۈزىنى ئاپئاق قار قاپلىغان كۆل سېھىرلىك بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

ئۇلار كۆلنى بويلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى. قىزنىڭ شوخلۇقىغا، غەمسىزلىكىگە قاراپ باتۇرمۇ ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى سالامەت قار ئاتسا، ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ قاراپ تۇرماي، ئۆزىمۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنى قىزىپ كەتتى. بۇنىڭدىن سالامەت قىن - قىنىغا پاتماي قالدى.

باتۇرنىڭ قار ھۇجۇمىدىن قېچىپ كەينىگە داجىۋاتقان سالامەت دەرەخلەر ئارىسىغا تارتىپ قويۇلغان سىمغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇنىڭدىن باتۇر قاقاھلاپ كۈلدى. سالامەت ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىراق پۇتى تېيىلىپ كەتتى. سالامەت يەنە تىرماشتى. ئۇ دەرەخ شېخىنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، دەرەخ شېخى سۇنۇپ يەنە يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن باتۇر تېخىمۇ كۈلدى. ئۆزىنىڭ ھالىغا، باتۇرنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ كۈلۈپ تاشلىغان سالامەت قولىنى باتۇرغا سۇندى:

— قولۇمدىن تارتىڭ، تۇرالمايۋاتىمەن.

باتۇر كېلىپ قولىنى سۇندى. بىراق دەرھال قولىنى تارتىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— قولىڭىزنى تۇتسام، توختامغا...

— بۇ، توختامغا خىلاپ ئەمەس، چاققان بولۇڭ.

باتۇر سالامەتنىڭ قولىنى تۇتتى. قىزمۇ يىگىتنىڭ قولىنى مەھكەم قامالىلىدى. باتۇر قىزنى تۇرغۇزدى. بىراق، سالامەت باتۇرنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي چىڭگىدە تۇتۇۋالدى. باتۇرنىڭمۇ قىزنى شۇنچىلىك قۇچاقلىغۇسى كەلدىكى، ئەگەر قىز بىر ئېغىز نازلىق گەپ قىلسا، ياق، نېمىلا دېسە بىر ئېغىز گەپ قىلغان بولسا قىزنى باغرىغا باسقان بولاتتى.

سالامەت باتۇرغا ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىككىنىچە تۇرۇۋەردى. هارارەتلىك تىنىقلار يۈزلەرگە ئۇرۇلدى، كۆزلەردىن پارتلاپ چىققان ئۇچقۇنلار بىر ـ بىرىگە چېقىلدى، يۈرەكلەر دۈپۈرلىدى... مانا شۇنداق هاياجانلىق پەيتتە دەرەخ ئۈستىدىكى بىر كاللەك قار قىزنىڭ بېشىغا چۈشۈپ ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.

قايناۋاتقان قازاننىڭ ئوتى ئۆچتى.

بايىقى شوخلۇقلاردىن ئەسەر قالمىدى. ئۇلار ئۇندىمەي ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۈستى تەرەپنى ئايلىنىپ بولۇپ، تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭغاندا باتۇر سورىدى:

— سائەت نەچچە بولدى؟

سالامەت چىرايلىق بارماقلىرى بىلەن يېڭىنى قايرىپ سائىتىگە قارىدى:

— ئۈرۈمچى ۋاقتى ئۈچ يېرىم.

— قايتقۇچە كەچ بولۇپ كەتكۈدەك، قايتايلى.

— ماقۇل.

ئۇلار ئۈچ تاش بېكىتىگە چىققاندا، سالامەت باتۇرنى بىر

ئاشخانىغا تارتتى.

— نېمە قىلىمىز؟

— تاماق يەيمىز.

— چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولدۇققۇ.

— ئۆزىمىز يېسەك ھېساب، — دېدى سالامەت دومسىيىپ.

— ئۇنداق بولسا تاماق پۇلىنى مەن تۆلەي.

— ۋاي، تازا ياخشى بولدى.

تاماقنى سالامەت بۇيرۇتتى. سالامەت باتۇرنى ئايىدىمۇ ياكى سوغۇقنى ئويلىدىمۇ، كۇتكۇچىگە:

— ئىككى چىنە سۇيۇقئاش، — دېدى.

تاماق تولىمۇ كۆڭۈللۈك يېيىلدى.

ئۇلار جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، سالامەت باتۇردىن:

— سىز پويىزغا ئولتۇرۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردە باتۇر.

— مەنمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغان، — دېدى سالامەت.

بۇ گەپكە نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەن باتۇر سالامەتكە قاراپ تۇردى.

— ئۇنداق بولسا، پويىز بىلەن قايتايلى، — دېدى سالامەت.

— نېمە؟

راستىنى ئېيتقاندا، پويىزغا ئولتۇرۇش باتۇرغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق، ئاجايىپ ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدا پويىزغا قارىتا قىزىقىشمۇ، قورقۇشمۇ بار ئىدى.

— يۈرۈڭ.

سالامەت ئىككىلىنىپ قالغان باتۇرنى باشلاپ كىرا ماشىنىسىغا چىقتى.

پويىز ئىستانسىسى يەنە بىر دۇنيا ئىدى. كۇتۇش زالىدىكى ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەم ئايىغىنىڭ

ئۆزۈلمەسلىكى باتۇرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

سالامەت بېلەتنى ئېلىپ كەلدى. بېلەت بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 9 دا ماڭىدىغان پويىزنىڭ بولۇپ، يەنە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى.

ئۇلارمۇ باشقا يولۇچىلاردەك كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقتا قىستىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ پات ـ پات زالغا ئورنىتىلغان چوڭ سائەتكە قاراپ قوياتتى. پاراڭ قىلىشىپ، ئويۇن ئويناپ، تېپىشماق تېپىشىپ، ئاخىر ھېرىپ قالغانمۇ، سالامەت باتۇرغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

باتۇر سالامەتنىڭ چېچىدىن كېلىۋاتقان خۇش ھىدنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈرگىنىچە، ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. سالامەتنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك، بەختىيارلىق چىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ مۇھەببەتتە ۋىسال قۇچقان ھەقىقىي مەشۇقنىڭ چىرايى ئىدى. باتۇر قىزنىڭ يۈزىنى سىلىغۇسى كېلىپ قولىنى سوندى. بىراق، شۇئان پەيدا بولغان «ئۇنىڭدىكى بەختىيارلىق كۆلكىسى قاچانغىچە داۋاملىشار؟» دېگەن خىيال بىلەن قولىنى تارتىۋالدى. ئەنە، ئۆگەي ئانىسى سالامەتنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئايلىق مائاشىنى بىسوراق ئېلىۋالماقتا؛ ئەنە، ئاتىسى سالامەتنى تاڭ سەھەردە ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەشكە بۇيرۇماقتا؛ ئەنە، ئۆگەي ئانىسى سالامەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قولىنى سانجىپ ۋارقىرىماقتا؛ ئەنە، سالامەت ئەلەم، خورلۇقتىن ياش تۆكمەكتە... باتۇرنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى. «ياق، مەن سالامەتنى ئۇ كۆنەلەرگە قويسام بولمايدۇ. سالامەتنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىھودە ياش تۆككۈدەك گۇناھى يوق. مەن ئۇنى ئاسرىشىم كېرەك.» باتۇر ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىگە كۈچ ـ مەدەت بەردى، سالامەتنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئويى تېخىمۇ كۈچەيدى.

باتۇر سائەتكە قاراپ پويىزنىڭ قوزغىلىدىغانغا 15 مىنۇت قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سالامەتنى ئويغاتتى. سالامەت شېرىنلىك

ئىچىدە كۆزىنى ئىچىپ باتۇرغا مەستانىلارچە تىكىلدى.

— ۋاقىت توشتى، — دېدى باتۇر.

— نېمانچە تېز.

ئۇلار بىلەت تەكشۈرتۈپ بولۇپ، پويىز ساقلاش سۇپىسىغا كەلدى. پويىز ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە پويىزغا چىقتى.

پويىز ئورنىدىن قوزغالدى. سەلدىن كېيىن پويىزغا تۇنجى چۈشكەندىكى ھاياجان سۇسلىدى. ئۇلار دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ پويىزنىڭ رىتىملىق تاقىلدىشىغا قۇلاق سالغاچ، كۆز ئالدىدىكى تېز ـ تېز ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرۇشتى. بىر يەرگە بارغاندا، پويىز يىگىرمە مىنۇتتەك توختىدى. ئۇلار گەپ ـ سۆزلەردىن تۆمۈر يول قىستاڭچىلىقى سەۋەبلىك پويىزنىڭ كېچىكىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلىپ «توۋا، تەييار يولى تۇرسا، پويىزمۇ كېچىكىدىكەن ـ ھە؟» دەپ ھەيران بولۇشتى.

ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان ئورنى ۋاگوننىڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ يېنىدىلا بولغاچقا، باتۇر بەزى كىشىلەرنىڭ ئىككى ۋاگون ئارىسىدىكى بوش ئورۇنغا — ئۆتۈشمىگە بېرىپ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىغا باشتىلا دىققەت قىلغانىدى. ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇشىغا ئەگىشىپ ئادەملەر ئۇخلاشقا، مۈگدەشكە باشلىغاندا ئۇ يەردە تۇرىدىغان ئادەم قالمىدى. باتۇر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يەرگە باردى. بۇ يەر دەممۇدەم چايقىلىپ تۇرغاننى، تاقىلدىغان ئاۋاز كۈچلۈكرەك ئاڭلانغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەپلىك بىر ئۆي ئىدى. باتۇر تاماكىسىنى چىقىرىپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ، تاماكىسىنى تامدىكى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ تۇرۇۋىدى، سالامەت پەيدا بولدى. سالامەت تارچۇقتا باتۇرغا روبىرو قاراپ تۇردى.

— بۇ يەر راھەت ئىكەن ـ ھە، — دېدى سالامەت، — ھاۋاسى ساپ، ئادەم چايقىلىپ پويىزغا چۈشكەندەك بولىدىكەن.

— پويىز ئەللەيلەپ قويامدىكەن.

— ھەئە، بەك راھەتكەن، بىر دەم تۇرايلى.

ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلىشماي بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشتى. كۆزلەر، يۈزلەر سۆزلەۋاتاتتى. باتۇرمۇ ئۆزىنىڭ «سالامەتنى يىراقلاشتۇرۇش» ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قىزغا ئامراقلىق، مەپتۇنلۇق بىلەن تىكىلدى. يۈرەكلەر ئوت ئېلىپ گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە ئارانلا تۇراتتى. شۇ چاغدا پويىز قاتتىق چايقىلىپ سالامەت ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. سالامەتمۇ، باتۇرمۇ قولىنى سۇندى. شۇنداق قىلىپ سالامەت باتۇرغا ئېسىلىپ قالدى. سالامەت باتۇرنى قۇچاقلىدى، تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان باتۇرمۇ قىزنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى. سالامەت باتۇرغا تەلمۈرۈپ يۈزىنى يېقىنلاشتۇردى. باتۇرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئوت لاۋۇلدىماقتا، بىر كۈچلۈك ماگنىت ئۇنى تارتماقتا... ئەمما باتۇر: «ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي» دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇردى.

— سالامەت... بىز مۇنداق قىلساق بولمايدۇ...

سالامەت شېرىن ھېسلارغا ئەسىر بولغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— توختامدىكى بۇ بەلگىلىمىنى بىكار قىلىۋېتەيلى، — دەپ شىۋىرلىدى ۋە باتۇرنىڭ لېۋىگە سۆيدى. باتۇر بۇ «ھۇجۇم»غا بەرداشلىق بېرەلمەي «تەسلىم» بولدى...

توختىماي چايقىلىۋاتقان ئىككى ۋاگوننىڭ بۇ تۇتاش جايى سۆيگۈ بۆشۈكى بولۇپ ئۇلارنى تەۋرەتمەكتە ئىدى...

ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 10 لار بىلەن پويىز داخىيەن — چوڭ تېرەك بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. ئۇلار پويىزدىن چۈشتى.

— كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. تۇرپانغا بارغۇچە تېخىمۇ كەچ بولۇپ كەتكۈدەك، — دېدى باتۇر ئەندىشە بىلەن.

— ئەستا... دەرۋازىدىن قانداق كىرىمىز؟

— قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى باتۇر بېشى قېتىپ.

سالامەتمۇ قورقۇپ قالغان بولغاچقا، بېشىنى سىلاپ تۇراتتى.

— مەكتەپكە قايتىپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشەيلىمۇ ـ يە.

— تامدىنغۇ چۈشەرمىز، ياتاققا قانداق كىرىمەن؟
بۇ نازۇك مەسىلە ئىدى. بىر قىز بۇ نۇقتىدا ئۆز ئوبرازىنى ئويلاشمىسا قەتئىي بولمايتتى. شۇڭا، باتۇرمۇ تەمتىرەپ قالدى.
— بولدى، كەچلىك كىنو كۆلۈبىدىن بىرەرىگە كىرىپ تاڭ ئاتقۇزايلى. ئەتە مەكتەپكە ئالدىرىماي بارساقمۇ بولىدۇ.
شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق ئامالسىزلىقتا قالغىنىغا قىز خۇشالدەكمۇ كۆرۈنەتتى.
ئۇلار يەيدىغان ئۈششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدىكى بىر كەچلىك كىنو كۆلۈبىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى...

O

زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، دۈشمەندىن پۇختا مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قەشقەر سېپىلىنى قايتىدىن ياستىش ئويىغا كېلىپ، يۇقىرىدىكىلەرگە ئىلتىماس سۇنۇپ، قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى.
قەشقەرنى قوغداپ تۇرغان سېپىل قۇمساڭغۇ توپىنى چىڭداپ سوقۇلغان بولغاچقا، ئەتراپىدا ئاقىدىغان بۇلاق سۈيىدىن زەي تارتىپ كەتكەنىدى. دەرۋازىلىرىمۇ پۇختا ئەمەس بولۇپ، ھەممىسىلا دېگۈدەك تۆشۈك ئىدى. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەر سېپىلىنى يېڭىلاش پىلانىنى ناھايىتى تېزلا باشلىۋەتكەنىدى. سېپىلنى ھېسابتا زوھۇرىددىنىنىڭ تەختى دېيىشكىمۇ بولاتتى.
زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئۇستا بىناكارلارنى تەشكىللەپ، شەھەر پىلانىنى قايتىدىن سىزدۇردى. ئۇ، شەھەر سىرتىدىكى ۋاڭلار گۈمبىزىنى شەھەر ئىچىگە ئالماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان قازى كالان زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ نارازى

بولۇپ: «بۇ تۇرپانلىقنىڭ ئۆزى سىغقىنىغا شۈكرى قىلماي، ئەمدىلىكتە مازارنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىشى نېمىسى» دەپ ئاچچىقلاندى. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ قازى كالاننىڭ بۇ نارازىلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پىلاندىكى سېپىلنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاڭلار گۇمبىزىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ، سېپىل سېلىنىدىغان يۆنىلىشىنى شىمال تەرەپ — قازىنىڭ بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق تىغىنى قازىغا بىلدۈرۈپ قويدى.

قازى ئامراق بېغىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلىدە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە بولغان داغ قېلىپ، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە دىلى سۇنۇق يۈردى.

سېپىلنىڭ يېڭى پىلانى مۇكەممەل تۈزۈلۈپ چىققاندىن كېيىن، يايى، دورغىلارنىڭ كۆنى تۇغۇلدى. چۈنكى يايى، دورغىلار نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزەلمەي، ئىچى پۇشۇپ لالما ئىتقا ئوخشاپ قالغاچقا، يېڭى سېپىل ئىشى ئۇلارغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت بولۇپ بەرگەنىدى.

زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ پۈتۈن ئەلگە پەرمان چىقىرىپ، كۈچ ـ قۇدرىتى بارلىكى كىشىلەرنىڭ سېپىل قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھېكىمبەگنىڭ پەرمانىنى قول ئاستىدىكىلەر بىردەمدە ھەر جايغا تارقاتتى. خەۋەر تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەمەلدارلار يۇقىرىلارغا ئالقىان سېلىشقا باشلاپ، پۇقرانى تىللاپ ـ ئۇرۇپ، ياشلارنى ھاشارغا تۇتۇشقا باشلىدى. ھاشارغا چىقالمايدىغانلاردىن ھاشار ھېسابىغا مال ـ دۇنيا يىغىپ ئۆز يېنىنى تومپايتتى. سېپىل قۇرۇلۇشى مانا مۇشۇنداق ناھەقچىلىكنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە قوپۇرماقچى بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سېپىل قۇرۇلۇشىنىڭ بۆلەكلەر بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش نۇقتىلىرى بېكىتىلىپ، يۇرتقا ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا ھەربىر يۇرتقا چام بۆلۈپ بېرىلدى. نەچچە كۈنگىچە

بارلىق قۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا كىشىلەر توپلىشىپ ئىشقا كىرىشتى.

كۆز يەتكۈسىز سېپىل قۇرۇلۇشىدا نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم چۇمۇلىدەك مىدىرلاپ، سېپىلنى، يەنى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ھاكىمىيىتىنى چىڭىتىش ئۈچۈن تىپىرلىماقتا ئىدى.

سېپىل قۇرۇلۇشىدا خەلققە شۇنداق يارلىق چۈشۈرۈلدى: «خالايىق ھەربىر ئون كىشى بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ، ‹ئەر - ئايال› دەپ ئايرىلمايدۇ. ھاشارغا ھەر بىر ئائىلىدىن جان سانىغا قاراپ چىقىدۇ. كىمكى يارلىققا قارشى چىقسا، بۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلسا، ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ قەتئىي رەھىم قىلىنماستىن ئېغىر جازا ياكى ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ.»

يارلىق ئايغى يېنىك چاپارمەنلەرنىڭ چىپىشى بىلەن تېزلا يەتكۈزۈلدى. دوغا، يايلار يۇرتمۇيۇرت ھاشارغا ئادەم تېپىشقا كىرىشىپ كەتتى. يارلىق ئازلىق قىلغاندەك تۆۋەنگە يەنە جاكارچى ئەۋەتىلدى. جاكارچىلار داڭلىرىنى توختىماي چېلىپ: «ئەيىۇھەنناس ! بىلىڭلار، چۈشىنىڭلار ئامۇ خاس. سېپىل سوقۇشقا خاندىن يارلىق كەلدى. پەرمان دەرھال ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. قەشقەرگە تېز سۇئەتتە سېپىل سوقۇلماقچى. ھەممىنىڭ دىققىتى ئېتىزدىن بوشاپ سېپىلغا قارىتىلسۇن. سېپىلنىڭ ئاستى كەڭلىكى 14 مېتىر، ئۈستىدە ئىككى ھارۋا بىمالال ماڭالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئېگىزلىكى 15 گەز، ھەر يۈز گەزدە بىر قوخچا بار. سېپىلنىڭ يېنىغا كاتتا خەندەكلەر ئويۇلىدۇ. چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى سېپىلغا ئوخشاش بولىدۇ. دېمەكچى، بۇ ئىش ھەقىقەتەن مۇشكۈل ۋە ئېغىر. بىراق، خان يارلىقى بىر، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ توۋلىشاتتى.

دوغا، يايلار كونىبويى خەلقنى سېپىل ھاشىرىغا قوغلايتتى. سېپىل قۇرۇلۇشى باشلىنىشى بىلەن تەڭ قەشقەر ئاسمىنىدا ئىس - تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، زۇلۇم ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

پەيزاۋاتمۇ سىپىل قۇرۇلۇشىدىن خالىي بولالمىغان بولۇپ، ئۇردا سىپىل سوقۇش ئىشىغا بۇ يەردىكى زالىم جابىر بەگنى دوغىلار بىشى قىلىپ قويغانىدى.

سىپىل سوقۇش ئىشىغا نۇرغۇن ئادەم ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ھەتتا گۇندىخانىلاردىنمۇ گۇناھكارلار ئېلىپ كېلىنىپ سىپىل ھاشىرىغا سېلىندى. گۇناھكارلار ئىشلىگەن ۋاقىتتىمۇ بويىنى ۋە قولىدىكى تاقاق، كويزىلار ئېلىۋېتىلمەي ۋەھشىيلەرچە ئىشلىتىلدى. گۇناھكارلار كويزا ۋە زەنجىرلىرىنى سۆرىشىپ، ئاللاغا نىدا قىلغىنىچە تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ ئىشلەيتتى. دەل شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىچارە سەئىدىنمۇ بار ئىدى.

گۇناھكارلار ئىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىش بېشىغا جابىر سەئىدىننى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى «ئۇرۇپ، تىللاپ، ھارغۇچە ئىشلەت» دەپ تاپىلىغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ھاشار مەيدانىدا سەئىدىن دوغىلاردىن قىلچە ياخشىلىق كۆرمىدى. ئۇنى ھە دېسە ئۇرۇپ ـ تىللاپ مەجبۇرىي ئىشقا سالاتتى. بىچارە سەئىدىن ئاشۇ رەھىمسىز بوراننىڭ دەستىدىن تا بۈگۈنگىچە تەقدىردىن ياخشىلىققا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئارىدىن بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىككى ئاشىقنىڭ يۈرىكىدە خۇددى ئاي يۈزىدىكى داغقا ئوخشاش داغ پەيدا بولدى. سەئىدىن ھاشار باشلانغۇچە زىندان ئىچىدە كويزا، زەنجىردىن، زەيلىكتىن قۇتۇلالمىدى. ھە دېسە رەھىمسىز گۇندىپايلارنىڭ قىيناشلىرىدىن، سوئال ـ سوراقلىرىدىن بىرى كېلەلمىدى. ئۇنىڭغا كۈن نۇرىنى ئەسلا كۆرسەتمىدى. كېچىلىرىمۇ سەئىدىنگە گويا ئاي تومان ئاستىدا قېلىپ، پۈتۈن جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك بىلىنەتتى.

بۈگۈن ھاۋا خېلى ئوچۇق بولغاچقا، كۈن نۇرىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى. سەئىدىن ئوي ـ خىيال بىلەن ئىشلەپ ھاردى بولغاي ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا كەينىدىن «تارس» قىلغان قامچا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سەئىدىن بىر قامچە يەپ يىڭنىچىلاپ يەرگە يىقىلدى. ئىش بېشى

سەئىدنىنى قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئۆرۈپ ـ تىللاشقا باشلىدى. مۇھەببەت دەردىدىمۇ يەتكۈچە ئازاب چەككەن سەئىدنىڭ، ئەمدى مۇنۇ ھايۋانلاردىنمۇ ئازار يەۋاتاتتى. سەئىدنىڭگە كەلگەن بۇ قوش ئازاب ئۇنىڭ جان ـ جىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. تاياقتا قالغىنى سەئىدنىلا ئەمەس، ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش تاياق يەۋاتقان بىگۇناھ پۇقرالار نۇرغۇن. بەزىلىرى توپىنى ياخشى چىڭدىيالمىغانلىقىدىن تاياق يېسە، يەنە بەزىلىرى سۇنى ۋاقتىدا چاچالمىغانلىقىدىن تاياق يەيتتى. نەچچە گەز ئېگىزلىكتىكى سوقما تام ئۈستىدە، بەزىلەر قوللىرىدا قاڭشا تۇتقان ھالدا تامنىڭ توپىسىنى كۆچەپ چىڭدايتتى. يېنىدىلا بىر گۇرۇپپا سۇچىلار چىڭدالغان يەرگە سۇ چېچىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. نازارەتچىلەر بىردەم ـ بىردەم چىڭدالغان، سۇ چېچىلغان يەرلەرنى ئۆزۈن نەيزىلىرى بىلەن نىقتاپ، سوقما تامنىڭ چىڭ ياكى چىڭ ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

دېمەك، ئىش تۈزۈمى ئەنە شۇنداق چىڭ ئىدى. مەيلى بوران چىقسۇن، ياكى ئاپتاپ ئۆتتەك قىزدۇرسۇن، ئىش ھەرگىز توختاپ قالمايتتى. تىنچىق كۈنلەردىمۇ كىشىلەر تاكى كۈن پاتقۇچە ئىشلەيتتى. ئېغىر ئەمگەكتىن ھارغان ھاشارچىلارنىڭ ئىچى بۇ دوزىخىلار سەۋەبىدىن غەزەپ، دەردكە تولغانىدى.

كۈندىن ـ كۈنگە كۆچىيىۋاتقان تومۇز ئىسسىقىدا دەم ئالماستىن ئىشلەۋاتقانلار ئىچىدە سەئىدنىمۇ بار ئىدى. بۇ، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى خۇددى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن چاغلار ئىدى. پات ـ پاتلا قۇلاققا ئىش بېشىنىڭ: «بولە، تېز ماڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپتا نازارەتچىلەر قوللىرىدا قامچا تۇتقىنىچە ھاشارچىلارنى خۇددى ھايۋاننى ئىشقا سالغاندەك ئىشقا سالاتتى. ھاۋانىڭ تازا ئىسسىغان كۈنلىرى بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ كۆچىيەتتى.

سەئىدنىلەر تازا ئىشلەۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ يېنىغا جابىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ھاشارچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن گىدەيگىنىچە قول

ياغلىقى بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ مەغرۇر ماڭدى. سەئىدىن رەقىبىنىڭ بۇ ھەزىل ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، دىلىدىكى ئوتقا ياغ چاچقاندەك دەر ـ غەزەپكە كەلدى. تېنى تېخىمۇ كۈچلىنىپ، جەسۇرلۇقى ئاشتى. دېمىسىمۇ مەرد ئوغلاننىڭ نەدىمۇ رەقىبى ئالدىدا باش ئەگكىنى بولسۇن. مەرد كىشىلەر بۇنداق نومۇستا ياشىغاندىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدۇ.

جابىر قەستەن سەئىدىننىڭ يېنىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، تېنى كۈچكە تولغان سەئىدىن سوكەننى كۆتۈردى ـ دە، جابىرنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. جابىر يەرگە پوككىدە يىقىلىشى بىلەن تەڭ، چەبدەست يىگىت ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، جابىرنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، تەپتى. جابىرنىڭ باش ـ كۆزى قانغا بويۇلۇپ، يەردە نىمجان بولۇپ يېتىپ قالدى. لېكىن، سەئىدىن جابىرنى ئۇرۇشنى توختاتماي، ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلدى. ئەتراپتا تۇرغان ھاشارچىلار بۇ ئىشتىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ۋە ئارىلىشىشقا ھېچكىممۇ جۇرئەت قىلالمىدى. جابىرنىڭ تاياق يېگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ياپىلار يۈگۈرگىنىچە ھاسىراپ يېتىپ كېلىشتى. ياپىلار كېلىپلا سەئىدىننى خۇددى بىر توپ لاچىن بىر كەپتەرنى ئارىغا ئېلىۋالغاندەك قورشىۋالدى. ياپىلار ھەر تەرەپتىن سەئىدىنگە تاياق ياغدۇردى. يان تەرەپتە قانغا بويالغان جابىر كۆزلىرىنى خىرە ئاچقىنىچە ياتاتتى. جابىرنى ئۇرۇپ ھارغان سەئىدىن تىركەشسە ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ قول ياندۇرماي جىم تۇردى. ياپىلار سەئىدىننى بولۇشىغا ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سەئىدىننى باغلىدى ـ دە، يامۇل تەرەپكە ماڭدى.

ياپىلار سەئىدىننى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپتىكى ھاشارچىلار سەئىدىنگە ئىچ ئاغرىتىشتى. ھاشارچىلار سەئىدىن بىلەن جابىرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ جابىرنى ئۇرغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، سەئىدىننىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئېيتىشماقتا ئىدى.

## 16

پىراكتىكا ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، سالامەتنىڭ باتۇر بىلەن كۆندە كۆرۈشكۈسى كېلىپلا تۇراتتى. باتۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم. ئۇ بارغانچە سالامەتكە ئىچەركىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىدى. «بىراق، مەن بۇنى بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك، — دەپ ئويلىدى باتۇر، — غەيرەت قىلاي، سالامەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ غەيرەت قىلاي. سالامەت هازىرچە دەرد تارتقىنى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ كېيىنكى دەردتىن ياخشى. پىراكتىكىغا كەتسەك، بەلكىم ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ قالار.» بىراق، پىراكتىكىغا كەتكەندىن كېيىن يۈرىكىدىكى ئوتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈنمۇ ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا، سالامەت باتۇرنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار پىراكتىكىغا بارىدىغان بولغاچقا، دەرسلەرمۇ ئۆتۈلمەي ئاساسەن تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتاتتى. بىر ساۋاقدىشى «بىرسى سېنى بىنا ئالدىدا ساقلاۋاتىدۇ» دېيىشى بىلەنلا باتۇر كىمنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى.

دەرۋەقە، ئۇ سالامەت ئىدى.

— تاماقتىن كېيىن ئاشخانا يېنىدىكى تورنىڭ قېشىدا كۆرۈشەيلى، — دېدى قىز ئىلتىجا بىلەن.

سالامەتنىڭ كۆزىدىكى يىغا ئىزناسىنى كۆرگەن باتۇر يۈرىكى تارتىشقاندەك بولۇپ:

— ماقۇل، — دېدى. سالامەت خاتىرجەم بولالماي:

— چوقۇم ۋاقتىدا چىقىڭ، — دەپ جېكىلىدى.

— ۋاقتىدا بارىمەن، — دېدى باتۇر ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ. سالامەت كەتتى.

باتۇر: «ئەتە يۇرتلارغا كەتسەك، بەلكىم، بۇ ئىشلىرىمىزمۇ بىر

ئاز بېسىقىپ قالار» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئوقۇتقۇچ بىناسى تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن ساۋاقدىشى:

— سېنى قادىر گوركىي چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېمە ئىش ئىكەن؟

— ئۇقمىدىم. ئىشقىلىپ ياخشى ئىش. تەلىيىڭ بار نېمە جۇمۇ سەن.

باتۇر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. قاپىقىنىڭ يامانلىقى بىلەن ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى گەپ قىلالماي تىلىنى چايناپدىغان قىلىپ قويىدىغان قادىر گوركىي، ئۇنى خۇش چىراي قارشى ئالدى. باتۇر ئۇزۇندىن بۇيان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە نائىل بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، ئانچە تارتىنمايلا بېرىپ ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— مەكتەپ رەھبەرلىكى مۇنداق بىر ئىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى يوغان ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — بۇ ئىشنى ئۆتكەندە ساڭىمۇ پۇرىتىپ ئۆتكەنىدىم. شۇڭا، بىز ئالاقىلىشىپ پىراكتىكاڭنى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردۇق. قانداق، باشقا پىكرىڭ بارمۇ؟

يۈرىكىدە ئۆيىگە بويىنىنى باغلىغاندەك بىرىشقا تەييارلىنىۋاتقان باتۇرغا بۇ گەپ ھەقىقەتەن خۇش ياقتى.

— قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇ ئىتتىكلا.

— بىز خوجىلىق بۆلۈمى بىلەن كۆرۈشۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق. ياتىقىڭدا يېتىۋېرىسەن، تاماقنى ئاشخانىدىن تىزىملىتىپ قويۇپ يېسەڭ بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باتۇر خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— رەھمەت مۇدىر.

«باشقىلار مۇدىرنى ئاچچىقى يامان، سەپرا دەيدىكەن. شۇنداق مېھرىبان تۇرمامدۇ» دەپ ئويلىغان باتۇر قادىر گوركىيغا ھۆرمەت

بىلەن قارىدى.

— مەقسىتىمىز سېنى تەربىيەلىۋېلىش. مەكتىپىمىزگە سېنىڭدەك بىر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى كېرەك. شۇڭا ئۆزۈڭگە ھەر تەرەپتىن تەلەپنى قاتتىق قوي. كەسپىي سەۋىيەڭنى تېخىمۇ ئۆستۈر. نەزەرىيە ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بەر.

باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— يۈرۈش - تۇرۇشۇڭغا دىققەت قىل. ئاڭلىسام بىر مۇنچە ناچار تەرەپلىرىڭ بار ئىكەن، ۋاقتىدا تۈزەت. بولمىسا ۋاقتى كەلگەندە بىزنى يەرگە قارىتىپ قويىسەن، ئىشىڭمۇ يوق بولىدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى باتۇر ئالدىراپ.

— ئەتە ئىلمىي بۆلۈمگە كىرىپ تونۇشتۇرۇشۇڭنى ئېلىۋال. ئىش بولسا مېنى ئىزدە. باشقا ئىش بولمىسا چىقساڭ بولىدۇ.

باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بۇنى ھازىرچە ئۆزۈڭلا بىل.

— ماقۇل، چۈشەندىم مۇدىر.

ئىشخانىدىن چىققان باتۇر خۇشاللىقىدىن ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، بىر - بىرىگە قاسىلدىتىپ ئۇرۇپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىش راست بولىدىغان بولسا، ئىشنىڭ ئاخىرى مۇدىر دېگەندەك بولىدىغان بولسا... «ۋاھ، شۇنداق بولسىدى ئىلاھىم!»

مۇشۇ خۇشلۇق تۇيەيلى باتۇرغا تاماق بەك تېتىپ كەتتى. ئۇ ئاشخانىدا ئۆرە تۇرۇپلا تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، تورنىڭ قېشىغا ماڭدى. باتۇر يولدا كېلىۋېتىپ: «بۇ ئىشنى ھازىرچە سالامەتكە دېمەي تۇراي، بولمىسا ئورۇنسىز خىياللارنى قىلىپ ئاۋارىچىلىك تاپمىسۇن» دەپ ئويلىدى.

سالامەت تورنىڭقا يۆلەنگىنىچە باتۇرنى ساقلاپ تۇراتتى.

— پىراكتىكا ۋاقتى بەك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى سالامەت ئۇھسىنىپ.

— پىراكتىكىنىڭ ئالدىراشلىقىدا تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ـــ تېز ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ.

باتۇر سالامەتنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدى. بىراق، نېمە ئامال؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ پىراكتىكىنى باھانە قىلىپ ئايرىلىپ تۇرمىسا، ئىشنىڭ ئايىغىنى يىغىشتۇرماق تەس. بۇنى باتۇر خېلى ياخشى ئويلاشقانىدى.

ـــ مېنىڭ بىر ئويۇم بار، ـــ دېدى سالامەت خېلىغىچە جىم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ـــ ئاتامغا دېسەم ئىككى چاقىرغۇ ئېلىپ بەرسۇن. ئىككىمىزنىڭ ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىمىزغا، پىراكتىكا مەزگىلىدە كۆرۈشۈشىمىزگە قولايلىق بولىدۇ.

باتۇر «پىراكتىكا ۋاقتىدا كۆرۈشۈش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. ئىچىنى ئوبدان تىڭشاپ باقسا، كۆرۈشۈش ئۇنىڭغىمۇ خۇشلۇق ئېلىپ كېلىدىكەن. بىراق، باتۇر ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئويلىسا...

ـــ ئۇنداق قىلساق بىئەپ بولامدىكىن، ـــ دېدى باتۇر.

ـــ نېمىسى بىئەپ بولىدۇ؟ ئاتام گېپىمنى ئاڭلايدۇ. «بىر دوستۇمغا سوۋغا قىلىمەن» دېسەم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

ـــ ئاتىڭىزغا يالغان ئېيتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

ـــ قانداقسىگە يالغان ئېيتقان بولىمەن؟ سىزمۇ مېنىڭ دوستۇمغۇ.

ـــ ئۇغۇ شۇ...

ـــ شۇڭا ماقۇل دەڭ.

ـــ سالامەت، يەنىلا ئۆزىڭىزگە ئېلىڭ، مەن سىزگە چاقىرغۇ قىلسام بولىدىغۇ. مەن قوبۇل قىلسام نېمىلا دېگەنبىلەن سەت تۇرىدۇ... مەن كېيىنچە ئىشلىتەي...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەت دومسايدى.

ـــ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تەلىپىم توختامغىمۇ ئۇيغۇن، ـــ دېدى باتۇر.

بۇ گەپ بىلەن سالامەت كۈلۈۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا بىرىپلا سىز پىراكتىكا قىلىدىغان مەكتەپنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. ئۆينىڭ نومۇرى ئېسىڭىزدىدۇ؟ ئاندىن مەن سىزگە چاقىرغۇ نومۇرۇمنى دەپ بېرىمەن.

باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— كەچتە كۆرۈشۈپ خوشلىشىۋالايلى، — دېدى سالامەت كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ. سالامەتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قارىغان باتۇرنىڭ بەدىنىدە تاتلىق سېزىم پەيدا بولدى...

ئۇلار خوشلاشتى. «ئادىلنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي. يازىدىغان نەرسىنى ئۇبدان يېزىپ قويغاندۇ؟ سالامەت ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرمىسا، مۇئامىلەمدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن. مۇشۇ ئويۇمدا چىڭ تۇراي، بولمىسا كېيىن سالامەتكە ئۇۋال بولۇپ قالمىسۇن. مېنى كەچۈرۈڭ سالامەت، سىزنىڭ كېيىنلىكىڭىزنى ئويلاپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. شۇ تاپتا مېنىڭمۇ يۈرىكىم چىدىمايۋاتىدۇ. سىزگە ھەقىقەتەن باغلىنىپ قاپتىمەن.» شۇلارنى ئويلىغان باتۇر چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇ سالامەتنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۆزىگىمۇ تەس كېلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلماي تۇرالمىدى.

ئۇ ئادىلنىڭ ياتىقىغا بارغاندا، ئادىل كىتابلىرىنى رەتلەۋاتاتتى.

— نېمە جىق كىتاب بۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇر ھەيران بولۇپ.

— قىزىققاندىكىن كىتابلا يىغىدىغان ئىشكەن، — دېدى ئادىل مۇقاۋىسى ئوخشاش بىر قانچە كىتابنى بىر يەرگە قويۇپ.

— ئەجەب مەن پۇتبولغا قىزىقىپ تۇرۇپ پۇتبوللا بولسا يىغمايمەنغۇ ئەمىسە.

— ئىككىسى ئوخشىمايدۇ - دە.

باتۇر بايىقى مۇقاۋىسى ئوخشاش كىتابلاردىن بىرىنى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىسىدىكى «گىراف مونتې - كىرىستو» دېگەن

خەتلەرنى ئوقۇدى.

— «گىراف» دېگىنى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— غەرب دۆلەتلىرىدىكى بۇرۇنقى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەرتىۋە دەرىجىسى.

— سېنى ئىزدەپ كىرىپ ياخشى گەپتىن بىرنى بىلىۋالدىم، ھە، ھېلىقى يازىدىغان نەرسە قانداق بولدى؟

ئادىل باتۇرنىڭ گەپنى ئەگىتىپ ۋە قارشى تەرەپكە خۇشياقتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇقتۇرغىنىغا ھەيران قالدى. ئادىلغا باتۇر ئۆزگىرىپ كەتكەندەكلا تۇيۇلدى. بىراق، ئادىل بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ قالدى.

— تەييار قىلىپ قويدۇم. مانا، — ئادىل خاتىرىدىن بىرنى باتۇرغا سۇندى، — بەك تەسىرلىك يېزىۋەتتىم. بۇنى ئوقۇغان ھەر قانداق قىز «ئاھ» دەپ يۈرىكىنى تۇتىدۇ، ساڭا ئاشىق بولىدۇ.

— ماڭا ئاشىق بولىدىغان قىلىپ يازغان بولساڭ، چاتاق بوپتۇ.

ئادىل باتۇرنىڭ بۇ گەپنى راست ياكى چاقچاق دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. باتۇر بىر نەچچە قۇر ئوقۇپ بېقىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— رەھمەت، — دەپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى پىراكتىكىغا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار يۈك - تاقلىرىنى ئېلىشىپ مەكتەپتىن ئايرىلىشتى.

باتۇر سالامەتنى ئىزدەپ باردى. سالامەت يۈك - تاقلىرىنى تەق قىلىپ ياتاقنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— ئاتام ئالغىلى كېلىدىغان بولدى، — دېدى سالامەت سائىتىگە قارىۋېتىپ، — سىزچۇ؟ تېخى تەييارلىق قىلمىدىڭىزما؟

باتۇر بىر پەس جىم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

— سالامەت، مەكتەپ مۇدىرى مەن بىلەن كۆرۈشتى. مەكتەپ مېنىڭ پىراكتىكامنى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

— نېمە؟ — سالامەت قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— مەنمۇ ياق دېيەلمىدىم...

سالامەت جىلە بولدى:

— بۇ گەپنى ماڭا بالدۇرراق دېسىڭىز، مەنمۇ ئاتامغا دەپ...

سالامەتنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. باتۇرنىڭ ئىچى سىيرىلدى. بىراق، ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىش تولىمۇ تەسكە چۈشتى:

— ماڭىمۇ بايىراق ئۇقتۇردى. سىز بىلەن كۆرۈشۈشىمگە قولايلىق بولغۇدەك دەپ، مەيلى دېدىم.

— ئۇغۇ شۇ.

باتۇر يېنىك تىنىۋالدى. ئاندىن خاتىرىنى سالامەتكە سۇندى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى سالامەت تەئەججۇپلىنىپ.

— سىزگە ئاتاپ خاتىرە يازغانىدىم...

بۇنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقنىدى:

— ئۆزىڭىز يازدىڭىزما؟!

— شۇنداقراق، گەپ مېنىڭ، خەت باشقىلارنىڭ.

سالامەت باتۇرنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— ئاتام كەلدى!

بىر كىچىك ماشىنا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئىككىيلەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— خوش باتۇر، مەن سىزنى ئىزدەپ تېلېفون قىلىمەن.

— خوش سالامەت، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

ماشىنا مېڭىپ كەتتى. سالامەت دېرىزىدىن باتۇرغا قىيالماسلىق بىلەن قارىدى. باتۇر قولىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى: «خوش سالامەت، سىزگە بەخت تىلەيمەن!»

سالامەت پېشانىسىنى دېرىزىگە ياقتى. ئۇ مەلۇم نەرسىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقاندەك يۈرىكى ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى:

*«خوش» دېدىم، ياغلىقىم*
*يەلپۈنەر قولۇمدا.*

*بىز ئىككىمىز سۆيگۈسىگە،*
*ئاق كېچە بولسۇن گۇۋا.*

شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىكىلەر باتۇرنىڭ ئەھۋالىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغان چېغى، ئۇ مەكتەپكە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى بىلەن مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىزغىنلىق بىلەن:

— بىز سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، بىزنىڭ پۇتبول كوماندىمىزنى تۇتۇپ بەرگەن بولسىڭىز. سىز ئارىلاپ دەرس ئاڭلىغاچ، كۆپرەك ۋاقتىڭىزنى مۇشۇ ئىشقا قاراتقان بولسىڭىز، قانداق ئۇكا؟ — دېدى. بۇ گەپ باتۇرغىمۇ خۇشياقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەكتەپكە كېلىپلا ئۇ ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، باتۇر مەيداندا باللارغا پاس بېرىشنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى بىر ئوقۇغۇچى چاقىردى.

— سىزگە تېلېفون كەپتۇ. مۇئاۋىن مۇدىر ئىشخانىسىدا.

باتۇر «چوقۇم سالامەت» دەپ جەزملەشتۈرۈپ ئىشخانىغا كىردى.

— بىر قىز ساۋاقدىشىڭىزدىن تېلېفون كەپتۇ. مۇنۇ چاقىرغۇ نومۇرنى قالدۇردى. سىزنى چاقىرغۇ قىلسۇن دەيدۇ.

باتۇر چاقىرغۇ نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ چاقىرغۇ قىلغىلى سىرتقا ماڭدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى مۇئاۋىن مۇدىر، — مۇشۇ يەردىلا چاقىرغۇ قىلىۋېرىڭ. تېلېفون قىلىدىغان ئىشلىرىڭىز بولسا، ئىشخانامدىكى تېلېفوننى ئىشلىتىۋېرىڭ، تارتىنماڭ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. باتۇر چاقىرغۇ قىلدى. ھايال ئۆتمەيلا تېلېفون قايتتى. تورۇپكىدىن سالامەتنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— باتۇر، بارمۇ سىز؟

— سالامەت، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ — باتۇرمۇ ھاياجانلىنىپ قالدى.

— تېلېفون قىلايمۇ دېمەيسىز ا؟

باتۇر ياسىۋالغان گېپىنى قىلدى:
— تېلېفوننى ئۆيىڭىزدىكىلەر ئېلىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرىدىم.
بۇ گەپكە سالامەت نارازى بولدى:
— سىزگە دېدىمغۇ، «ساۋاقدىشى» دېسىڭىز بولىدۇ دەپ.
— شۇنداقتىمۇ ئەنسىرەيدىكەن ئادەم...
— چاقىرغۇ نومۇرۇمنىمۇ يېزىۋالدىڭىز، ئەمدى باھانە كۆرسىتىپ بېقىڭە قېنى.
— ياق، ئەمدى چاقىرغۇ قىلىپ تۇرىمەن.
— گېپىڭىزدە تۇرۇڭ. كۆندە بىر قېتىم.
— ماقۇل.
سالامەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا باتۇر ئۆزىنىڭمۇ قىزنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلدى. قىزنىڭ يېقىملىق، تاتلىق ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا، ئۇنىڭ يۈرىكى قايتىدىن يۇمشاپ ۋۇجۇدىنى خۇشلۇق چۇلغىۋالدى.
باتۇر چاقىرغۇ نومۇرىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى: «مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، سالامەتنىڭ رايىنى قانداقمۇ ياندۇرالايمەن؟»
سالامەت خۇشاللىق بىلەن تۇرۇپكىغا سۆيۈپ قويدى. ئۇ باتۇرنى قەۋەتلا سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا تۇرقى، ياسالمىلىقتىن خالىي گەپلىرى، بەزى گەپلەرنىڭ تېگىگە دەرھال يېتەلمەي تۇرۇپ قالىدىغان ساددىلىقى، تاماقنى ئىتتىك يېيىشلىرى سالامەتنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ سېغىنىشتىن ئىچى تىتىلدايتتى، گېلى بوغۇلاتتى، ئارامسىزلىناتتى. مانا بۈگۈن باتۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خېلى ئارام تېپىپ قالدى.
مەشكە بىر پارچە كۆمۈر تاشلاپ قويغان سالامەت، باتۇر سوۋغا قىلغان ھېلىقى ئاق تاشقا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك نەزىرى بىلەن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەچچە قېتىم ئوقۇپ بولغان ھېلىقى خاتىرىنى يەنە ئاچتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە باتۇرنىڭ «گەپ مېنىڭ، خەت باشقىلارنىڭ» دېگەن گېپى

ياڭرىغاندەك بولۇپ ۋىلىققىدە كۆلدى. ئاندىن ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن قۇرلارغا يەنە كۆز يۈگۈرتتى:

**(1)**

بىلىمەن نىگارىم، سەن مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيسەن. سەنىڭ شۇنىڭغا ھەقلىق. چۈنكى مەن ساڭا ئاڭلىتىپ بىرەر قېتىم ناخشا ئېيتىپ باقمىدىم...

ئەمما مەن ناخشا ئېيتالايمەن. ناھايىتىمۇ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتالايمەن. بۇنى يۈرىكىمدىن سوراپ باققىن. ئۇ ناخشامنىڭ قانچىلىك تەسىرلىك، شۇنداقلا قانچىلىك ھەسرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بەلكىم، بۇنىڭغا ئىشەنمەسسەن. ئىشەنگىن نىگارىم، ئىشەنگىن. مەن ناھايىتى لىرىك ناخشىلارنى ئېيتالايمەن. چۈشلىرىڭنى بۇزۇپ، ئۇزۇن تۈنلەردە سېنى ئويغۇدىن بىدار قىلغان تۈۋش مېنىڭ ناخشام! يۈرىكىڭنىڭ شادىيانە سوققان چاغلىرىدا شېرىنلىك ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ؟ ئۇمۇ مېنىڭ ناخشامنىڭ سېھرى.

شۇنداق، مەن ناخشا ئېيتالايمەن. ناخشىلىرىم ياش تۆكىدۇ. ھەسرەت دېڭىزىنى ئۆركەشلىتىپ، ئەپسۇس بورىنىنى گۈرۈلدىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناخشامنىڭ تاماشىبىنى بولغان يۈرىكىڭ بىلىدۇ.

راستىنى ئېيتايمۇ؟ مۇنداق قابىلىيەتنى ماڭا سېنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرىڭ ھەدىيە قىلغان.

شۇنداق، مەن ناخشا ئېيتالايمەن، ناھايىتى تەسىرلىك...

**(2)**

سەن ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارايسەنغۇ؟ ياكى سەن «يىگىتلەر ياش تۆكمەيدۇ» دەپ ئويلىغانمىدىڭ. شۇنداق ئويلىغانسەن ھەقاچان؟ شۇنداق، مەن ياش تۆكۈۋاتىمەن. ياشلىرىم سېنىڭ

ئوتلۇق كۆزلىرىڭنى ئىزلەيدىغان كۆزلىرىمدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتىدۇ، خۇددى كۆزلىرىم تۆت ئوكيانغا تۇتاشتەك. مەن يىغلاۋاتىمەن، يىغلاشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. كۆزلىرىڭ مېنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىمدىن چاقنىغان زەر نۇرلارنى سوغۇق نەزەر بىلەن قايتۇرغان چاغدا مەن يىغلايمەن، ئوتلۇق ناخشىلىرىم دەرۋازىسى چىڭ ئېتىلگەن قۇلاق تۈۋىڭدىن مۆڭلىنىپ قايتىپ كەلگەندە، مەن يىغلايمەن. يۈرىكىم مېھماندارچىلىققا بېرىپ، يۈرىكىڭ ساھىبخانلىقىنى قىلمىغاندا مەن يىغلايمەن... ئەپسۇس، ئەپسۇس، سەن كۆز ياشلىرىمنى كۆرمەيسەن، يۈرىكىمنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمايسەن، كۆزۈمدىكى نەملىكنى سەزمەيسەن...

ئېيتقىنا نىگارىم، سەن «يىگىتلەر يىغلىمايدۇ» دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ بەك قىزىقسەن، نېمانچە ساددا، رەھىمسىزسەن...

ھەيران بولما، مەن ياش تۆكۈۋاتىمەن.

## (3)

مەن بۇ بىر تال ئالمىغا ھەر دائىم قارىسام، قەلبىم ھەسرەتكە تولىدۇ. مېنى يەنە يىغا قىستايدۇ. گەرچە بۇ ئالمىغا ئۇزۇن ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنە شۇ پېتى قىپقىزىل ۋە پۇراقلىق تۇرۇپتۇ. شۇنداق، ئۇ ھېلىھەم خۇش پۇرىقىنى چېچىپ تۇرىدۇ.

ئېسىمدە، مەن ئۇ ئالمىنى قۇياش كۈلۈمسىرىگەن، گۈللەر پورەكلىگەن، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان چاغدا ساڭا بەرگەنىدىم. ئەمما، سەن ئۇنى قولۇڭغا ئېلىپ مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ھەتتا پۇراپمۇ قويماستىن قايتۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدىڭ. بىر قېتىممۇ ئارقاڭغا قاراپ قويمىدىڭ. مەن جايىمدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدىم. راست، ئالمىنى ئۇزگەن چاغدا بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇۋاتقان، گۈللەر پورەكلەۋاتقانىدى...

شۇنداق، بۇ قىپقىزىل، خۇش پۇراقلىق ئالما ئىدى. بەك ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى سەن ئۇ ئالمىنىڭ پۇرىقىنىڭ قانچىلىك ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك خىسلىتى بارلىقىنى بىلمىدىڭ، ئۇنىڭ رەڭگىچۇ؟ قانچىلىك قىزىل ئىدى ـ ھە!

(4)

مەن ھازىر سىرتتىن كىردىم. كېچە جىمجىتلىقى خىياللىرىمنى يىراقلارغا سۆرەپ كەتتى. خۇددى ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش چەكسىزلىكلەرنى مېنىڭ قەلبىمگە تۇتاشتۇردى. ئەپسۇس، بۇ چەكسىزلىك ئىچىدىن سىنىڭ ھىدىڭنى پەقەتلا ھىدلىيالمىدىم. پەقەت ئاۋارىچىلىكلا تارتتىم، خالاس. كېچە يەنىلا ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقىنى نامايىش قىلىدۇ. ئەمدى بۇ جىمجىتلىقتىن ئىچىم پۇشۇپ قالدى. ئەسلىدە جىمجىتلىق ئادەمگە ئارام ئېلىش بەرمەيدىكەن. مەن بۇ جىمجىتلىققا تاقەت قىلالماي قالدىم. سىنىڭ ھىدىڭنى ھىدلىيالمىدىم، ناخشاڭنى ئاڭلىيالمىدىم. كېچە بولسا يەنىلا جىمجىت. بۇ جىمجىتلىق تىنچ قەلبىمگە داۋالغۇش ئېلىپ كېلىدۇ. مەن جىمجىتلىقتىن قورقۇپ قالدىم. كېچە جىمجىت، چۈشلىرىم جىمجىت...

ھەممە يەردە جىمجىتلىق سىلىق تىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە چېكەتكىلەرنىڭ جۆيلۈگەندىكى «چىرت» قىلغان ئۇنىمۇ ئاڭلانمايدۇ. جىمجىتكىنە خۇشۋاقلىق تەبىئەتكە ھۇزۇر ئاتا قىلماقتا. بۇ جىمجىتلىق پەقەت مېنىلا بىئارام ئېلىققا مەھكۇم قىلىدۇ.

مەن بايا كېچە جىمجىتلىقى ئىچىدىن روھىم سولغۇن ھالدا قايتىپ كىردىم.

ئەي، نىگارىم، جىمجىتلىقنىڭ مېنى قىينايدۇ.

(5)

مېنى، گۈلنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن مەسخىرە قىلغان كۈنلىرىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ كۈنى بىز ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان

گۈللۈكتە ئولتۇرغانىدۇق. سەن مېنىڭدىن شۇ چاغدا قايسى گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سورىغانىدىڭ. مەن كۆپ ئويلاپ كەتتىم. بىراق، قايسى گۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدىكەنمەن. شۇڭا، ساڭا جاۋاب بەرمىدىم. سەن ئېغىر خۇرسىنىپ قويدۇڭ. قىزىغان سۆھبىتىمىزنىڭ سوۋۇپ كەتكىنىدىن كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى. چۈنكى مەن بىرەر گۈلنى ياخشى كۆرگەن بولسام، سۆھبىتىمىز ئۈزۈلمەس، سەنمۇ خۇرسىنماس ئىدىڭ. ئۇ چاغدا مەن ساڭا ئۇزۇندىن بۇيان ئېيتالماي كېلىۋاتقان سۆزلىرىمنى — قەلب سىرلىرىمنى ئېيتىۋالغان بولاتتىم... ئەپسۇس، سەن ماڭا غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدىڭ. شۇ ھامان كۆزۈم سەن ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان سولغان ياۋا گۈلگە چۈشتى. ئۇ ياۋا گۈلنىڭ قانداق سېھرى باركىن، مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. مەن ئۇ ياۋا گۈلنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ سولغان سىماسى يۈرىكىمدە قېتىپ قالدى.

ئەمدى مەن خۇرسىنىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى مەن گۈلنى ياخشى كۆرىدىغان بولغىنىمدا سەن يېنىمدىن يىتكەنىدىڭ.

شۇ چاغدا بىلدىمكى، مەنمۇ گۈلنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن. قارا بۇ بىخودلۇقىمنى. ئەي، جانانىم، سەنمۇ بىر تال گۈلغۇ!...

خاتىرىگە يېزىلغان يازمىلار ساددا، تەسىرلىك، يۈرەكنىڭ بېغىشغا تەگكۈدەك ئىدى. تۇرۇپ سالامەت: «خاتىرىگە مېنى يازغانمۇ، يا ئۆزىنى يازغانمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئادىل بۇ خاتىرىنى باتۇر ياز دېگەچكە يازغان، ئادىل ئۆز ھېسسىياتى، ئوبرازلىق تەپەككۇر - تەسەۋۋۇرى بىلەن يېزىپ چىققان تەسىراتلىرى ئىدى. ئەمدىلىكتە، سالامەت ئۇدۇل كېلىپ قالغان بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆزىگە، يەنە بىر قىسىم يەرلىرىنى باتۇرغا تەتبىقلاپ تەسىرلىنىپ ئولتۇراتتى. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى، تەسىر كۈچى شۇ يەردە بولسا كېرەك.

سېغىنىشى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان، سېغىنغانچە كۈندە

باتۇرغا تېلېفون قىلىۋاتقان، تېلېفوندا كۆرۈشكەنچە تېخىمۇ سېغىنىۋاتقان، سېغىنىش دەردىدە كېچىچە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقان سالامەت 20 كۈننى ئاران توشقۇزدى. تۆت كۆزى بىلەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈۋاتقان 31 ـ دېكابىر كېلىۋىدى، مەكتەپ يېڭى يىل كۈنى بىر كۈن دەم ئېلىشنى ئۇقتۇردى. باتۇرنى كۆرگۈسى كېلىپ تاقەتى تاق بولغان سالامەت چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن رۇخسەت سوراپ شەھەرگە قاراپ ئۇچتى.

ئۇ شەھەرگە كېلىپلا باتۇرغا تېلېفون قىلدى.

— ۋەي، سالامەتمۇ سىز؟ — دېدى سالامەتنىڭ «ۋەي» دېگەن ئاۋازىدىنلا تونۇۋالغان باتۇر، — قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەپ ئەركىلىدى سالامەت.

— مەنمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. بىراق، يېڭى يىلدا دەم ئالمايدىكەنمىز. يېڭى يىلدا كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇقمۇ نېمە؟

يېڭى يىللىق دەم ئالماسلىقنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلگەن باتۇر ئۆزىنى بەزلەپ تۇرۇۋاتقانىدى. باتۇر دەم ئالمىسا سالامەتمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر قېتىم ئاز كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈش، بولۇپمۇ، خاتىرە ـ بايرام كۈنلىرى كۆرۈشۈش ئاز بولسا، قايناۋاتقان ھېسسىيات قازىنىغا ئازراق بولسىمۇ سوغۇق سۇ قۇيۇلۇپ، باتۇرنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكان تۇغۇلىدۇ. ئىشلار مۇشۇنداق ئەپلىشىپ ماڭسا بەلكىم ئۇزۇنغا قالماي سالامەتنىڭ رايىنى ياندۇرغىلىمۇ بولار. باتۇر مۇنداق ئويلىغان بىلەن ئۆزىدىكى سېغىنىشنى باسمىقى تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. ھەر قېتىم سالامەت بىلەن تېلېفونلاشقاندا ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ قىينىلىپ كېتەتتى.

مانا يېڭى يىللىق دەم ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلماي، سالامەت بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ يوق بولۇشىدىن ئۇ بىر تەرەپتىن سالامەتنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغىنى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن سالامەتنى كۆرەلمىگىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزىنى بەزلەۋاتقانىدى.

— سىزنى «يېڭى يىلدا دەم ئالمايدىكەن» دەپ شىنخۇا

ئاگېنتلىقى خەۋەر بەرگەندىكىن، ئالايتەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

سالامەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان باتۇر، ئۆزىنىڭ «قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇش» پىلانىنى ئۇنتۇپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— سالامەت، راست كەلدىڭىزمۇ؟

باتۇرنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خۇش بولغانلىقىنى بىلگەن سالامەتنىڭ يۈرىكى ئويناقشىپ كەتتى:

— مىجەزىمنى بىلىسىزغۇ، راست كەلدىم، ئەمدى «كەچتە دىجورنى ئىدىم» دەپ قوپمايدىغانسىز؟

— يا... ياق.

— ئۇنداقتا كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ماڭا چاقىرغۇ قىلىڭ.

— ماقۇل، لېكىن...

— نېمە لېكىن؟ — سالامەتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى.

— مۇنداق ئىش، مەكتەپ يېڭى يىللىق ئولتۇرۇش قىلماقچى. شۇنىڭغا قاتنىشىپ قويۇپ... مەكتەپ مۇدىرلىرىغا كۆرۈنۈپ قويسام بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سائەت يەتتىدە كۆرۈشەيلى.

— ماقۇل.

— خوش.

بۇ قېتىمقى تېلېفونلىشىشتىن ئىككىسىلا خۇش بولۇشتى. سالامەت ساتىراشخانىغا، باتۇر پائالىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقىلى مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

پائالىيەت داۋاملىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، باتۇر زالدىن ئاستا سىرتقا چىقىپ سالامەتكە چاقىرغۇ قىلدى.

سالامەت ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى بىر ئاشخانىدا ئۇنى ساقلاۋاتاتتى.

باتۇر ئاشخانىنىڭ كىچىك ئايرىمخانىسىغا كىرىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆزگىچە پاسوندىكى سۆسۈن رەڭلىك پەلتوسى شۇنداق ياراشقان، يېڭىلا بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى

رۇخسارىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن، چىرايى گۈلدەك ئېچىلغان سالامەت ئۇنىڭغا يېقىملىق بېقىپ تۇراتتى.
— سالامەت...،— دېيەلىدى ئارانلا يۈرىكى ئىختىيارسىز سوقۇپ كەتكەن باتۇر. سالامەت ئىتتىك كەلگىنىچە باتۇرنى قۇچاقلىۋالدى. باتۇرمۇ قىزنى قۇچاقلىدى. قىزنىڭ چېچىدىن يىگىتنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇۋاتقان خۇش پۇراق، كىيىمىدىن تاراۋاتقان شېرىن ھېسلارنى غىدىقلىغۇچى ئەتىر پۇرىقى، قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىۋاتقان قىزلىق ھىد باتۇرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. شۇ پەيتتە قىزنىڭ لەۋلىرى تەشنالىق بىلەن ئېچىلدى. باتۇرمۇ تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى...
ئىككىسى ئۆز مەكتەپلىرىدىكى پىراكتىكا جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى دېيىشىپ، تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا تاماق يېيىشتى. پاراڭنىڭ قىزىقلىقى، كەيپىياتنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن يېرىم توخۇ قوردىقى، بېلىق قورۇمىسى ۋە بىر تەخسە سوغۇق سەينى ناھايىتى ئۇزۇندا يەپ بولۇشتى. سائەت 10 دىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
بۇ چاغدا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان باتۇر ئەندىكىپ:
— ھوي، سىزنىڭ ياتىدىغان يېرىڭىزنى ئويلاشماپتىمىزغۇ؟ — دېدى. ئاندىن دەرھال ئامالىنى تېپىپ قوشۇپ قويدى، — سىزمۇ مەكتەپكە قايتىڭ. تۆۋەن يىللىقتىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىدا يېتىپ قېلىڭ.
— بولدى، بۇ كەچتە مەكتەپكە بارسام خىجىل بولمايمەنمۇ؟ مەن ياتاق ئېلىپ قويغان.
— نەدە؟
— ياندىكى گۈلباغ مېھمانخانىسىدىن.
بۇنى ئاڭلىغان باتۇر خاتىرجەم بولدى. ئاندىن ھېسابات قىلىش ئورنىغا ماڭدى.
— باتۇر، مەن تەييارلىق بىلەن كەلگەن، سىز جىم تۇرۇڭ.
— بولدى، مېنىڭمۇ تەييارلىقىم بار.
باتۇر پۇلنى تۆلىۋەتتى. سىرتقا چىققاندا، سالامەت باتۇرغا

ھەيران بولۇپ قارىدى.
— مۇسابىقىلەردە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمگە مۇكاپات ھېسابلاپ مەكتەپ 200 كوي بەرگەنىدى، — دېدى باتۇر. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت سۆيۈنۈش بىلەن باتۇرنى قولتۇقلىۋالدى.
— قويۇۋېتىڭ، خەق كۆرۈپ قالىدۇ.
— مانا، — دېدى سالامەت باتۇرنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ.
— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.
— ياق، مەن بىلەن ياتاققا بېرىڭ.
— بۇ...
— ھازىر تېخى بالدۇر، مەن ئۇخلىغىچە ھەمراھ بولۇپ ئاندىن كېتەرسىز.
ئىككىلىنىپ قالغان باتۇر يەنىلا قوشۇلدى. سالامەت:
— مەن گازىر ئېلىۋالاي، — دەپ ياندىكى كىچىك دۇكانغا كىرىپ كەتتى. سالامەت دۇكاندىن بىر مۇنچە ئۇششاق - چۈشەك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇلار ياتاققا كىرىپ كەتتى.
ئۇلار قىشلىق چاپانلىرىنى سېلىشىپ يېنىك بولۇپ ئولتۇرۇشتى. سالامەت تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويدى. تېلېۋىزوردا ناخشا بېرىلىۋاتاتتى. سالامەت تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىپ قويدى.
— مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ — سورىدى باتۇرغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان سالامەت.
باتۇر بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قىزنىڭ يۈزىنى سىلىدى. باتۇر بايا سالامەت بىلەن سۆيۈشكەندىلا ئۆزىگە قىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۇنتۇغانىدى.
— مەن سىزنى بەك سېغىندىم، — دېدى سالامەت باتۇرغا چىڭ چاپلىشىپ، — كۈندە ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. قولىڭىزنى تۇتقۇم كېلىدۇ. كۈندە چۈشۈمگە كىرىسىز...
قىزنىڭ تاتلىق تىنىقلىرىدىن باتۇر ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇ قىزنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيدى. سالامەتمۇ باتۇرنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى. قىز - يىگىتتە ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئۆركەشلىدى. باتۇر

ئۇستىدىكى مايكىسىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن چاقچاقانلىق بىلەن قىزنىڭ مايكىسىنىمۇ سالدۇرۇۋەتتى. سالامەت قارشىلىق بىلدۈرمەكچى بولدى ـ يۇ، بىئىختىيار باتۇرغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى. نازۇك، يۇمران بەدەن، ئوتلۇق لەۋ، ھارارەتلىك قۇچاق باتۇرنىڭ ئەقلىنى كەستى. ئالدىراپ قىزنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولغان باتۇر سالامەتنىڭ ئىشتىنىغا قول ئۇزاتتى. بۇنى تۇيغان سالامەت سەگەكلەشتى ۋە باتۇرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. باتۇر تىركەشتى.

— ماقۇل دەڭ سالامەت... سالامەت...

ئەمما سالامەت قولىنى پەقەت بوشاتمىدى... ئۇلار خېلىغىچە ئىتتىرىشكەندىن كېيىن باتۇر پەسكويغا چۈشتى. ئۇ سالامەتنىڭ يېنىدا ياتقانچە ھاسىراشقا باشلىدى.

«مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ پۇشايمان قىلىپ، — سالامەتنى بۇ ئىشقا زورلىسام قانداق بولىدۇ؟ قېنى مېنىڭ ۋەدىلىرىم؟ سالامەتنى بەختلىك قىلىمەن دېگەن خىياللىرىم؟ سۆيۈشكىنىمىزنىمۇ ياخشى بولمىدى دەپ يۈرگەن ئادەم، ئەمدى... ھەي... مەن باشتىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالسام بوپتىكەن...»

سالامەت باتۇرنىڭ بۇ خىيالىدىن بىخەۋەر ھالدا باتۇرنى خاپا بولۇپ قالدى دەپ قاراپ باتۇرنى قۇچاقلاپ:

— خاپا بولماڭ، — دېدى.

باتۇر بېشىنى چايقىدى. سالامەت: «باتۇر خاپا بولۇپ قالدى. ئەسلى ئۇنى خاپا قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئىككىمىز شۇنداق ياخشى ئۆتۇۋاتىمىز، مەن ھامان ئۇنىڭ. ئۇ مېنى دەپ مېنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ كويىدا. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشىم، ئىككىمىزنىڭ ۋىسالغا يېتىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشىم كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاپ باتۇرنى سۆيدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بايا سالامەت قارشىلىق كۆرسەتكىنى بىلەن ۋۇجۇدىنىڭ بىر يەرلىرىدە تەشنالىق ئويغانغان بولۇپ، ھازىر شۇ يوشۇرۇن تەشنالىق كۈچىيىپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانىدى.

— باتۇر، خاپا بولماڭ، — دېدى سالامەت باتۇرنىڭ مەيدىسىنى سىلاپ.

— مەن خاپا بولمىدىم. ئەسلىي ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، — دېدى باتۇر قىزنىڭ چېچىنى سىلاپ.

قىزنىڭ تېنى ئوت بولۇپ يانغانىدى.

— لېكىن... باتۇر... — سالامەت شۇنداق دەپ باتۇرنى ئۈستىگە تارتتى، — مەن... رازى...

باتۇر قىزنىڭ ئۈستىگە چىقتى. قىز بىھوش بولغاندەك تەشنالىق ئىلكىدە تولغىنىپ ياتاتتى. ئەمما كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك بولغان باتۇر كەسكىنلىك بىلەن قارار چىقاردى.

— سالامەت، مەن بايا راست خاتا قىلدىم. بىز ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ.

— باتۇر...

— ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، بولۇپمۇ سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن...

هوشىنى يىغقان سالامەتنىڭ يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى:

— رەھمەت، باتۇرۇم...

شۇ دەقىقىدە، ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە ۋاپا، قايناق ھېسسىيات ۋە ھايا گۈلدەك پورەكلەپ ئېچىلغانىدى.

P

بىر تەرەپتە سەئىدىن زىندان ئازابى بىلەن ئىشق ئوتىدا كۆيسە، يەنە بىر تەرەپتە رابىيە گەرچە زىنداندا ياتمىسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇن قەپەس بىلىنىدىغان زىندان كەبى ئۆيدە كۆيۈك ئوتىدا تولغىناتتى. رابىيە كۆنبويى رەھىمسىز تەقدىرگە لەنەت ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتەلمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ ئولتۇراتتى. كۆنبويى خىياللار ئىلكىدە مەست بولۇپ، ئاشىقى سەئىدىننى بىر دەممۇ كۆڭلىدىن نېرى قىلماي، ئۆزىنىڭ بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ قارا كۆڭلىرىگە

قالغىنىدىن زارلىناتتى. دېمىسىمۇ ئاجىز بىر ناتىۋان قىزنىڭ ئىشقتا بۇنداق ھەقىقىي ۋىسال تاپالماسلىقى تولىمۇ ئازابلىق ئىش ئىدى.

رابىيەنىڭ كۈنلىرى كۈن تۈننى ئەگىپ، تۈن كۈنگە ئۇلىنىپ ئازابلىق ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ روھىيىتى باشقىلار ئۇچۇن پۈتۈنلەي ئۆلگەن بولۇپ، پەقەت بىر ئادەمنى دەپلا، يەنى سەئىدىن ئۈچۈنلا ھاياتلىق شامى پىلىلدايتتى. ئىشقتىن ئىبارەت بۇ ئوت ئۇلار ۋىسالىغا يېتەلمىگەنچە كۈچەيمەكتە. رابىيە باشقىلار نەزىرىدە بەئەينى بىر ساراڭغا ئوخشاپ قالغانىدى. باشقىلار ئىشقتىن ئىبارەت بىر ئوتنىڭ بارلىقىنى، رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ ئىشق ئوتلىرىنىڭ كۆيۈپ ئاللىبۇرۇن چېكىگە يېتىپ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. «ئالما سېتىپ باقمىغان بالا سودىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەندەك، ئىشق ئوتىدا كۆيمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ بۇنداق مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەملىرىنى تېتىيالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

رابىيە بۈگۈنمۇ يەنە شۇ، بېشىغا كەلگەن ئازابلىق قىسمەتلەرنى ئويلاپ كۈننى كەچ قىلدى. جىنچىراغ ھۇجرا ئۆيىنىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. رابىيەنىڭ كۆزىدىن نۇر ئاللىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، كۆزىدە پەقەت چىراغ يورۇقىلا يالتىرايتتى. كاڭدا ياتقان رابىيە، تەكچە ئۈستىدىكى چىراغقا قاراپ يېتىپ، كۆزىنى مىت قىلماي، ئوت ئىچىگە شۇڭغۇغانىدى. قاراڭغۇدا يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان پەرۋانىلەر، بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۆزىنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئاتاتتى ـ دە، كۆيۈپ تۈگەيتتى. بۇ خۇددى رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ بىر ـ بىرىگە چۈشكەن ئىشق ئوتىغا ئوخشاش ئىدى. پەرۋانىلەرنىڭ شۇنچە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قىلچە ئويلاشماي، ئۆزىنى يېنىۋاتقان ئوتقا ئېتىشى، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئوتقا، يورۇقلۇققا بەكمۇ ئامراقلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىشق ئوتىدا تولغانغان ئادەملەرنىڭمۇ ئىشق يولىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى بەلكىم خاتا بولمىسا كېرەك.

رابىيە پەرۋانىلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. چۈنكى، رابىيەمۇ ئىشق ئوتىدا شۇ پەرۋانىلەرگە ئوخشاش

تولغىناتتى. بىراق، كۆيۈپ كېتەلمەيتتى، پەقەت ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان، ئەمما سەئدىنلا كۆرەلەيدىغان قەلبى كۆيۈپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. پەرۋانىلەر قانچىكى ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغانچە خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرماپ، ئىشق تولىمۇ ئازابلايتتى. ئەگەر كۆيۈۋاتقان جىنچىراغقا ئوخشاش ئىشق ئوتى رېئال نەرسە بولغان بولسىدى، رابىيە ئاشۇ ئوتقا سەكرەپ پۈتۈن روھى ۋە جىسمىنى تەڭلا كۆيدۈرۈپ بىراقلا ئۆلۈپ تۈگىشىپ، بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. بىراق، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر ھېسسىياتلىق ئىنسان ھاياتلىقتا، ۋىسالغا تەلپۈنىدۇ. پەقەت چېكىگە يەتكەن سارائىلىق بولمىسىلا، ئىشقتىن ئىبارەت بۇ تىلسىم، بۇنداق ئازاب چېكىپ، ئۆلۈۋېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئاشىقلارنىڭ ئالدىدىكى كۆرۈنمەس سىناق ئىدى.

قىزنىڭ كۆڭلىدىكى تەۋرىنىشنى ئولتۇرىدىغان ھالىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىسى چىدىيالماي قالدى. ئۇلار ھەر قانچە ئەسكى بولسىمۇ، يەنىلا ئاتا - ئانا - دە. شۇڭا، ئۇلار قىزىغا بىرەر مالامەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئەتراپتىكى پېرىخون، داخانلارنى ئۆيىگە چاقىرتىپ، پېرە ئوينىتىپ، قىزىغا يېپىشىپ قالغان جىننى قوغلاتقۇزدى. بىراق، ئۇلار بۇ جىننى قوغلىيالمىدى، جىن تېخىمۇ بەك يېپىشماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپباي ئامال يوق تېۋىپلارنى ئۆيىگە ئەكەلدى. قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ، بۇ كېسەلگە داۋا قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بىراق، بۇلارنىڭمۇ ھېچ ئامالى بولمىدى. ئەگەر سەئدىننى كۆملاچ دورا قىلىپ ياسىغىلى بولغان بولسىدى، رابىيە شۇ زامان ساقىياتتى. ئەپسۇس، ياقۇپبايلار بۇنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى.

ئۆز تەۋەسىدە ھېچ ئامال قىلالمىغان ياقۇپباي، ئاخىر قىزىنى ئېلىم - مەرىپەت، تېبابەت جانلانغان يۇرت — قەشقەرگە ئېلىپ بارماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان رابىيە تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇ قەشقەردە سەئدىننى كۆرەلىسە، دىلىدىكى داغ ئازراق بولسىمۇ سۇسلايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تالا - تۈزگە تۈزۈك چىقىپ باقمىغان رابىيە، بۇ خۇشاللىقىدا سەيلە قىلماقچى بولۇپ باغقا

چىقتى. ئەمما، بۇ چىمەنلىك باغ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمىدى. سەئىدىنلا ئۇنىڭ ئۈچۈن پايانسىز چىمەنزارلىق ئىدى.

ئۇلار قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، تاڭ سۈزۈلگەندە يولغا چىقتى. ئۇ، ئالدىنقى قېتىم قەشقەرگە بارغىچە ئەتراپنى تاماشا قىلغاندەك ھېسسىياتتا بولالمىدى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى سەپەردە ھىجران داغلىرى زېدە قىلغان كۆڭلى تولىمۇ سۇنۇق ئىدى.

ياقۇپبايلار قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، قەشقەردىكى ئۇستا تېۋىپنى تېپىشتى. ئۇلار تېۋىپقا قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، تېۋىپ قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا قىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئاساسەن ياخشى ئىكەنلىكىنى، بىراق يۈرەك ھەم مېڭىسىدىن گۇمانى بارلىقىنى، قىزنىڭ بىرەر دەردى بارلىقىنى ئېيتتى ھەمدە قىزنى ئۇزاقتىن كۆزىتىپ، كېسەلنى تەھلىل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى، تۈمەن دەريا بويىدا نىزارىينىڭ بىر بېغى بارلىقىنى، باغدا قورۇ تەييارلىقىنى دەپ، قىزنى شۇ يەردە كۆزىتىپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى.

رابىيە نىزارىينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، نىزارىينىڭ ناھايىتى كىچىك پېئىل، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز ئىكەنلىكى ھەمدە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە سەئىدىندىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. نىزارىي ئۆز ۋاقتىدا سەئىدىننىڭ ئۇستازى بولغاچقا، رابىيە چاپسانراق سەئىدىننىڭ بەختسىز تەقدىرىنى نىزارىيغا سۆزلەپ بەرسە، نىزارىي بۇ ئىشقا ئارىلاشسا، سەئىدىننىڭ مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

ھىجرىيە 1254 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرى، يەنى مىلادىيە 1838 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ھاۋا تولىمۇ ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، ھەتتا قۇشلارمۇ سايراشتىن توختاپ، دەرەخ شېخىدا جىم تۇرۇۋالغانىدى. بۇ كۈنى خۇددى بىر ئىش بولىدىغاندەكلا ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، تىنچىق بولۇشقا باشلىدى. تىنچىقتا

چىدىيالماي قالغان ئادەملەر، سالقىنداش ئۈچۈن تۈمەن دەريا بويلىرىغا كېلىشقا باشلىغانىدى.

باغ ئىچىدە ئۆزلىرىنى يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ، رابىيە بىلەن زۆھرە ئولتۇراتتى. بىر چاغدا رابىيە زۆھرەنى بىر ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزى يالغۇز قالدى ـ دە، تۈمەن دەريا بويىغا كېلىپ، بىر تۈپ تال تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا كىشىلەر پېشىنىدىن قايتقان ۋاقىت بولۇپ، يىراقتىن بىر ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەر ئاڭلاپ چۆچۈشمەكتە ئىدى. بۇ خان جاكارچىسىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، رابىيەمۇ زەن سېلىپ ئاڭلىدى. جاكارچى دېگىنى چېلىپ: «خالايىق، قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، پەيزىۋات كۆكچىلىك سەئدىن بويۇن تولغاپ خاننىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، سېپىل قورۇلۇشىدىن ئۆزىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بەگنى ئۇرۇپ نىمجان قىلىپ قويدى. بەگنى ئۇردى دېمەكلىك، خاننى ئۇرغان بىلەن تەڭ. سەئدىنگە گۇناھىغا لايىق ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئەتە ھەممىڭلار ئات بازىرىغا چىقىڭلار، سەئدىن دارغا ئېسىلىدۇ، ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار...!» دەپ جار سالماقتا ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلىپ، دىمى سىقىلىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى ۋە يەرگە پوككىدە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. سۆيگەن يارىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاش نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش ـ ھە!

زۆھرە ئىزدەپ كېلىپ رابىيەنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە مۇزدەك سۇنى رابىيەنىڭ يۈزىگە چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ھوشىغا كېلىشىگىلا ئۇ رابىيەنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

رابىيەنىڭ ياشلىق باھارى نابۇت بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. سۆيگەن يارى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. بىر قەدەم ئېلىنىسىلا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئىشق ئوتلىرى بىراقلا يوقىلاتتى. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! رابىيە شۇلارنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئەمدى دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلدى. رابىيە خىيالغا چۆكتى.

# ئىككىنچى قىسىم

## سۆيگۈ قىسمىتى

*ھىلال ئاي سەن قونغان دەرەخ شېخىدا،*
*بىر قىز بار مۇڭلانغان، ياشلانغان كۆزى.*
*مەن ئۆكسۈپ قالىمەن مېھرى قېشىدا،*
*ئويلايمەن: «بوپ قالسام شۇ قىزنىڭ ئۆزى.»*

*سەن ئەپكەت ئۇنىڭغا يازغان خېتىمنى،*
*نۇرۇڭدىن پۈتۈلگەن سېغىنىشىنىمۇ.*
*قېنىمدا بويالغان ھىجرانلىق بەتنى،*
*سۈرىتى نەمدەلگەن گۈزەل ئىشىنىمۇ.*

*سەن قونغان دەرەخكە قونالمىدىم بىر،*
*مۇڭلۇق قىز كۆزىدىن تامدىم ياش بولۇپ.*
*بىچارە ئەلەملەر بولۇپ قالسۇن سىر،*
*خوشلىشاي پاكلانغان روھىمغا تولۇپ.*

*— ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت: «ئاي قونغان دەرەخ»*

ئەسلىملەر قويىندىن قايتقان ئادىل يېنىك تىنىپ يۈۋېستىنىڭ ئارگىنالىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويدى.

پىراكتىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باتۇر بىلەن سالامەت بەك يېقىن ئۆتتى. ھېلىقى توختامنامە سۆيۈملۈك پېتى ساندۇقنىڭ

تېگىدە تۇرۇۋەردى. بەزىدە ئۇلار قىزىقچىلىق قىلىشىپ «بۇ توختامغا خىلاپ» دېيىشكەن چاغلىرىدا توختامنامىنى يادىغا ئېلىپ كۈلۈشەتتى. ئەمما شېرىن، مۇھەببەتلىك كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇلار مەكتەپ پۈتكۈزدى. ئىشنىڭ نەرى ئەپلەشمىدى، باتۇر مەكتەپتە قالالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ كەتتى. شۇ ئايرىلغانچە ئادىلنىڭ باتۇرنى ئەمدى كۆرۈشى ئىدى.

ئەسنەك تۇتقان ئادىل سائەتكە قارىدى. باتۇرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئىشىك چېكىلدى.

ئادىل ئىشىكنى ئېچىپ، بىر مۇنچە نەرسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان باتۇرنى كۆردى.

— ئارامخۇدا پاراڭلىشىش ئۈچۈن ياتىقىڭغىلا سورۇن تۈزەيلى دېدىمغۇ، — دېدى باتۇر بېلىق كاۋىپى، تونۇر كاۋاپ، يېرىم توخۇ، ئىككى بوتۇلكا ئاق هاراق، سوغۇق ئىچىملىك، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى كىچىك شىرەگە تىزىۋېتىپ، — مېنى بۇرۇنقىدەك پىخسىقمىكىن دەپ قالما. هازىر سېنى نى - نى رېستورانلارغا باشلىغۇچىلىكىم بار.

— ۋاي - ۋۇي، بەكلا ئەدەپلىك بولۇپ كېتىپسەنغۇ، كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم.

ئىككىسى قورساقنى ئانچە - مۇنچە ئەستەرلىگەندىن كېيىن باتۇر ئالدىراپ هاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى:

— مۇشۇنى ئىچمىسەك پاراڭىمىزنى باشلىيالمىغۇدەكمىز. قۇرۇق تاماقنى يەۋەرگەن بىلەن بىكار.

باتۇر شۇنداق دەپ، يېرىم ئىستاكان هاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئادىلغىمۇ ئاشۇنداق قۇيدى. ئادىلمۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئۇ، باتۇرنىڭ گەپنى باشلىيالمايۋاتقانلىقىنى

سېزىپ، مۇخبىرلارچە مىجەز بىلەن گەپ تەشمەكچى بولدى:

— مەن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇتقۇچى بولدۇم. كېيىنكى يىلى شەھەرگە يۆتكەلدىم، ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتىمەن...

— بىلىمەن، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى باتۇر، — ژۇرنالغا چىققان ھېكايەڭنى ئوقۇغاندا قارىسام، تەرجىمىھالىڭ بىلەن سۈرىتىڭمۇ بار ئىكەن...

ئادىل باتۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى.

— مەن يۇرتۇمدا ئىككى يىلدەك مۇئەللىمچىلىك قىلدىم، — دېدى باتۇر تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — لېكىن مۇئەللىمچىلىكنى ھېچ قاملاشتۇرالمىدىم. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە پۈتبولنىمۇ ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىكەن. كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا يۆتكەلدىم. ئۇ يەردە كارامىتىمنى ئانچە ـ مۇنچە كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ناھىيەلىك تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ نەزىرىگىمۇ چۈشتۇم. كېيىن پۇرسەت كېلىۋىدى، لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا باردىم. قايتىپ كېلىپ مانا ئىككى يىلدەك بولدى، ناھىيەلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىگە يۆتكىلىپ شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمەن.

— سالامەتچۇ؟ — سورىدى ئادىل.

— ئۇنى ھامىنى سورايدىغانلىقىڭنى بىلگەچكە، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى باشتا دەپ قويدۇم، قىسقىلا تېخى، — دېدى باتۇر ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، — توختا، مەن يەنە بىرنى ئىچىۋېلىپ ئاندىن سۆزلەي.

باتۇر يەنە يېرىم ئىستاكان هاراق قۇيۇپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى.

# 17

مەيداندا چېپىشىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، دەرەخ ئاستىدا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ كەپسىز ئوقۇغۇچىغا: «ھېلىمۇ مەن سىلەر بىر نەچچىڭلارنىڭ قىلىقىغا چىداۋاتىمەن. ئۆيۈڭلاردا ئاپاڭلار ئىككى بالىنى باشقۇرالماي قولىغا تاياق ئالىدۇ. مېنىڭمۇ سىلەر 40 شۇمنى باشقۇرمىقىم ئاسانمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى؛ ئىشىك تۈۋىدىكى بىر نەچچە ئەر ئوقۇتقۇچىنىڭ كىمنىڭدۇر گېپىنى قىلىشىپ كۈلۈشلىرى ئىشخانىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرس تەييارلاۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىزارلىق بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويۇپ غودۇراشتى. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سالامەتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. سالامەت قولىدىكى ئاق تاشقا قارىغىنىچە باتۇرنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى.

— سالامەت!

سالامەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئىلمىي مۇدىر چىرايىدىن نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ قاپىقىنى تۈرۈپ تۇراتتى. سالامەت ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىڭىزنىڭ قېتىم سانى ئۆلچەمگە يەتمەپتۇ، دىققەت قىلىڭ. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ قالسا ھەممىمىزگە گەپ كېلىدۇ. ماتېماتىكا دېگەن مۇھىم پەن. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ.

— ماقۇل، مانا، تەكشۈرىمەن دەپ يىغىپ قويغان.

— تەكشۈرگۈچىلەرگە ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ ـ دە. سىزلەرنى «مەخسۇس پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان، ھەممىگە يېتىشىدۇ» دەپ ئىشىنىپ يۈرسەك...

سالامەت لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىلمىي مۇدىر بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

سالامەت خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۇقىرى يىللىقلارنىڭ رەسىم دەرسى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن سىرت، ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەنە باشلانغۇچ 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپقا ماتېماتىكا دەرسىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتۈۋاتاتتى. ھىجران ئازابى سەۋەبلىك، خىزمەت ئاكتىپلىقى تازا يوق سالامەتكە بۇ ئېغىر كەلدى. شۇڭا، ئۇ ھە دېسە يا دەرس تەييارلىقىنى تەكشۈرۈشتە، يا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشتە، يا دەرس ئۆتۈشتە تەنقىد ئىشتىپلا تۇراتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئوقۇتقۇچىلاردىن چىقىۋاتقان پىكىر ئۇنىڭغا زور روھىي زەربە بولدى. تېخى ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ بولۇۋاتقان تەنقىد مۇشۇنچە. ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈزى بولمايدىغان بولسا...

سالامەت تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر دەپتەرنى قولىغا ئالدى.

— بىز گەپ قىلساق ئاڭلىمايسىز، — دېدى ھەبىبىخان مۇئەللىم بويىنىنى ئېتىپ، — ئاخىر مۇشۇنداق گەپنىڭ سېسىقىنى ئاڭلايسىز. يا ياشلارغا گەپنىڭ قاتتىقى دورىمىكىن؟

سالامەت بۇ ئايالغا تازا قاتتىق گەپتىن بىرنى قىلماقچى بولدى ـ يۇ، لېۋىنى چىشلەپ بولدى قىلدى. بۇ ئايال مۇئەللىم يىللىقلار گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى.

بۇ ئايال مەسئۇدنىڭ ئاپىسى ئىدى. بۇرۇنلاردا بۇ ئايال سالامەتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇچرىغان كىشىگە ماختاپ يۈرەتتى. قاچانكى سالامەتنىڭ مەسئۇد بىلەن ئارىدىكى گەپنى ئوچۇق قىلغانلىقى تېشىلىپ، سالامەتكە نەسىھەتلەر كار قىلمىغاندىن كېيىن، ھەبىبىخان مۇئەللىم جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ قوپقاندى. سالامەتكىمۇ تۈزۈك چىراي ئاچمايدۇ، سالامەتنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىغىمۇ يېنىچە ـ قىرىچە تېگىپ، «شاڭجاڭ خېنىم»لىقى بىلەن پوپوزا قىلىدۇ.

دېمىسىمۇ، مەكتەپتە سالامەتكە بەك ئەلەم بولدى. ھەبىبىخان

مۇئەللىم ئازراقلا ئىمكانىيەت تاپسا سالامەتكە نەشتىرىنى سانجىيتتى. سالامەت تىنچ بولۇشنى ئويلاپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئارتۇقچە گەپ قىلماي، پەرۋا قىلمىغانغا سېلىۋالاتتى.

شۇڭا سالامەت قولىدىكى دەپتەرنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھە دېسە تېلېفوندا ھېكايە ئېيتىشسا، ئۆزى بۇ يەردە كۆڭلى توقسۇندا پالاس قاقسا، خىزمەت بولامدۇ؟

ھەبىبخان مۇئەللىم يەنە نېمە دەپ كوتۇلدار بولغىيتتىكىن، سالامەت ئىشخانىدىن تېز ـ تېز چىقىپ كەتتى.

ئۇ مەكتەپ ئالدىدىكى بوتكىغا بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ يادلىۋالغان نومۇرنى تېزلىكتە باستى. تېلېفون ئېلىندى:

— ۋەي، باتۇر مۇئەللىم بارمۇ؟

— بايا دەرسكە چىقىپ كەتتى.

— قاچانلا بولسا «دەرستە» دەيسىزلەرغۇ؟

— يېزا يېرى بولغاندىكىن دەرس جىق بولىدىكەن شۇنداق.

قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونى قويۇلدى. سالامەت ئەلەم بىلەن خورسىنىپ تۇرۇپكىنى قويدى. «باتۇر، نەدە سىز؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئاۋازىڭىزنى بولسىمۇ ئاڭلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەي دېسەم... » سالامەت كۆز جىيەكلىرىگە كېلىپ قالغان ياشنى تەستە سىڭىرىۋەتتى.

قىزىق يېرى تېلېفوننى شۇ بىرلا ئايال ئالاتتى. بەزىدە بىر ئەر كىشىمۇ ئېلىپ قالاتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى ئايال تېلېفوننى ئېلىپلا «دەرستە»لا دەيتتى. ئەر بولسا سەل ئۆتكەندىن كېيىن باتۇرنى چاقىرىپ قوياتتى ياكى «دەرسكە كىرىپ كېتىپتۇ» دەيتتى.

باتۇر مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، تېلېفونغا تەلمۈرۈپ قاراپ قوياتتى. تېلېفوننىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالاتتى. ئىسمى چاقىرىلمىغاندا خورسىنىپ

قويااتتى. ئاندىن باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش ئايال مەكتەپ مۇدىرىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويااتتى. بۇ مۇدىرنىڭ تېلېفوندا ئىزدەلگەن ئادەمنى چاقىرىپ قويمايدىغان، قاچانلا بولسا «دەرستە» دەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار، بولۇپمۇ، سىرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بۇ مۇدىرنىڭ مۇشۇ قىلىقىغا بەك ئۆچ ئىدى. سىرتتىن كەلگەن بەزى ئوقۇتقۇچىلار مۇدىرنىڭ ئۆيىگە داستىخان قىلىپ بېرىپ، «تېلېفون كەلسە چاقىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنەتتى» ۋە شۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولاتتى. ئەر شۇجى تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇ ئامال بار تېلېفونغا چاقىرىپ قويااتتى.

قىرىشقاندەك سالامەت دائىم دېگۈدەك ئاشۇ ئايال مۇدىر بار ۋاقىتتا تېلېفون قىلىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، تېلېفون مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدا بولغاچقا، ئۇ كۆپىنچە بار بولىدۇ ـ دە. شۇ سەۋەبتىن باتۇر مەكتەپتىن بەش يۈز مېتىرچە يىراقلىقتىكى تېلېفون بوتكىسىغا بېرىپ، سالامەتكە چاقىرغۇ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

سالامەت مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ «ئىشخانىغا كىرەيمۇ، ئۆيگە قايتايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا چاقىرغۇسى سايرىدى. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان سالامەت چاقىرغۇسىغا ئىتتىك قارىدى. چاقىرغۇ ئېكرانىدا ئۆيىنىڭ تېلېفونىنى كۆرۈپ، چىرايىدا خۇشياقماسلىق ئىپادىلىرى كۆرۈندى. «ئۆيدە باش ئاغرىتىدىغان يەنە قانداق ئىش چىققاندۇ؟» سالامەت ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆيدە ئاپىسى ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇراتتى. ئاپىسى زۆھرەخانىنىڭ يېقىندىن بۇيان چىرايىنىڭ ئېچىلغىنى مۇشۇ. دەسلەپتە سالامەت بىلەن مەسئۇدنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گەپ تېشىلگەندە، ئاپىسىنىڭ چىرايى تۇتۇلغانىدى. چوڭلارچە بولغاندا، سالامەت خىزمەتكە چىقىپ كۆنۈشۈۋالغاندىن كېيىن تويىنى قىلىپ، خىزمىتىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇمچىگە يۆتكىسە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى. بىراق، ياشلار ئىشنى بۇزغان. يەنە كېلىپ بۇ ئىشنىڭ بۇزغۇچىسى سالامەت. سالامەتكە قىلىنغان نۇرغۇن نەسىھەتلەر كار

قىلمىدى. ئاپىسىمۇ بوشاشمىدى. ئاخىر بولماي سالامەت دوستلىرى ئارقىلىق، ئاپىسىغا كۆڭلىدە باشقا بىر ىنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەردى. مەسئۇدمۇ بۇنى ئاللىقاچان بىلگەن بولغاچقا، «كۆڭلى يوق قىزنى مەجبۇرلىمايمەن» دەپ پېشىنى قېقىپلا كېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭلار ئارىسىغىمۇ سوغۇقچىلىق چۈشتى. ئاتىسى دەسلەپتە سالامەتكە ئاچچىقلاندى، كېيىن سودا ئىشلىرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشنى تىلغا ئالىدىغان ۋاقتى چىقمىدى. بىراق ئاپىسى «مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئابدۇرېھىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويمىدىڭ» دەپ سالامەتكە ھېلىغىچە كوتۇلدىغىنى كوتۇلدىغانىدى.

بۇ ئىشلار بېسىلغانىدەك بولۇپ تۇرۇۋىدى، زۆھرەخاننىڭ يەنە چىرايى تۇتۇلىدىغان بىر ئىش چىقتى. دوختۇرخانىدا «دوختۇرخانا باشلىقىنى ئالماشتۇرغۇدەك» دېگەن گەپ ئاۋۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن زۆھرەخاننىڭ چىرايىغا يەنە خاپىلىق تېپىپ چىقتى. ئەگەر بۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا، زۆھرەخان دوختۇرخانا باشلىقلىقىنى باشقا بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ ــ دە، ئۆزىگە قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقى قالىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ ۋەزىپىسىمۇ «قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان» بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا بىرىنى قويامدۇ تېخى؟ ئاچچىقتا زۆھرەخان نەشتىرىنى ئاخىر بېرىپ يەنە سالامەتكە سانجىدى: «سېنىڭ سەۋەبىڭدىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئابدۇرېھىم بىلەن يامانلاشمىغان بولساق، ماڭا بۇ كۈنلەر يوق ئىدى.» شۇنداق قىلىپ ناھايىتى بەختلىك، تىنچ ئۆتۈۋاتقان بۇ ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلغانىدى.

ھازىر زۆھرەخاننىڭ كۆلۈپ ئولتۇرۇشى، كۈتمىگەنلا بىر ئىش ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋالدىن سالامەتنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ئىچكەركى ئۆيدە بىرىنىڭ تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ سىلى خاتىرجەم بولسىلا. زۆھرە يۈەنجاڭ قوشۇلغان ئىش بولماي قالمايدۇ. ماقۇل، خوش.

تېلېفوندىكى گەپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئىچكەركى ئۆيدىن بىر ئايال «ۋاي، ۋاي، گۈل گۈلىگە» دېگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئايال سالامەتنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. سالامەتمۇ جاۋابەن ئەھۋال سوراپ قويدى. سالامەت نېمىشقىدۇر كۆڭلىدىكى بىسەرەمجانلىقنىڭ كۆچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ مۇشۇ مەھەللىدە كىشىلەرنىڭ توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، يامىنىنى ياخشىغا جوروپ، كەم يېرىنى يېپىپ، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ يۈز تاپقان ئايال ئىدى. قىسقىسى، ئەلچى.

— ئەتىگىچە ئەھۋاللاشقىلى كىرەي.

ئەلچى شۇنداق دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپا، چاقىرغۇ قىپسەن، نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ئايالنى كۆرۈپلا كەيپى ئۇچقان سالامەت.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى زۆھرەخان ئۇدۇلىنى ئىشارە قىلىپ. سالامەت ئاستا بېرىپ ئولتۇردى، — سىز بىلمەيسىز، غېمىم سىزدىلا قىزىم. قىز بالا دېگەن پاختىنىڭ ئىچىدىكى چوغ، ئاپئاق قەغەز. قىز بالىنىڭ ئىشى ئېغىزغا بىر چىقىپ قالدىمۇ، ئىشنى ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلىۋەتمىسە گەپ ـ سۆز كۆپىيىدۇ...

— ئاپا، نېمە ئىش بولسا دېمەمسەن، گەپنى ئەگىتكىچە.

— بولىدۇ دەي. نۇرغۇن يەردىن ئەلچى كېلىۋىدى، مەنمۇ رەت قىلغان. ئەمدى شۇنداق مۇۋاپىق يەردىن ئەلچى كېلىپ قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سالامەتنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى.

— ئاپا، يەنە شۇ گەپمۇ؟

— جىم ئولتۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى يۇنۇس دېگەن مۇئەللىمنى بىلىسىز.

بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان سالامەتنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى.

— يۇنۇسجاننىڭ ئاتىسىمۇ مۇئەللىم ئىدى. تاجىسمان يۈرەك

كېسەلى بىلەن تۇغۇلغان. ئاپىسى دېھقان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئوبدان. تۇرمۇشى ھېچكىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئانارلىق بېغى بار...

سالامەت ئاپىسىنىڭ گېپىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— بولدى قىلە، ئاپا...

سالامەتنىڭ گېپىنى ئاپىسى خاتا چۈشەندى:

— ئاپىسى دېھقان ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ قىزىم. ئۇ خەقلەرنىڭ تېگىنى چوڭلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئاتىسى ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدە نەمۇ - نە ئايلىنىپ سودا قىلىدىغان چوڭ سودىگەر ئىكەن. شۇ ئادەم تۇغۇپ كەتكەندە، يۇنۇسجاننىڭ ئاپىسىغا ئالتە تال چوكا ئالتۇن مىراس قالدۇرۇپتىكەن. يۇنۇسجاننىڭ ئاكىسى ۋىلايەتتە مۇھىم ئىدارىدە، يۇنۇسجانمۇ مائاشلىق، بېغىدىنمۇ نۇرغۇن كىرىم بولىدۇ. ئاڭلىسام ناھىيە بازىرىدىن قورۇ - جاي ئالماقچى بولۇۋېتىپتۇ...

سالامەت جىلە بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بولدى قىلغىنە ئاپا، خەقنىڭ نەرسىلىرى بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز.

قىزىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ زۆھرەخاننىڭ تەرى تۇرۇلدى:

— بولدى قىلغۇدەك ئىش بولسا بولدى قىلمايمەنمۇ؟ بىر ئوبدان ئىشنى بۇزۇپ يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يوق قىلدىڭىز. خەق «بىزدىن ياخشىراق كىمنى تاپاركىن؟» دەپ پۈتمىزنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرغاندا، ھال - ئوقىتى ياخشى، يۈز - ئابرۇيى بار، قۇدام دېگۇچىلىكى بار يەرنى تاللىمىسام يۈرتتا بۇ يۈزۈمنى نەگە قويىمەن؟

— ئاپا...

— سىز بولدى قىلىڭ. بىلىمەن نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى. «كۆڭلۈم - پۈڭلۈم» دەپ... ئەتىگەنگە تاپسا، كەچلىككە يوق

بىرسىنى قۇدام دەپ، بۇ يۇرتتا يۇزۇمنى پولودەك قىلىپ يۈرەيمۇ؟
قاتتىق گەپلەردىن سالامەتنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى:
— ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس، ئاپا...
— بولدى يوشۇرماڭ، ئىچىڭىزدىكىنى بىلىمەن. ئۇ خەقنىڭمۇ تېگىنى ئۇقۇپ بولدۇم. ئائىلىسىنىڭ تايىنى يوق، ھالى ئاران بىر خەقكەنغۇ ئۇ. تېخى ئاپىسى ئۆگەي.
بۇ ھاقارەتنى ئاڭلىغان سالامەت كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى. بىراق، زۆھرەخاننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى:
— ئۆگەي ئاپىغا كېلىن بولۇشنىڭ دەردىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنداق كېلىننىڭ ھالىغا ۋاي... ئەمدى كېلىپ مەنزە، يا ئاپىسىنىڭ، يا ئاتىسىنىڭ تايىنى يوق بىرىنى «كۈيئوغلۇم» دەپ يۈرىمەنمۇ؟ ماڭا نى ئات، نى نومۇس...
— ئاپا، بۇ ئىشقا ئالدىرىمىساق بولمامدۇ؟
— ئالدىرىمىساق؟ بۈگۈن ئالدىرىمىساق، ئەتە تېخىمۇ ئالدىرايدىغان ئىش چىقىدۇ. مەن ئاتىڭىز بىلەن بايا تېلېفوندا مەسلىھەتلىشىپ بولدۇم. ئاتىڭىزمۇ قوشۇلدى.
— ئاپا، مېنى مەجبۇرلىمىغان بولساڭلار.
— ئەخمەق قىزىم، سىزنى مەجبۇرلىمىدۇق، بەختىڭىزنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمىز. مېنىڭ، ھۇجرىڭىزغا كىرىپ ئوبدان ئويلىنىپ، ئەقلىڭىز بىلەن ئىش قىلىڭ.
سالامەت ھازىرچە گەپ تالىشىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
سالامەت ئاپىسىغا ھەيران قالدى. بۇرۇن ئاپىسى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئوچۇق - يورۇق، كۆڭۈل خۇشاللا يۈرەتتى. قاچانكى، سالامەت مەسئۇد بىلەن بولغان ئىشنى رەت قىلدى، شۇندىن باشلاپ ئاپىسى خاپىغان، چۈش مىجەز بولۇپ قالدى. ئىككى قىزىغا ئالدىراپ قاتتىق - يىرىك گەپ قىلمايدىغان ئاپا سالامەتكە تولا تېگىشىدىغان بولدى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سالامەت

چۈشىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئاپىسىدىن ئارتۇقچە ئاغرىنىپ خاپا بولۇپ كەتمەيتتى.

بۇگۈن ئاپىسىنىڭ پوزىتسىيەسى بەك قاتتىق بولدى. ھۇجرىسىغا كىرگەن سالامەت ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز، بىچارە ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇن مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغان قىزلارنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئېچىنغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭمۇ نىكاھ ئىشىدا مۇنداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلاپ باقمىغانىدى. سالامەت بىر جۈپ قىزىل گۈل كەشتىلەنگەن ياستۇقنى چىڭ چىشلىگەنچە ئۈنسىز نىدا قىلدى: «باتۇر، نەلەردە يۈرۈيسىز؟ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈڭ؟ مەن نېمىدېگەن بىچارە. نېمىشقا چوڭلار نىكاھ ئىشىغا كۆڭۈل رايىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى چېتىۋالىدىغاندۇ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟ بىز قانداق قىلىمىز، باتۇر؟ چاققانراق ماڭا بىر يول كۆرسىتىڭ.»

سالامەت ئۆزى ئۆچۈن قىممەتلىك يادىكار بولغان ئاق تاشنى ئېلىپ لەۋلىرىگە باستى، ئۇنى ھىدلىدى. ئۇنىڭدىن كۈچ، ھارارەت ئالماقچى بولغاندەك باغرىغا مەھكەم باستى. تاش قانچىلا قىممەتلىك بولغىنى بىلەن ئۇ سوغۇق، ھېسسىياتسىز، قەلبسىز. لېكىن، بۇ تاش باتۇرنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چوڭقۇر مېھىر تەپچىپ تۇرىدۇ. بۇنى سالامەت ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىدۇ.

سالامەت يەنە بىر قىممەتلىك ئەستىلىك — خاتىرىنى ئاچتى. تونۇش قۇرلارغا كۆز ياشلىرىنى تامچىلاتقىنىچە ئوقۇشقا باشلىدى. مانا «چۈشلىرىڭنى بۇزۇپ، ئۇزۇن تۈنلەردە سېنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلغان تىۋىش مېنىڭ ناخشام! يۈرىكىڭنىڭ شادىيانە سوققان چاغلىرىدا شېرىنلىك ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتىڭ؟ ئۇمۇ مېنىڭ ناخشامنىڭ سېھرى» دېگەن قۇرلار ھە دېگەندە سالامەتنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. سالامەت قولىغا قەلەم ئېلىپ ئاخىرقى قۇرلارنىڭ كەينىگە: «ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ باغرىنىڭ تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىڭىزدا ھەيرانۇ - ھەس

قالىدىكەنسىز. بەزى كىشىلەر باغرى تاشتەك قاتتىق دەپ تاشقا ئۆۋال قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بەزىلەرنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. مەن ئاپامنىڭ — ئۆزۈمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ كۆيۈملۈك دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئادىمىمنىڭ بۇگۈنكى كۆنگە كەلگەندە نىكاھ ئىشىمغا بۇنچىلىك قوپال ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۆز خاھىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن. ئاپامنىڭ مۇئامىلىسى ئاشۇنچە تۇرسا، مەن كىمدىن پاناھلىق كۈتىمەن؟ كىمگە بېرىپ دادلايمەن؟ توۋا، ھەر بايلارنىڭ، ھەر ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرۈپ تاڭ قاپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، بەختسىزلىك دېگەن مۇشۇنداق پەيدا بولىدىكەن ئەمەسمۇ! باتۇر ‹ئائىلىمىز ئائىلىڭىزلەرگە ماس كەلمەيدۇ، سىزنى بەختسىز قىلىپ قويسام بولمايدۇ› دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. لېكىن، ئىككى ئائىلىنىڭ بىر تەرىپى ماس كېلىدىكەن: ئوخشاشلا مېھرسىز. باتۇر، سىزنىڭ ئەندىشىڭىزسىزمۇ بەختسىزلىك ماڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سىز بىلەن بىللە ئۆتۈپ بەختسىز بولۇشقا رازىمەن.» دەپ يازدى.

ئىشىكنىڭ ئاستا ئېچىلىشى، سالامەتنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. سالامەت كۆزىدىكى ياشنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ خاتىرىنى ئاستا يېپىپ قويدى.

— ئايلا، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى سىڭلىسى ساباھەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ. كېلەر يىلى تولۇقسىزنى پۈتكۈزىدىغان بۇ قىز خېلى نەرسىنى بىلىپ قالغانىدى، — يىغلاپسىز ـ ھە؟

سالامەت سىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتتى:

— يىغلىمىدىم سىڭلىم، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن. ئەجەبمۇ خۇشال كۈنلەر ئۆتۈپتىكەن. بۇ يىغا يېشى ئەمەس، خۇشاللىق يېشى.

— ئازابلىنىپ يىغلىدىڭىز.
— ياق، مەن...
— ئايلا، بۇ تويغا ھەرگىز قوشۇلماڭ.
سىڭلىسىنىڭ بۇ گېپى سالامەتنى ھەيران قالدۇردى.
— مەن يۇنۇس دېگەن مۇئەللىمنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى سىڭلىسى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ مۇئەللىمنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ يېنىدا ھېجىيىپلا يۈرىدىغان قىلىقى كۆزۈمگە پەقەت سىغمايدۇ.
ساباھەتنىڭ بۇ گېپى سالامەتنى كۈلدۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنى يېنىك قىلىپ قويدى. ئاچىسىنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ساباھەت تېخىمۇ جۇرئەتلەندى:
— بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرى يىغىن ئېچىۋاتقاندا چاقىرغۇسى سايراپ ئاۋاز ياڭراتقۇنى جىزىلدىتىۋەتتى. مەكتەپ مۇدىرى چاقىرغۇسىغا قولىنى سۇنۇپ بولغۇچە، بىر ياندا تۇرغان يۇنۇس مۇئەللىم يۈگۈرۈپ بېرىپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چاقىرغۇسىنى ئېلىپ ئېكرانىغا قاراپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قولىقىغا ھېجىيىپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، كۆزۈمگە شۇنداق چاكىنا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنچىلىك قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكتى شۇ. ھۇ، خۇشامەتچى.
بۇلارنى ئاڭلىغان سالامەت خۇددى ئەنتى ئېلىنغان كىشىدەك ئازادە نەپەس ئالدى. بىراق، ئېھتىيات يۈزىسىدىن:
— سىڭلىم، مۇئەللىملەرنى ئۇنداق دېيىشكىز بولمايدۇ. مۇئەللىملەرمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭمۇ كەمچىلىكى بولىدۇ، — دېدى.
— لېكىن ئايلا، ئىشلار ئاپامنىڭ دېگىنىچە بولسا، ئۇ مېنىڭ ئاكام بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا دەيدىغان گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ.
— رەھمەت سىڭلىم، — سالامەت سىڭلىسىنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — مەن بۇ ئىشنى ئاپام بىلەن ئوبدان دېيىشىمەن.
— ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ھە دېمەڭ، ئايلا.

ساباھەت تۇمشۇقىنى ئۇچلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.«ئاپام نېمىشقا مېنى سىڭلىمچىلىك چۈشەنمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغان سالامەت ئۆيدە ئولتۇرغانچە ئىچى سىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جابدۇندى.

— ئاپا، مەن روشەنگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي.

— كەچ قالماڭ.

سالامەت دوستى روشەنگۈلنىڭ يېنىغا بىر دەمدىلا يېتىپ باردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان روشەنگۈل ئەمدى خىزمەتتىن كېلىپ تۇرغانىدى.

— سالپىيىپ كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ مېنى مۇشۇنداق سالپايتىپ قويدى.

— تاماق يەپ ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىپ، ئاندىن دەردىڭىزنى ئاڭلاي. نېمە تاماق قىلىپ بېرەي؟

— شۇ تاپتا بىر نېمە يېگۈم يوق.

— ئۇنداق بولسا... دوقمۇشتا سېرىقئاش قىلىدىغانلار بار. خېلى ئوخشىتىدۇ. شۇنى يەمدۇق - يە.

— بۇ بولغۇدەك.

ئىككى قىز قىزىل مۇچ قىيامى، ئاچچىقسۇيى تازا تەڭشەلگەن سېرىقئاشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئاچچىق - چۈچۈك يېمەكلىكنى يەپ سالامەتنىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى.

روشەنگۈل سالامەتنى ھۇجرىسىغا باشلاپ، ئىسسىق چاي دەملىگەندىن كېيىن شىرەگە بىر تەخسە گازىرنى قويدى:

— «گازىر — ئىچ - پۇشقىڭنى چىقىرىدۇ ھازىر» دەپتىكەن. چېقىڭە.

سالامەت گازىر چاققاچ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۆيدە يەنە توي جېدىلىمۇ؟ — دەپ گەپ تەشتى روشەنگۈل.

— شۇنى دېمەمسىز، ئاپامغا نېمە بولدىكىن، رايىمنى پەقەت ئويلاشمايۋاتىدۇ. ئاپامنى بۇنداق قىلار دەپ پەقەت ئويلىماپتىمەن.

ئاپامنىڭ قىلىقى دېمىمنى بەك سىقىۋەتتى.
— نېمە دەيدۇ ئۇ يوەنجاڭ؟
— قاراڭ دوستۇم، ئاپاملار ماڭا ئەمدىلىكتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى يۇنۇسنى سايە قىلىۋاتىدۇ.
— يۇنۇسنى؟
— ھەئە. يا مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ ئۆتكەن يېرىم بولسىغۇ... پەقەت كۆڭلۇم چۈشمىگەن، ھەتتا خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمىغان ئادەم بىلەن قانداقمۇ ئۆي تۇتىمەن؟ توۋا... تۇۋا دەيمەن بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈنگە.
— ئاپىڭىز توي قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى چۈشۈپ قالار دەپ ئويلىغاندۇ؟ بۇنداق ئىشلارمۇ بارچۇ؟
— سىزمۇ چىشىمغا تەگكىلى تۇردىڭىزغۇ؟
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. لېكىن سالامەت، سىز يېقىن دوستۇم، ئويلىغان گېپىمنى ئوچۇق دېمىسەم بولمايدۇ. ئاپىڭىز ئائىلىڭىزلەرگە يارىشا يەرنى ئويلىغان. مېنىڭچە يۇنۇسلارنىڭ ئىقتىسادي ئەھۋالى ئاپىڭىزنىڭ ئۆلچىمىگە توشىدۇ.
— بۇنى مەنمۇ ئويلاپ يەتتىم. ئاپام بۇرۇن بۇنچىلىك ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىپ مۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇنىڭغا ئەقلىم ھەيرانلا مېنىڭ.
— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. بۇرۇن ئاپىڭىز بىلەن بۇ جەھەتتە زىددىيەتلەشمىگەندىكىن سىز دىققەت قىلمىغان گەپ.
— شۇنداقتىمۇ يە؟
— ئەمدى قانداق قىلىسىز؟
— بىلەلمەيۋاتىمەن.
— دەماللىققا ئاپىڭىزنىڭ رايىنى ياندۇرماق تەس. ئاتىڭىزچۇ؟
— ئاتام سودا ئىشى بىلەن سىرتتا يۈرىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىشلاردا ئاپامنىڭ رايىغا باقىدۇ.
— ئۇنداقتا ئاپىڭىزنىڭ رايى يانغۇچە ساقلايلى.

— ۋاي دوستۇم، ئاپامنىڭ ساقلايدىغان يېرى يوق. بولۇپمۇ مەسئۇدنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېپىرلاپلا قالدى.

— ئاياللارنىڭ مۇشۇ مىجەزى - زە. مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ئىش چىقىپلا قالسا، ھېچنېمىگە قارىماي بەسلىشىشكە چۈشكەن. نىكاھ ئىشى خۇددى 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدەك. يا بىزمۇ چوڭ بولساق شۇنداق بولۇپ قالىمىزمىكىن؟

— ئۇھ، مۇنداق كۆڭگە قالىدىغىنىمنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

روشەنگۈل دوستىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى:

— ئۇنداق بولسىچۇ دوستۇم، سىزمۇ باغرى تاشلىق قىلىڭ. بىر ئامال قىلىپ يۇنۇسنىڭ رايىنى قايتۇرۇڭ.

— قانداق؟

— ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى، باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئېيتىڭ.

— قانداق بولار؟

— «قانداق بولار؟» دەپ ئولتۇرسىڭىز، تەقدىرگە تەن بەرسىڭىز بولىدۇ شۇ. ئامال يوق، خەقنى دېسىڭىز ئۆزىڭىز دەرد تارتىسىز.

سالامەت بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھېلىقى غېرىبجانچۇ؟ نامرات يىگىتلەر بىلەن باي - غوجاملارنىڭ قىزلىرى ئاشىق - مەشۇق بولۇشىدىغان ئىشلار چۆچەك - داستانلاردىلا بولىدىغان. ئەمدى...

باتۇر خىيالىغا كېلىشى بىلەن سالامەت جىلە بولدى.

— يا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ ئالاقىلەشكىلى بولمىغان. ئۇلارنىڭ مەكتەپ مۇدىرىمۇ تازا بىر خوتۇنكەن.

— باتۇرغا ئەھۋالنى دەپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

— باتۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىسىز، ئاپام ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ياراتمايدۇ. باتۇر بۇرۇنلا بۇنى بىلىپ، ئىككىمىزنىڭ

ئىشنى توسىغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزىمۇ رازى ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭمۇ نېمە ئامالى بار دەيسىز؟

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. باتۇرنىڭ گېپى نەكەمكى گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىڭىزلەر ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئارىڭىزلارنى ئوچۇق قىلماي ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ كېتىپسىزلەر. بىر يىگىت تۇرۇپ ئەمدى قاراپ تۇرماس.

سالامەت يۈزىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مۇنداق كۆز يېشى قىلىپ ئۆزىڭىزنى تۇگەشتۇرۇپ ئولتۇرغۇچە، باتۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ. ئاڭغۇچە يۇنۇس پېشىنى قاقسا، ئاپىڭىز نېمە قىلالايدۇ؟

— يۇنۇس بولدى قىلارمۇ؟

— قىزنىڭ ئاغزىدىن «يۇرۇۋاتقان يىگىتىم بار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپمۇ «بوپتۇ، مەيلى» دەپ ئولتۇرىدىغان يىگىت يوق. يۇنۇس ئوتىڭىزدا كۆيۈپ ئاشىقى بىقارار بولۇپ كەتمىگەنلا بولسا...

— ئىككىمىز تۇزۇك تونۇشمايدىغان تۇرساق...

— شۇڭا دەيمەن...

سالامەت دوستىنىڭ ئۆيىدىن كەچ ياندى. ئۇ يول بويى ئەمەلىيەتتە ئاپىسىنىڭ مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدەك سۈرلۈك، چۈشىنىكسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئاپىسىغا ئىنساب، مېھىر تىلىدى.

Q

بىر ھازا يىغلىغان رابىيە، خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ يېشىنى توختاتتى. زۆھرە رابىيەنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ ھەيران قالدى. رابىيەنىڭ خىيالىغا — يەنە ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا بولسىلا — نىجاتكارى نىزارىي كەلگەنىدى. ئۇ، نىزارىينىڭ ناھايىتى ئىناۋەتلىك، ئاق كۆڭۈل، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا بىر كىشىلىك

ھۆرمەتكە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بىلەن خالىغان ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ، ئۇردىغا خالىغان ۋاقىتتا كىرەلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر رەت ئويلاپ ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە رابىيەگە لازىممۇ نىزارىي ھەزرەتنىڭ مانا مۇشۇنداق يولىنىڭ بولۇشى ھەمدە ھەقىقىي ئەھۋالنى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە تېزرەك يەتكۈزۈشى ئىدى.

توساتتىن رابىيەنى «ئەتە تاڭ ئېتىپ چاشگاھ بولغاندا سەئىدنى دارغا ئېسىلىدۇ. مۇشۇنداق قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئۇنى كىممۇ قۇتقۇزالار. ئۆلۈمگە ياسالغان دار تەييار، ئۆلۈمنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىمۇ بېكىتىلگەن تۇرسا، خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىققا نە ئىلاج. راستتىنلا ئاشۇنداق بولسا سەئىدنى ئۆلىدۇ. ئۆلۈم نېمىدېگەن يامان» دېگەندەك خىياللار قىيناپ، كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. رابىيە: «سەئىدنىنىڭ ئىشى نىزارىي ھەزرەتكە يەتكۈزۈلۈپ، بۇ ئىشتا ئۇ ئوتتۇرىغا چىقسا بەك ياخشى بولاتتى. بىراق، نىزارىي ئۆلۈم ئىشىدەك بۇ ئىشقا ئۇدۇللا قول تىقالارمۇ؟ ئەگەر تىقالايدۇ دېسەكمۇ بۇ ئىشلارنى نىزارىي ھەزرەتكە كىم سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ؟ ۋاقىت قىس، قاراپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. نىزارىي ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كىم باردۇ؟ بۇ يەردە يا ئىبراھىم ئاكا، يا ھەسەن يوق. ئۇلار بولسىمۇ نىزارىي ھەزرەتنى قايىل قىلغان بولاتتى» دېگەندەك خىياللارنى قىلدى. رابىيە ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئاخىر نىزارىي ھەزرەتنى ئىزدەشكە ئۆزىنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن دەس تۇردى.

رابىيە ئورنىدىن تۇردى ـ يۇ: «بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆزى ئوردىغا بېرىپ ئىش بېجىرىمەن دېيىشى تولىمۇ تەس. بىر كۈندىلا پۈتىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشى باغلانمىغان قىز بالىنىڭ بېرىشىنى شاھمۇ، دەرۋىشلەرمۇ خوپ كۆرمەيدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. رابىيە دەرھاللا يەنە بىر ئامال تېپىپ ئۆلگۈردى: ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ ئوردىغا كىرىپ نىزارىي ھەزرەتنى تاپماقچى بولدى.

ئۇ قەشقەرگە كېلىشىدە سەئىدىنىگە ئاتاپ بىر تون تىككۈزگەن بولۇپ، دوپپا، ئاياغ قاتارلىقلارنىمۇ تەييار قىلىپ ئالغاچ كەلگەنىدى. رابىيە كەچ كىرىپ كەتكىنىگە قارىماستىن كىيىملىرىنى سالدى ـ دە، سەئىدىنىگە تەييارلىغان كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىدى. زۆھرە رابىيەنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن غەم يەپ، ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالدىمىكىن دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالدى. رابىيە زۆھرەگە ئويلىغانلىرىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى. رابىيە كىيىملەرنى كىيىپ بولۇپ كەينىگە قارىدى. دېمىسىمۇ رابىيە ياش يىگىتلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. زۆھرە ئالدىدا تۇرغان «يىگىت» كە قاراپ ھەيران قالدى. رابىيە ئۆزىنىڭ پاتلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نىزارىينىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ يۈگۈردى.

رابىيە تېزلا نىزارىينىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى. بەك ئەپسۇس، نىزارىي تېخىچە بىغىدىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلمىگەنىدى. رابىيە نىزارىينىڭ تېخى ئوردىدىن كەلمىگەنلىكىنى پەملەپ، شەھەرگە يۈگۈرۈپ، سۇرلۇك ئوردىغا قاراپ قەدەم باستى.

كۈن غەرب تەرەپكە يانپاشلاپ خۇددى «ئەتە قان تۆكۈلىدۇ» دېگەندەك ئاسمان قىزىللىقىغا تولغانىدى. مەللىرەڭ تون كىيگەن بىر «يىگىت» كوچىدا ئوردىغا قاراپ تېز ـ تېز قەدەملىرى بىلەن كېتىپ باراتتى. «يىگىت» ئوردىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن نامازشامغا ئەزان توۋلاندى. دېمەك، كەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، تېخىچە ھېچ ئىش ھەل بولمىغانىدى. «يىگىت» ئوردىنىڭ سۇرلۇك دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇلغا نىزارىي ھەزرەتلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. قاراۋۇل نازۇك يىگىتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

— نىزارىي ھەزرەتلىرى ئاللىقاچان كېتىپ قالدى، — دېدى. «يىگىت» يەنە ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، خۇپتەن نامازغا يېقىن نىزارىينىڭ بېغىغا يېتىپ كەلدى. «يىگىت» نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا چەكتى. ئىچىدىن نىزارىينىڭ ئات باقارى چىقتى.

— نىزارىي ھەزرەتلىرى ئۆيدە بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى

«يىگىت» ئات باقاردىن.

— تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى ئات باقار.

«يىگىت» نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلاپ «ئاپلا» دەپ تۇرۇپ قالدى ۋە يەنە سورىدى:

— قاچانلاردا كېلەر؟

بۇ چاغدا ئات باقار يىگىتكە بىر قۇر قارىغاندىن كېيىن:

— خۇپتەن نامازغا چىقىپ كەتكەن، سەل ساقلىسىلا، — دەپ جاۋاب بەردى.

«يىگىت» ئات باقارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىلىدا ئوت يېنىپ، كۆزىدىن ياش ئاققىنىچە ئالاھازەل يېرىم سائەتچە ئىشىك تۇۋىدە ساقلاپ تۇردى. بىر سېكۇنتمۇ قەدىرلىك بىلىنىۋاتقان «يىگىت» ئۈچۈن، بۇ يېرىم سائەت خۇددى بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بىر چاغدا ئالدى تەرەپتە يورۇقلۇق پەيدا بولدى - دە، پانۇس يورۇقىدا بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىككى گەۋدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «يىگىت» ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك سەزگۈلىرى بىلەن كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نىزارىيلار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ئىككى گەۋدە يېقىنلىغانچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترىمەكتە ئىدى. دېگەندەك كېلىۋاتقان كىشىلەر نىزارىيلار ئىدى. ئۇلار دەرۋازا يېنىغا كېلىپ بىر يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «يىگىت» نىزارىي ھەزرەتلىرىگە سالام قىلدى. نىزارىيمۇ شۇئان:

— بالام، بۇجايدا تۇرۇپلا، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن. بۇ چاغدا «يىگىت» نىزارىيغا سىنچىلاپ قاراپ:

— ھەزرەتلىرىگە بىر ھاجىتىم بار ئىدى. باشقا ھېچقانداق نىجاتكار تاپالماي، دەردىمگە داۋا بولالارمۇ دەپ، سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى كۆز يېشى قىلىپ.

نىزارىي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «يىگىت» نى مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. مېھمانخانا ئىچى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، يەرگە ئانار گۈللۈك خوتەن گىلىمى

سىلىنغانىدى. تەكچىلەردە دەستە ـ دەستە كىتابلار رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن نىزارىينىڭ كاتتا ئىلىم ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئەتلەستىن سىلىنغان يىكەنداز ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.
نىزارىي «يىگىت» نى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما ئۇ، بۇ كاتتا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەپ، قولىنى قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. نىزارىي «يىگىت» كە سوئال نەزىرى بىلەن قارىۋىدى، ئۇ بېشىدىن سەرپۇش تۇماقنى ئالدى ۋە پۇتىدىكى ئەرەنچە ئاياغنى سىلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە نىزارىينىڭ ئالدىدا ھۆسن جامالى كامالەتكە يەتكەن چىرايلىق بىر نازىنىن تۇراتتى. نىزارىي كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن چۆچۈپ كەتتى.
بىردەمدىن كېيىن «يىگىت» بۇ جىمجىتلىقنى ئۆزى بۇزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.
— تەقسىر، بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشتى. شاگىرتلىرى سەئدىن ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا زۇلۇم كەلدى. جاكارچى ئەتە سەئدىننىڭ دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دېدى رابىيە قىسقا، ئەمما مېغىزلىق قىلىپ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئەرەنچە ياسانغانلىقىنى، نىزارىينى قانداق تونۇيدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرنى ئىزدەپ تاپقانلىقىنى نىزارىي ھەزرەتلىرىگە سۆزلەپ بەردى. رابىيە يىغلاپ تۇرۇپ جاكارچىنىڭ سۆزىنى سۆزلەپ بولۇپ ئاھ ئۇرغىنىچە، — تەقسىر، ئەگەر سىلى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قول تىقمىسىلا، سەئدىن ئەتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ياردەملىرىنى ئايىمىغايلا، — دەپ نىزارىيدىن نىجاتلىق تىلىدى.
نىزارىي قىزنىڭ بۇ روھىدىن تەسىرلىنىپ، قىزنىڭ ۋاپادارلىقىغا باركاللا ئېيتىپ، يېنىپ تۇرغان چىراغقا بىردەم قارىۋەتكەندىن كېيىن:
— ھەي، ئېسىت، بۇ تولىمۇ يامان ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. ۋاقىت

بەك قىس ئىكەن. قانداق ئامال قىلساق بولار؟ سەئدىننى سېپىل قورۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان، بەگنى ئۇرغان دېگىنىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ تېگىدە بىرەر سۇيىقەست بار ئوخشايدۇ، — دېدى ـ يۇ، ئاق ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ كۆزىنى ئارراق يۇمۇۋالدى.

دېمەككى، نىزارىي بۇ ئىشقا چارە ئىزدەۋاتاتتى. نىزارىي كۆزىنى ئېچىپ، — بۇنداق پەرمان چۈشكەنىكەن، بۇ ئىشقا زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنى تاپماي ئامال يوق. ئۇنى چوقۇم بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. باشقا كىشىلەر بۇ ئىشنى توسۇيالمايدۇ. قىزىم، ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. ھېكىمبەگنى ئىزدەپ بېرىش سەل ئەپسىز. پەقەت ئەتە كۈن يورۇغاندىلا ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. مەن ھازىر مىرغەزەپنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي. مەن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگۈچە، ئۇ ئىجرانى ئارقىغا سوزۇپ تۇرسۇن، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قوزغالغاچ رابىيەگە، — قىزىم بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى. بۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ، ئىچكىرى ئۆيدىكىلەر سىزگە ھەمرا بولسۇن، — دەپ خىزمەتچىسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

رابىيە يىغلاپ دىلى خەستىلەنگەن ھالدا قالدى. رابىيەنىڭ كۆڭلىدە «مىرغەزەپ نېمە دەر» دېگەن خىياللار كېچىشكە باشلىدى.

نىزارىيمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئانچە ھايال بولماي كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىت رابىيە ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاق بىلىندى، مۇشۇنچىلىك ئاز ۋاقىتمۇ رابىيە ئۈچۈن يىلدەك بىلىنىپ كەتكەنىدى.

نىزارىي قايتىپ كېلىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك رابىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە:

— قىزىم، تەلىيىڭلار بار ئىكەن. مىرغەزەپنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇمۇ ئەتە ئىجرا قىلىنماقچى بولغان ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپتىكەن. مەن ئۇنىڭغا سەممىمىي ئىلتىماس قىلىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ھەمدە غەزەپ بىگگە

«مەن ئەتە ھېكىمبەگنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ھەقتە ئىلتىماس سۇنىمەن. ھېكىمبەگ بىر قارارغا كەلگىچە تەخىر قىلىسىلا» دېۋىدىم، مىرغەزەپمۇ پىكرىمگە قوشۇلدى، — دېدى خۇشاللىق بىلەن، — قىزىم، خۇدايىم بۇيرۇسا بېگىم مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل كۆرۈپ، قوشۇلۇپ قالسا، سەئىدىنمۇ ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بەلكىم، بېگىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ قالار. قىزىم، ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ ئارام ئېلىڭ. ئەتە سەھەردە ئوردىغا بىللە بارىمىز. يەنە باياتىن كەلگىنىڭىزدەك ئەرەنچە ياسىنىپ ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشىسىز. ھېكىمبەگكىمۇ گەپلەرنى ماڭا دېگەندەك سۆزلەيسىز. ھەرگىز ھودۇقماڭ، ئۆزىڭىزنى تەمكىن تۇتۇڭ. شۇ چاغدا مەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بۇ ئىشنى قايتا ئېنىقلاپ كۆرۈش توغرىسىدىكى پىكرىمنى بېگىمگە ئېيتىمەن. ئەگەر ھېكىمبەگ ئېنىقلاشقا كۆنۈپلا قالسا، ئەتە سەئىدىن ئامان قالىدۇ. ئەگەر ئەتە سەئىدىن ئامان قالسىلا باشقا ئىشلارنى ھەل قىلىش ئاسان. ھاشار ياكى زىنىدان بولسۇن، بۇ ئىشلار بىزنىڭ قولىمىزدىكىلا ئىش. ھېچكىممۇ بىزنى توسۇشقا پېتىنالمايدۇ، — دېدى نىزارىي ئالدىدىكى بىچارە رابىيەگە قاراپ.

بۇ چاغدا، رابىيەنىڭ كۆزىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. نىزارىي يىغلاۋاتقان رابىيەگە:

— قىزىم، چىقىپ ئۇخلاڭ، بۇ يەرنى خۇددى ئۆز ئۆيىڭىزدەك كۆرۈڭ، — دېدى.

— رەھمەت، — دېيەلىدى رابىيە ئارانلا.

رابىيە غەمكىن بېشىنى ئېگىپ، نىزارىي ھەزرەتلىرىگە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## 18

سالامەت ئورنىدىن ناھايىتى روھسىز تۇردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ناشتىلىق تەييارلىشىغا جىممىدە ياردەملەشتى. كېچىچە نۇرغۇن

پىلانلارنى قىلىپ چىققان زۆھرەخان قىزنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن زەن سېلىپ «قوشۇلۇپ قالدىمۇ ـ نېمە؟» دەپ مەمنۇن بولدى. ناشتىلىق تەييار بولغاندىن كېيىن، سالامەت گەپنىڭ ئاۋۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر پارچە ناننى ئېلىپ تېز ـ تېز يېيىشكە باشلىدى.

سالامەت ئىككى تال پېچىنىنى ئېلىپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا مېڭىشىغا زۆھرەخان ئېغىز ئاچتى:

ــ يۇنۇسجانمۇ ياخشى بالا، مەكتەپتىمۇ ئىناۋىتى بار. ئاڭلىسام مەكتەپ رەھبەرلىرىمۇ ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ يادىغا سىڭلىسىنىڭ سۆزى كېلىپ كۈلكىسى قىستىدى.

ــ سىز، نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىماي گېپىمىزگە كىرىڭ. مەنمۇ سىزگە ياخشى بولسۇن دەيمەن. كېيىن خەقنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيىڭىز بولىدۇ. تۇرمۇشتا جاپا تارتمايسىز. ئادەمگە تۇرمۇش جاپاسىغا قېلىشتىن ئارتۇق غەم يوق.

سالامەتنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى:

ــ ئاپا، يا مەن ئۇ بالىنى ئوبدان تونۇمىسام.

ــ ئەمدى تونۇشىۋالىسىز بولىدۇ. رىزىق دېگەن شۇ. مەنمۇ بىر يېرىنى ئويلاپ بۇ ئىشقا ماقۇل دېدىم. ئەتە ـ ئۆگۈن بىر موچەنگە زار بولۇپ ئۆتكەندىن مىڭ ياخشى.

ــ ئاپا...

ــ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. بىز ياشاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەن تۇرمۇش بۇ. كۆيدۈم ـ پىشتىم دەپ جاھانغا داۋراڭ سېلىپ، كېيىن مورىسىدىن ئىس چىقىرالماي، ئۆيدە جېدەل بېسىقماي، ئاق تاغلىق ـ قارا تاغلىق بولۇشۇپ بالىلىرىنى يېتىم قىلىشىپ، ئۆز يولىغا ماڭغانلارنى كۆپ كۆرگەن مەن. بىلدىڭىزمۇ قىزىم، گەپنىڭ چىرايلىقى ياخشى.

سالامەت ئاپىسى بىلەن يەنە ئېيتىشماقچى بولدى ـ يۇ، دوستى

روشەنگۈلنىڭ سۆزىنى يادىغا ئېلىپ ئۆزىنى تۈتۈۋالدى:
— ئاپا، ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشىمغا ۋاقىت بەر، — دېدى.
بۇ گەپ بىلەن زۆھرەخانىنىڭ چىرايى ئېچىلدى:
— ئوبدان ئويلاڭ قىزىم، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىڭ.
سالامەت ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا مەكتەپكە يول ئالدى. مۇنداق كۈننىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغىنىغا سالامەت تېخىچىلا ھەيران ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ رايىغا بېقىشى، كەسپىنى قوللىشى، خىزمەتتە يېتەكلىشى، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى بىللە يېڭىپ، خۇشاللىق ئىزدىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەنىدى. ئەمما ئەمدى ئىش بۇنداق بولماي قالدى. ئېغىر غەم كىچىككىدىن خۇشال ـ خۇرام ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىزىۋەتكۈدەك بولدى.
سالامەتنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا، دەرس ئۆتۈشكە رايى بارمىدى. ئۇ، باللارنى پارتىنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ خىيال بىلەن ئولتۇردى. ئويلىغانچە ئۇنىڭ يۈرىكى قورۇلدى. ئۆتكەن كۈنلەر قانچىلىك كۆڭۈللۈك، شادىمان، بەختىيار بىلىنگەن بولسا، بۇندىن كېيىنكى كۈنلەر شۇنچىلىك ۋەھىملىك ۋە ئېنىقسىز بىلىنىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىكى باللارنىڭ پارتىنىڭ رەسىمىنى چىرايلىق سىزىۋېلىشتىن باشقا غېمى، ئالدىرايدىغان ئىشى يوق. سالامەتنىڭمۇ مۇشۇنداق كۈنلىرى بولغان. ئۇ كىچىككىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە گۈلنىڭ رەسىمىنى سىزاتتى. گۈلنىڭ بەرگى، يوپۇرمىقى، غولىنى ئۆزى خالىغان رەڭدە بويايتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەك كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. ئادەم چوڭ بولۇپ بۇنچىلىك دەرد ـ ئەلەمگە قالىدىغان ئىش بولسا، نېمە قىلىدۇ چوڭ بولۇپ. مۇشۇنداق بالا پېتى تۇرۇۋەرسە ياخشى ئەمەسمۇ. چوڭ بولۇشقا، چوڭ بولغاندىن كېيىن گۈزەل ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا

ئالدىراۋاتقان بۇ باللار، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بىشىغىمۇ مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارنىڭ چۈشۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلسە قانداق ئويلاردا بولار؟ ئېھ، باللىق...

سالامەتنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. ئازابلىق كۈنلەرگە دۇچار بولغىنىدىن يۈرىكى پۈچۈلاندى.

«ياق، مەن كۈنبويى غەم قىلىپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. روشەنگۈل دېگەندەك بىر ئامال قىلىشىم كېرەك، — سالامەتنىڭ ياتنىڭ ئورنىدىكى ئادەم بىلەن ياشاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، بۇنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمىدى، — ھە دەپ يۈرۈۋەرسەم كىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ؟ ھازىرچە ئاپامدىن بۇنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەسكەن.»

سالامەت كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر باتۇر بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭغا باتۇر بۇ ئىشقا قاراپ تۇرمايدىغاندەك، چوقۇم بىر ئامال قىلىدىغاندەك بىلىندى.

— مۇئەللىم، سائەت توشتى.

سالامەت چۆچۈپ ئالدىغا قارىدى. باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقانچە ھە دەپ سىرتقا بويۇنداپ قارىشىۋاتاتتى. خىيالغا پېتىپ قالغان سالامەت ۋاقىتنىڭ توشۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالغانىدى.

باتۇر بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلگەن سالامەت مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون بوتكىسىغا باردى. تېلېفون ئۇلاندى.

— ۋەي...

— ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟

يەنە شۇ ئاۋاز. سالامەت ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەل قويۇۋەتكۈسى كەلمەي:

— ۋەي، خاپا بولماي، باتۇر مۇئەللىمنى چاقىرىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى.

— ئۇ بايا دەرسكە چىقىپ كەتكەن.

— بەك مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

— دەرستىكى ئادەمنى چاقىرغىلى بولمايدۇ. مۇھىم ئىشىڭىز بولسا يەنە 40 مىنۇتلاردىن كېيىن تېلېفون قىلىڭ.

يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى سەزگەن سالامەت خوشمۇ دېمەي تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

تېلېفوندىكى ئۇنۇمسىز سۆزلىشىشتىن كېيىن سالامەتنىڭ باتۇر بىلەن سۆزلىشىش ئىستىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

«باتۇر بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.» چۈشكىچە مۇشۇ خىيالدا يۈرگەن سالامەت چۈشلۈكى ئۆيىگە بارغۇچە نۇرغۇن خىيال ۋە پىلانلارنى قىلدى.

سالامەتنىڭ ئىشىكتىن كۈلۈپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن زۆھرەخاننىڭ كۆڭلى بىر ئاز تىنىغاندەك بولدى. «ئەمدى ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز قىزىم، — دەپ ئويلىدى زۆھرەخان مەمنۇنلۇق بىلەن، — ياخشى تۇرمۇشقا كىم ئىنتىلمىگەن؟ بىز ئاتا - ئانىلارمۇ بالىلارغا ياخشى بولسۇن دەيمىز. قايسى ئاتا - ئانا بالىسىنى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەيدۇ؟ ھەي، پەرزەنتلەر جاھاننى باشقىچە خىيال قىلىپ بۇنى چۈشەنمەيدۇ - دە. سالامەت يەنە بىر مەزگىل ئويلانسۇن، توي قىلغان تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرسۇن. شۇ چاغدا ‹ۋاي، ئاپا، گېپىڭ ئەجەبمۇ راستكەن› دەپ ئالدىمغا كېلىدۇ.»

— نېمە تاماق قىلىمىز، ئاپا؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— كاۋا مانتا ئەتەيلىمىكىن دەپ كاۋىنى ئادالاپ قويغان،— دېدى زۆھرەخان، — قولمۇقول بىردەمدە تەييار قىلمايمىزمۇ. ئاتىڭىزمۇ كېلىمەن دەپ تېلېفون قىپتىكەن. ئاڭغىچە ئۇلگۇرۇپ كېلىپ قالار.

ئاتىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، سالامەتنىڭ قەلبىدە كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقنىغاندەك بولدى. گەرچە ئاپىسى «ئاتىڭىزمۇ تېلېفوندا قوشۇلدى» دېگىنى بىلەن سالامەتنىڭ

چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىسا، بەلكىم باشقىچە ئىپادىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنمۇ مۇنداق ئىشلار بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئاپىسى سالامەتنى سېستىرالىقتا ئوقۇتىمەن دەپ تۇرىۋالغاندا، ئاتىسى سالامەتنىڭ رەسىم كەسپىدە ئوقۇشىنى قوللىغانىدى.

سالامەت ئالدى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغاچقا، كەيپىنى چاغ تۇتۇشقا تىرىشتى. سالامەتنىڭ كەيپىياتىدىن كەيپى خۇش بولۇپ قالغان زۆھرەخان ئىچىلىپ قالغاچقا ئىككىسى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن مانتا تۈگۈشكە باشلىدى.

— ئاپا، ئەتىگەندە پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ بىر گەپنى سىزگە دېيەلمەي ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى سالامەت تەبىئىي تەلەپپۇزدا، — بۈگۈن لەمجىندىكى ساۋاقداشىمغا چاي ئىچۈرمەكچى ئىكەندۇق. ئاخشام تېلېفون قىلىپ كەلمىسىڭىز بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، بايا مەكتەپ مۇدىرىدىنمۇ رۇخسەت سوراپ قويدۇم. لەمجىنگە بېرىپ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ئەتە ئەتىگەن خىزمەتكە ئۇلگۇرۇپ قايتىپ كېلىمەن.

زۆھرەخان ئەندىككەندەك بولۇپ سالامەتكە قارىدى. ئاپىسىنىڭ بۇ قارىشىدىن سالامەت سىرى پاش بولۇپ قالدىغاندەك چۆچۈدى. ئۇ چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مانتىنىڭ قىيمىسىنى ئىلغىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما ئانىنىڭ كۆڭلى بەك تۈيغۇن. زۆھرەخان شۇ دەقىقىدە قىزىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلسىز بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولۇپ، قوشۇلغۇسى كەلمىدى.

— شۇڭا تاماقنى يەۋېلىپ ماڭايمىكىن دېگەن، — دېدى سالامەت ئاپىسىنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىدىن ئەنسىرەپ.

— دوستىڭىزنىڭ چوڭ ئىشىدا يېنىدا تۇرۇپ بەرسىڭىز، دوستىڭىزنىڭ كۆڭلى توق تۇرىدۇ. لېكىن قىزىم، خىزمەتكە يېڭىلا قاتناشتىڭىز، خىزمەتكە يېڭى چىققان ئادەم تولا رۇخسەت

سورىماي، خىزمەتنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى كېرەك. بولمىسا باشقىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىسىز.

ئاپىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن توسقانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، سالامەت بوشاشمىدى:

— ئاپا، دوستۇمغا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىكەنمەن. بارمىسام كېيىن يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپتىنمۇ رۇخسەت سوراپ قويۇپتىكەنمەن.

سالامەت چۈشەندۈرگەنچە زۆھرەخانىنىڭ ئىچىگە جىن كىرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكمۇ ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى.

— بەلكىم مەكتەپ مۇدىرىڭىزمۇ ئامالىنىڭ يوقىدا رۇخسەت بەرگەندۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتىگىنى خىزمەت بالدۇر باشلىنىدۇ. ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسىڭىز، بىر مۇنچە گەپ بولىدۇ. بۇ قېتىم بارماي، تويىغا بارسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھازىر «ئىككى ئاساسەن» دەپ مەكتەپلەرنىڭ ئىشى ئالدىراش. دوستىڭىزمۇ بۇنى بىلگەندىكىن توغرا چۈشىنەر.

— دوستۇمنىڭ ئاكىسىنىڭ ماشىنىسى بار ئىكەن. ئەتە ئەتىگەن دوستۇم ئىككىسى ئەكېلىپ قويىدىغان بولدى.

سالامەت ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇنداق يالغان ئېيتىۋەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. شۇڭا، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. قىزىق يېرى، ئۆزى توقۇپ چىققان دوستىنىڭ «توي ئىشى»غا قاتنىشالماسلىق ئەلىمى ئۇنى قىيىنغاندەك بولدى.

— بولدى قىلىڭ قىزىم. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىڭىز ئۆتتى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئالدى ـ ئارقىڭىزغا قاراپ ئىش قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىڭىز كەلسە مەسلىھەت قىلىشىدىغان ئىشلار بار تۇرسا، سىز يوق بولۇپ قالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

زۆھرەخان شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ساپلىق سۇنى

كۆتۈرۈپ ئوچاق بېشىغا ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن گەپنىڭ تۈگىگىنى ئېنىق بولدى. سالامەتكە يەنە گەپ قىلىدىغان ئورۇن قالمىدى.
كۆچۈللۈك تەييارلانغان تاماق كۆڭۈلسىز يېيىلدى.
تاماقتىن كېيىن، سالامەت مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمەلىيەتتە مەكتەپ مۇدىرىدىن رۇخسەت سورىغىنى يالغاندى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاپىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىغا تېلېفون قىلىپ قويماقچى بولغانىدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ رۇخسەت بېرىش ـ بەرمەسلىكى بەربىر، ئۇ باتۇرنى ئىزدەپ كېتىۋېرەتتى. يەنە كېلىپ مەكتەپ مۇدىرى ئاپىسىنىڭ يۈزىنى دەپ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمەسلىكى ئېنىق.
ئىشخانىدا ئاياللار ئۇششاق پاراڭغا چۈشكەنىدى. گەپ مەكتەپكە تۈزۈك كەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئائىلە سۆھبىتىگە بارغاندىكى ئىشلار ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى.
ــ سالامەت مۇئەللىم، ھېلىقى قاسىم دېگەن بالىنىڭ ئۆيىگە باردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھەبىبىخان مۇئەللىم سالامەتنى كۆرۈپلا. ئۇ ساي مەھەللىسىگە ئائىلە سۆھبىتىگە بارىدىغان مۇئەللىملەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.
ــ ئۇلارنىڭ ئۆيى چەتتىكەن. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاندىكىن قورقۇپ بارالمىغانىدىم، ــ دېدى سالامەت پەسكە قاراپ. بارغانچە زەھەرخەندە بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ خوتۇننىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ قالغىنىغا سالامەتنىڭ ئۆزىگە بەك ئاچچىقى كەلدى، قورقۇپ ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىغىنىغا ئۆكۈندى.
ــ يېزىدا ئىشلىگەندىكىن جاپاسىغا چىداڭ، سىڭلىم. چەت ئۆيلەرگە، سەپرا مىجەز ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ھەتتا ساراڭ ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بارىدىغان گەپ. تېخى چىرايلىق گەپ نەدە؟ قورقىمەن دەپ تۇرماي بېرىڭ. شەھەر ئەمەس بۇ كوچا چىرىغى يېنىپ تۇرىدىغان.
بۇنى ئاڭلىغان سالامەت ھەبىبىخان مۇئەللىمنىڭ تەنە

قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنداق، ھەببىبخان مۇئەللىم سالامەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلىغا تېگىپ شەھەرگە كېتىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلماي، توينى رەت قىلىپ يېزىدا ئىشلەۋاتقىنىغا تەنە قىلىۋاتاتتى. سالامەت تەنە گەپنى بىلگەن ھامان بايىقى «ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىغانلىق ئۆكۈنۈشى» يوقىدى. سالامەت ھەببىبخان مۇئەللىمگە دادىل تىكىلىپ:

— تېخى ۋاقىت بارغۇ؟ ۋاقتىدا ئۆزلەگە تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىمەن.

— كېچىكتۈرمەڭ.

— كېچىكتۈرمەيمەن.

ئەمدىلىكتە سالامەتنىڭ گەپنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرماي، بىرگە بىر دەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەببىبخان مۇئەللىم يەنە سۆزلەشكە پېتىنالمىدى. باشقا مۇئەللىملەرمۇ سالامەتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى.

ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك سالامەت كەيپى ئۇچقان ھالدا مەكتەپنىڭ قورۇسىغا چىقىشىغا، بىر نەچچە كىچىك بالا ئىشخانىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويغان داڭنى ئۇرۇپ ئويناپ ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەگدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان سالامەت بىنانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. چاقىرغۇسىغا قاراپ سالامەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

نومۇر تونۇش ئىدى.

ۋۇجۇدىدا ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاراسلاپ يانغان سالامەت يۈگۈرگەندەك مېڭىپ مەكتەپ ئالدىدىكى بوتكىغا كەلدى.

مانا، تۇرۇپكىدىن سالامەت ئىنتىزار بولغان، سېغىنغان، ئۆزىگە مەدەت، يۆلەك دەپ بىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ۋەي، سالامەتمۇ؟

سالامەتنىڭ گېلىغا يىغا قاپلاشتى:

— باتۇر، مەن... مەن...

— سالامەت، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسىز؟

سالامەت بىر تەرەپتە ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان بوتكىچىنىڭ كىچىك قىزىغا ھومىيىپ قارىدى. قىزچاق قورقۇپ نېرى كەتتى.

— باتۇر، ئۆيدىكىلەر مېنى توي قىلىشقا قىستاۋاتىدۇ.

باتۇر بۇ خەۋەرنىڭ ھامىنى كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇنچە تېز كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھودۇقۇپ قالدى:

— سىز... ئۇ مەسئۇدنى توي قىلىدىغان بولدى دەۋاتامتىڭىز...

— ئۇ توي قىلىپ بولدى... باشقا بىرسى بىلەن...

— نېمە...

باتۇر تۇرۇپكىنى تۇتقانچە تۇرۇپلا قالدى.

— باتۇر، بىر ئامال قىلساق بولاتتى. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچىسىڭىز، مېنى بىر ئۆمۈر بەختسىز قىلىپ قويىسىز. ئۇندىن كۆرە جاپا تارتساممۇ سىز بىلەن بىللە بولغىنىم ياخشى. بىر ئامالىنى قىلىڭ باتۇر.

سالامەت ئاخىر چىن گېپىنى قىلىۋەتتى. بۇرۇن باتۇر «مەن بىلەن ئۆتسىڭىز جاپا تارتىپ قالىسىز» دېگەندە، ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي «ۋاقتى كەلسۇن» دەپ يۈرگەنىدى. بەلكىم ئۇ چاغدا سالامەت «ئىككىمىزنىڭ مائاشى بار تۇرسا، تۇرمۇشىمىز ئۇنچىۋالا جاپالىقمۇ بولۇپ كەتمەس» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. تۇرمۇش ئىنساننى ھەر يولغا مەجبۇرلايدۇ. مانا ئەمدى سالامەت ئۆزىگە كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىقلار ئالدىدا باتۇر بىلەن بىللە جاپا چېكىشكە رازى بولۇۋاتاتتى.

«ئامال؟ مەن نېمە ئامال قىلالايمەن؟» باتۇرنىڭ بېشى قاتتى. كىچىكىدىن ئەركىن - ئازادە، خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ

كەلگەن باتۇر «خىزمەتكە چىقسام ئۇ كۇنلەرگىمۇ ئۇلىشارمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۇ، ئۆيىدىكىلىرىنى خاتا مۆلچەرلىگەنىدى. ئۆيىدىكىلەر «باتۇر چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالدى. خىزمەتكە چۈشۈپ ئەل قاتارى يۈرۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلىتۇرمىدى. گەرچە باتۇر ئۆز ئىختىيارىچە تاماق يېيەلەيدىغان، ئەركىن يۈرەلەيدىغان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلە بۇرۇنقىدەكلا. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باتۇر ئايدا مۇقىم پۇل تاپىدىغان بىر قورال. ئاتىسى ياكى ئۆگەي ئاپىسى مائاش تارقىتىلىشى بىلەن، مەكتەپنىڭ كاسسىرىدىن مائاش جەدۋىلىدىكى تۈرلەر بويىچە بىرمۇ بىر ھېسابلاپ پۇلنى ئېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان كاسسىرمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك. قىسقىسى، باتۇر قانچىلىك مائاش كەلگەنلىكىنىلا بىلەلەيدۇ. مائاشىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. ئاتا - ئانىسى ھەر ئايلىق مائاشىدىن ئۇنىڭغا بەش - ئون كوي بېرىدۇ. ئەگەر ناھىيەدە كەسپىي ئىمتىھان ياكى يىغىنىدەك بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ھەممىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ يېتەرلىكلا پۇل بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا تىلى قىسقا ئىدى. باتۇرنىڭ يۈرىكى سىقىلىش، مۇجۇلۇشتىن مىجىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئاران چىداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ ئامالى بولسۇن؟

باتۇرنىڭ جىم بولۇپ كەتكىنىدىن سالامەت خۇددى ھازىرلا بىرسى ئۇنى بۇلاپ ئېلىپ قاچىدىغاندەك ئەنسىزلىشىپ كەتتى:

— باتۇر، باتۇر...

باتۇر ئۆزىنىڭ ھازىرقى ناچار ئەھۋالىنى سالامەتكە دېگۈسى كەلمىدى. «بۇلارنى ئۇنىڭغا دېگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ سالامەتنى تېخىمۇ ئۇمىدسىزلەندۇرمەي» دەپ ئويلىغان باتۇر ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ:

— سالامەت، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بەك جىددىي ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ گەپ چىققىلى ئىككى كۈن بولدى.

— ئۇنداق بولسا ۋاقىت بار ئىكەن. ئۇبدان ئويلىشىپ بىر ئامال تاپايلى. بىر ئامالى بولۇپ قالار.

— قانداق ئامال بار؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئامال چىقىپ قالىدۇ.

بۇنداق دېيىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە، سالامەتكىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ تەسەللى بېرىۋاتقانلىقى باتۇرغا ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى. بۇنىڭدىن باتۇر قاتتىق ھەسرەتلەندى.

— ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، باتۇر، — دېدى سالامەت ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، — ئەمما سىز بىلەن دەماللىققا ئالاقىلەشكىلى بولمىسا... سىز بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشەلمىسەم بەك گاڭگىراپ قالىدىكەنمەن.

دېمىسىمۇ تېلېفون جەھەتتىكى قولايسىزلىق باتۇرنىمۇ قىيناپ قويۇۋاتاتتى. باتۇرنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا بوتكىچىنىڭ بالىسى:

— ئەگەر ئۇنىساڭ، سېنىمۇ چاقىرىپ قويىمەن، — دېدى.

سىرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئامالى شۇ ھامان ئۇنىڭ يادىغا كەلدى.

— مەن بوتكىچىغا تاپىلاپ قويىمەن، سىز مۇشۇ تېلېفونغا تېلېفون قىلىپ دەپ قويسىڭىز، ماڭا يەتكۈزسۇن. ئاندىن سىزگە چاقىرغۇ قىلاي.

بۇنىڭدا تېلېفون كەلسە بوتكىچىنىڭ بالىسى ئوقۇتقۇچىنى چاقىرغىلى مەكتەپكە باراتتى. ئوقۇتقۇچى بوتكىغا كەلسۇن - كەلمىسۇن بالىغا بىر كوي بېرەتتى. ناۋادا ئوقۇتقۇچى كېلىپ تېلېفون قايتۇرسا بوتكىچى قوشلاپ پايدا ئالاتتى. جىددىي ئىشلار چىقىپ تۇرغاچقا، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار «توك قاپاق مۇدىرغا يېلىنىپ چىراي سارغايتقاندىن ياخشى» دەپ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىناتتى.

— ئۇنداق بولسا بوتكىچىغا ئوبدان تاپىلاپ قويۇڭ، — دېدى

سالامەت خۇشال بولۇپ.

— ماقۇل.

باتۇر يانچۇقىدىكى ئون كويغىمۇ يەتمەيدىغان پۇلنى سىقىمدىغىنىچە يول بويىدا ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ يەردە باتۇر ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنىلىپ ياشىسا، ئۇ يەردە سالامەت ھېسسىيات جەھەتتە قىسىلىپ ياشاۋاتاتتى. «زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنداق كۈن نېمىشقا بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەندۇ؟ بۇلاردىن قۇتۇلۇپ باشقىلاردەك خۇشال ياشايدىغان ئامال زادى نېمىدۇ؟ زادى نېمە ئامال بار؟»

باتۇر ئاشۇنداق ئولتۇرغاندا ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنى كۆرۈپ توختىدى:

— ھوي، باتۇر، مۇدىر سېنى ئىزدەۋاتسا بۇ يەردە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىسەنغۇ؟

— نېمە قىلغۇدەك؟ — دەپ سورىدى باتۇر ئەندىشىدە.

— ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ، تەنھەرىكەت يىغىنى توغرۇلۇق يىغىنغا قاتناشسۇن دەپتۇ. ياخشى ئىش چېغىۋا، ئۇ مۇدىر كۈلۈپ ئېچىلىپ كېتىپتىغۇ.

شۇنىڭلا «خىزمەت ۋاقتىدا ئېيتىپ قويماي يوقاپ كەتتىڭ» دەپ ئاچچىقلىمىسۇن دېگەن خىيالدا ئەنسىرەپ تۇرغان باتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىك تىندى.

باتۇرنىڭ گەپلىرىدىن تەسەللى تاپقاندەك بولغان سالامەت مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ ئۈمىدلەنگەندەك بولغان بىلەن چىرايىدىن سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

سالامەتنىڭ كەيپىياتى بەك ناچار بولغاچقا، ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل دوستى روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە باردى. روشەنگۈل سالامەتنىڭ چىرايىغا قاراپلا دوستىنىڭ دەردىنى بىلىۋالدى.

— ئاجراشقان خوتۇندەك سالپىيىپلا كېتىپسىزغۇ؟

— ئاپام پەيلىدىن يانمىغاندەك ئەمەس. شۇڭا، باتۇر بىلەن

كۆرۈشۈپ مەسلىھەت قىلىشاي دېسەم، يا ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلاشقىلى بولمىدى.

روشەنگۈل دوستىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئاغرىنىشىغا ھەـ پە دېيىشىپ بەرگۈسى كەلدى:

— باتۇرمۇ قىزىقكەن، كۆرۈشمىگىلى بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغاندىكىن «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ بولسىمۇ چاقىرغۇ قىلمامدۇ؟

— ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى دوستۇم، بولماي ئاپامغا «لەمجىنىدىكى دوستۇمنىڭ چوڭ چېيىغا باراتتىم» دەپ يالغان ئېيتسام، ئاپام بىلىۋالغاندەك پەقەت قوشۇلمىدى. «نېمىلا بولسا مەيلى» دەپ ماڭاي دېسەم، يۈزۈم چىدىمىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئادەم ئۆزىنى بەك ئاجىز ھېس قىلىپ قالىدىكەن...

سالامەت سۆزلەۋېتىپ پېشانىسىنى تۇتماقچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزى قولىدىكى سائەتكە چۈشۈپ:

— ۋاي، ئاتام! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن چۆچۈگەن روشەنگۈل:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ساي مەھەللىدىكى قاسىم دېگەن بالىنىڭ ئۆيىگە سۆھبەتكە بارىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

— كەچ بولۇپ كەتتى ئەمدى.

— بالىسى بىلەن كېلىشەلمىسەم، ھېلىقى ھەبىبىخان دېگەن يالغان ئاكتىپ غوم ساقلاپ، ئۆزىچە يوق ئىشلارنى باھانداپ ماڭا يېنىچە ـ قىرىچە تېگىپ يۈرۈيدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ بارماڭ.

— باراي جۇمۇ، بىكار مەكتەپتە شۇ خوتۇن بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالماي.

— سىز بارغانغىلا ئۇ قاسىم دېگەن بالا مەكتەپكە كەلمەيدۇ. قاچان مەكتەپ مۇدىرلىرى بېرىپ ئۇ بالىنىڭ كىتاب پۇللىرىنى كۆتۈرۈپ بېرىدىغانغا ۋەدە بەرسە، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى بالىسىنى

قوشۇپ قويامدىكىن. باشقىسى بىكار. شۇڭا، باردىم دەپلا قۇتۇلامسىز.

— شۇنداق قىلايمۇ يا؟

— بەربىر بىرسى خەقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلتۇرمىغاندىكىن.

— بوپتۇلا، ماڭىمۇ خۇشياقماي تۇرغان.

— ئولتۇرىڭە. ھە، باتۇر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

سالامەت ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيچىلىكنىڭ ئورنىغا يەنە سولغۇنلۇق ئالماشتى:

— لەمجىنىگە بېرىشىمغا ئاپام قوشۇلماي، مەكتەپتە ئۇ خوتۇن چىشىمغا تېگىپ، ئۆز گۆشۇمنى ئۆزۈم يېگۇدەك بولۇپ يۈرسەم باتۇر ئۆزى چاقىرغۇ قىلىپ قالدى.

— ھە... ھە...

— ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دېدىم شۇ.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— باتۇر «سىزنى بەك قىستاپ تۇرۇۋالمىغاندىكىن، ئوبدان ئويلىشىپ باقساق بىر ئامالى بولۇپ قالار» دېدى. ئۇنىڭ شۇ گېپى بىلەن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

بۇنى ئاڭلىغان روشەنگۈل ئىچىگە تىنىپ:

— باتۇر توغرا دەپتۇ. ياخشىراق بىر ئامال چىقىپ قالسا، ئىشىڭىزلار ئوڭغا تارتىپ كېتەمدۇ تېخى، — دېدى. بىراق ئۇ ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە: «باتۇرنىڭ ھالى بۇرۇن سىز دېگەندەك تۇرسا، ئۇنىڭ شۇنداق دەپ تەسەللى بەرمەكتىن باشقا نېمە ئامالى بار. ئۇ نېمە قىلالايدۇ؟ يا ئۇنىڭ ئارىغا سېلىپ ئاپىڭىزنىڭ نىيىتىنى ياندۇرالىغۇدەك ئادىمى بولمىسا... بىچارە دوستۇم...» دەپ ئويلىدى.

سالامەت دوستىنىڭ گېپى بىلەن خۇشال بولۇپ قالدى.

قايتا ئىسسىتىلغان كاۋا مانتىنى قىزىل مۇچقا مىلەپ يەۋاتقان

سابىر، ئىسسىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ سۇمۇرگەندىن كېيىن:
— سالامەتنىڭ ئىشىدا نەگە كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.
— ئىش ئاساسەن پۈتۈپ قالدى. سەل تۇرۇپ سالامەت كەلسە سىزمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويۇڭ.
— بولىدۇ.
— مېنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ بۇ بالا.
— نېمە بولدى؟
— بۇ تۈنۈگۈنكى گېپى چىقمىغۇدى، قارىسام بالىغا تازا خۇشياقمىدى.
— تازا ئۇبدان يەردىن چىققان تۇرسا، نېمىشقا خۇشياقمايدۇ؟
— قارىغاندا مەكتەپتە يۈرگەن يىگىتكە تارتىشىۋاتقان ئوخشايدۇ.
— ئا... قاملاشمىغان خىيالنى قىلىدىغان بالىكەن بۇ! جاھانغا قاراپ بېقىپ خام خىيال قىلغۇلۇق ئەمەسمۇ.
— مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىممۇ شۇ. بالا مۇشۇنداق تەتۈرلۈك قىلىۋەرسە، گەپ تاجىخانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە ئىشتىن چاتاق چىقمامدۇ؟
— راست، راست.
— مۇنداق كاتتا ئائىلە نەدە بار ئەمدى؟ مەن «قول ئىلكىدە بار، بىزگە لايىق كەلگۇدەك» ئائىلە بىلەن قۇدا بولاي دەۋاتسام، بۇ گەپ قىزىمىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتىدۇ. سىز بىلەن ئۆتكەندە دېيىشتۇق. بىزگىمۇ يۈز كېرەك. «قۇدا دېسە قۇدا دېگۈچىلىكى بار» ئائىلە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟
— مەنمۇ بۇنى كۆپ ئويلىدىم. سالامەتكە ئوبدان چۈشەندۈرمىسەك بولمىغۇدەك. بىزگە قىزىمۇ، يۈزمۇ كېرەك.
— ئۇنداق بولسا سالامەتكە ئۆزىڭىز بىر گەپ قىلىڭە.
زۆھرەخان ئېرىنى بەك ئاچچىقلىنىپ، سالامەتنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ ئىشنى بۇزۇپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ سالامەتنىڭ

«لەمجىنگە بارىمەن» دېگەن ئىشنى دېمىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. باتۇر ئۈنىڭغا بىر قېتىم چاقىرغۇ قىلدى. يەنە بىر قېتىم سالامەت ھېلىقى بوتكىغا تېلېفون قىلىپ باتۇرنى چاقىرتىپ كۆرۈشتى. بۇلاردىن سالامەت خۇش بولدى. بىراق، ئىككىلا قېتىملىق تېلېفونلىشىشتىن مەيۈسلەندى. چۈنكى ئىككى قېتىملىق تېلېفونلىشىشتا سالامەت زارلىنىشتىن، باتۇر تەسەللى بېرىشتىن باشقا ئەھۋال بولمىدى. سالامەت تېلېفون بوتكىسىغا قانداق ئۈمىدلىنىپ بارغان بولسا، شۇنىڭغا لايىق ئۈمىدسىزلىنىپ قايتتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، چوڭلارنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەش زور بولۇۋاتاتتى. چوڭلار تېزلا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقان چېغى، بىر كۈنى چۈشتە سالامەتكە كەچلىكى يۈنۈس بىلەن كۆرۈشۈش ئۇقتۇرۇلدى.

سالامەت ئۆگزىگە چىقىپ غەمگە پېتىپ ئولتۇردى. «يۈنۈس بىلەن كۆرۈشمەي ئامالىم يوق. ئاتامغا ئۈمىد باغلىسام، ئاتامنىڭ پوزىتسىيەسىمۇ قاتتىق، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايايدىغان يېرى يوق، ئۇمۇ ئاپامدەك سۆزلەۋاتىدۇ. يۈنۈس بىلەن كۆرۈشمىسەم ئۆيدە جېدەل بولغۇدەك. بوپتۇ، يۈنۈس بىلەن كۆرۈشەي، روشەنگۈل دېگەندەك ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرىدىغان بىر ئىش قىلمايمەنمۇ؟ يۈنۈس بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى باتۇرغا دېمەي. دېگىنىم بىلەنمۇ ئۇ ئۇ يەردە تۇرۇپ نېمە ئامال قىلالايدۇ؟ بىكار ئۇنىمۇ ئازابلايدىغان ئىش بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ ئۇقمايلا تۇرسۇن. تەلىيىمگە يۈنۈس گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ۋاز كېچەمدۇ تېخى. شۇنداق بولسۇن ئىلاھىم!»

كەينىدىكى شىپىرلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان سالامەت كەينىگە بۇرۇلدى. ساباھەت ئۈمچىيىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ئايلا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەمسىز ئەمدى؟

— ئامال يوق. ئاپامنىڭ ئەلپازىنى كۆردىڭىزغۇ.

— ئاپام باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدىغۇ. بارمىغە ئايلا،

بارمىسىڭىز نېمە قىلالايتتى؟

— ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس سىڭلىم، سىز بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز.

— ئۇ يۇنۇس مۇئەللىم بىلەن نېمىمۇ دېيىشىسىزكىنتاڭ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەت كۈلۈپ كەتتى:

— دېيىشىدىغان گەپ چىقار.

— خۇشياقمايدىغان گەپ قىلسا قايتىپ كېلىڭ.

— ماقۇل.

ساباھەت قولىدىكى كىتابقا قارىغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. سالامەت ئۇنىڭغا قاراپ: «جېنىم سىڭلىم، سىزدەك ۋاقتىمدا مەنمۇ شۇنداق ئويلايتتىم. جاھاننىڭ، ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھازىر سىز ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى چوڭ بولغاندا بىلىسىز. بەزى ئىشلار مۇشۇنداق، ئادەمنىڭ رايىغا، ئارزۇسىغا باقمىغاچقا، تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكىلى بولمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

كۆرۈشۈش روشەنگۈللەرنىڭ ئۆيىگە بېكىتىلدى. سالامەت ئۆزىنى شۇ يەردىلا خاتىرجەم ھېس قىلالايتتى.

يۇنۇس ئىشىكتىن تەمكىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىنىڭ قېتى بار، خېلى ئېسىل كىيىملەرنى ياراشتۇرۇپ كىيگەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئادەمگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. شۇڭا، سالامەتتە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولمىدى. دەسلەپتە سالامەت: «ئۇنى كۆرسەملا ئۆچ بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلىغانىدى.

ئەمما بىر ئىش سالامەتنى ھەيران قالدۇردى: يۇنۇستا «توي قىلىدىغان» قىز بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندىكى تارتىنىش، ھاياجانلىنىش يوق، بەلكى بىر ئىشنى غەلىبىلىك قىلغاندىكى كۆرەڭلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى سالامەتكە ياقمىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز سالامەت مۇئەللىم؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى يۇنۇس.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟
يۇنۇس ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا تاماكىسىنى چىقاردى. ئۇ تاماكىنى ئاغزىغا ئېلىپ بېرىپ:
— ئالدىراشچىلىق، مەكتەپ ئىشى دېگەن تۈگىمەس ئىش ئىكەنغۇ.
— هازىر «ئىككى ئاساسەن» دەپ ھەممە مەكتەپلەر ئالدىراشقۇ.
يۇنۇس تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى:
— مەكتەپ مېنى چوڭلار مائارىپىغا مەسئۇل قىلغان، ئۈچ كەنتنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولغاچقا يېتىشكىلى بولمايدۇ. قول ئاستىمدا تۆت ئادەم بار بولمىسا. ھەر خىل جەدۋەللەرنى چۈشىنىش بىر گەپ، ئۇنى تۆت ئادەمگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش بىر گەپ، تەقسىم قىلىپ بولۇپ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش يەنە بىر گەپ. تېخى «ئوخشاش كۆزدە قارىمىدىڭ» دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتقان، باشقۇرۇش مۇشكۈل كەلدىغۇ بۇ ئادەملەرنى.
سالامەت يۇنۇسنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىدىن خۇش بولۇپ قالدى.
— چوڭلار مائارىپىدا ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش تەس - ھە؟
— ساۋات چىقىرىش ئانچە تەس ئەمەس، خېمىغا يېنىش ئېغىر. ساۋات چىقىرىپ ئوبدانلا يازىدىغان، ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغان كىشىلەر ئىمتىھان ئالسىلا ئۆگەنگىنى يوقلا. يېشى چوڭلاپ قالغان ئادەملەرگە تەسكەن. بۇنى چۈشەنگەنلەرغۇ چۈشىنىدۇ. لېكىن چۈشەنمىگەنلەر: «گورۇپپا باشلىقى تۇرۇپ نېمە قىلدىڭ؟» دەپ مېنى تەنقىد قىلىۋاتقان. گورۇپپا باشلىقى بولماق تەس كېلىۋاتىدۇ ماڭا.
يۇنۇس يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. سالامەت جىم ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ گەپ قىستۇردى:
— خىزمىتىڭىز ھەقىقەتەن جاپالىق ئىكەن.

— بۇنى بىر دېمەك. شۇڭا، يىغىنلاردا باشلىقلار خىزمىتىمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تۇرىدۇ. تېخى ئالدىنقى ھەپتە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە، مەكتەپ مۇدىرى مېنى ئىدارە باشلىقىغا مەخسۇس تونۇشتۇردى. ئىدارە باشلىقى: «ياش بولغاندىكىن ئوبدان ئىشلەڭ، بىزگە سىزدەك بېسىپ ئىشلەيدىغان ياشلار كېرەك» دېدى.

— ئىدارە باشلىقى خىزمىتىڭىزگە ئوبدان باھا بېرىپتۇ.

— سىزگە راستىنى دېسەم، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مېنى ئۆستۈرۈش پىلانى بار. بۇنى ماڭا پۈرىتىۋاتقىلى خېلى بولدى. شۇڭا ئىدارە باشلىقىغىمۇ مېنى مەقسەتلىك تونۇشتۇرغان گەپ. مەكتەپ مۇدىرىغىمۇ تەس، مېنى بىراقلا مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىسە پىكىر چىقىدۇ. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھازىرچە ئىلمىي بۆلۈمگە مۇدىر قىلىش خىيالى بارمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئوقۇتۇش دېگەن مەكتەپنىڭ ئەڭ مۇھىم، ھالقىلىق خىزمىتى. شۇڭا، ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئادەم ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ھەر بىر ئۆتكىلىنى چوڭ تۇتمىسا بولمايدۇ. مېنىڭ بۇ ھەقتە بىر يۈرۈش پىلان، چارە ـ تەدبىرلىرىم بار. ھازىر تېخىمۇ پىششىقلاۋاتىمەن. قاچان مېنى «ئىلمىي مۇدىر» دەپ ئېلان قىلىدۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەرىكەتكە كېلىمەن دەڭا. مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېپيېڭى ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالمىسا مانا مەن. سىزمۇ بىلىسىز، ئىلمىي مۇدىرلىق دېگەن مەكتەپلەردە بوش ھوقۇق ئەمەس. ئۇنى ئىشلىتىمەن دېسىڭىز قىلىچتەك ئىشلەتكىلى بولىدۇ...

بۇلارنى ئاڭلىغانچە سالامەت باشتا ئويلىغان «خىزمەتتە قىزغىن ئىكەن» دېگەن قارىشىدىن يېنىپ قالدى. ئەمدى ھەممە ئېنىق بولدى. سالامەت: «تۇۋا، بۇ بىر ھوقۇق مەستانىسى ئىكەن» دەپ ئويلاپ كۆلگۈسى كەلدى. ئاندىن خۇش بولدى. «يۇنۇس ئىلمىي مۇدىرلىق كويىدا مۇشۇنداق توختىماي كوتۇلدىسا، باشقا گەپكە

ئورۇن قالمىغۇدەك» دەپ ئويلىغان سالامەت ئەستايىدىل تىڭشىغان بولۇپ يۇنۇسقا قارىدى.

يۇنۇس قىزىپ سۆزلەۋەردى:

— شۇنداق بولغاچقا سالامەت مۇئەللىم، ئىلمىي مۇدىرلىققا كۆز تىكىدىغانلار كۆپ. ئىلمىي مۇدىر ئاغرىقچان بولۇپ قېلىۋىدى، ئۇنداق نىيىتى بارلار ئۆزلىرىنى بارغانچە ئاشكارىلاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى توشمايدۇ. مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئۇلارنى ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرقانچە شاپاشلىغىنى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ئاللىقاچان كۆڭلىدە مېنى ساناپ بولدى. بەزىلەر چىدىماي ئارقامدىن گەپ تېپىپ يۈرۈپتۇ. «ئىت ھاۋرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەن گەپ بار. ئەتە ـ ئۆگۈن مېنى پوككىدە ئېلان قىلىۋەتسە، ئاغزىنى ئاچقان پېتى قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا قولۇمدىكى ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن. بۇ كۈنگىمۇ ئاز قالدى، سالامەت مۇئەللىم.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يۇنۇس يۆتىلىپ كېتىۋىدى، ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان سالامەت چۆچۈپ كەتتى. سالامەت «يەنە سۆزلە» دېگەندەك يۇنۇسنىڭ چېيىنى جىقلاپ قويدى.

— مەنغۇ ئۇلاردىن قورقۇپ قالمايمەن. بەك بولمىسا مەكتەپ مۇدىرىغا گەپنى ئوچۇق دەيمەن. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىككىمىز ھاراق سورۇنلىرىغا كۆپ بارىمىزچۇ. ھە، ئۇلار مۇشۇنىڭدىنمۇ مېنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن قانچىلىك يېقىن ئۆتىدىغانلىقىمنى بىلىۋالسا بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى باشقىلار چاقىرسا ئالدىراپ مېڭىپ كەتمەيدۇ. مەن دېسەم بىر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلماي ماڭىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر مەكتەپ مۇدىرىنى مېھمان قىلىپ ئىش بېجىرمەكچى بولسا «مەكتەپ مۇدىرىنى سورۇنغا ئاپىرىپ بەرگەن بولساڭ» دەپ ماڭا يېلىنىدۇ. شۇڭا سورۇندا ئولتۇرۇپ بۇ گەپنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇپ قويسام ئۆتىدىغان ئىش. ئەمدى شۇ، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا، چىرايلىق كەلسۇن دېدىمغۇ.

يۇنۇس يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋىدى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سالامەت ئورنىدىن تۇردى:

— يۇنۇس مۇئەللىم، بۈگۈن ئوبدان پاراڭلاشتۇق. ۋاقتىمۇ بىرىيەرگە باردى. بېرىپ دەرس تەييارلىمىسام بولمايدۇ. قالغان گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەندە دېيىشسەك.

— بولىدۇ، بولىدۇ، خىزمەت ئىنتايىن مۇھىم. دەرس تەييارلىقى دېگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مىلتىقى. مىلتىقى يوق قانداق جەڭگە كىرگىلى بولىدۇ؟

— بولىدۇ يۇنۇس مۇئەللىم، خوش ئەمىسە...

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

— رەھمەت، سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، روشەنگۈل بىلەن دېيىشىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى.

— بوپتۇ، ساقلايمەن.

— كېيىنكى قېتىم...

— بوپتۇ ئەمىسە، سالامەت مۇئەللىم، سىزگە دەپ قويغىنىم بولسۇن، ئىشقىلىپ مەن پات ئارىدىلا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ قالىمەن.

يۇنۇس مۇئەللىم خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

روشەنگۈل كۆلگىنىچە كىرىپ كەلدى:

— قانداقراق؟

— ماڭا ئەمەس، ئەمەلگە ئاشىق يىگىتكەن ئۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— كىرىپ سالاملاشقاندىن باشلاپ هازىرغىچە ئەمەلنىڭ گېپىنى قىلىپ چىقتى.

— قانداق بولغىنى بۇ؟ — دېدى روشەنگۈل نارازى بولۇپ.

— «قانداق بولغىنى بۇ؟» دەپ خاپا بولىسىزغۇ، خۇش بولۇڭ. شۇ گەپلەرنىڭ ئورنىغا «مەن بىلەن توي قىلسىڭىز ئۇنداق بەختلىك قىلىمەن، مۇنداق بەختلىك قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالغان بولسا قانداق قىلاتتىم؟

گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن روشەنگۈل كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ يۇنۇس دېگەن مۇئەللىمدىن پاناھ بەرسۇن خۇدايىم، — دېدى سالامەت.

روشەنگۈل بېشىنى لىڭشىتتى. لېكىن ئىچىدە: «قورقاقلىقان يەردىن چىقىپتۇ، دېگەندەك ئىش بولمىسۇن بىچارە دوستۇم» دەپ ئويلىدى.

سالامەت ئۆيىگە كەلگەندە، ئاپىسى زۆھرەخان تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— قانداقراق؟ — دەپ سورىدى زۆھرەخان كۈلۈپ.

— ياخشى.

— يۇنۇسجان قانداقراق بالىكەن؟

— ھوقۇق مەستانىسى ئىكەن، — دېدى سالامەت مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

— بۇنىڭ نېمىسى يامان، شۇنچىلىك بىڭىسى بولسا ھوقۇق تۇتقۇلۇق. مانا مەنمۇ يۇەنجاڭ بولۇۋىدىم، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان راھىتىنى كۆرۈۋاتىمىزغۇ.

سالامەت ئارتۇق گەپنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى بىلىپ، جىمىمدە ھۇجرىسىغا ماڭدى. زۆھرەخان بېشىنى چايقاپ قويدى.

سالامەت ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ھارغىنلىق يەتكەندەك بولۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. مەشتىكى ئوتنىڭ شولىسىدا ئۆينىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. سالامەتنىڭ كۆزى دېرىزىگە تىكلەپ قويۇلغان رەسىم رامكىسىغا چۈشتى. سالامەت چىراغنى ياندۇردى.

مانا، تۇيۇقنىڭ يالدامىسى، سۆيگۈ سەپىرىنىڭ يادىكارى.

رەسىمدە بېشىغا ئارتقان ياغلىقى يۈزىنىڭ بىر تەرىپىدىن باشلاپ ئېڭىكىنى يېرىم ياپقان ھالدا، قەدىمىي كوچىدا كېتىۋاتقان قىز. قىزنىڭ كۆزىدىن ھەسرەت، مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. چوڭ - چوڭ قارا كۆزى، تۇم قارا توم قېشى، ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر تۇتام چېچى

قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئەمما، قىزنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە يۈرىكى پۇچىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق. شۇ چاغدا سالامەت: «بۇ گۈزەل قىزغا بۇنچىلىك ئازاب نەدىن كەلدى؟» دەپ ئويلاپ، شۇنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە رەسىمگە «قەدىمىي يۈرتتىكى ھەسرەت» دەپ ماۋزۇ قويغانىدى.

سالامەت رەسىمگە قارىغىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا سالامەت ئۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتقان، ئۆز تەقدىرىنىڭمۇ غېمىنى يېگەن. بەلكىم، ئۇ قىز ئۆزى خالىمىغان يىگىتكە ياتلىق بولۇپ، بەختسىزلىكىنى باشقىلارغا بىلىندۈرمەي ئۈن ـ تىنسىز ياشاۋاتقاندۇ؟ ئۆزىچۇ؟

سالامەت رەسىمگە قارىغانچە كۆزى تورلىشىپ، رەسىمدىكى قىز ئۆزىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

سالامەت ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن خاتىرىنى ئالدى. خاتىرىدىن باتۇرنىڭ ھىدى كەلگەندەك بولۇپ سالامەتنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. سالامەت خاتىرىنى باغرىغا بېسىپ خېلىغىچە تۇرغاندىن كېيىن يېڭى بىر بەتنى ئاچتى. ئۇ خاتىرىنى ئۇلاپ يېزىشقا باشلىدى: «باتۇر، راستىنلا ئامالسىز قالۇرمىزمۇ؟ مەن ئاتامنى يۆلەنچۈكۈم، ئاق كۆڭۈل ئادەم دەپ بىلەتتىم. چوڭلار نېمىنى ئويلايدىكىنتاڭ؟ بۇ ئىشتا ئاتام ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقىپ مېنى بۇ ئىشقا قىستاۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتسام، ئاتام بىلەن ئاپام مېنى بەختلىك قىلىمەن دەپ بەختسىز قىلىپ قويغىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، بەختىم سىز بىلەن ئىدى. بۇ ئىشلاردىن شۇنچىلىك تېڭىرقىدىم، شۇنچىلىك گاڭگىرىدىم. تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىنى كۆرۈڭ: يۇنۇس دېگەن مۇئەللىم ئەمەل كويىغا كىرىپ قالغان بىر بەندە ئىكەن. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولدى. بەلكىم، ئۇنىڭ بەخت چۈشەنچىسى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، بەخت قارىشى ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئادەمنى باشقىلار بەختلىك بولۇڭلار دەپ بىر يولغا قىستىغىچە،

ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا مېڭىپ، ئۆز چۈشەنچىمىزدىكى بەختىمىزنى تاپساق بولمامدىغاندۇ؟ باشقىلارنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى بىلەن داۋام قىلىدىغان تۇرمۇشتا بۇ تەس ئوخشايدۇ. مەن يەنە قانداق دىشۋارچىلىقلارغا ئۇچرارمەن؟ باتۇر، بۇ ئىشلارغا راستىنلا ئامال بولۇرمۇ؟»

R

تۈن كېچە، ئەتراپنى گۆردەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولسىمۇ ئەمما رابىيە تېخىچە كۆز يۇممىغانىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار خۇددى ياقۇتتەك جىمىرلايتتى. رابىيە ئۇخلىيالماي نەچچە رەت سىرتقا چىقتى. باشقىلار ئاللىقاچان تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

رابىيە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ تاڭنىڭ تېزرەك يورۇشىنى ئارزۇ قىلدى، چۈنكى ئۇ تەگسىز خىياللار ئەسىرلىكىدە ئۇيقۇدىن بىدار بولغانىدى. يەنى، ئەتە ھېكىمبەگ «سەئدىننى دارغا ئاسىمسۇن» دېسە تېزرەك تاڭنىڭ يورۇشىنى تىلەيتتى. «دارغا ئېسىلسۇن» دېسە بۇ تاڭنىڭ مەڭگۈ ئاتماي، مانا مۇشۇنداق يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاپ تۇرۇشىنى تىلەيتتى. مۇشۇنداق خىياللار بىلەن رابىيەنىڭ يۈركى تېخىمۇ مۇجۇلۇشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ سەئدىن بىلەن رابىيەنىڭ ھاياتلىق شامىنىڭ پىلىكى بىر ئىدى.

ئاخىر قۇياش شەرقتىن جاھاننى يورۇتۇپ چىقىپ، رابىيە ئۈچۈن تولىمۇ ۋەھىمىلىك بىلىنگەن بۇ كېچىگە خاتىمە بەردى. نىزارىي ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدى.

نىزارىي رابىيەنى مېھمانخانىسىغا چاقىرتىپ:

—— بولۇڭ قىزىم، ئەرەنچە ياسىنىڭ. ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئەرزگە بارىمىز، —— دېدى ئۇنى ئالدىرىتىپ.

رابىيە دەرھال كەينىگە يېنىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ چىقىپ نىزارىي ھەزرەت بىلەن بىرگە يول ئالدى.

ئۇلار بىر ئاز مېڭىپ چاپان بازىرىدىكى جامەگە كېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نىزارىي ھەزرەتلىرى ئادەتتىكى ئىش ۋاقتىغا قارىغاندا بالدۇر ئوردا تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار سۈرلۈك ئوردا تەرەپكە يېقىنلاشتى. نىزارىي ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشى بىلەن قاراۋۇل ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. نىزارىيمۇ قاراۋۇلغا جاۋاب سالىمىنى بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنى ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتى. قاراۋۇل ناھايىتى تېزلا قايتىپ چىقتى. نىزارىيلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلگەندى. نىزارىي جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن بىرىنچى قەدىمىنىڭ بۇنداق تېزلا ئاسانلاشقانلىقىدىن ئۆزلىرىگە ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سەل خوش بولغاندەك يېنىدىكى يىگىتنى يېتىلەپ ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلار ئىتتىك - ئىتتىك قەدەملىرى بىلەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. نىزارىي چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە سالام قىلدى. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگمۇ نىزارىينىڭ سالىمىغا ھۆرمەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى. بۇ چاغدا نىزارىينىڭ يېنىدا تەمتىرەپ تۇرغان «يىگىت» زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ نىزارىينى نەقەدەر ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلىپ يەتتى. سالام - سەھەت تۈگىگەندىن كېيىن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ نىزارىينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا نىزارىي زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە يېنىدىكى يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بېگىم، ئالدىلىرىدا تۇرغان بۇ قۇللىرىنىڭ ئەرزى بار. ئەگەر بۇ قۇللىرى ئۆزلىرىگە ئەرز سۇنۇپ رازى بولمايدىكەن، ئولتۇرماي ئۆرە تۇرىمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئادىللىقى ھەممە خەلقنى تەسىرلەندۈرگەي، — دېدى ۋە يېنىدىكى يىگىتكە قاراپ، — قېنى، ھەقىقىي جىسمىڭنى كۆرسىتىپ، ئەرزىڭنى ئېيتقىن، — دېدى ناھايىتى جىددىي قىلىپ.

رابىيە ئۇستىدىكى ئەرەنچە كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھۆر ـ پەرىلەردەك ھۆسنى ـ جامالىنى ئاشكارىلىدى. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ گۈزەل قىزغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە «بۇ نېمە ئىش» دېگەندەك نىزارىيغا قارىدى. رابىيە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە:

— ھېكىمبەگ جانابلىرى، سەئدىنگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى بىكار قىلىنىپ گۇناھى قايتىدىن سۈرۈشتە قىلىنسا. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن گۇناھكار بولسا ئۆلۈمگە بۇيرۇلسىمۇ كېچىكمەيدۇ. بىراق، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتسە ئۆلگەن ئادەمنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. ئادىللىقلىرى چەكسىزدۇر، — دەپ ئەرز ئېيتتى رابىيە كۆز يېشىنى تۆكۈپ. رابىيەنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغان زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەگەر ئىش راستىنلا مۇشۇنداق بولسا پەرماننى قايتىدىن يازسىلا، ئۆلۈمنىڭ بۇيرۇقى بىكار قىلىنىپ، سەئدىن زىنداندا قايتىدىن تەكشۈرۈلسۇن، — دېدى نىزارىيغا. بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ كۆزى نۇرلىنىپ، خۇشاللىقىدىن چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

نىزارىي ناھايىتى تېزلىكتە يېڭىدىن پەرمان يېزىپ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. زوھۇرىددىن ھېكىمبەگمۇ ئىككىلەنمەيلا تېزلىك بىلەن مۆھۈرىنى پەرمانغا بېسىپ بەردى. نىزارىي يەنە ئىتتىك ـ ئىتتىك سۆزلەپ:

— بېگىم، ئەمدى بىز تېزدىن بېرىپ سەئدىننى قۇتقۇزايلى، بولمىسا بەك كېچىكىپ كەتسەك يامان بولار. بىز ماڭايلى، — دېدى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە.

زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ، تېز بېرىڭلار، — دەپ رۇخسەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن رابىيە قايتا ئەرەنچە ياساندى. زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمىنى بىكار قىلغانلىق رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن رابىيەنىڭ قايغۇسى خېلى بېسىلىپ قالدى. ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ، ئىچىدە تېپىپ تۇرغان خۇشاللىقىنى نىزارىي ھەزرەتلىرىگە دېگۈسى كېلىپ كەتتى ۋە زوھۇرىدىن ھېكىمبەگكە ئىچىدە نەچچە مىڭ رەت رەھمەتلەر ئېيتتى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدىكى خۇشاللىق ھېچنېمىگە ئوخشىمايتتى. رابىيەنىڭ مانا مۇشۇنداق جاسارىتى بىلەن سەئدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

نىزارىي بىلەن رابىيە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ئوردىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. نىزارىي بىردەمدىلا ئىككى ئىگەرلىك ئات تەييارلاتقۇزۇپ بىرىگە رابىيەنى مىنگۈزدى. ئۇلار يېڭى بۇيرۇقنىڭ شادلىقىدا ئاتلىرىنى قامچىلاپ چاپتۇرغىنىچە، جازا مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 19

11 ـ ئاي كىرىپ ھاۋا سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، مەكتەپ ئالدىكى سېتىقچىنىڭ لەڭپۇڭخانىسى يەنىلا ئاۋات ئىدى. لەڭپۇڭ يەپ خۇمارىنى باسقان سالامەت، ئىچىدىكى سىقىلىش بېسىققاندەك ھېس قىلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇردى. بۇ چاغدا، ئالدىدىن دوختۇرخانىنىڭ ماشىنىسى ئۆتۈپ قالدى. ماشىنىغا شۇنداقلا قارىغان سالامەتنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى. ماشىنىدا ئاپىسى بىلەن ئەلچى كۆلۈشۈپ كېتىپ باراتتى.

زۆھرەخان نىيىتىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس. سالامەتمۇ نىيىتىدىن يانمايدۇ. ھەر قېتىم باتۇر تىلىنى چاينايدۇ. ئامال تېپىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۈمىدۋار بولۇشنى ئېيتىدۇ. لېكىن كۈنلەر ئۆتمەكتە. ئاپىسى ئالدىراش، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدۇ. ئەمما زۆھرەخان قىزىنىڭ قەلبىنىڭ كۈن ئۆتكەنسېرى ئازابقا

تولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

سالامەت تىتىلداپ بېشى قېتىپ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق. ئاياللار دەرس تەييارلىق خاتىرىلىرىنى ئېچىپ قويغانچە پاراڭغا چۈشكەن. سالامەت بىرلا ئاڭلاپ ھەبىبىخان مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى.

— زۆھرەخان يەنجاڭنىڭ تويغا قوپقانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر؟ — دېدى ھەبىبىخان مۇئەللىم.

— بۇ گەپ راست ئىكەن - دە، — دېدى يەنە بىر مۇئەللىم.

— كىم بىلەن؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر مۇئەللىم.

— تۇل خوتۇن تاجىخاننىڭ ئوغلى، — دېدى ھەبىبىخان مۇئەللىم تەنە قىلىپ.

— ياخشى يەر بىلەن بوپتىغۇ. ئۆزىمۇ مۇئەللىم، قول - ئىلكىدە بار، تەلىيى كەپتۇ.

— ئۇنى تەلەي دېگىلى بولامدۇ، — دېدى ھەبىبىخان مۇئەللىم جىلە بولۇپ، — چوڭ - چوڭ يەرلەرگە، يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە كىلىن بولسا تەلەي دېسە بولىدۇ. بۇ جاھاندا تەلەيمۇ بىلىدىغان ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ھەبىبىخان مۇئەللىم ئوغلىنىڭ توي ئىشى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى قورساق كۆپۈكى ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتاتتى. بۇنى ھېس قىلغان باشقا مۇئەللىملەر ئارتۇق گەپ قىلىپ قويۇپ بىكاردىن بىكار دىلىنى ئاغرىتىۋېلىشنى خالىماي جىم بولۇۋېلىشتى.

— قارىسام زۆھرەخان قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ، خۇددى بىر ئالىي دەرىجىلىك يەر بىلەن قۇدىلاشقاندەك. ئادەتتىكىلا بىر تويغۇ ئۇ.

ئەسلىي سالامەت «بۇ گەپلەرگە ئارىلىشىپ نېمە قىلاي، نەق مەيداندا بولمىغاندىكىن ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتەي» دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئاخىرىغا بېرىپ مۇشۇنداقلا كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا كىردى.

سالامەتنى كۆرگەن ھەبىبىخان مۇئەللىم تۇرۇپلا قالدى. باشقا مۇئەللىملەر ئوڭايسىزلىنىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

ـــ ھەبىبىخان مۇئەللىم، ئاپامنىڭ دوستى تۇرۇپ ئاپامنى بىر نېمە دېگەنلىرى نېمىسى؟

سالامەت بۇنچىلىك گەپ قىلارمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. يېقىندىن بۇيان بولۇۋاتقان ئىچى سىقىلىش، تىت ـ تىتلىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان سالامەت شۇنداق دەۋەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

سالامەتنىڭ تەئەددى بىلەن ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغان ھەبىبىخان مۇئەللىم ھودۇقۇپ قالدى:

ـــ سالامەت مۇئەللىم، مەن شۇ...

ـــ تولا گەپ ياسىمىسىلا، ئاپام ئويىدىكىدەك يەر بىلەن قۇدا بولغاچقا خۇشال بولۇپ كەتتى. يا كۆزلىگەن يېرى بىلەن قۇدا بولغان ئادەم قىن ـ قىنىغا پېتىپ، كۆزلىگەن يېرى بىلەن قۇدا بولالمىغان ئادەم قىن ـ قىنىغا پاتماي يۇرسە بولاتتىمۇ؟

بۇ گەپ ھەبىبىخان مۇئەللىمنىڭ تازا يېغىرىغا تەگكەن بولغاچقا، ئۇ لەۋلىرى تىترىگەنچە گەپ قىلالماي قالدى. باشقا مۇئەللىملەر بىر ـ بىرىگە قاراپ «خوپ بولدى» دېگەندەك قاراشتى.

ئاچچىقى بەك كەلگەن سالامەت يىغلىۋەتمەي دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ـــ ياپىر، ـــ دېدى بىر ئايال مۇئەللىم ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماقچى بولغاندەك، ـــ سالامەت مۇئەللىمنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقى بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن.

ـــ دېمىسىمۇ سالامەت مۇئەللىم يېقىندىن بۇيان بەك چېچىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ـــ ئوش، كىم بىلەن قۇدا بولسا نېمە كارىم، ـــ دېدى ھەبىبىخان مۇئەللىم دەككىسىنى يېگىنىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ـــ گەپ ئېغىزىمدىن بىئەپ چىققىنى بىلەن زۆھرەخان

يۈەنجاڭغا ياخشى بولسۇن دەپ دېدىمغۇ. دېمىسىمۇ، ئۆز لايىقىدا قۇدا بولسا ياخشىغۇ. بۇ سالامەتمۇ كۈنبويى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك يۈرۈپ دەرس تەييارلىماي دەرس ئۆتىدىكەن ئەمەسمۇ. ئىلمىي مۇدىر مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ باققان بولسىلا دېگەن. قارىغاندا، سالامەت بىلەن سۆزلىشىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. دەرس تەييارلىماي دەرس ئۆتىدىغانلىقىنىڭ راستلىقىنى ئىلمىي مۇدىرغا دەپ قويسام‌لا بولغۇدەك.

ھەبىبىخان مۇئەللىم شۇنداق دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

يۇنۇس مۇئەللىم ساۋاتسىزلىقتا خېمىغا يانغانلار تىزىملىكىنى كۆرۈۋېتىپ بىر ئىسمغا كەلگەندە تۇرۇپ قالدى.

— تۆۋەن مەھەللىدىكى ناسىركامىنىڭ ئىسمىنى يەنە يېزىپ قويۇپسىلەرغۇ؟ — دېدى يۇنۇس مۇئەللىم ئاچچىقلىنىپ.

— ئالدىنقى قېتىملىق سىناقتا يەنە خەت ئوقۇيالمىغان تۇرسا، شۇڭا خاتىرىلەپ قويدۇم، — دېدى چوڭ ياشلىق ئوقۇتقۇچى.

— مەن دېدىمغۇ، «نېرۋىسى ئاجىز» دەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، دەپ.

— ساپساق ئادەم تۇرسا، — دېدى چوڭ ياشلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ.

— شۇنچە قىلساقمۇ ساۋاتى چىقمىسا، يەنە كېلىپ ھەر قېتىم تەكشۈرۈش كەلسە ئۇ ئادەمنى شەھەردىن — چوڭ بالىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكېلىدىغان ئىش. نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك. «نېرۋىسى ئاجىز» دەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ قويساق ھەممە ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلىمىز. شۇنچە چۈشەندۈردۈمغۇ ئۆزلەرگە.

— بالىلىرى ئۇقۇپ قالسا سەت بولمامدۇ؟

— ئەستا، ما ئادەمنى. سىلى بىلەن مەن دېمىسەم كىم دەيدۇ ئۇلارغا. ھە، چاققان ئارخىپقا يازسىلا.

— ئىسپاتچۇ؟

— ۋاي ـ ۋوي، ئۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلىمەن.

يۇنۇس سۆزلىگەنچە چېچىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان چوڭ ياشلىق مۇئەللىم ئىككىلىنىش ئىچىدە جەدۋەلنى قولىغا ئالدى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە نۇرغۇن خادىملار جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەر چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىپ، يا «نېرۋىسى ئاجىز» دەپ، يا «يېشى ئېشىپ كەتكەن» دەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، بۇنىڭغا بولمىغانلىرىنى «ئارخىپ باشقا، ئادەم باشقا» قىلىپ ئوڭشاپ ئىش تۇتۇۋاتاتتى. مۇنۇ يۇنۇس يېقىندىن بۇيان، مۇشۇنداق ھارامزادىلىكنى ئۆگىنىپ كېلىپ، بىللە ئىشلەۋاتقان مۇئەللىملەرنى شۇنىڭغا زورلاۋاتاتتى.

چوڭ ياشلىق مۇئەللىم جەدۋەلگە «ناسىر» دەپ يازدى ـ يۇ، پەقەت كۆڭلى ئۇنىماي جەدۋەلنى يۇنۇسقا سۇندى:

— ئۆزىڭىز بىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، ئۆزىڭىز تولدۇرىڭە بولدى.

يۇنۇسنىڭ كۆزى چەكچەيدى ۋە جەدۋەلنى شارتتىدە ئالدى:

— بولىدۇ، مەن تولدۇراي، سىز گۇرۇپپا باشلىقى بولغاندىكىن.

يۇنۇس ئۇدۇل مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. مەكتەپ مۇدىرى سومكىسىغا ماتېرىيال سېلىۋاتاتتى.

— مۇدىر، بۇ ئادەملەر ھېچ گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ. ئالماشتۇرمىساق بولمىغۇدەك.

مەكتەپ مۇدىرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— يۇنۇس مۇئەللىم، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھازىر «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بەك جىددىي، ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەمدى سىزلەرگە جاپا بولسىمۇ غەيرەت قىلىڭىزلار، — دېدى.

— لېكىن، مۇدىر...

— بىلىمەن، سىزدەك مەسئۇل خادىملارغا تەس بولۇۋاتىدۇ.

مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ مېڭىپ تۇرىڭىزلەر. ئادەملەرنى قانداق ئىشقا سېلىشنى ئۆگىنىڭ.

يۇنۇس «مەسئۇل خادىم»، «ئادەملەرنى قانداق ئىشقا سېلىشنى ئۆگىنىڭ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ سۆيۈندى ـ دە، چىرايى شاپپىدە ئېچىلدى.

— سىز گۇرۇپپا باشلىقى بولغاندىكىن، مۇشۇنداق ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويۇپ، ئەتە ـ ئۆگۈن خۇلاسە قىلغاندا ئۇنتۇپ قالمىغايسىز.

بۇ گەپ بىلەن يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرىدىن ۋەدە ئاڭلىغاندەك خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

— مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىنغا ماڭدىم. يۇنۇس مۇئەللىم، غەيرەت قىلىڭىزلار.

مەكتەپ مۇدىرى مېڭىپ كەتتى. يۇنۇسقا «غەيرەت قىلىڭىزلار» دېگەن گەپ «غەيرەت قىلىڭ، سىزنىڭ ئۆسۈشىڭىزگە ئاز قالدى» دېگەندەك بىلىنىپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

ئۇ مەكتەپ ئىچىگە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا مەكتەپنىڭ ئىشچىسى ئۇنى چاقىردى:

— يۇنۇس مۇئەللىم، سىزگە خەت كەپتۇ.

باشقىلار بىلەن بەك زۆرۈر خەت ـ ئالاقە قىلىش ئېھتىياجى يوق يۇنۇس، ھەيران قېلىپ كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. كونۋېرتقا قاراپ ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى كونۋېرتقا خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى يېزىلمىغانىدى. يۇنۇس مۇئەللىم كونۋېرتنى ئاچتى. خەت بىر بەتكە لىق، زىچ يېزىلغانىدى. يۇنۇس مۇئەللىم خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھۆرمەتلىك يۇنۇس مۇئەللىم:

بۇ خەتنى ئوقۇپ ئۆزىڭىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئاچچىقلانماڭ. شۇنداقلا بۇ خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭ.

ھۆرمەتلىك يۇنۇس مۇئەللىم، مۇھەببەت ئادەمدىكى ئالىي ھېسسىيات. ئەمما مەجبۇرلىغىلى بولمايدىغان، تەبىئىي شەكىللىنىدىغان ھېسسىيات. سىز ئىنتايىن ئەقىللىك، ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلاپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم. شۇڭا، بۇنى ئوبدان چۈشىنىسىز. بەلكىم، سىزمۇ ئويلىغانسىز، مۇھەببەت خۇددى مايسىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. تۇپراق، سۇ، قۇياش نۇرى قاتارلىقلار تەبىئىي ماسلاشقاندىلا ئاندىن مايسا نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە، بۇلارنى ھازىرلىماي تۇرۇپ مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرمەكچى بولساق قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ھەممىمىزگە ئايان.

شۇڭا سىزنىڭ مايسىنى قۇرۇتۇپ قويماسلىقىڭىزنى، سالامەتنى ئۆز ياردىن ئايرىپ ئۇنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە، سىزدەك غورۇرلۇق بىر يىگىتكە نىسبەتەن كۆڭلىدە تامامەن باشقا بىر يىگىتنى ياد ئېتىۋاتقان قىز بىلەن ئۆي تۇتۇش ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە قىلىنغان ھاقارەت. ئېنىقكى، سىز بۇنداق ھاقارەتنى خالىمايسىز. شۇڭا، سىزنىڭ ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك ئىشتىن ۋاقتىدا ۋاز كېچىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: سىزگە بەخت تىلىگۈچىدىن.»

خەتنى ئوقۇپ بولغان يۇنۇس مۇئەللىمنىڭ قوللىرى غەزەپتىن تىترىدى: «ئۇستاتلىقىنى، گەپنى چىرايلىق قىلغان بولۇپ ماڭا ھاقارەت قىلىپتۇ. خەپ سالامەت، مۇشۇ ھاقارەتنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولسام... ئاپاڭ بىلەنلا كۆرۈشەي، ئاندىن سېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭنى كۆرەي... »

مەكتەپتىن چىقىپ ئۇدۇل ئەلچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭغان يۇنۇس قەدىمىنى ئاستىلاتتى. «توختا، تېگى ـ تەكتىنى ئوبدان بىر ئېنىقلىۋېلىپ ئاندىن بىر ئىش قىلاي.» كاللىسى بىر پەس گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە چالغىغاندىن كېيىن ئۇ ئۇدۇل

مەكتەپنىڭ چوڭ يىغىن زالىغا باردى.

بۇ يىغىن زالىدا 1 ـ ئۆكتەبىر دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن رەسىم، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ھېلىمۇ بار ئىدى. يۇنۇس مۇئەللىمنىڭ يادىغا دەرھال شۇ كەلگەنىدى. بۇ كۆرگەزمىگە سالامەتمۇ بىر پارچە رەسىمنى قاتناشتۇرغان بولۇپ، سالامەت ئۆز قولى بىلەن يازغان رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈش سۆزىمۇ بار ئىدى.

ئۇ زالغا كىرىپ، قولىدىكى خەتنىڭ پوچېركىسى بىلەن رەسىمدىكى سالامەتنىڭ پوچېركىسىنى سېلىشتۇردى. ۋاھالەنكى، ئىككى پوچېركا بىر ئازمۇ ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن يۇنۇس مەڭدەپ قالدى. لېكىن ئۇ ئاسان بەل قويۇۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. «ھەر قانچە ئۇستاتلىق قىلغان بىلەنمۇ بىكار، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئىشقىلىپ بۇ خەتتە سالامەتنىڭ قولى بار. بۇرۇنقى ئىشلىرى توغرۇلۇق ئاڭلىغىنىم راست ئىكەن. قاراڭ، ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، خەتنى باشقا بىرى يازغان گەپ، ئۆزى ناھىيەگە بېرىپ پوچتىدىن سالغان. مېنى بىلەلمەيدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ئۆزلىرىچە. مەن كىم؟ ئەمدى بىلىشىسەن.»

يۇنۇس يەنە كونۋېرتقا قارىدى. كونۋېرتقا ماركا چاپلانمىغان، پوچتا تامغىسىمۇ ئۇرۇلمىغان. بۇنىڭدىن تېخىمۇ گۇمانى كۈچەيگەن يۇنۇس دەرھال بايىقى ئىشچىنىڭ يېنىغا باردى.

— بايىقى خەتنى سىلىگە كىم بەرگەن؟

— پوچتاليون.

— ھە، بولدى.

ئۇ مۇشتىنى چىڭ تۈگدى: «كىم مېنى ئەخمەق قىلىمەن دەيدىكەن، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەي قويمايمەن. بولدۇ سالامەت، مەن بۇ خەتنى ئوقۇمىغان بولۇپ تۇراي. توي قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەدىپىڭنى بەرسەممۇ كېچىكمەيمەن. ھازىرچە مۇشۇ خەتنى يەتكۈزۈشكە ياردەملەشكەنلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىپ تۇراي.»

يۇنۇس ئۇدۇل يېزىلىق پوچتا پونكىتىغا باردى.

— هوي، يۇنۇس بايۋەچچە كېلىپ قاپتىغۇ، — دېدى پونكىت باشلىقى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ.

— چاقچاق قىلماڭ. مۇنۇ خەتنى سىلەرنىڭ پوچتاليون مەكتەپكە ئاپىرىپتۇ.

— نېمە خەت ئىكەن؟

— نېمە خەتلىكىنى سورىماڭ. سىلەر ماركىسى يوق، پوچتا تامغىسىمۇ ئۇرۇلمىغان خەتنى توشۇساڭلار بولامدۇ؟

— بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ خەتنى نېمىشقا توشۇيسىلەر؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ...

— پوچتاليوننى چاقىرىڭ.

پوچتاليون چاقىرىلدى.

— سىز بۇگۈن ئوتتۇرا مەكتەپكە خەت - چەك ئاپارغانمۇ؟ — دەپ سورىدى پونكىت باشلىقى.

— باشقا نەرسە يوق، بىر پارچە خەت ئاپارغان.

— كىمگە؟

— كىملىكى ئېسىمدە يوق. ئەۋەتكەن ئادرېسى يوق خەتتەك قىلىۋاتقان.

— ئەۋەتكەن ئادرېسلا ئەمەس، ماركىسى، پوچتا تامغىسى يوق خەتكەن ئۇكام. مانا مۇشۇ خەت شۇمۇ؟

پونكىت باشلىقى كونۋېرتنى كۆرسەتتى. كونۋېرتنى تونۇغان پوچتاليوننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— يۇنۇس مۇئەللىم، سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بۇ ئىشنى ئۆز ئىچىمىزدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ نەتىجىسىنى سىزگە ئۇقتۇرىمىز. بۇنى باشقا بىر يەردە دەپ يۈرمىگەن بولسىڭىز.

بىر تەرەپ قىلىدىغاننى ئاڭلاپ پوچتاليون ئالدىراپ قالدى:

— پونكىت باشلىقى...
— ئاز گەپ قىلىڭ، كىچىك خاتالىقمۇ بۇ، ئىش چوڭىيىپ كەتسە قانداق قىلىسىز؟
ئەمما يۇنۇسنىڭ مەقسىتى پوچتالىيوننى بىر تەرەپ قىلدۇرۇشلا ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ پوچتاليونغا:
— خەتنى سىزگە كىم بەرگەن؟ — دېدى.
— ئۇقمايمەن.
— ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر دەپ بېرەلىسىڭىز، مەن سىزنى بولدى قىلىۋېتەي.
— هە، مانا، يۇنۇس مۇئەللىم ئوبدان گەپ قىلدى. كىم بەرگەن؟
— راست يادىمدا يوق، — دېدى تەرلەپ كەتكەن پوچتاليون، — قارىغاندا، موتسىكلىتنى سىرتتا توختىتىپ قويۇپ ئۆيلەرگە گېزىت - ژۇرنال ئەكىرىپ بەرگىلى كىرىپ كەتكەندە بىرەرسى سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ. نېمە خەتكەن ئۇنداق؟
بۇ گەپ بىلەن خەتنىڭ مەزمۇنى يادىغا يەتكەن يۇنۇسنىڭ ئاچچىقى باشقىدىنلا تۇتتى:
— مۇشۇ بىخۇدلۇقىڭىزدىن پوچتا خۇرجىنىڭىزغا قەرەللىك بومبا سېلىپ قويسىمۇ تۇيماي يۈرگۈدەكسىز.
يۇنۇس پونكىت باشلىقىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي چىقىپ كەتتى.
«بۇ ئېنىق سالامەتنىڭ ئويۇنى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنىڭ رايىمنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان هىيلەڭغۇ بۇ. قاراپ تۇر، سېنى قانداق خوتۇنلۇققا ئالىمەنكىن؟ شۇ چاغدا مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلدۇرىمەن.»
يول بويىدا توختاپ، بىر تال تاماكا چېكىپ ئاچچىقى بارا - بارا پەسكويغا چۈشكەن يۇنۇسنىڭ كۆز ئالدىغا سالامەتنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئوماق چىرايى كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى «پىژژىدە» قىلىۋەتتى.

«مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىدىن شياگاڭ بولغان دومبۇرا سىڭلىسىنى ئالسامغۇ ھەممە ئىشىم پۈتەتتى. سالامەت دېگەننىمۇ مۇشۇ خېتى بىلەن تويغۇزۇپ قوياتتىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — لېكىن كاساپەتنىڭ چىرايلىقلىقى ـ زە. ئۇنىڭ زىلۋا بەدىنى قانداقتۇ؟ بەك سىلىقتۇ ھەقاچان؟»

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سالامەتنىڭ كىچىك چېيى ئىچۈرۈلدى. شۇ ئاخشىمى سالامەت يەنە يۇنۇس بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سالامەت ھېلىقى بوتكىغا تېلېفون قىلىپ باتۇر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتتى. بىراق، ئىككى سائەتتەك ساقلىغان بولسىمۇ باتۇردىن ئۇچۇر بولمىدى. سالامەت ھېلىقى بوتكىغا تېلېفون قىلىۋىدى، تېلېفوننى ئالغان بالا تىلىنى چايناپ:

— باتۇر مۇئەللىم يوق ئىكەن، — دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ئەمەلىيەتتە، باتۇر بار ئىدى. ئۇ، سالامەتنىڭ جىددىي چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا ئىشنىڭ چاتاق يەرگە كەلگەنلىكىنى سەزدى. «مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟ — دەپ زارلىدى ئۇ ئۆزىگە، — ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىم شۇ تۇرسا، قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئاتا ـ ئانام ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشەلەمدۇ؟ سالامەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغۇ كۆرۈشمەيدۇ. مېنىڭ ئاتا ـ ئانام (ئۆگەي بولسىمۇ) مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك يولنى مېڭىشنى خالامدۇ؟ يا مەن بېرىپ سالامەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشەلەمدىم؟ ئۇلار قىزىنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىغان يەردە مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالامدۇ؟ مېنى ئىلىك ئالامدۇ؟ ھەي، بۇ جاھاندا ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار نېمانچە كۆپتۇ؟ مەن سالامەتكە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ھەي، شۇ تاپتا سالامەت قانچىلىك قىينىلىپ كېتىۋاتقاندۇ ـ ھە؟» مۇشۇ خىياللار بىلەن باتۇر سالامەتكە چاقىرغىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز، بىچارە ھېس قىلغان باتۇر ھاراقنى

بولۇشىغا ئىچىپ مەست بولۇپ يېتىۋېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، هاراققا كېتىدىغان پۇلنى خىيال قىلىپ، ئاچچىقىدا كەچكىچە مەيداندا توپ تەپتى.

كەچلىكى سالامەت روشەنگۇلنىڭ ئۆيىگە بوينىنى باغلىغاندەك باردى. ئۇنىڭ بىچارە هالىغا قاراپ روشەنگۇل كۇلدى:

ــ يەنە كەپقاپسىزغۇ خېنىم؟

ــ دوستۇم، بۇگۇن ئاخشام يۇنۇس بىلەن كۆرۇشىمىسەم ئاپام مېنى يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ باتۇر بىلەن كۆرۇشتىڭىزمۇ؟

ــ باتۇر نەگە كەتتىكىن، تېلېفونغا شۇنچە چاقىرسامـمۇ هېچبىر ئۇچۇر يوق، ــ دېدى سالامەت ئۇمىدسىزلىك ئىلكىدە.

ــ يا سىرتتا بىرەر مۇسابىقە بولغان بولسا قاتناشقىلى كەتكەندۇ؟

ــ شۇنداقمىكىن؟ شۇنداقتىمۇ چاقىرغۇ قىلىشى كېرەكتە.

باتۇرنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقان روشەنگۇل گەپنى بۇرىدى:

ــ بۇ يۇنۇس مۇئەللىمدە ئۆزگىرىش يوقمۇ؟

ــ بىر خىللىغۇ.

ــ خەت تەگمىدىمۇ ـ يە؟

ــ تەگكەندۇ؟ لېكىن تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس.

ــ ئەمدى قانداق قىلىسىز دوستۇم؟

سالامەتنىڭ يۇنۇسقا شۇنچىلىك ئۆچلۇكى كەلدىكى، ئۇنىڭ بىلەن ياقا سىقىشىپ ئۇرۇشۇشنىمۇ ئويلاپ كەتتى.

ــ بۇگۇن ئۇنىڭغا گەپنى ئوچۇق دەيمەن، ــ دېدى سالامەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ــ هەر قانچە ماڭا ئاشىق بولسىمۇ بىرسى بىلەن يۇرگىنىمنى ئاڭلىسا بولدى قىلار.

روشەنگۇل بىر نەرسە دېمەي كۇلۇپ قويدى.

ــ نېمە، كۇلىسىزغۇ؟

— بۇ يۇنۇسقا ئۇنچىلىك گەپلەر كار قىلىدىغاندەك ئەمەس.

ئىككىسى خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى.

— ھەي، — دېدى روشەنگۇل بىر چاغدا ئۇھسىنىپ، — ئۆيۈمنى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسالگاھى بولامدىكىن دەپ خۇشال بولغانىدىم. قارىغاندا، مەجبۇرلانغانلارنىڭ نەزەربەنتخانىسى بولىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت غەمكىن كۈلدى.

شۇ چاغدا سىرتتىن روشەنگۇلنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— روشەنگۇل، يۇنۇس مۇئەللىم كەلدى.

روشەنگۇل سىرتقا ماڭدى. سالامەتنىڭ تېنى تىكەنلەشتى.

يۇنۇس بىر ناخشىغا غىڭشىغانچە كىردى. ئۇ يەنە ئېسىل، يارىشىملىق كىيىنگەنىدى.

— خۇشالغۇ سىز؟ — دەپ سورىدى سالامەت تەنە قىلىپ.

يۇنۇس سالامەتكە سىنچى نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئادەم دېگەن خۇشاللىقنى يولۇققاندا خۇشال بولۇشى كېرەك، — دېدى يۇنۇس كۆرەڭ قىياپەتتە، — بىرىنچىدىن، ئىككىمىزنىڭ ئىشىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى. ئىككىنچىدىن، مەكتەپ مۇدىرى مېنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق پۇرىتىپ ئۆتتى. ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «مېنى ئادەم باشقۇرۇشنى ئۆگىنىپ تۇرۇڭ» دېدى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئېنىق بېشارەت ئەمەسمۇ؟ مەن ئالدىنقى قېتىم دېدىمغۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مېنى ئۆستۈرىدىغىنى ئېنىق دەپ. بۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى.

يۇنۇسنىڭ بۇنداق گەپلىرىدىن سالامەت بەك زېرىككەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈن دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىنى دېگۈسى كېلىپ، ئەمما پەيتىنى تاپالماي بەك سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. يۇنۇس بولسا ئۆز گېپى بىلەن ھەلەك.

— قاراڭ سالامەت مۇئەللىم، باشلىقلار بىلەن ياخشى

ئۆتكەننىمۇ كۆرەلمەيدىغانلار بار ئىكەن. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يېقىن ئۆتسەم، بەزىلەر چىدىماي گەپ تاپتى. ئاڭلىسام كەينىمدىن: «مەكتەپ مۇدىرىغا يالاقچىلىق قىلىپ مەكتەپتە بىرەر ھوقۇق تۇتماقچى» دەپ يۇرۇپتىمىش. رەھبەرلىك بىلەن يېقىن ئۆتمىسە، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشمىسا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاما ئىچىدىكى ياراملىق ئىزباسارلارنى قانداق بايقايدۇ؟ مېنىڭغۇ ئۇنداق گەپلەر بىلەن كارىم يوق. رەھبەرلەرنىڭمۇ ئەقلى بار. بىر نەچچە كۆرەلمەسنىڭ گېپىگىلا ئىشىنىپ قالمايدۇ. قاراپ تۇرۇڭ، مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارنىڭ گېپىگە «ھە» دەپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە مېنى ئېلان قىلىۋېتىدۇ ـ دە، ئۇلار نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ. رەھبەر بولۇش دېگەن...

سالامەت مەززىسى يوق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا پەقەت تاقەت قىلالمىدى.

— يۇنۇس مۇئەللىم، — دېدى سالامەت يۇنۇسنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۆزىمىزنىڭ گېپى قىلىشساق.

— بولىدۇ، — دېدى يۇنۇس قىزغىنلىق بىلەن، — تويىنى شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك قىلايلىكى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سالامەتنىڭ ئىچى ئېلىشىپ كەتتى.

— يۇنۇس مۇئەللىم، مېنىڭ باشقا گېپىم بار ئىدى...

— ھە، گەپ بولسا دەۋېرىڭ.

— گېپىمنى توغرا چۈشىنىڭ يۇنۇس مۇئەللىم، سىزمۇ ئوقۇغان ئادەم، ئىستىقباللىق ياش، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىسىز. بىز چوڭلارنىڭ دەۋىتى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشۇپتىمىز. بىر ـ بىرىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىشكۈدەك بولمىدۇق. بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز، شۇڭا مەن دېمەكچى... ئىشقىلىپ توغرا چۈشىنىڭ.

— گەپ بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ.

— خاپا بولماڭ يۇنۇس مۇئەللىم، ياخشى كۆرگىنىم بار ئىدى...

سالامەت يەر تېگىدىن يۇنۇسنىڭ چىرايىغا قارىدى. بىراق يۇنۇس ناھايىتى تەبىئىي ئولتۇراتتى.

— ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەس. ئادەمدە نورمال ھېسسىياتلا بولىدىكەن، بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

بۇ گەپتىن بەك جىلە بولغان سالامەت:

— بىز يۇرگەن، — دەۋەتتى. يۇنۇسنىڭ يەنىلا تەبىئىي ھالەتتە ئولتۇرۇشى سالامەتنى بەكلا ھەيران قالدۇردى.

— بۇرۇنقى ئىشنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، — دېدى يۇنۇس تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — تونۇشمىغان چاغدا ھېچكىم ھېچكىمگە ئىگە بولالمايدۇ. مانا ئەمدى بىز تونۇشتۇق، تويقىلىمىز دەۋاتىمىز. بۇندىن كېيىن بىر - بىرىمىزنىڭ قەدرىنى قىلىشاق، قوللاشاق بولىدۇ. سىز رەسىمىڭىزنى سىزغاچ مېنىڭ خىزمىتىمنى قوللايسىز، مەن مەكتەپتە رەھبەرلىك خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلەپ كېتىۋېرىمەن...

يۇنۇسنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىگە چىدىمىغان سالامەت «بىز ھازىرمۇ يۇرۇۋاتىمىز» دەۋەتكىلى تاس قالدى. بىراق قىزلىق نومۇس، ھايا كۈچى ئۇنىڭ تىلىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ بۇنىڭغا يول قويمىدى.

يۇنۇس ئۆز گېپى بىلەن ئىدى.

— سىز رەسسام بولغاندىكىن ئۆي جابدۇقلىرىنى سىز تاللاڭ، رەڭگىنى قانداق ماسلاشتۇرۇشنىمۇ ئوبدان بىلىسىز...

بۇ گەپلەر سالامەتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك بىلىندى.

— بۇ گەپلەرنى چوڭلار دېيىشسۇن.

— ياق، سالامەت مۇئەللىم، بىزمۇ دېيىشىپ تۇرمىساق بولمايدۇ. چوڭلارنىڭلا ئاغزىغا قاراپ قالغان بىلەن سىزنى قىيناپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ.

— يۇنۇس مۇئەللىم، بۈگۈن دەرس تەييارلايمەن دەپ چارچاپ قالغان ئوخشايمەن، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، كېيىن پاراڭلاشساق.

— بولىدۇ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.
— روشەنگۈل بىلەن دېيىشىدىغان گەپ بار ئىدى. شۇڭا...
— ئالدىنقى قېتىممۇ شۇنداق دېدىڭىز، نېمە گېپىڭىزلەر بار تۈگىمەيدىغان... — دېدى يۈنۈس سەل قاتتىقلىق بىلەن.
يۈنۈس بىلەن سالامەتنىڭ چىشى قېرىشىپلا قالدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.
— يۈنۈس مۇئەللىم، قىزلارنىڭ تويدىن بۇرۇن دېيىشىدىغان گەپلىرى بولىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ — يۈنۈس كۈلدى. ئۇ بۇ گەپتىن ھاياجانلىنىپ قالغانىدى.
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. ۋاقىتمۇ ئەتىگەن ئىكەن. دوقمۇشتىكى ناۋاي تونۇر كاۋاپ قىلىۋېتىپتۇدەك، مەن تونۇر كاۋاپ بىلەن ئازراق ئىچىملىك ئېلىپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ كېلەي. خۇشاللىق ئەمەسمۇ.
— بېرىڭ، — دېدى سالامەت ئالدىراپ.
— مەكتەپ مۇدىرىدىن قانداق رەھبەرلىك قىلىش توغرۇلۇق تەلىم ئېلىپ تۇرمايمەنمۇ.
— خوش.
يۈنۈس ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋىدى، سالامەت ئىچىدىن بىر دۇت چىقىپ كەتكەندەك ئۇھ دەپ يېنىك تىنىدى.
— توختىماي كوتۇلدايدىكەنغۇ بۇ بايقۇش. قەلبىنى شۇنداق چۈشەندۈرۈپ يۈرۈپ سىزنى كەلتۈرۈۋالمىسۇن يەنە؟
روشەنگۈل ئۆز چاقچىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. سالامەتمۇ كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى:
— ماڭا خۇشياقمىسىمۇ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، كۆڭلىنى چۈشەندۈرسە ياخشىتىغۇ. بىراق، ئۇنىڭغا ئەمەل جىنى چاپلىشىۋاپتۇ. ئىشىكتىن كىرگەندىن چىققۇچە شۇلا پاراڭغۇ.
— يەنە شۇ گەپمۇ؟ — روشەنگۈلمۇ ھەيران قالدى، — بىرەر

ۋېنتىسى چاتاقمۇ قانداق؟

— ئۇقمىدىم، ئۇققۇممۇ يوق.

— قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

— ھېچ بىلەلمىدىم. ئالدىمىزدىكى كۈنلەرنى خىيال قىلسام ـلا قورققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ.

— بۇ يۇنۇستىن ھەقىقەتەن قورقتۇم. توغرا دەپسىز، «يۇرگەن ئادىمىم بار» دېسەممۇ، ھېچ پەرۋايىغا ئېلىپ قويمىسا.

— مۇشۇ مىجەزلىرىنى ئاپىڭىزغا دەپ باقمىزمۇ ـ يە؟

— مېنىڭچە پايدىسى يوق.

ئىككى قىز كۆڭۈلسىزلا خوشلاشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن.

مەشتىكى ئوت سۇس يېلىنجاپ تۇراتتى. ئېغىر خىيالغا پاتقان باتۇر، تاماكىسىنىڭ كۈلىنى مەشنىڭ ئالدىدىكى كۈلنىڭ ئۈستىگە قاققاچ ئوتسىنىپ ئولتۇراتتى.

— باتۇر مۇئەللىم، ئوتقا قاراۋېرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماڭ يەنە، — دېدى بىر مۇئەللىم.

باتۇر گەپ قىلماي مەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ياندىكى چېلەكتىن ئىككى پارچە كۆمۈرنى مەشكە تاشلىدى. ئاندىن تاراقلىتىپ مەشنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، بايىقى جايىغا موك چۈشتى. يېڭى سېلىنغان كۆمۈردىن ئىس چىقىشقا باشلىدى. باتۇر شۇ ئىسنى پۇۋلىگىنىچە ئولتۇرۇۋەردى.

شۇ چاغدا ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىرى كىرىپ كەلدى:

— باتۇر مۇئەللىم، سىزنى بىرسى ئىزدەپ كەپتۇ.

باتۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

سالامەت غەمكىن، ئەمما چىرايلىق تۇرقى بىلەن بوينىنى قىسىپ تۇراتتى.

— سالامەت...
خۇشاللىقتىن باتۇرنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. باتۇرنى كۆرگەن سالامەتمۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.
ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقان مۇئەللىملەر ئۆزلىرى ئانچە نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدىغان باتۇر مۇئەللىم بىلەن چىرايلىق قىزغا ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلانغان باتۇر:
— يۈرۈڭ، سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى، — دەپ سالامەتنى باشلاپ ماڭدى.
ئۇلار ئەمدى دەرۋازا تۈۋىگە كېلىشىگە كەينىدىن:
— باتۇر مۇئەللىم، رۇخسەتسىز يوقاپ كەتسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
گەپ قىلىۋاتقان مۇز چىراي بىر ئايال ئىدى.
— تولا چىشىمغا تەگمەڭچۇ، — دېدى باتۇر قەدىمىنى ئاستىلاتماي. بۇنى كۈتمىگەن ئۇ ئايال ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپلا قالدى.
— تېلېفون قىلسىڭىز «دەرستە»لا دەيدىغان ھېلىقى ئايال مۇدىر شۇ، — دېدى باتۇر پىچىرلاپ. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇ ئايالغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى.
ئۇلار سىرتقا چىقتى. بىراق، باتۇر سالامەتنى قەيەرگە باشلاشنى بىلەلمىدى. دېمىسىمۇ نەگە باشلىغۇلۇق؟
مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يول بويىدا بىر دەرەخلىك بار ئىدى. باتۇر سالامەتنى شۇ يەرگە باشلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا سالامەتنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. سالامەت چاقىرغۇسىغا قاراپمۇ قويماي كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىپ باتۇرغا ئەگەشتى.
توي مەرىكىسىنى يەنىلا رېستوراندا ئۆتكۈزۈشنى مۇقىملاشتۇرغان زۆھرەخان: «ھېلىقى تۇرسۇن ئۇزۇمچىنىڭ يېڭىدىن بېزەۋاتقان رېستورانى تويغا ئۇلگۇرۇپ پۈتسە ئوبدان بولاتتى» دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى، تېلېفون جىرىڭلىدى. زۆھرەخان

تەمكىنلىك بىلەن تۇرۇپكىنى ئالدى.

قارشى تەرەپ سەل جىددىيرەك سۆزلىدى:

— تىنچلىقمۇ زۆھرەخان يەنجاڭ؟ مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نىياز.

زۆھرەخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— ھە، نىياز شياۋجاڭ، تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ ئەجەب ئۇبدان تېلېفون قىلىپ قاپسىز؟

— سالامەت قىزغا... بىرەر... ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغاندۇ؟ دەپ...

بۇنى ئاڭلىغان زۆھرەخان ئەجەبلەندى:

— سالامەت ئەتىگەن مەكتەپكە كەتكەنغۇ؟

— چۈشتىن كېيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئالاھىدە پەنلەرنىڭ ئۆتۈلۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كەلگۈدەك. شۇڭا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرايلى دېسەك، سالامەت قىز يوق. سورۇشتۇرسەك ئىشخانىسىدىكىلەر كەلمىگەننىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا...

زۆھرەخان باشقىچە بولۇپ قېلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى:

— چاقىرغۇ قىلمىدىڭىزلارمۇ؟

— نەچچە قېتىم قىلدۇق، لېكىن قايتۇرمايۋاتىدۇ.

— سىزلەرنى ئاۋارە قىلىپتىمىز. مەن كۆرۈشۈپ سىزگە تېلېفون قايتۇراي. ئەتىگەندە بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ئۆيدە قالغانىدى.

زۆھرەخاننىڭ بېشى زىڭىڭىدە قىلىپ قالدى. «ئەتىگەندە بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ئۆيدە قالغانىدى» دېگەن گەپنى زۆھرەخان ھەر ئېھتىمالغا قارشى قوشۇپ قويدى. زۆھرەخان دەرھال قىزىغا چاقىرغۇ قىلدى. تېلېفون قايتمىدى. يەنە ئىككى قېتىم چاقىرغۇ قىلدى. سالامەت يەنىلا تېلېفون قايتۇرمىدى.

«سالامەت ئەتىگەن مەكتەپكە كېتىپ ھازىرغىچە بارمىغان بولسا... توختا، بىرەر ئىش تېرىپ قويماس بۇ قىز.» ئەندىشىگە چۈشكەن زۆھرەخان دەرھال ئېرىگە چاقىرغۇ قىلدى.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ناھىيەگە كېتىۋاتقان.

— دەرھال قايتىپ كېلىڭ.

— نېمە بولدى؟ بەك مۇھىم سودا بار ئىدى.

— قويۇڭ سودىڭىزنى. سىزنى ئىشخانىدا ساقلايمەن.

ئېرى يېتىپ كەلگۈچە زۆھرەخان قىزىغا نەچچە رەت چاقىرغۇ قىلدى. بىراق، تېلېفون قايتمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىلمىغان خىيالى قالمىدى.

— نەگە كېتىدۇ ئۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان سابىر ئاچچىقلىنىپ.

— بىلەلمىدىم، — زۆھرەخاننىڭ يۈرەك تىڭشىغۇچنى چىڭ قامالاپ تۇرغان قوللىرى تىترەيتتى.

— ئۆيدە ئۇخلاپ قالدىمۇ ـ يە؟

شۇ ئۇمىد بىلەن ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىككىسى لاسىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى دەرۋازا سىرتتىن قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

— سالامەتكە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟ — دېدى سابىرمۇ ئاچچىقلىنىشتىن ئەندىشىگە چۈشۈپ.

— سالامەت ئۆزى بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىسىلا، سالامەتكە ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى زۆھرەخان باياتىندىن بېرى كۆڭلىدە ئايان بولۇۋاتقان بىر ئىشنى ئاشكارا قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ئەمما زۆھرەخان ئېرىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي:

— روشەنگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايلى. يېقىن دوستى بولغاندىكىن نېرى ـ بېرىسىنى بىلەر، — دەپ گەپنى بۇرىدى.

ئىككىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باردى. روشەنگۈل ئىشخانىسىدا

بىر كىتابقا قادالغىنىچە ئولتۇراتتى. روشەنگۈل دوستىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئىككىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىيچىلىكنى كۆرۈپ: «قارىغاندا سالامەت توي ئىشىغا قارشى چىققان بولسا، مېنى نەسىھەت قىلىشقا چاقىرغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما ئويلىمىغاندا زۆھرەخان:

— سالامەت يېنىڭىزغا كەلمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى روشەنگۈل ھەيران بولۇپ.

— سىز بىلەن ئالاقە قىلمىغاندۇ؟

— ياق.

ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى.

— روشەنگۈل، سىز سالامەتنىڭ يېقىن دوستى، — دېدى زۆھرەخان ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ، — سىزگە گەپنى ئوچۇق دەي...

زۆھرەخان بولغان ئەھۋالنى روشەنگۈلگە قىسقا چۈشەندۈردى. بۇنى ئاڭلىغان روشەنگۈل تېڭىرقاپ قالدى. چۈنكى ئۇ سالامەتنىڭ جىم ـ جىم يوقاپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇرىغا پەقەت سىغدۇرالمايتتى.

— سىزچە سالامەت نەگە كەتكەندۇ؟

دوستىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى روھىي ھالىتىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتقان روشەنگۈل دوستىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى دەرھاللا جەزملەشتۈردى. روشەنگۈل، دوستىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا دېيىشنى راۋا كۆرمىسىمۇ، لېكىن ھازىرقى جىددىي ئەھۋالدا بۇنى ئويلاشقۇدەك بولماي، ئۆزىمۇ تۇيمايلا:

— باتۇرنىڭ يېنىغا كەتتىمىكىن، — دەۋەتتى.

بۇنى ئاڭلىغان زۆھرەخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ خىيالىدىن دەرھاللا: «ساراڭ قىز ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويمىغاندۇ؟» دېگەن يامان خىيال كەچكەنىدى.

— بېرىپ باقايلى، — دېدى سابىر سىرتقا مېڭىپ. ئۇنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى گېپى روشەنگۈل بىلەن زۆھرەخاننى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۈردى.

يول بويىدىكى دەرەخلىك غازاڭغا تولغانىدى. يالىڭاچلانغان دەرەخ غولىلىرىدا قېپقالغان ئۇششۇگەن ياپراقلار ئازراقلا شامال چىقسا شىرىقلىغىنىچە غازاڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. غازاڭلارنى دەسسىگەن سالامەتنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى: «ئەمدى مېنىڭ بەختىم، مۇھەببىتىم مۇشۇ ياپراقلاردەك غازاڭ بولۇپ تۈگەرمۇ؟ ئېسىت، ياشلىق باھارىم شۇنچە بالدۇر غازاڭ بولۇپ كېتىدىغان بولدى.»

ئىككىسى بىر چەتتىكى دەرەخ كۆتىكىگە بېرىپ يانمۇيان ئولتۇردى.

— باتۇر، ئۇلار مېنىڭ رايىمغا باقماي توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، ئەمدى بىر ئامالىنى قىلمىساق كېچىكىمىز!

سالامەت بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. باتۇر بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— گەپ قىلىڭ باتۇر.

— مەن كۆپ ئويلاپ ساراڭ بولاي دېدىم. بۇ جاھاندا بىز قىلغۇدەك نېمە ئامال باركىنتاڭ ؟!

باتۇرنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ھەسرەتلىك ئىدى. سالامەت ئۇنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ قويغانىدى.

— قېچىپ كېتەيلى ! — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان باتۇر بېشىنى شاققىدە كۆتۈردى.

— نەگە دېسىڭىز ئارقىڭىزدىن ماڭىمەن باتۇر.

باتۇر سالامەتكە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ كەتتى.

— قېچىپ كېتەيلى؟ — دېدى باتۇر. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ بوش چىقتى، — قېچىپ نەگىمۇ بارارمىز؟ قانداق جاھاندارچىلىق قىلىمىز؟

— قاچقاندىن كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ؟ يا يېنىپ كېلەرمىز.

— شۇنچە يىل ئوقۇدۇق، ھەممىمىز جاپا تارتتۇق. ئەمدى بولغاندا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ...

باتۇرنىڭ گەپلىرىدىن بۇنىڭغا قوشۇلغۇسى يوقلۇقىنى سەزگەن سالامەت يەنىلا بوشاشقۇسى كەلمىدى.

— باتۇر، سىز ئائىلىڭىزدىن شۇنچە نارازىغۇ؟ بولدى، مېنى ئايىمىغان ئۆينى، ئاتا ـ ئانىنى مەنمۇ ئايىمايمەن. ئىككىمىز ئۆيلەردىن ۋاز كېچىپ قانۇنلۇق بىرگە تۇرايلى. قانۇن بىزنى قوغدايدۇ.

سالامەت قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ ئۇلارنىڭ بەختىنى قوغدايدىغان، ۋىسالىغا يەتكۈزىدىغان ھەقىقىي يول ئىدى. ئەمما باتۇر بېشىنى چايقىدى:

— سالامەت، نېمىلا بولسا بىز چوڭلارنى بۇنچىلىك ئازابقا قويساق بولمايدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئۇلار بىزنى دەپ نۇرغۇن جاپالارنى تارتتى. بولۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزگە نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۇردى. ئەمدى بولغاندا، ئۇلارنى تۈگىمەس دەردكە قويساق توغرا بولامدۇ؟

باتۇرنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەن سالامەت لاسسىدە بولۇپ قالدى، بوشاشتى، ئۈمىدسىزلەندى. شۇ تاپتا باتۇر ئۇنىڭغا باشقا بىر ئادەمدەك بىلىندى. ئوقۇۋاتقان چاغدا سالامەتنىڭ بەختى ئۈچۈن سۆزلەپ، باش قاتۇرغان باتۇر شۇمۇ؟ سالامەت ياشلىق كۆزلىرىنى باتۇرغا تىكىپ تۇرۇپلا قالدى.

— لېكىن بۇنداق دەپ بەختىمىزدىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ، — دېدى باتۇر سالامەتنىڭ ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن يۈرىكى زېدە بولۇپ، — ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئامال زادى يوقتىمۇ؟

ئەمما باتۇر بۇ سوئالنى سالامەتكە ئەمەس، ئۆزىگە قويۇۋاتاتتى. چۈنكى ئاتىسى بىلەن ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا

قانداق قارايدىغانلىقى تېخى قاپقاراڭغۇ.

باتۇر سالامەتنىڭ قولىنى تۇتتى، بىراق سالامەت قولىنى تارتىۋالدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، پۇتى ئاستىدىكى غازاڭلار غىربىسلاپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە قىزنىڭ يۈرىكىمۇ ئاللىقاچان غازاڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

— يۈرۈڭ سالامەت، تاماق يېگەچ يەنىمۇ ئويلىشىپ باقايلى.

باتۇر سالامەتنىڭ تۇگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تاماققا زورلىماقچى بولغانىدى. سالامەت رايىشلىق بىلەن ماڭدى. بۇنى كۆرگەن باتۇر سالامەتنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئىچى پۇشۇپ كەتتى.

— سالامەت، ياخشىراق ئويلاپ باقايلى، ئىشىمىز ئوڭشىلىدىغان ئامال چوقۇم تېپىلىدۇ.

— ئالدى بىلەن تاماق يەيلى. قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

سالامەتنىڭ ئاۋازى ھېسسىياتسىز ئىدى. توغرىسى، باتۇرغا ئەمەس، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇلار چوڭ يولغا چىققاندا، باتۇر سالامەتكە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، بىر ماشىنا ئىتتىك كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا جىددىي تورمۇز قىلدى. بۇنىڭدىن باتۇر چۆچۈپ كەتتى، سالامەت ماشىنىغا قاراپمۇ قويماي ھوشى يوق ئادەمدەك مېڭىۋەردى.

— سالامەت، نېمە بولدىڭىز؟

يۈگۈرۈپ كەلگەن روشەنگۈل سالامەتنىڭ قولىنى تۇتتى.

سابىر بىلەن زۆھرەخان باتۇرغا چەكچىيىپ قارىۋېتىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان زۆھرەخان:

— سالامەت، — دېۋىدى، سالامەت:

— ئاپا، قايتايلى، — دەپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

قالغانلارمۇ سالامەتنىڭ كەينىدىن ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا قوزغالدى. شۇندىلا باتۇر ماشىنىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— سالامەت !

باتۇرنىڭ ئاۋازى شۇنداق ئېنىق ئاڭلانغان بولسىمۇ، سالامەت بېشىنى بۇراپمۇ قويمىدى.

— قىزىم، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى زۆھرەخان ئاچچىقى ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ.

— باشقا ئىش يوق ئاپا، بېرىپ تويغا تەييارلىق قىلايلى.

بۇنى ئاڭلىغان سابىر بىلەن زۆھرەخان بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى. روشەنگۇل دوستىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

كەچلىكى سالامەت تاماقنى ئوبدان يېدى. بۇنىڭدىن سابىر بىلەن زۆھرەخاننىڭ كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى. ئەمما سالامەتنىڭ كۆپ گەپ قىلماسلىقى ئۇلارنى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. شۇڭا، ئۇلار روشەنگۇلنى قىزى بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىشقا ئۈندىدى. روشەنگۇل خېلى پاراڭلارنى قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سالامەت دوستىغا مەيۈسكىنە كۈلۈپ قاراپ:

— دوستۇم، مۇھەببەتنى بەزىدە كۆڭۈلدە ساقلاپ قويۇپ، تۇرمۇشقا يۈزلىنىش كېرەك ئىكەن. مەن يۇنۇس مۇئەللىم بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم، — دەپ گەپنى تۈگەتتى.

روشەنگۇل بۇنى ئاڭلاپ دوستىنى ۋە تۇنجى قېتىم كۆرگەن باتۇرنى ئامالسىز قاپتۇ دەپ ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ، سالامەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

سالامەت ھۇجرىسىدا گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. تۇرۇپ باتۇرنى ئاقلىغۇسى كەلسە، تۇرۇپ باتۇرنى تولىمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلدى؛ تۇرۇپ باتۇرنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى ئۆرتەندى، تۇرۇپ باتۇرنى بولۇمسىز ھېسابلاپ، تەقدىرىنىڭ شۇنداق بىر ئادەمگە باغلىنىپ قالغانلىقىغا

ئۆكۈندى. ئاندىن خاتىرىنى ئېلىپ پەرۋاسىزلارچە ۋاراقلىدى. كەينىدىكى ئاق بەتكە كەلگەندە ئىختىيارسىز قەلەمنى قولىغا ئالدى:

«مەن بۇگۈن باتۇرغا بەك ھەيران قالدىم. ئۇ ماڭا تولىمۇ چۈشىنىكسىز بىلىندى. مەن بۇگۈن باشباشتاق، بەڭباش، ۋاپاسىز بىر قىز بولدۇم. ئۇ بولسا ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار نەسىھەتچى بولدى. مەن كىم ئۈچۈن شۇنداق دېدىم؟ كىمنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاشۇنداق قارار چىقاردىم؟ بىر قىزنىڭ ئاشۇنچىلىك جۇرئەتكە كېلەلىشى ئاسانمۇ؟ مەن مەدەتكە، قوللاشقا، چۈشىنىشكە مۇھتاج ۋاقتىمدا ماڭا ئاشۇنداق نەسىھەت قىلدىڭىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر مەسخىرىغۇ، غۇرۇرۇمنى، يۈرىكىمنى پايخان قىلىشقۇ؟ خەير، باتۇر، مەن بىلدىم، نەسىھەتىڭىزنى ئاڭلاي، ۋاپادار پەرزەنت بولاي. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۈچۈن ياشىيالمىسام، ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن، دوستلىرىم ئۈچۈن، يۇرت ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياشىساممۇ بولىدىغۇ!»

سالامەت ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ خاتىرىنىڭ قېتىدىن پۈكلەنگەن قەغەزنى ئالدى. بۇ «مۇھەببەت توختامنامىسى» ئىدى. سالامەتنىڭ ئۇنى قايتا ئوقۇغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىدى. «توختامغا خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزنىڭ جاجىسىنى تارتىمىغۇ مانا.» سالامەت قەغەزنى ئۇششاق يىرتىۋەتتى ۋە مەشكە تاشلىدى. قەغەز پارچىلىرى بىر دەمدىلا كۆيۈپ ئىسقا ئايلىنىپ كەتتى.

سالامەت يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ئەنە، كۆز ئالدىدا «قەدىمىي يۇرتتىكى ھەسرەت» ناملىق رەسىم. رەسىمدىكى قىز ئاستا ـ ئاستا سالامەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. سالامەت رەسىمگە سىنچىلاپ قارىدى. رەسىم خۇددى سىنئەينەكتەك، سالامەت رەسىمدە ئۆز ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان سالامەت، قولىغا موي قەلەمنى ئېلىپ رەڭ قۇتىسىدىكى قىزغۇچ رەڭگە تەگكۈزۈپ «قەدىمىي يۇرتتىكى ھەسرەت» دېگەن خەتنى ئۆچۈرۈپ، رەسىمنىڭ ماۋزۇسىنى قايتىدىن «مەن» دەپ قويدى.

S

كوچىدا نىزارىي ھەزرەتلىرى بىلەن رابىيە جازا مەيدانىغا تېزرەك بېرىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. كوچىدىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، قەلەندەرلەردىن تارتىپ ھەممە ئادەم جازا مەيدانىغا ئاققانىدى. جاكارچى يەنە دېڭىنى چېلىپ سەئدىن توغرىسىدىكى كونا مۇقامىنى تۇۋلاۋاتاتتى. كوچىدىكى ئادەملەر ئاز كەلگەندەك، جاكارچى سېپىل قورۇلۇشى قىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنىمۇ جازا مەيدانىغا بېرىپ جازانى كۆرۈشكە ئۈندەۋاتاتتى. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، سەئدىنىنىڭ ئۆلۈمىنى سېپىل قورۇلۇشىدىن باش تارتقان كىشىلەرگە، سېپىل ھاشىرىدىكى ئاممىغا ئىبرەت قىلىش ئىدى.

جازا مەيدانى بىردەمدىلا كىشىلەر بىلەن لىق تولدى. ھەممىسى سەئدىنگە ئېچىنىشتى.

ئەنە، ئۈچ پەلەمپەيدىن ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان سۇپا ئۈستىگە «ئەزرائىل» نىڭ دەھشىتىدىن دالالەت بېرىدىغان دار تۇرغۇزۇلغان. ساڭگىلىتىلغان سىرتماق گويا بىرىنىڭ بوينىنى سىقىشقا ئالدىراۋاتقاندەك سۇس چىقىۋاتقان شامالدا ئۇيان ـ بۇيان لەپەڭلىمەكتە. شۇنداق، بۇ رەھىمسىز دار قانچىلىغان بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ جېنىنى ئالغان. ئەمدىلىكتە سەئدىنمۇ رەھىمسىز تەقدىرى ـ قىسمەت بىلەن پۇلاڭلاۋاتقان سىرتماققا يېقىنلاشتى. يىغىلغان ئامما كۇسۇرلىشاتتى.

— بۇنىڭ ھەممىسى جابىر دېگەن ئىتنىڭ سۇيىقەستى. بۇ ئىت جىم تۇرغان بولسا سەئدىن ئۇنى ئۇرامتى. ھەي، ئېسىت! سەئدىنىنىڭ ياش جېنى بىگۇناھ ئۆلۈمگە كېتىدىغان بولدى، — دېدى دارغا يېقىنلا جايدا تۇرغان ئوتتۇرا ياش ئادەم پېشانىسىدىن سىرغىۋاتقان ئاچچىق تەرنى سۈرتكەچ. ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بىر

بوۋاي تۆمـقىنى بېشىدىن ئېلىپ بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— ئۇ جازانىخورلار «ئەگەر سەئىدىن جازاسىز قالسا، سېپىل ھاشىرىدىكى كىشىلەر ئىشلىمەيدۇ» دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا، بىزنى قورقۇتۇش ئۈچۈن بۇ نەيرەڭنى ئويلاپ تاپقان گەپ، — دېدى ھەسرەتلىنىپ. كەينىدىن بۇلارنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان ئېگىز، تەمبەل كىشى ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ:

— ھەي، بۇنىدىن باشقا بۇ ھۆكۈمنىڭ كەينىدە سۇيىقەست بار. بۇنىڭ ھەممىسىگە جابىر دېگەن ئىت سەۋەبچى. ئەسلىي سەئىدىننىڭ پەرى سۇپەت مەشۇقى بولۇپ، ئۇلار ئايرىلماس ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىكەن. ئۇلار ئەمدى ۋىسال تاپاي دېيىشكەندە، مۇنۇ جابىر دېگەن ئىت سەئىدىننىڭ مەشۇقىغا كۆز قىرىنى سېپتۇ. سەئىدىن قىزنى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتسە، قىزنىڭ ئاتىسى ياقۇپباي قىزنى سەئىدىنگە بېرىشكە ئۇنىماپتۇ، — دېيىشىدىغە ئەتراپتىكىلەر زەن سېلىپ ئاڭلاپ «ھە، ھە، ئاندىنچۇ» دېيىشىپ كەتتى. سۆزلەۋاتقان كىشى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ياقۇپباي پەقەت مال ـ دۇنيا، مەنسەپنىلا تونۇيدىغان پاسىق ئادەم بولغاچقا، ئاخىر قىزنى جابىرغا بەرمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي، جابىربەگ بىلەن ياقۇپباينىڭ ئۆيلىرىدە چوڭ توي بولۇپتۇ. نىكاھ بولىدىغان ئاخشىمى، سەئىدىن بىلەن ياقۇپنىڭ قىزى ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپتۇ...

— ھە، مۇنداق دە. ئەسلىي تېگى بار ئىشكەندە بۇ. يۈرەكلىك ئاشىق ـ مەشۇقلار ئىكەن بۇ. سۆزلە، ئاخىرىنى سۆزلە، — دېدى ئاقساقال ئادەم سۆزلەۋاتقان ئادەمگە بېشىنى لىڭشىتىپ. ھېلىقى كىشى قۇرۇپ كەتكەن كانىيىنى قىرىپ:

— جابىر دېگەن بۇ بەتبەخت ئەسلىدىنلا مانجۇلارنىڭ ئىتى بولغاچقا، پەيزىۋاتنىڭ كۆكچى يۇرتىدا بۇ ئىتنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. جابىر ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ سەئىدىننى زىندانغا سولىدى. بىرەر

يىلچە بولدى، سەئىدىن شۇ زىنداندا ياتتى. ئارىدىن سېپىل ھاشىرى چىقىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ جابىرلار ئۈچۈن سەئىدىننى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى بولدى. ئۇلار سەئىدىننى مەجبۇرىي ھاشار مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ، جابىر دېگەن ئىت دورغىغا سەئىدىننى ئۇرۇپ ـ تىللاشنى تاپىلىدى. سەئىدىن سېپىل ھاشىرىدا تىنچ توپا يۆتكەۋاتقاندا جابىر سەئىدىنگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ چىشىغا تەگدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان سەئىدىن جابىرنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويدى. يا بىراقلا ئۆلمىدى بۇ ئىت. ئۇ، تاياق يېگەن كۈندىن باشلاپ ئۇمۇ سەئىدىننى يوقىتىش ئۈچۈن يۇقىرى ـ تۆۋەن يول مېڭىپ، ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ بۇ جازا مەيدانىنى راسلىدى. ھەي... — دېدى ئۇ سەئىدىن ئۈچۈن قايغۇرۇپ بېشىنى چايقىغىنىچە. بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشىلەر كۇسۇرلىشىپ:

— جابىر دېگەن بۇ لەنىتى ئىت، مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى بىر پۇرسەتكە ئېرىشىپتۇ ـ دە، — دېيىشتى.

كىشىلەر تۇيۇقسىز ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ، ھەممىسى كەينى تەرەپكە قاراشقا باشلىدى. كىشىلەر توپى ئىككىگە بۆلۈندى، 40 ـ 50 چە قوراللىق چېرىك گۇناھكارنى يالىڭىنىچە جازا مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. بويىنىغا تاقاق، پۇت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سېلىنغان سەئىدىن ھارۋا ئۈستىدىكى ياغاچ قەپەس ئىچىگە خۇددى ئۇچۇپ كېتىشكە ئامالسىز قالغان قۇشتەك سولانغانىدى.

ھارۋا چاقلىرىنى غىچىرلىتىپ دارغا يېقىنلاشماقتا. سەئىدىننىڭ بويىنىدىكى تاقاقتا ئۆلۈم ھۆكمى يېزىلغان بولۇپ، خەلق بۇنى خان ئوقى دەپ ئاتايتتى. چۈنكى خان ئوقى قادىلىپلا قالدىمۇ، بولدى، ئىشنىڭ تامام بولغىنى شۇ.

كۆشۈك ھارۋا دار ئالدىغا كېلىشكە كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇ ھالغا چىدىماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان بولسىمۇ، چېرىك، ياساۋۇللاردىن قامچا يەپ جىمىدى. شۇ تاپتا خەلق سەئىدىننىڭ ياش ھاياتىدىن ئايرىلىدىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ

ئېچىندى. يەنە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا بۇ ياش يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشاتتى.

جازا ۋاقتى توشۇپ، بىر چەينەك چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، جازا ئىجرا قىلىنمىدى. مىرغەزەپتىن باشقا كىشىلەر ھەم سەئىدىنمۇ بۇ ئىشقا ھەيران بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، خان بۇيرۇقى دەل ۋاقتىدا ئىجرا قىلىناتتى. جاللاتلار قان ئىچىشكە ئالدىرىغاندەك بوينىنى سوزۇپ، مىرغەزەپكە قاراشتى. مىر غەزەپمۇ تاقىتى قالمىغاندەك بېشىنى سوزۇپ شەھەر تەرەپكە قارايتتى. ئەل ـ خالايىق نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا ئىدى.

ھەممە ھەيران قالغان پەيتتە، شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشى كۆرۈندى. مىرغەزەپ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ قارىدى. ئۇلار جازا مەيدانىغا يېقىنلىشىشىغا كىشىلەر ئۆتتۇرىدىن يول ئېچىپ بەردى. ئاتلىقلار نىزارىي بىلەن «يىگىت» يەنى رابىيە ئىدى. بۇلارنىڭ كېلىشى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

نىزارىي مىرغەزەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوينىدىكى خەتنى ئېلىپ ئۇزاتتى. مىرغەزەپ خەتنى كۆرۈپ قۇللۇق بەجا كەلتۈردى ۋە ئاممىغا قاراپ:

— يېڭى پەرمان! — دەپ كىشىلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يېڭىدىن پەرمان كەلدى، ئۆلۈم ھۆكمى بىكار قىلىندى. سەئىدىن قايتا تەكشۈرۈلگۈچە يەنە زىندانغا سولىنىدۇ. سەئىدىن دار تېگىدىن زىندانغا ئېلىپ كېتىلىسۇن. قايتىدىن تەپتىش قىلىنىدۇ.

ئۇ، قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئاممىسى «مانا ئەمدى بولدى» دېگىنىچە خۇشاللىقتا چۇمۇلۇشتى. ئەمما جازا مەيدانىدىكى جابىر ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان غالچا ئەمەلدارلار سۈيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن ئىچى قان بولۇپ كەتتى.

سەئىدىن جازا مەيدانىغا قانداق كەلگەن بولسا، يەنە شۇ پېتى كۆشۈك هارۋا بىلەن چېرىكلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە زىندانغا ماڭدى. جازا مەيدانىغا كېلىشى بىلەن زىندانغا كېتىشىدە پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى بويىنىدىكى تاقاقتا يېزىلغان «خان ئوقى» يوق ئىدى.

نىزارىي ھەزرەتلىرى قەشقەردە ناھايىتى يۈز تاپقان كىشى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىگە ياخشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى. ئاۋام ئابدۇرەھىم نىزارىينىڭ جازا مەيدانىغا كېلىشىگىلا سەئىدىننىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ نىزارىينىڭ تۆھپىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى. كىشىلەر نىزارىيغا بارىكاللا ۋە رەھمەت ئېيتىشىپ شۇنداق توۋلاشتى:

*شاھ ۋەزىرى بولسا ئاقىل،*
*بولۇر دانا ئۇ شاھ گەر بولسا جاھىل.*

*ئەگەر شاھنىڭ ۋەزىرى بولسا نادان،*
*بولۇر نادان ئەقىللىك بولسىمۇ خان.*

خەلق ئاستا ـ ئاستا جازا مەيدانىدىن ئايرىلدى. سەئىدىنمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. ئاتلىق كېتىۋاتقان رابىيە كۆزىنى ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارىدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ۋاپادارلىقنى ئۆزىگە جاقىلغان (مۇجەسسەملىگەن) رابىيە بۈگۈن سەئىدىنگە ۋاپادارلىقنى چەكسىز ئىپادىلىدى. سۆيگۈ، مۇھەببەتتە ۋاپادارلىق ئۆز ئورنىنى تېپىپ، ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋاپادارلىقنى ئۆزىگە تاڭالىسىلا مۇھەببەت دېڭىزىدا ۋىسال قىرغاقلىرى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۈچۈن بارغانچە يېقىنلايدۇ. دېمىسىمۇ رابىيە ھەقىقەتەن ۋاپا گۈللۈكىدە ئېچىلغان بىر گۈل ئىدى.

ھازىر رابىيەنىڭ كۆڭلىدە ئىككى خىل تۇيغۇ مەۋجۇت ئىدى. بىرى، ئۇ سەئىدىننىڭ خاراب ھالىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېچىندى ھەم

ئىچى ئەلەم لىيىي بىلەن تولدى. يەنە بىرى، ئۇ سەئىدىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش ئىدى. چۈنكى، سەئىدىن ئاز كۈن قالماي بۇنداق ئېغىر كۈندىن قۇتۇلاتتى.

بۇ يەردە رابىيە ئۆزىنى ئاشكارىلىسا بولمايتتى. ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن رابىيە، ئۆلۈمدىن ئامان قالغان سەئىدىننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى ھەمدە ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمدىن سولغۇنلىشىپ كەتكەن يۈزىنى سىلىغۇسى كەلدى. ئۆزىنىڭ سەئىدىننى بىر مىنۇتمۇ كۆڭلىدىن يىراق قىلمىغانلىقىنى ئېيتقۇسى، بۇ دۇنيادا پەقەت سەئىدىنگىلا ھاياتىنى تاپشۇرغانلىقىنى دېگۈسى، يۇمران لەۋلىرى بىلەن چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا سۆيۈپ، ئۆزىنىڭ يەنىلا سەئىدىنگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگۈسى كەلدى. بىراق، يەنە كېيىننى ئويلاپ، كۆۋەجەپ ئۆركەشلەۋاتقان ھاياجىنىنى بېسىۋالدى. سەئىدىنلەر بارا ـ بارا رابىيەلەردىن يىراقلاپ كەتتى. رابىيە ئات ئۈستىدە سەئىدىنگە خۇدادىن كۆرۈشكۈچە ئامانلىق تىلىدى.

## 20

زۆھرەخان سالامەتنىڭ يۈرىكىدە يىغا، چىرايىدا كۈلكە ھالدا «ماقۇل» دېگىنىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. سالامەتمۇ يۇنۇس بىلەن كۆرۈشكەندە خۇددى رايىش قىزلاردەك جىممىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەل ھەققىدىكى بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلىدى. يۇنۇس قانچىلىك سۆزلىسە شۇنچىلىك ئاڭلىدى. بۇنىڭدىن زۆھرەخان، سابىر، تاجىخان، يۇنۇس ھەممىسى خۇش ئىدى. بولۇپمۇ زۆھرەخان: «قارىغاندا سالامەت باتۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككىسىنىڭ ئىشىنىڭ پىشمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ، باتۇر بىلەن ئۆتسە جاپا تارتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. ئەقىللىك ئادەم دېگەن جاھاننىڭ رەپتارىغا قاراپ ئىش

قىلىدىغان.» دەپ قىزىدىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى.

ئەمما سالامەتنىڭ تۇگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چوڭلارنىڭ تۇرلۇك مۇددىئالىرى ئارىلاشقان كۆز ئالدىدىكى «نىكاھ ئويۇنى»غا روھى بىلەن ئەمەس، بەلكى جىسمى بىلەن ماسلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئىچى سىيرىلىۋاتقان ئادەم روشەنگۈل ئىدى. روشەنگۈل دوستىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭچە، سالامەت خېلى بىر يەرلىرىنى ئويلىمىسا بۇنداق قارار چىقارمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ سالامەتنىڭ يۇنۇسقا نېمە ئۇچۇن قوشۇلغانلىقىنىڭ تېگىگە پەقەت يېتەلمىگەن روشەنگۈل، سالامەتتىن قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋالدى. ئەمما سالامەت: «باتۇردا مېنى ياخشى كۆرىدىغان يۈرەك بولغان بىلەن قۇربانلىق بېرەلىگۇدەك يۈرەك يوق ئىكەن» دېگەن گەپنىلا قىلدى. روشەنگۈل مۇشۇ سۆزلەردىنلا ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دوستىغا ئىچى ئاغرىپ:

— كۆڭلىڭىزگە ياقمىسىمۇ، ھېچ بولمىسا دېتىڭىزغا ياققۇدەك بىرەرسى بىلەن توي قىلسىڭىز بولاتتى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت غەمكىن كۈلۈپ:

— دوستۇم، ئۇنىڭدىمۇ بەربىر كۆڭلۈم توق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانامنىڭمۇ يۈرىكىنى زېدە قىلغۇدەكمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە مەنلا تارتاي بۇ دەردنى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان روشەنگۈلنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى. شۇنداق بولغاچقا روشەنگۈل تويىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك رەسمىيەتلىرىگە، توي خېتى ئېلىش ئىشلىرىغا سالامەت بىلەن بىللە ماڭمىدى. ھەتتا سالامەتكە قولداش بولۇشنىمۇ رەت قىلدى. سالامەتمۇ بەختلىك ھېس قىلالمىغان بۇ نىكاھ ئىشىغا دوستىنى ئارىلاشتۇرۇشنى خالىمىدى.

مانا، سالامەتنىڭ قولىدا توي خېتى، يۇنۇس بولسا نېرىدىكى تېلېفون بوتكىسىدا بىر قولىنى ئىشتان يانچۇقىغا تىققان پېتى كۆرەڭ ھالەتتە بىرىگە سۆزلىمەكتە. بەلكىم ئۇ، توي خېتى

ئالغانلىكى خۇشاللىقىنى بىرەر دوستىغا يەتكۈزۈۋاتقاندۇ، بۇ قۇتلۇق ئىشنى جىمى ئادەمگە بىلدۈرگۈسى كېلىۋاتقاندۇ، چىرايلىق بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىنى خالايىققا نامايىش قىلماقچى بولۇۋاتقاندۇ...

ئەپسۇسكى، سالامەت تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى — يۇنۇسقا تەگمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كىشىلەردىن شۇ قەدەر يوشۇرغۇسى كەلدىكى، بىرىپ يۇنۇس سۆزلىشىۋاتقان تېلېفوننىڭ سىمىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قالدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. سالامەت چاقىرغۇسىنىڭ ئېكرانىغا شۇنداق قاراپلا ئۈزۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى. بۇ نومۇرنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بۇرۇن بولسا بېشىدىكى ئۈچ خانىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ يۈرىكى چاقىرغۇ قىلغۇچىنى تۇيۇپ بولاتتى. ئەمدىلىكتە، بۇ نومۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەلمىدى.

يۇنۇسنىڭ گېپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. شۇڭا، سالامەت بىرىپ ئۇنى سۆيلىمەكچى بولدى.

— قارا ئاغىنە، ئامەت ئۈستىگە ئامەت دېگىنە، بايا دېگىنىمدەك تويىمۇ بولىدىغان بولدى. سەن دېگەن يېقىن دوستۇم، بەزى گەپلەرنى ساڭا دېسەم بولۇۋېرىدۇ. يېقىندا مەكتەپ مۇدىرى مېنى ئۆستۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئادەمگە تەلەي كەلسە كېلىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ...

يۇنۇسنىڭ ئەمەل توغرىسىدىكى گېپىدىن سالامەت يەنە بىزار بولدى. شۇڭا، ئۇ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

قولىدا توي خېتى. مانا مۇشۇ خەت ئۇنى يات بىر ئادەمگە باغلايدۇ. يۈرەك رىشتى پەقەت بىر ئادەم بىلەن كۆڭلەر بويىچە بىللە يېتىپ قوپىدۇ، بىللە تاماق يەيدۇ، بىللە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، تۇرمۇشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بىللە جاپا چېكىدۇ، بالىلىق بولىدۇ... سالامەت

سەسكىنىپ كەتتى. ئەمما، بۇ قىزىل تاشلىق گۇۋاھنامە سالامەتنىڭ رايىغا بويسۇنمىغان ھالدا يۇنۇسنىڭ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى قانۇنىي كاپالەت، جامائەتنىڭ ئالدىدىكى ئۇنىڭ جاكارنامىسى، پاكىتى بولىدۇ.

سالامەتنىڭ چاقىرغۇسى يەنە سايرىدى. سالامەت چاقىرغۇسىنىڭ ئېكرانىغا قارىدى: يەنە شۇ كۆزگە تونۇش، ئەمما ئەمدىلىكتە يۈرەككە ناتونۇش نومۇر. سالامەت يەنە چاقىرغۇسىنىڭ ئۈزۈش كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى.

سالامەت يۇنۇسقا قارىدى. يۇنۇس تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، ئاندىن يەنە بىر نومۇرغا تېلېفون قىلدى.

ئىچى قىزىپ كەتكەن سالامەت، بىر ياندىكى مېۋە - چىۋە ساتقۇچىدىن ئازراق نەشپۈت سېتىۋالدى. ئۇ بىر تال نەشپۈتنى ئېلىپ ئەمدى بىر چىشلەم چىشلىشىگە چاقىرغۇسى سايرىدى. يەنە شۇ نومۇر. سالامەت بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تېلېفون قايتۇردى. باتۇرنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالامەت، سالامەت، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

سالامەت تەبىئىي بولۇشقا تىرىشتى:

— ناھايىتى ياخشى.

ئۇنىڭ جاۋابىدىن باتۇر مەڭدەپ قالدى. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەقسىتىنى ئېيتتى:

— سالامەت، مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن: ھازىر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېنى خېلى ئوبدان بىلىپ قالدى. مەن ئىشىمىزنى ئىدارە باشلىقىغا دېسەم، ئاپىڭىزغا خىزمەت ئىشلىسە قانداق؟

باتۇرنىڭ تەلەپپۇزىدىن خۇشاللىقمۇ، ئۇمىدمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. سالامەت جىمىدە تۇرۇپ كەتتى.

— سالامەت...

— رەھمەت...

— سالامەت، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟
— رەھمەت باتۇر، ئىدارە باشلىقىنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. خوش...

سالامەت تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. ئاندىن چاقىرغۇسىنىمۇ ئېتىۋەتتى، ئەمما كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىپ چۈشتى.

بۇنداق بولارىنى كۈتمىگەن باتۇر داڭ قېتىپ قالدى:
— ۋەي، ۋەي، سالامەت، سالامەت...

ئەمما تۇرۇپكىدىن «تىت ـ تىت» قىلغان ئاۋازلا ئاڭلاندى. يۈرىكى ئۆيۈپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن باتۇر، تۇرۇپكىدىن قانداق ئاۋاز چىققىنى بىلەن كارى يوق قايتا ـ قايتا چاقىرغۇ قىلىۋەردى...

شۇنداق قىلىپ، يىل ئاخىرىسىدا يۇنۇسنىڭ شادلىق كۈلكىسى، سالامەتنىڭ ھەقىقىي يىغىسى ئىچىدە توي ناغرىسى چېلىندى.

توي تۈگەپ سالامەت بۇ ئائىلىگە «كونا كېلىن» بولۇپمۇ قالدى.

يۇنۇسنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويغان سالامەت، قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئۆزىمۇ مەكتەپكە ماڭماقچى بولدى.

ئۇ، قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ شىرەنى سۈرتۈپ تۇراتتى، ئۆيگە بايا ناشتا قىلىپ بولۇپ قويىلارغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن قېيىنئانىسى تاجىخان كىرىپ كەلدى.

— ناشتىلىق ئوبدان سىڭىپتىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى سالامەت.

— ناشتىلىق سىڭىشلىق بوپتۇ، — دېدى تاجىخان رازىمەنلىك بىلەن، — قولىڭىز ئەجەبمۇ تاتلىق ئىكەن قىزىم.

تاجىخان خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق ئايال ئىدى. گەپنى ئورۇنلۇق قىلاتتى، ئارتۇقچە كوتۇلدىمايتتى. بۇرۇن سالامەت يۇنۇسنىڭ مىجەزىنى كۆرۈپ: «بالىسى بۇنچىلىك بولغان يەردە ئاپىسى قانچىلىكتۇ؟ تازا بىر قۇسۇرچى، كوت ـ كوت، ئادەم

ياراتمايدىغان خوتۇن بولسا كېرەك... بىر ياقتا بالىسىنىڭ مىجەزى بۇ، ئۇ ياقتا ئاپىسىنىڭ مىجەزى ئۇ بولسا، بۇ ئۆيدە قانداقمۇ سىغىشىپ تۇرارمەن؟» دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدى. كېيىن: «بۇلار ئىش بەرىبىر بولىدىغان بولدى. ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئىزدىشىپ ئۆتىمەن، دەپ ئاۋارىچىلىك تارتقاندىن، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرمەيمەنمۇ؟ ئۇلارغا تارتىشقۇدەك نەرىم بار مېنىڭ؟» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئەمما، ئۆيلىمىغان يەردىن تاجىخان يۇنۇسقا ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىقتى. بۇنىڭغا قاراپ سالامەت: «مۇشۇنداق ئېسىل سۈپەتلىك ئايالدىن ئاشۇنداقمۇ بالا تۇغۇلىدىكىنە؟» دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

تاجىخان يېڭىنى شىمايلاپ سالامەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەكېلىڭ قىزىم...

بۇنىڭدىن سالامەت چۆچۈپ كەتتى:

— بولدى ئاپا، ئۆزۈم يۇيىمەن.

— ئەكېلىڭ، ئەكېلىڭ. سىز مەكتەپتىن كەلگىچە مېڭىڭ. ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن قاچا ـ قۇچىلارنى مەن يۇياي. شۇنچىلىكمۇ ئىشنى قىلمىسام قانداق بولىدۇ؟

— بولدى قىلسىلا، سەت بولىدۇ.

— نېمىسى سەت بولىدۇ. سىز كېلىشتىن بۇرۇن ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلاتتىم. يۇنۇسقا بۇ يەر ياتىدىغان ۋاقىتتا ئۆي، بولمىسا غېمىدە يوق مەكتەپنى پىرقىراپ يۈرگىنى يۈرگەن.

تاجىخان ئانچە ئويلاشماي دېگەن بۇ گەپتىن سالامەتنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.

— ھېلىمۇ تەلىيىمگە خۇدايىم سىزدەك ئالتۇندەك قىزنى كېلىن قىلىپ بېرىپتۇ.

سالامەت بۇلاردىن شۇنى ھېس قىلدىكى، تاجىخان بىلەن يۇنۇسنىڭ پۈرچىقى پىشمايدىغان بىر يېرى باردەك ئىدى. يەنى تاجىخان ئوغلىدىن نارازىدەك ئىدى.

تاجىخان سائەتكە قاراپ قويۇپ داستىكى چىنىگە قول سۇندى:
— ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ، سىز مەكتەپكە مېڭىڭ.
— بولدى ئاپا، بىر دەمدىلا يۈيۈپ بولىمەن.
تاجىخان سالامەتكە مەسلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى. ئاندىن نەچچە تەمشىلىپ ئېغىز ئاچتى:
— قىزىم، ئەمدى ئۆز ئادەم بولۇپ قالدۇق. بەزى گەپلەرنى ئېيتىدىغان ئادىمىم يوق، ئۆزۈڭدىن بۆيان ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، دېمىسەم دەرد قىزىم.
سالامەت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئەمما «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىمىدى، سورىغىسىمۇ كەلمىدى. سالامەت قاچانكى، بۇ تويغا «ماقۇل» جاۋابىنى بەردى، شۇندىن كېيىن كەم سۆز بولۇپ قالدى، يۇنۇس ۋە باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقۇسىمۇ كەلمەيتتى. يۇنۇس ئەمەل توغرىسىدىكى تۈگىمەس گەپلىرىنى باشلىسا، ئۆز خىيالى بىلەن جىمىدە ئولتۇراتتى. يۇنۇسنىڭ ھېچبىر ئىشىغا قىزىقمايتتى، دىققەتمۇ قىلمايتتى.
— قاراڭ قىزىم، ئوغلۇم ئۆزۈڭدىن بۆيان ئىلمىي مۇدىر بولىمەن دەپ ئاۋارە. ئولتۇرسا ـ قوپسا شۇنىڭ گېپى، شۇنىڭ كويى. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ. شەھەردىكى ئاكىسىغۇ تولا گەپ قىلىپ، بولماي ئۇرۇشۇپ بولدى قىلدى. ئۇ ئىشنى بەك خىيال قىلىۋېتىپ، بالىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ يۈرىكىم سۇ. نىكاھ ئىشىدىمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن نەچچە لايىقلارنى تونۇشتۇرساق ھېچبىر قىزىقمىدىغان يېرى يوق، يا ئۆزىنىڭ سۆزى يوق. بولمىسا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، تېنى دۇرۇس... ھېلىمۇ تەلىيىمگە سىزنىڭ گېپىڭىز چىقىۋىدى، ماقۇل دېدى. بولمىسا يۇنۇس كىچىكىدە زېرەك، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان بالا ئىدى. ئاتىسى تۈگەپ كېتىپ نېمىسى نېمە بولدىكىن، «مۇدىر بولىمەن» دېگەن بىر ئوي پەيدا بولۇۋىدى، باشقىچىلا بولۇپ قالدى. قارىسام سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدىكەن. بولسا قىزىم بىر گەپ قىلىپ قويغان

بولسىڭىز. مۇدىر بولىدىغان ئۇ ئىش بەك زۆرۈر بولمىسا، ھە دېسە ئۇ ئىشقا يۇگۇرمەي بۇ ئائىلىگە ئىگە بولۇپ قويسا... بۇ ئائىلىدە شۇنداقلا قاراپ قويسا پۇل بولىدىغان ئىش شۇنچە كۆپ تۇرسا... ھەممە ئىشقا چېپىپ ئۈزۈلۈپ قالاي دېدىم، — تاجىخان ئۆزىنى تۇتالماي كۆزىگە ياش ئالدى، — قاراڭ قىزىم، بىر ئۆينى بېشىغا كىيگەن ئەر يوقىلاڭ خىيال بىلەن سىرتتا پۇلنى سورۇپ يۈرسە...

تاجىخان ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان سالامەت ئاخىر:

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ئاپا، ئەمدى ئوڭشىلىپ قالار، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئىشقىلىپ ئېيىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر دېيىشىپ بېقىڭ، قىزىم.

— ماقۇل ئاپا.

سالامەتتە تاجىخانغا قارىتا بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا، يۇنۇسقا ئۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگۈدەك رايى يوق ئىدى. شۇ چاغدا سالامەت خۇددى يات بىر ئادەم ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ قويغانچىلىك سېزىمدە بولدى، خالاس.

تاجىخان سىرتقا قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— چۈشتە نېمە تاماققا كۆڭلىڭىز تارتىدۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى، — ئىچىم پۇشۇپ تۇرغاندىن تاماققا تەييارلىق قىلغاچ تۇراي. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە ۋاقتتىن بۇيان بالدۇرلا تاماق قىلىپ كۆنۈپ قاپتىمەن.

سالامەتنىڭ تاجىخاننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇسى كەلمەي:

— نېمە تاماق بولسا مەيلى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ياپما نانغا تەييارلىق قىلاي. ئۆيدە تۈنۈگۈن يۇنۇس ئەكېلىپ قويغان يەرلىك توخۇمۇ بار.

سالامەت خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. تاجىخان چىقىپ كەتتى.

سالامەت چېچىنى تاراش ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمما تارغاقنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى.

ئەينەكتە سولغۇن بىر چىراي ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. «تۇۋا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزۈمگە تۈزۈك قاراپمۇ باقماپتىمەن» دەپ ئويلىغان سالامەت، ئەينەكتىكى ئەكسىگە زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سالامەت «كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ بولغاندىكىن، ئەمدى نېمە بولسام بولاي» دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنىدى. گىرىم قىلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، كىيىمنى ئانچە تۈجۈپلەپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن بولسا تاجىخاننىڭ مېھرىبانلىقى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپمۇ، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قالدى.

سولغۇن چىراي!

سالامەتنىڭ ئىچى سىيرىلگەندەك بولدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلى يېرىم بولغان سالامەت «بولدىلا» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپكە ماڭدى.

بىراق، يولدا ئۇ بايا ئەينەككە قارىغاندىكى كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭغا مۇشۇ كۈنلەردىكى تۇرمۇشى تولىمۇ مەنىسىز، قۇرغاق بىلىندى. تۇرمۇشىدا ئىنتىلگۈدەك، كۈندە خۇشاللىق ئىزدىگۈدەك نەرسە يوق. بۇ ھال ئۇنىڭغا بەك قورقۇنچلۇق بىلىندى. شۇڭا ئۇ مەكتەپتىمۇ روھسىز يۈردى.

— يېڭى كېلىنچەكنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ قاپتىغۇ، — دېدى ھەبىبخان مۇئەللىم چاقچاق قىلغان بولۇپ. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت ئۆزىنى كۈلۈشكە زورلاپ:

— ئاخشام دەرس تەييارلايمەن دەپ چارچاپ قاپتىمەن، — دېدى.

— دەرس تەييارلاش ئاسان ئىش ئەمەس. قاراپ تەييارلاڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئالدىۋېرىپ قويىسىز، — دېدى يەنە بىر ئايال ئىككى بىسلىق گەپ قىلىپ. بۇ گەپتىن سالامەت ۋىللىدە قىزاردى، قالغان ئوقۇتقۇچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يۇنۇس مۇئەللىمگە دەپ قويايلى، كۈندە تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز، دەرس تەييارلايمىز، دەپ سالامەت مۇئەللىمنى ئاغرىتقىچان قىلىپ قويمىسۇن يەنە.

— راست، ئاغرىتقىچان بولۇپ قالسا تاپشۇرۇقنى چالا ئىشلەيدىغان ئىش چىقىدۇ.

ئايالالر ئىككى بىسلىق پاراڭلار بىلەن بىر پەس كۈلۈشمەك قىلدى. سالامەت بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. قۇلاق تۈۋىدە يۇنۇسنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلاپ يېتىپ، شېرىن - شېكەر گەپلەرنىڭ ئورنىغا ئۆسۈش تۇغرۇلۇق قىلغان تەمەلىك گەپلىرى جاراڭلاپ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى كىمگە، قانداق دېگۈلۈك؟

ئۇنىڭ تەلىيىگە دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، بۇ گەپلەر بېسىقتى. ئۇ كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما كۆزى كىتابتا بولغىنى بىلەن دىققىتىنى ئىرماش - چىرماش خىياللار چالغىتىۋەتتى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. سالامەت چاقىرغۇ ئېكرانىغا قاراپ ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ نومۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. سالامەت تېلېفون قايتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمىدى. تويدىن كېيىن ئۇ ئىچىنى تىڭشاپ بېقىپ، ئاتا - ئانىسىغا بۇرۇنقىدەك مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ باشقىچە بولۇپ قالدى. تويىغۇ زۆھرەخانلار تازا داغدۇغىلىق قىلىپ پۈخادىن چىقىۋالدى. ئەمما قىزىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا داغ چۈشىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلاشمىدى. تويدىن كېيىن چوڭلار بىلەن چوڭلار، زۆھرەخانلار بىلەن يۇنۇس ناھايىتى ئىجىل - ئىناق بولۇپ كەتتى. يۇنۇسقۇ زۆھرەخانىنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ،

كۆڭۈل ئالغۇدەك ئىش، گەپلەرنى ئاشۇرۇپ قىلىپ زۆھرەخاننى ئۆرۈپلىشۋەتتى. يۇنۇسنىڭ قېيىنئاپىغا ئەمەس، دوختۇرخانا باشلىقىغا مۇئامىلە قىلىشۋاتقاندەك قىلىشۋاتقان قىلىقلىرىغا قاراپ سالامەتنىڭ كۆلگۈسى كېلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆيىگە تازا بارغۇسى كەلمەيتتى، يۇنۇسنىمۇ ئۆيىگە ئاپىرىشقا كۆڭلى تارتىپ كەتمەيتتى.

سالامەت ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مەكتەپ مۇدىرىغا دەپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كىردى. ئاپىسى ساقلاپ تۇرغان چېغى، تېلېفون ئۇلىنىشىدىلا تېلېفوننى ئالدى.

— ئاپا، قانداق ئەھۋالىڭ؟

— بارمۇ سىز قىزىم؟ بىزنى تاشلاپلىشۋەتتىڭىزغۇ؟ ئۆيىگە كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ يۇنۇسجانمۇ قارىسىنى كۆرسەتمەيدۇ...

— ھەممىمىز ئالدىراش تۇرساق.

— ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزلارمۇ تاماققۇ يەيدىغانسىلەر؟ ھېچ بولمىسا ئۆيگە تاماققا كەلسىڭىزلەرمۇ بولىدىغۇ؟

— ئەمدى بارايلى دەپ تۇرغان.

— قاچان كېلىسىزلەر؟

— ۋاقتى كەلگەندە خەۋەر قىلىمەن، خوش ئاپا.

— ھۇيت، گەپ تۈگىمىسە، نېمانچە ئالدىراش.

— دەرسىم بار ئىدى، سائەت توشۇپ قالدى.

— ماقۇل ئەمىسە، خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن.

تېلېفوننى قويغان زۆھرەخان ئولتۇرۇپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، سالامەتنىڭ پوزىتسىيەسىگە ئۇنىڭ خاپا بولغۇسى كەلدى. «يەنە مەندىن خاپا، يەنە مېنىڭدىن رازى ئەمەس، — دەپ ئاچچىقى كەلدى ئۇنىڭ، — شۇنداق ياخشى ئائىلىگە كېلىن قىلىپ قويدۇم، ھېچنېمىدىن غېمى يوق، پۇل - پۇچەكتىن قىسىلمايدۇ، يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى كەينىدە. باشقىلار بۇ ئايلىق مائاشىغا

بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ قويسا، ئايىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىش غەم بولىدۇ. بىرەر قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىش ئۈچۈن خېلى باش قاتۇرۇپ پىلان قىلىدۇ. بۇنچىلىك غەمنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭدا بولمىسا، يەنە نېمىشقا مېنىڭدىن ئاغرىنىدۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى كۆرۈۋېتىپمۇ رازى بولمىغان.»

سالامەت ئىشخانىدىن چىقىپ يېنىك بولۇپ قالدى. باللار سوغۇققا قارىماي، مەكتەپنىڭ قورۇسىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىماقتا، بىرنەچچە ئوغۇل بالا بىر يەرگە ئولىشىۋېلىپ، ئاخشام كۆرگەن كىنونىڭ پارىڭىنى قىلىشماقتا، قىزلار تەرلەپ - پىشىپ تەپكۈچ تەپمەكتە... بۇلارغا قاراپ سالامەت بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئادەمنىڭ بالىلىق چاغلىرىلا غەمسىز، ئاددىي، خۇشال ئۆتىدىكەن، ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، خىياللىرىمۇ كۆپىيىپ ئاشۇنداق ئاددىي، خۇشال تۇرمۇشتىن يىراقلىشىدىكەن... مۇشۇنداق ئويلار بىلەن تۇرغان سالامەتنىڭ خىيالىغا «كەلگۈسىدە مۇشۇ باللارنى قانداق غەم - ئەندىشىلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟» دېگەنلەر كەلدى.

ئىشكتىن كىرگەن سالامەتنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك ھىد ئۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتكەندەك بولدى. سالامەت سومكىسىنى قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى. مەش ئۈستىدىكى دۇملەپ قويۇلغان قازان پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. تاجىخان چاي دەملەۋاتقانىدى.

— ياپما ناننى بەك ئوخشىتىۋەتكەن ئوخشايلا، ئاپا، — دېدى سالامەت.

— ماڭىمۇ بەك ئوخشىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.

سالامەت شىرەنى قويۇپ، چىنە - تەخسىلەرنى تەق قىلدى.

— يەنە بىر ئاز تۇرغۇزايلى، — دېدى تاجىخان سائەتكە قاراپ قويۇپ، — ئاڭغۇچە يۇنۇسمۇ كېلىپ قالار.

بىر ئازدىن كېيىن يۇنۇس كىرىپ كەلدى.

— نېمە تاماق؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەشكە قولىنى قاقلاپ.

يۇنۇسنى كۆرۈپلا ئارامسىزلانغاندەك بولغان سالامەت ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، چوكىلارنى تەقسىملىگەن بولۇپ گەپ قىلمىدى.

— ياپما نان، — دېدى تاجىخان، — ئۆتكەندە سەن ئەكەلگەن يەرلىك توخۇدا قىلدۇق.

— پىشقان بولسا ئېلىڭلار، قورسىقىم بەك ئاچتى.

تاجىخان تۇۋاقنى ئاچتى. قازاندىن ھور بىلەن تەڭ تېخىمۇ مەززىلىك ھىد كۆتۈرۈلۈپ ئىشتەيلەرنى ئېچىۋەتتى.

شۇ چاغدا يۇنۇسنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. يۇنۇس چاقىرغۇنىڭ ئېكرانىغا قاراپلا دەرھال نېرىقى ئۆيگە چىقىپ تېلېفون قايتۇردى.

ئۇ بىر دەمدىلا قايتىپ كىردى.

— مەكتەپ مۇدىرى چاقىرغۇ قىپتۇ، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا، — بىللە تاماق يەيلى دەيدۇ.

يۇنۇس چاپىنىنى كىيدى.

— ئازراق بولسىمۇ يەپ ماڭ، — دېدى تاجىخان توخۇ گۆشى ئۇسسۇغان تاۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، — قارا، بەك ئوخشاپتۇ.

— بولدى، بولدى، — دېدى يۇنۇس ئالدىراپ.

— ئىككى چىشلەم بولسىمۇ يېگىن.

— مەن بۇ يەردە يەپ ئولتۇرغىنىم بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ساقلاپ قالمامدۇ. بولدى...

يۇنۇس شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

— نەگە بارساڭ بار، — دېدى تاجىخان تاۋاقنى شىرەگە قويۇپ، — كېلىڭە قىزىم، ئارامخۇدا يەپ تويۇۋالايلى.

يۇنۇس چىقىپ كېتىشكە نېمىشقىدۇر يېنىك بولۇپ قالغان سالامەت چوكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئۆزلە قەيىرىگە ئامراق؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككىمىز پاچىقىنى بىردىن يەيلى. قاراڭ، تازا پىشىپتۇ.
ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە مېھرلىك بېقىشىپ، مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.
كەچقۇرۇن سالامەت مەكتەپتىن كېلىپ تۇرۇۋىدى، ئۆيگە روشەنگۇل كىرىپ كەلدى. دوستىنى كۆرگەن سالامەت خۇشال بولۇپ كەتتى. سالامەت پايپېتەك بولۇپ شىرەگە نازۇ نېمەتلەرنى تىزدى.
— قانداق؟ — دېدى روشەنگۇل سىرلىق كۈلۈپ.
— نېمە قانداق؟ — دېدى سالامەت خۇپسەنلىك بىلەن. ئاندىن چاي قۇيدى.
— يۇنۇس بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتىسىز، دەۋاتىمەن.
— توي قىلغاندىكىن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتۈۋاتىمىز شۇ.
— قېنى ئۇ ئەر؟
— چۈشتە «مەكتەپ مۇدىرى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ تاماقمۇ يېمەي پايپاسلاپ چىقىپ كەتكەن. نەدە يۈرىدىكىن تاڭ؟
سالامەتنىڭ پەرۋاسىز مۇئامىلىسىدىن روشەنگۇل چۆچۈگەندەك بولدى. ئەمما، دوستىنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بۇ توغرۇلۇق كوچىلاپ سورىمىدى.
— چاقىرغۇ نومۇرىڭىزنى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن باتۇر ماڭا چاقىرغۇ قىپتۇ. ئۆتكەندە سىزنى ئىزدىمەسلىك توغرۇلۇق باتۇرغا تېلېفون قىلغان ۋاقتىمدا چاقىرغۇ نومۇرىنى يېزىۋالغانىدى... ئەھۋالىڭىزنى سوراۋاتىدۇ...
سالامەت بېشىنى چايقىدى:
— بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ. بۇندىن كېيىن كۆڭلۈم تىنچ، ئارامىدا ياشاي دەيمەن.
روشەنگۇل ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك دوستىغا قاراپلا قالدى. ئەمما سالامەت راست گەپ قىلغانىدى. بۇنىڭغا روشەنگۇل ئىشەندى ھەم كۆڭلى بۇزۇلدى.

سالامەت روشەنگۇلگە قاراپ مەيۇسكىنە كۇلدى:

— مۇھەببەتلىك خوتۇن بولالمىساممۇ، مېھرلىك خوتۇن بولۇشقا تىرىشاي دەيمەن.

روشەنگۇل بېشىنى لىڭشىتتى. ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا، بۇمۇ توغرا. كۆڭلۈڭدە مۇھەببەت بولمىغان ئەر بىلەن توي قىلدىڭمۇ، ئائىلىگە، پەرزەنتىڭگە، ئۆزۈڭگە ۋە ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇرمۇشقا مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر سەن ئەقىدە قىلغان ئادەم سەن بىلەن تەڭ بەدەل تۆلەشكە رازى بولسا، بۇ ئايرىم گەپ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، ئورۇنسىز بەدەل تۆلەش ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە قىممەتلىكلىكى ئالدىدا ئورۇنسىز بىر ئىش.

ئىككى قىز خېلىغىچە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى.

— سىزلەرچۇ، ئىشىڭىزلار قانداق بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى سالامەت.

— پات ئارىدا توينى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى روشەنگۇل سۇسلا.

— نېمە ئەمدى خۇش بولمايدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى سالامەتمۇ ھەيران بولۇپ، — كۆيۈشكەن يىگىتىڭىزغۇ ئۇ؟

— ئۇغۇ شۇ. بىراق، ئەمدى توي قىلىشتىن قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— توي قىلغاندىن كېيىنلا يىگىتلەر بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ. يۇرگەن ۋاقتىدا ھە دېسە بىزگە ۋاي دەۋاتقان ئادەملەر...

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ. نېمىلا دېگەنبىلەن كۆڭلىڭىزدىكى ئادەم بىلەن توي قىلىدىغان تۇرسىڭىز...

— ئۇنداق دېگەنبىلەن تويدىن كېيىن ئۆزگىرىۋالىدىغان ئىشنى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ - دە. بىز ئۆينى بېقىپ ئولتۇرىمىز، ئۇلار بىزنى «ئۇلار بەربىر قولىمىزدا» دەپ سىرتتا خالىغىنىچە يۇرۇيدىكەن.

سالامەت دوستىنى قورقۇتۇپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئۇ:

— ھەي، قورقۇنچاق دوستۇم، ھەممىلا يىگىتنى ئۇنداق ئويلىۋالسىڭىز بولمايدۇ. يىگىتىڭىزگە ئىشىنىڭ. تويدىن كېيىن ئۇنى قانداق ئەر قىلىۋېلىش ئۆزىڭىزگە باغلىق.

— تولا مېنى گوللىماڭ ـ ھە!

— گوللىمىدىم. بىزدە «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. بايا دېدىمغۇ، مانا مەن چېغىمدا يۇنۇسنى راۋرۇس ئەر قىلىش ئۈچۈن «مېھرىلىك خوتۇن» بولۇشقا تىرىشاي دەۋاتىمەنغۇ.

بېشىنى لىڭشىتقان روشەنگۈلنىڭ چىرايى بىر ئاز ئېچىلدى.

— يۈرىڭا، — دېدى سالامەت، — تىترەپ ئولتۇرۇپ، ئاچچىق ـ چۈچۈك سېرىقئاش يەپ كىرەيلى.

— يۈرۈڭ، قىزىلمۇچنى تازا جىق سالدۇرۇپ يەپ، دەردىمىزنى چىقىرىۋالايلى.

ئۇلار پەلتولىرىنى كىيىشىپ سىرتقا چىقىشتى.

يۇنۇس كەچقۇرۇن چالا مەست دېگۈدەك قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، مەشنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. سالامەت ئارتۇق گەپ قىلماي قايناق سۇ بىلەن ھەسەل سۈيى تەڭشىدى ۋە بىر ئاز مۇزلاتقاندىن كېيىن يۇنۇسنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى. يۇنۇس ھەسەل سۈيىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچتى.

— بۈگۈن ئولتۇرۇش بەك قىزىپ كەتتى، كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى دېسە، — دېدى يۇنۇس خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي. سالامەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئولتۇردى.

— مەكتەپ مۇدىرى يۈزۈمنى قىلدى، ئوقۇتقۇچىلار قانداقلىقىمنى يەنە كۆرۈپ قويدى، — دېدى يۇنۇس تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — باشتا تاماق يېدۇق. ئاندىن ھاۋا سوغۇق بولغاچقا

ئازراق هاراق ئىچىدىغاننىڭ گېپى بولدى. مەكتەپ مۇدىرى باشتا ئۇنىمىدى، مەن گەپ قىلىۋىدىم، «بوپتۇ ئەمىسە» دەپ باشلاپ بەردى، — يۇنۇس كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلىپ قويۇپ، — تېخى مەكتەپ مۇدىرى هاراقنى مېنى قويسۇن، دېدى. دەسلەپكى رومكىنى ئىككىمىز ئىچتۇق. شۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ ئىچىگە ئوت كەتتىغۇ دەيمەن. هاراقنى لىقلاپ ـ لىقلاپ قۇيۇپتىمەن.

— هاراقنى ئاز ئىچىڭ، — دېدى سالامەت، — سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يەتمىسۇن.

— هاراق دېگەننى ئاشۇنداق ۋاقىتتا ئىچمىسە قانداق چاغدا ئىچىدۇ، — دېدى يۇنۇس، — مەكتەپ مۇدىرى مېنى شۇنچە چوڭ كۆرۈۋاتسا، باشقىلار مەكتەپ مۇدىرىغا قاراپ مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئېلىۋاتسا... شۇڭا شۇنچە ئىچسەممۇ ماڭا هاراق تەسىر قىلماپتۇ. جىق ئىچتۇق بولمىسا... كېيىن مەكتەپ مۇدىرى ئۆزى ئىككى قېتىم تەلەپ قىلىپ مەن بىلەن ئىچتى.

سالامەت گەپ تىڭشىغان بولۇپ مەشتىكى ئوتقا قارىغىنىچە خىيال بىلەن ئولتۇرۇۋەردى، يۇنۇس بولسا سۆزلەۋەردى:

— بىر چاغدا سورۇننى كۆزەتسەم، تازا ئۆزۈمنى كۆرستىدىغان پەيت كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «بۈگۈن مەن هەممىڭلارنى مېهمان قىلىمەن» دېدىم. ئەسلى پۇل يىغىش قىلىپ ئولتۇرماقچى ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن هەممىسى مېنى ۋاي دەپ كەتتى. مۇدىرىمۇ: «يىگىت، يىگىت! يىگىتتەك ئىش قىلدىڭىز» دەپ ماختىدى. ئاندىن قەدەھ سۆزى قىلىپ: «ياشلارنى باشلايدىغان يۇنۇستەك يىگىتلەر بولمىسا ئىشلارنىڭ يۈرۈشمىكى تەس» دېدى. مانا، مەكتەپ مۇدىرى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مېنى ئۆستۈرىدىغانغا بېشارەت بەردى. پەيتى كەلمىسە هەرقانچە پۇل خەجلىگەن بىلەنمۇ بۇنداق گەپنى ئاڭلىغىلى بولامدۇ. ۋەدىدەكلا گەپتە بۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ چاغدا هېچكىم تېخى مەست بولمىغان، مەكتەپ مۇدىرىغۇ ساقلا. شۇڭا، ئۇ گەپنىڭ راستلىقىدا

شەك يوق. مەكتەپ مۇدىرى مېنى ۋاقتىدا ئۇستىۋرسە ئوبدان بولاتتى. ئەگەر مەن ئۆسۈپ قالىدىغان بولسام...

سالامەت باشتا يۇنۇسنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ «ھاراقنى ئاز ئىچىڭ» دېگەنىدى. ئۆزىدىمۇ يۇنۇسقا ــ نېمىلا بولسا ئېرىگە مەسئۇل بولۇش تۈيغۇسىدا بولغانىدى. بىراق يۇنۇسنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۇنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويدى. سالامەت بىزار بولدى. شۇڭا، ئۇ يۇنۇسنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇردى.

يۇنۇس مەشتىكى كۈچسىز ئوتتەك ئاۋازى بىلەن ئىمزىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. سالامەت مەشنىڭ چوغچىلىغۇچى بىلەن يەرگە شەكىل سىزىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ــ لېكىن مېنىڭدەك كىچىك تۇرۇپلا ئۆسكەنلەر بەك ئاز جۇمۇ. مەنمۇ خېلى تىرىشتىم، ــ ھاراق تۈتتىمۇ ياكى سالامەتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدىمۇ، يۇنۇس سالامەتنىڭ شەكىل سىزىشىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى، ــ ھە، راست، يېقىندىن بۇيان رەسىم سىزمايدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

ــ سىزىۋاتىمەن، ــ دېدى سەل جانلانغان سالامەت.

ــ سىزغىنىڭىزنى ھېچ كۆرمىدىمغۇ.

ــ دەرس تەييارلىغانلاردا سىزىۋاتىمەن.

ــ مەن دەرس تەييارلىغاندىكى رەسىملەرنى دېمىدىم، ھېلىقى... ھېلىقى... ھېلىقى كونا كوچىدىكى قىزچاقتەك، غازاڭ قاپلىغان ئورمانلىقتەك رەسىملەرنى دەيمىنا.

سالامەت يۇنۇسقا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇ، يۇنۇسنى ئۆزىنىڭ رەسىملىرىگە بۇنچىلىك دىققەت قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغان سالامەت:

ــ ئۇنداق رەسىم دېگەننى ئىلھام كەلگەندە سىزىمىز. ئالدىراپ سىزغىلى بولمايدۇ، ــ دېدى ئېھتىيات بىلەن.

بۇنى ئاڭلىغان يۇنۇسنىڭ كۆزى چەكچەيدى. ئاندىن چىرايىدا ئىستىھزالىق كۈلكىسى پەيدا بولدى.

— ئۇنداقتا، مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئىلھامىڭىز كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ ـ نېمە؟

بۇ گەپ سالامەتنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ يۇنۇسنى بۇنچىلىك تېگى بار گەپ قىلالار دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، سالامەت كۈتۈلمىگەن بۇ گەپتىن ھودۇقۇپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. بىراق، يۇنۇس ئۇ گېپىنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ، سالامەتنىڭ ئېڭىكىنى سىلىدى ۋە:

— ئىلھامىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويايمۇ؟ — دېدى.

سالامەت بىردىنلا خورلۇق ھېس قىلدى. يۇنۇسنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا ئەرلىك ھېسسىياتى ئۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى غەيرىي بىر ئۇقتىدىن دېيىلىۋاتقاندەك تۇيۇلغاچقا، ئاچچىقتىن بېشى زىڭىلداپ كەتتى. يۇنۇس ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە كاڭغا باستى ـ يۇ، ئەمما ھاراق تەسىرىدىنمۇ ئېيتاۋۇر بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

مانا بۇ، خىزمەت، ھاراق، ئۇسسۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقتا ئارىسىدا پالاقلاپ يۈرگەن ئېرىنىڭ ھالى. سالامەت گەرچە ئۇنىڭدىن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى تەمە قىلمىسىمۇ، نورمال ياشاشنى بولسىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ئەپسۇس، بۇ ھال، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى خۇددى ئىزغىرىن كۈز شاملى سارغايغان ئاداققى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرغاندەك يوقلا قىلىۋەتتى.

بىر چاغدا يۇنۇس: «مۇدىر، مۇدىر، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، سىز مېنىڭ شەپقەتچىم» دەپ جۆيلۈدى. بۇنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ يۇنۇسنىڭ قولىنى ئاستا بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتتى. سالامەتنىڭ روھىغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، قارىغاندا يۇنۇس سالامەتنىڭ جىسمىنىمۇ تولۇق ئىگىلىيەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

سالامەتنىڭ تۇرمۇشى توختام سۈدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر

خىللا، ئېقىشى يوق، تەۋرىنىشى يوق، ئالمىشىش يوق. سالامەت شۇندىلا توختام سۈنىڭ نېمىشقا ئاسانلا سېسىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدىن كۆڭلىگە تەسەللى تاپقۇسى يوق. گەرچە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى مۇشۇنداق بىر تۇرمۇشقا ئىتتىرگىنى ئۈچۈن ئۇلاردىن ھازىرچە كۆڭلى زېدە. شۇڭا، ھازىر ئائىلىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا، سالامەتنىڭ كۆڭلىگە ئەمىنلىك بېرىۋاتقىنى تاجىخان. بۇ ئايال يېقىشلىق ئاۋازى، مېھرىبانلىق ئاياشلىرى بىلەن سالامەتكە ھاياتتا ئۆزىنىڭمۇ نېمىتى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ.

— تاماقنى ۋاقتىدا يەڭ قىزىم، ۋاقتىدا كەلمىگەن سۇ زەمزەم بولسىمۇ گىياھنى قورۇتۇپ قويىدۇ، — دەيدۇ تاجىخان. بۇنىڭ بىلەن سالامەت ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۇرۇشكە تىرىشىدۇ.

— تاماقنى قۇۋۋەتلىك يەڭ قىزىم، تەن قۇۋۋەتلىك بولسا كېسەلگە بوزەك بولمايسىز، — دەيدۇ تاجىخان. بۇنىڭ بىلەن سالامەت سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئىككىسى دائىم مېھىرلىك مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ. تاجىخان بۇ ئېسىل قىزنىڭ ئۆزى نارازى بولۇۋاتقان ئوغلىدىن ئاغرىنىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

ئەمما سالامەتنىڭ چىرايىدىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئىپادىلىنىۋاتقان سولغۇنلۇق، غەمكىنلىك تاجىخاننى گەپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

1999 ـ يىلى يېڭى يىلنىڭ 3 ـ كۈنى — يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىدى. تېتىكلىكىدىن قالمىغان تاجىخان قويلارغا ئۆگزىدىكى قوناق شېخىدىن تاشلاپ بېرىپ ھويلىغا چۈشتى. ھويلا شۇنچە چوڭ بولسىمۇ ئۇبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاجىخان سالامەتنىڭ ئىدىتلىق ئىش قىلىدىغانلىقىدىن سۆيۈندى. شۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش تاپالمىغان تاجىخان ئىچى پۇشۇپ: «بىكار ئولتۇرغۇچە كەچلىك چايغا ياردەملىشەي» دەپ

ئويلاپ كېلىنىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

سالامەت قىرووۋ باسقان دېرىزىگە تىكىلگىنىچە ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۆيگە بىرىنىڭ كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. تاجىخان سالامەتنىڭ ھالىغا قاراپ باشقىچە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان دىققەت قىلىپ كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە سالامەتكە گەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، سالامەتنى چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ ئىشىكنى قەستەن تىرىقلاتتى. سالامەت تاجىخاننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— كەلسىلە، ئاپا.

تاجىخان بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. سالامەت مەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان چەينەكنى ئېلىپ تاجىخانغا چاي قۇيماقچى بولدى.

— بولدى قىزىم، ئۇسسۇغاندا ئىچەي.

سالامەت كاڭغا كېلىپ گىلەمنىڭ موينى چىمدىپ ئولتۇردى. تاجىخان ئۇيان قىمىرلاپ - بۇيان قىمىرلاپ ئاران گەپ تەشتى:

— يېقىندىن بۇيان ئاغرىق - سىزلاق بولۇپ قالمىغانسىز؟

— ياق، — دېدى سالامەت تېتىك بولۇشقا تىرىشىپ.

— ئۇششاق - چۈششەك ئاغرىقىمۇ سەل قارىماڭ، — دېدى تاجىخان كۆڭۈل بۆلۈپ، — ياش قىزلار شۇنىڭغا دىققەت قىلالماي كېيىن يوق ئاغرىقلارنى تېپىۋالىدۇ. شۇڭا، بىئارام بولۇۋاتقان يەرلىرىڭىز بولسا دەڭ، ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

— رەھمەت ئاپا، كۆرۈۋاتىدىلا، ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن.

— قىزىم، ھازىر سىز ئۆز قىزىمدەكلا بولۇپ قالدىڭىز. مېنىڭ مىجەزىمنىمۇ كۆردىڭىز. قېيىنئاپا بىلەن كېلىنىنىڭ قىسقا ۋاقىتتا بۇنچىلىك يېقىن بولۇپ كېتىشى بەك تەس. شۇڭا، بەزى گەپلەرنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ، دەرد بىلەن يۈرىكىڭىزنى قىيناپ ئولتۇرماڭ. دەڭە، ئىچىڭىزدە نېمە دەرد بار قىزىم؟

— مەن...

— مەن سىزگە زەن سېلىپ كېلىۋاتىمەن. چىرايىڭىزنىڭ خۇنى يوق. بۇنداق دېسەم خاپا بولماڭ بالام، بۇرۇن تولىمۇ چىرايلىق، نۇرانە قىز ئىدىڭىز. بۇ ئۆي سىزگە ياقمىدىمۇ؟

— ياق ئاپا، ماڭا شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتسىلا.

— سىزنى بىلىمەن قىزىم. «توي قىلسا ئوغلۇمغا مېھرى چۈشۈپ قالار» دەپ ئويلاپتىمەن. قىزىم، كۆڭلىڭىزنى چىگىپ قويغان بولساق، بىزنى ئەپۇ قىلىڭ. مال ـ دۇنيا بىلەن كۆڭۈلدىكى چىگىشنى يەشكىلى بولمايدۇ. سىزگە مېھرىم چۈشۈپ قالدى قىزىم، مۇشۇ مېھرىم بىلەن كۆڭلىڭىزدىكى تۈگۈننى يېشىۋەتسەم ئوبدان بولاتتى.

بۇ گەپلەر بىلەن سالامەتنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئانىلىق مېھرىگە تويۇنغان بۇ كۆيۈنۈش سالامەتنىڭ قەلبىدىكى تۈگۈنى ئېرىتكەندەك بولۇپ، ئېرىگەن سۇلار ئۇنىڭ كۆزىنى نەملىدى. شۇندىلا سالامەت يۈرىكىنىڭ قاتلىرىدىكى ئاغرىقنى روشەن سېزىشكە باشلىدى: ئۆز ئاپىسى ئۇنىڭغا مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ كۆڭۈل سۆزى قىلغان بولسا، سالامەت رازى بولۇپ كېتەر ئىدى. ئۇ، ھە دېسىلا مال ـ دۇنيانىڭ، پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ سالامەتنى بىزار قىلدى، ئۈمىدسىزلەندۈردى. مانا ھازىرمۇ زۆھرەخان دوختۇرخانىدا «قىزىم توققۇزى تەلچىلىك ئىچىدە ئۇ ئائىلىدە بەختىيار ياشاۋاتىدۇ» دەپ خاتىرجەم ئولتۇرىدىغاندۇ؟

تاجىخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەمدى تەقدىر ـ پېشانىمىز مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. بىللە ئوبدان ياشاشنىڭ غېمىنى قىلايلى قىزىم.

سالامەت بېشىنى لىڭشىتتى.

— قىزىم، بۇرۇن سىزگە دېگەن، مەن ئوغلۇمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن. قانداق قىلىمىز ئەمدى، مۇشۇكنى قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولمىسا. باغرىمنى يېرىپ چىققان بالامكەن، سىزنىڭ ھەق ـ نىكاھلىق كۈيۈيىڭىز. شۇڭا بالام،

ئوغلۇمنى ئاستا ـ ئاستا ئادەم قىلىۋېلىش ئىككىمىزنىڭ ئىنسابى، غەيرەت قىلىڭ قىزىم.

تاجىخان سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى. سالامەت بېرىپ تاجىخاننىڭ يېشىنى سۈرتتى:

— خاتىرجەم بولسىلا ئاپا، بۈندىن كېيىن بۇ ئۆز ئۆيۈم، سىلى ئۆز ئاپام.

— رەھمەت قىزىم، رەھمەت.

تاجىخان پەرزەنتلىك مېھرىگە قانغاندەك بولۇپ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى.

شۇ چاغدا ھويلىنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلدى. ئىككىسى چۆچۈپ ئىشىككە قارىۋېدى، يۈنۈس ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۆيدىكى ئىككىيلەننى كۆرۈپ سەل ئارسالدى بولدى ـ يۇ، سالامەتكە:

— چاققان تەييارلىق قىلىڭ، مەكتەپتىكىلەر ئۆيگە كېلىدىغان بولدى، — دېدى. باش ـ ئاخىرى يوق گەپتىن سالامەت يۈنۈسقا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— نېمە قىلىپ بېرىمىز ئۇ مېھمانلارغا؟ — دېدى تاجىخان.

— گۆش سېلىڭلار، توخۇدىن بىرنى قورداق قىلىڭلار.

— ئوت يېقىپ تۇراي.

تاجىخان شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

— ئولتۇرىسىزغۇ سالامەت؟ مېھمانلار ھېلى كېلىپ قالسا ئالدىراپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ.

يۈنۈس تولىمۇ جىددىي بولۇپ، چىرايى ئۆڭگەنىدى.

— نېمە ئىش بولدى ئۇلارنى مېھمانغا چىللىغۇدەك؟

— ئەستا، خەق ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارىمىز دېسە، ئۇنى سورىغىلى بولامدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇلار : «خوتۇنۇڭنىڭ تامىقىنى يېتىپ باقايلى» دەۋاتقان. دېسەم ـ دېمىسەم ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ.

سالامەت بىزارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۇلارنى ئوبدان كۆتمىسەك بولمايدۇ. ئۇلار مەكتەپتىكى غوللۇق ئوقۇتقۇچىلار، ھەممىسى مېنى قوللايدىغانلار. بىلەمسىز، مەكتەپتە ئۇلارنىڭ قوللىشى ئۆسۈشۈمدە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

يەنە «ئۆسۈش» ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ نېرۋىسى ئۆرلەپلا كەتتى. شۇڭا، ئۇ تاجىخاننىڭ يېنىغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار، ئۇلارنى ياخشى كۈتەيلى. ئەگەر ئۆسۈپ قالسام ئۇلارنى تېخىمۇ رازى قىلمىسام بولمايدۇ.

سالامەت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تاجىخاننىڭ يېنىغا چىقتى. تاجىخان توخۇنى پارچىلاۋاتاتتى.

— ئەر كىشى دېگەننىڭ ئىشى جىق بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىدىكەن. بۇ ئىش كۈندە بولمىغاندىكىن، چىداڭ قىزىم.

سالامەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، بەرەڭگە ئاقلاشقا باشلىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ يۇنۇسنىڭ بېشى كۆرۈندى:

— سالامەت، گۆشنى جىقراق سېلىڭىزلار جۇمۇ.

تاجىخان يۇنۇسقا ئالايدى:

— سالامەتنى تولا ئىشقا بۇيرۇۋەرمە، ئۇنىڭ مىجەزى يوق.

يۇنۇس سالامەتكە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئاندىن:

— ئاز بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا ئەمدى، — دەپ غودۇڭشىدى.

— تولا قازان بېشىغا ئېسىلىشىۋالماي، ماڭ چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل، — دېدى تاجىخان زەردە بىلەن.

يۇنۇس چىقىپ كەتتى.

سالامەت ئىككى خىل سوغۇق سەي تەييارلاپ تۇرۇۋىدى، ھويلىدا گۇدۇڭلاشلار ئاڭلاندى. سالامەت چىقىپ مېھمانلارغا سالام بەردى. كەلگەن ئەرلەر ئادەت بويىچە سالامەتكە، يۇنۇسقا چاقچاق

قىلدى. كۆڭۈل بېرىپ تەگكەن قىزلار بولغان بولسا، بۇنداق چاقچاقلار ئالدىدا خىجىل بولغاندەك قىلغان بىلەن ئىچىدە خۇشال بولاتتى. شۇنداق چاقچاقنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى، ئېرىنى ئۇلارغا چوڭ كۆرستىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ھازىر بۇ چاقچاقلار سالامەتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. شۇڭا، سالقىنلا مۇئامىلە قىلىپ قايتىپ چىقتى.

ئازدىن كېيىن قورۇمىلار تارتىلدى. پۈتۈن ھويلىنى ھاراقنىڭ پۇرىقى بىر ئالدى. تاجىخان چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

بىر چاغدا تاجىخان خېلى ئىككىلەنگەندىن كېيىن سالامەتكە:

— چېيىغا قاراپ بېقىڭ قىزىم، بۇنداق ۋاقىتتا ئەرلەر زىللىشىپ كېتىدۇ. مەن چىقاي دېسەم سەت... — دېدى.

— سىلى ئاۋارە بولمىسىلا ئاپا، مېھمانلارغا خىزمەت قىلمىسام سەت بولمامدۇ.

سالامەت سىرتقا ماڭدى. تاجىخان رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

سالامەت ھويلىغا چىقىپ تۇردى. ئۆي ئىچىدىن تۇرلۇك گەپلەر ئاڭلىنىپ، تاماكا ـ ھاراق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي، ساقىي، سېنى «دىپلومى بار ساقىي» دەپ ماختاپ يۈرسەك، كۆڭلۈمنى ھېچ چۈشەنمىدىڭا. كەلگۈسىدىكى يۇنۇس جۇرىن بىلەن ماڭا بىرنى قۇيە، — دېدى بىرى.

— بىلىمىزال، بىز دېگەن تولۇق كورس دىپلوملۇق ساقىي، ھاراق دېگەننى مۇنداق ئىناۋەت بىلەن قۇيىمىز، ئالە.

— خوشە يۇنۇس جۇرىن.

— خوش ئاغىنە، رەھمەت.

— يۇنۇس جۇرىن بىلەن ماڭىمۇ قۇيە.

— خوشە جۇرىن.

— خوش، رەھمەت.

— يۇنۇس جۇرىن، چاي...

يۇنۇسنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالامەت، چاي !

سالامەت ئۆي تەرەپكە بىر قەدەم ئالدى ـ يۇ، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا قېرىشىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ جايىدا تۇرۇۋەردى.

ئۆيدىن يەنە يۇنۇسنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىز دېگەن خوتۇنغا توۋلاپ قويۇپ ئۆزىمىز ماڭمىز.

بۇ گەپ بىلەن ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بىزنىڭ جۇرىن ئەجەب قىزىقچىدە.

— كەلتۈردى.

— قالتىس چاقچاق بولدى.

ئۆيدىن يۇنۇس دەلدەڭشىگىنىچە چىقتى. قولىدىكى قۇرۇق چەينەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— ھە، كېلىنۋاتقانمىدىڭىز؟ — دېدى يۇنۇس، — ئۆيگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كىرىپ تۇرۇڭ. گۆش پىشتىمۇ؟

— پىشتى.

— پىشقان بولسا ئەكىرىڭ.

سالامەت گەپ قىلماي كەينىگە ياندى ۋە چاينى ئەكىرىپ بەرگەندىن كېيىن، گۆشنى ئېلىپ تۇز ـ تەمىنى تەڭشىدى. ئاندىن پىيازنى چاناپ گۆشنىڭ ئۈستىگە قويدى. سالامەت گۆشنى ئېلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۇنۇس سۆزلەۋاتاتتى:

— ئاغىنىلەر، مېنى مۇشۇنچە قوللاپ بەرگەنلىكىڭلارغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئايالىمنى سىلەرگە ئۇسسۇل ئوينىتىپ بەرمەكچى ئىدىم. سىلەر بىلمەيسىلەر، ئايالىم ئۇسسۇلغا بەك ئۇستا. بۇگۈن ئۇنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ. بولمىسا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولسا... ئۇسسۇلىنى كۆرسەڭلار بىلىسىلەر...

ئۇنىڭ گەپلىرىگە تاقەت قىلالمىغان سالامەت يۇنۇسنى چاقىردى. يۇنۇس ھىجايغىنىچە چىقىپ كەلدى...

ئولتۇرۇش خېلى بىر ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى...

بىر چاغدا يۈنۈس دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ سالامەتنى چاقىردى. سالامەت يۈنۈسنى كۆرۈپ چۆچۈدى.

ــ مېھ... مېھمانلار تاردى...

ــ ئاستا گەپ قىلىڭ، ــ دېدى سالامەت، ــ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىپمۇ كىرگىنىڭىزنى قاراڭ. ئاپام بار تۇرسا، سەت بولمامدۇ؟

ــ ھېچنېمە بولمايدۇ. مېڭىڭ، چىقىپ ئۆينى يىغىشتۇرۇڭ.

يۈنۈس كەينىگە ياندى. سالامەت تاجىخانغا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى.

يۈنۈس كاڭدىكى بوش يەردە يانپاشلاپلا ئۇيقۇغا كەتتى. سالامەت بىزەپ بولۇپ كەتكەن ئۆينى تازىلاشقا باشلىدى. بايا سالامەت مېھمانلارنىڭ كېتىشىنى ساقلاپ مۈگدەپ قالغانىدى. ئەمدى ئۆيدىكى ئەخلەتلەرنى نەچچە قېتىم سىرتقا توشۇپ، سىرتتىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆينى تازىلاپ بولۇپ، مەشكە كۆمۈر جىقلاپ قويغاندىن كېيىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. قىلىدىغان ئىش تاپالماي، يېزىق شىرەسىنىڭ ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى ۋاراقلاپ باقتى. يۈنۈس چۈشىنىكسىز غودۇڭشىۋىدى، بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. يۈنۈس جۆيلۈگەنىدى.

سالامەت ئۇنىڭغا قارىغانسېرى ھەرقانچە قىلىپمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بىرىگە باغلىيالمىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى، بىر ئۆيگە كىردى، تۇرمۇشنىڭ ئىككى نۇقتىسىنى تەڭ تۇتتى. ئەمما، بۇلار قانچىلىك داۋام قىلار؟ بۇ ئەرنىڭ يۈرەكنى ياشارتىدىغان ئىككى ئېغىز شېرىن سۆزى، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان بىرەر ئىشى يوق...

سالامەتنى بىردىنلا غېرىبلىق باستى. ئادەم بۇگۈنگە قەدەم باسقان ھامان نېمىشقا تۈنۈگۈنكى نەرسىلەردىن يىراقلاپ كېتىدۇ؟ تۈنۈگۈنكى نەرسىلەر باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟

سالامەت كۆز يېشى، دەرد ـ ھەسرىتى پۈتۈلگەن خاتىرىنى

ساندۇقنىڭ تېگىدىن ئالدى. مانا بۇ ئاددىي، ئەمما ۋىسال ـ جۇدالىق پۇتۇلگەن خاتىرە.

سالامەت خاتىرىنىڭ يېزىلىپ كەلگەن يېرىنى ئېچىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى: «ئۆزۈم بىلىپ ـ بىلمەي نىكاھلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويدۇم. ماڭا شۇنداق بىلىندىمۇ، ياكى مەن ھېس قىلالمىدىممۇ، نىكاھلىق تۇرمۇش ماڭا ئانچە سىرلىق، سېھىرلىك، جەلپ قىلارلىق بىلىنمىدى. ھازىرقى تۇرمۇشۇم توختام سۇنىڭ ئۆزى. خۇددى داستىكى سۇ. داسنىڭ بۇ تەرىپىنى كۆتۈرسەڭ سۇ ئۇ تەرىپىگە بېرىۋالىدۇ، داسنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆتۈرسەڭ، سۇ داسنىڭ بۇ تەرىپىگە بېرىۋالىدۇ. ئوخشاشلا ئايلىنىش. مەن بۇنىڭدىن بۇرۇقتۇرمىلىق ھېس قىلىۋاتىمەن...»

— نېمە يېزىۋاتىسىز؟

سالامەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە يېنىدا تۇرغان يۇنۇسنى كۆردى. ئۇ قاتتىق ئويلىنىپ يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، يۇنۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى.

— نېمە يېزىۋاتىسىز بۇ خاتىرىگە؟

كەيپى يېشىلمىگەن يۇنۇس خەتلەرنى ئوقۇيالمايۋاتاتتى.

— ئىچىم پۇشۇپ ئۆزۈمچە يېزىپ قويۇۋاتىمەن.

يۇنۇس قولىنى سۇندى:

— ئەكېلىڭە كۆرۈپ باقاي.

— كۆرگۈچىلىكى يوق.

سالامەت ئورنىدىن تۇردى.

— كۆرگۈچىلىكى بارمۇ ـ يوقمۇ، مەن كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمە دەي.

— بولدى...

— ئەكېلىڭ.

— ئەتە كۆرۈڭ.

— ھازىر كۆرىمەن.

يۇنۇس ساقتەكلا ئىدى.

— بولدى يۇنۇس.

— ئەكېلىڭ!

يۇنۇس ۋارقىراپ خاتىرىنى تارتىۋالدى ۋە زېھنىنى يىغىپ شۇ بەتنى ئوقۇشقا تىرىشتى: « ئىكاھلىق... تۇرمۇش... ماڭا ئانچە... سىرلىق... سېھىرلىك... جەلپ قىلارلىق بىلىنمىدى...» يۇنۇس مىيىقىدا كۈلدى:

— ۋاھ، ئەجەبمۇ كاتتا گەپلەرنى يېزىپسىز. مەنىلىك، چوڭقۇر، تەسىرلىك، پەلسەپىۋى...

يۇنۇسنىڭ تەلەپپۇزىدىكى مەسخىرە سالامەتنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەكېلىڭ، خىيالىمغا كەلگەن ئاشۇنداق گەپلەر يېزىلغان ئەرزىمەس خاتىرىغۇ ئۇ.

— ئەرزىمەس؟ — يۇنۇس يەنە خۇپسەنلىك بىلەن كۈلدى، — ئۇنداق بولسا بۇ ئەرزىمەس خاتىرىنى يوقىتىۋېتەيلى.

يۇنۇس شۇنداق دەپلا خاتىرىنى مەشكە تاشلىدى. سالامەت قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ مەشكە قولىنى تىقىپ خاتىرىنى ئېلىۋالماقچى بولدى. بىراق، يۇنۇس مەشنىڭ ئاغزىنى يېپىۋەتتى. خاتىرە كۆيۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ سالامەتتىكى شېرىن، ئاچچىق تۇيغۇلارمۇ كۆيۈپ كۈل بولغاندەك بولدى. ئادەم ئەسلىمىسىگىمۇ ئىگە بولالمىسا ــ ھە؟ سالامەت ئۆزىنى ئاران ــ ئاران تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھەرقانچە يوشۇرسىڭىزمۇ مەن بىلىپ بولدۇم. سىزگە دەپ قوياي، خاتىرىگە نېمىلا دەپ يېزىۋالغىنىڭىز بىلەن سىز بەرىبىر مېنىڭ خوتۇنۇم. مېنى ئۇنچىلىك ئاددىي ئويلاپ قالماڭ. سىزگە ئارتۇق گەپ قىلماي يۈرگەن يېرىملا بار. ئۆزىڭىزنى بىلىپ يۈرۈڭ.

يۇنۇس يېتىپلا يەنە ئۇخلاپ كەتتى. سالامەت يۇنۇسنىڭ ساق ياكى مەستلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆزلىرى سالامەتنىڭ يۈرىكىنى تىلىم ــ تىلىم قىلىۋەتتى.

T

ھەممىنىڭ تېنىنى شۇركەندۈرگەن دارغا ئېسىش جازاسى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىر - بىرلەپ مەيداندىن ئايرىلىشتى. گەرچە رابىيە سەئىدىن بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشەلمىگەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ سەئىدىنگە يەنە بىر قېتىم جان ئاتا قىلغىنىغا شۈكرى قىلدى. جان تەندە بولسىلا نۇرغۇن ئىشلارنى روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

نىزارىيمۇ ئاق ئېتىنى مىنىپ رابىيەنى باشلاپ، جازا مەيداندىن كەتتى. رابىيە ئات ئۈستىدە كېتىپ بارغاندەك قىلسىمۇ كۆڭلى يەنىلا سۆيگەن يارى سەئىدىنىدە ئىدى. بۇرۇن شىردەك بىر يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە تەتۈر قىسمەت تۈپەيلىدىن بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن رابىيەنىڭ يۈرىكى تولىمۇ پۇچۇلىنىپ كەتكەنىدى. سۆيگەن يارىنىڭ بۇ خاراب ھالىتىنى كۆرسە كىممۇ چىدىيالىسۇن، كىممۇ ياش تۆكمەي تۇرالىسۇن!؟ رابىيە يەنە «سەئىدىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا زىندانغا قايتتى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن زىنداندىن خالاس بولغان ھالىتىدە كۆرۈشەلەرمەنمۇ» دېگەن خىياللارنى قىلدى. سەئىدىننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن نەچچە كۈن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن رابىيە، يارىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇۋاتاتتى. ئات ئۈستىدىكى رابىيە مانا مۇشۇنداق خىياللار ئىلكىدە ئەتراپىغا نەزەرمۇ سالماي ماڭاتتى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

ئوردا بىلەن نىزارىينىڭ ئۆيىگە ئايرىلىدىغان كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، نىزارىي پەرىشان رابىيەگە قاراپ:

— قىزىم، سىز ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ. مەن ئوردىغا بېرىپ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە بۇ ئىشقا كەڭچىلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتاي. مەن قاچان ئوردىدىن قايتىپ سىز

بىلەن كۆرۈشمىگۈچە ئۆيۈمدىن ئايرىلماڭ، — دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى «چۇھ» دېگىنىچە ئوردا تەرەپكە بۇرىدى. رابىيەمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بۇراپ نىزارىي ھەزرەتنىڭ، يەنى شەپقەتچىسىنىڭ پاناھگاھىغا قاراپ ماڭدى.

شەپەق خۇددى خىجىلچان نازىنىن قىزنىڭ يۈزىدەك قىزارغان ۋاقىتتا نىزارىي ئوردىدىن قايتىپ، ئۆيىگە خۇشال ھالدا كىردى. ئۇ، رابىيەنى چاقىرتىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— قىزىم، سىز ئاخىر سەئىدىن بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان بولدىڭىز، — دېيىشىگە رابىيە خۇشاللىقىدا:

— بۇ راستمۇ؟ قاچان، قاچان ... — دېدى ئالدىراپ ـ تېنەپ.

نىزارىي قىزنىڭ خۇشاللىقىغا قاراپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلالىغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئالدىرىماڭ قىزىم. مەن بۈگۈن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ زىندان بېگى بىلەن كۆرۈشۈپ، سىلەرنىڭ ئۇچرىشىشىڭلار دېگەنىدىم. ئۇ يۈزۈمنى قىلىپ دەرھاللا قوشۇلدى. زىندان بېگى سىزنى يەنە بۇرۇنقىدەك ئەرەنچە كىيىمنى كىيىپ، ئەتە بېرىپ سەئىدىن بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن، دەيدۇ. مانا ئەمدى ئەتە سۆيگەن يارىڭىز بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدىڭىز قىزىم. ئەتە سىزنى زىندانغا بىر خادىمىم باشلاپ بارىدۇ. سەئىدىن بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈڭ ھەمدە شۇنىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ماڭا زوھۇرىددىن بېگىم ۋەدە قىلدى، ئاز كۈنگە قالماي سەئىدىن زىنداندىن خالاس بولىدۇ. ئەمدى بېرىپ خاتىرجەم ئۇخلاڭ. ئەتىدىكى ئىش مەن دېگەندەك بولسۇن. بېرىڭ قىزىم، — دېدى نىزارىي ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن.

رابىيە نىزارىينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىپ، خۇشال ھالدا چىقىپ كەتتى. نىزارىيمۇ رابىيەنىڭ كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە بۇ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتقاندەك

كۆلۈمسىرەپ قويدى.

رابىيە ئۇچۇن ئۆزۈن بىلىنگەن كېچىمۇ ئاخىرلىشىپ تاڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، جاھاننى يورۇتۇشقا باشلىدى، رابىيە تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ئەرەنچە كىيىملىرىنى كىيىپ تەق بولۇپ تۇردى. بۈگۈن بىر يىلدىن بۇيانقى سەئىدىن بىلەن كۆرۈشەلمەسلىككە خاتىمە بېرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. خىزمەتچى رابىيەنى ناشتىا قىلىشقا چاقىردى. بۇ، رابىيە بىر يىلدىن بۇيان ئەڭ خۇشال ھالدا قىلغان ناشتىلىق ئىدى. ناشتىدىن كېيىن، نىزارىي رابىيە بىلەن زىندانغا بارىدىغان خىزمەتچى خادىمنى ئايرىم يەرگە چاقىردى. ئۇ رابىيەگە بىر پارچە مەكتۇپنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قىزىم زىندانغا بارغاندىن كېيىن، بۇ خەتنى زىندان بېگىگە بېرىڭ. بۇ خەت شۇبھىسىزكى، سىزنىڭ كۈتكەن تىلىكىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، — دېدى ۋە ئۇلارغا تېز مېڭىڭلار دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

رابىيەلەر تەييارلانغان ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىشتى. رابىيە يول بويى خىيال بىلەن زىندانغا يېتىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قالدى. رابىيە زىندان بېگىنى تېپىپ، نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ نىزارىينىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال گۇندىپاينى چاقىرىپ:

— ماڭ، بېرىپ ھېلىقى سەئىدىننى باشلاپ كەل، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گۇندىپاي بىردەمدىلا كويزا ـ كىشەندىن بوشىتىلغان سەئىدىننى باشلاپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ رابىيە تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. زىندان بېگى رابىيەلەرنى نازارەتسىز ھالدا خالىي جايغا ئورۇنلاشتۇردى. رابىيە بىلەن سەئىدىن بىر ـ بىرىگە ئارىلىق تاشلاپ تۇرۇشماقتا ئىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك تەلمۈرۈشكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدىننىڭ باغرى

قېتىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمدە نە ھېسسىيات بولسۇن. بۇنداق ئادەمنىڭ روھى يوق، پەقەتلا جىسمىلا مەۋجۇت بولىدۇ ئەمەسمۇ. شۇ تاپتا سەئىدىن بىر قاتتىق تاشقا ئايلانغانىدى. رابىيەنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئازراقمۇ نەملىنەي دېمەيتتى. ئەمما، يۈرىكى ئاللىقاچان يىغلاپ بولغانىدى.

رابىيە يالغۇز قېلىشى بىلەنلا كۆز ياش قىلىپ، زار ـ زار يىغلاپ كەتتى. سەئىدىننى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئىپادىلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، سەئىدىن رابىيەدىن ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ داردىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، رابىيەنىڭ قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىشى بىلەن كۆرۈشۈش چەكلەنگەن ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلىگىنىنى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. رابىيە سەئىدىننىڭ سوئالىغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى، جاكارچىنىڭ جاكىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تولىمۇ قايغۇرغانلىقىنى، قايغۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ چارە ئويلىغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نىزارىي ھەزرەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ نىزارىي ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، نىزارىي ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئىجرانىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى، ئاندىن نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ياردىمىدە زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئەرز ئېيتقاندىن كېيىن ئۆلۈمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ سەئىدىننىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق تۇرالىشىدەك شارائىتنىمۇ نىزارىينىڭ يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ سەئىدىنگە چوڭقۇر سالام ئېيتقانلىقىنى كۆزلىرىنى ياشلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ سەئىدىن ھەيرەتتە قالدى. ئۇ، ئاخىرىغا كەلگەندە قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. سۆيگەن يارىنىڭ مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، كاللا ئىشلەتكىنىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ

كەتتى. بولمىسا سەئىدىن ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقان بولاتتى.

سەئىدىن:

— ھە، ئەسلى ئىشنىڭ تېگى مۇنداقكەن ـ دە. ھازىر ئۇستازىمغا تەشەككۇردىن باشقا نەرسە قىلالمايمەن. جېنىمنى سىز قۇتقۇزۇپ قاپسىز. سىزگە جان پىدا قىلىشقا رازىمەن. ئۇستازىمغا مەندىن سالام ئېيتىڭ. مەن زىنداندىن ساق ـ سالامەت چىقالىسام ئۇستازىمغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ قۇل بولۇشقا رازىمەن. ئۇستازىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، — دەپ رابىيەگە تاپىلاپ تۇرۇشىغا، گۇندىپاي ئۇلارغا قاراپ توۋلىدى:

— بولدى، ۋاقىت توشتى، ئۆز جايىڭلارغا قايتىڭلار.

ئۇلار كەينىگە يېنىشتى.

ئەمما، ئۇلار كەينىلىرىگە چېكىنىشكىنى بىلەن كۆڭۈللىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىچىدە ھەسرەتلىك نىدا قىلىشقىنىچە ئايرىلىشتى. كۆزلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈزەلمىدى. بۇ چاغدا رابىيەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سەئىدىنىنىڭ روھى قايتىدىن تىرىلگەنىدى. بۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئۆز مۇڭلىرىنى ئېيتىشىغا يەتمىگەنىدى. شۇنداق، ئاشىقلارنىڭ مۇڭى مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ناخشا.

سەئىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەرنى سەئىدىنلەر بىلەن يۇرتلۇق بىرەيلەن ھايالسىز پەيزاۋات — كۆكچىگە، يەنى سەئىدىنلەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئانىسى ئىبراھىمغا يەتكۈزدى. ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان سەئىدىنىنىڭ ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ، بىردەمدىلا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى. ئىبراھىمنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغانىدى.

ئىبراھىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال قەشقەرگە قاراپ ئات سالدى. ئانىسى ئاللادىن ئوغلىغا ئامانلىق تىلەپ، ئىبراھىمنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئات چاپماقتا، ئىبراھىمنىڭ

كۆڭلى ئاتتىنمۇ بەكرەك چاپماقتا ئىدى. يول بويى ئۇنىڭ خىيالى ئوغلىدا ئىدى. دارنى ــ دارغا ئىسقىلىق ئوغلىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باساتتى. دېمىسىمۇ ئاتا ـ ئانا يۈرەك پارى بولغان ئوغلىنىڭ ياپياشلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز ئايرىلىشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن!

تۇرلۇك يامان خىياللار ئىلكىدە قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىبراھىم، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئوغلى توغرىسىدا بەزى ياخشى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى.

بۇ خەۋەرنىڭ تېخىمۇ راستلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، تۆشۈك دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشكەن ئىبراھىم بۇ يەردىكى ئادەملەردىنمۇ «سەئىدىن ئامان قالدى، ئۇ يەنە زىندانغا قايتۇرۇلدى» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىدى. ئىبراھىم ئوغلىنىڭ داردىن قۇتۇلۇپ، زىندانغا ساق ـ سالامەت قايتقانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن باغرى ئەسلىگە كېلىپ، ئاق كۆڭۈللۈك قاپلىغان قەلبىدە ئىشەنچ گۈللىرى قايتىدىن ئېچىلدى.

ئوغلىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىدىن خۇشال بولغان ئىبراھىم يەنە ئوغلىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن ئەتراپتىكى يېتىم ـ يېسىر، قەلەندەر ـ شەيخلەرگە سەدىقە بېرىپ، ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلغۇزدى. خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى تۈگەتكەن ئىبراھىم، دەرھاللا رابىيە بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. چۈنكى، ئۇمۇ رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ ئىشق دۇنياسىدىن خەۋەردار بولغاچ، ئۇنىڭ ھالىغا ئازراق بولسىمۇ يەتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رابىيەنىڭ قەشقەردە داۋالىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبراھىمنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئىبراھىم تۆشۈك دەرۋازىدىن شەھەر ئىچىگە كىردى. بۈگۈنمۇ شەھەردىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا سەئىدىن توغرۇلۇق قىزىق گەپلەر

بولۇنۇۋاتاتتى. ئىبراھىم ئاستا مېڭىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ ئادەمنىڭ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىردى. ئۇلاردىن بىرى بۇھەقتە تولۇق بىلسە كېرەك:

— ئىپسىڭلاردا بارمۇ؟ — دەپ سۆز باشلىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئۇ كىشى يەنە گېلىنى قىرىۋېتىپ گېپىنى باشلىدى، — جازا ئىجرا بولىدىغان ۋاقىتتا ئاق ئاتلىق بىر كىشى پەيدا بولۇۋېدى، مىرغەزەپ ئۇنى قارشى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاندىن ئاق ئاتلىق كىشى بىر پارچە خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى. مىرغەزەپ بەگ خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۆلۈمنى بىكار قىلدى، — سۆزلەۋاتقان كىشى شۇنداق دېيىشكە يېنىدىكىلەر «ھە، ھە» دەپ جازا كۆنىدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كىشى گېپىنى داۋام قىلىپ، — بىلەمسىلەر، ئۇ ئاق ئاتلىق كىشى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ كاتىپى ئابدۇرەھىم نىزارىي دېگەن كىشى شۇ. نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ بەگنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى تولىمۇ يۇقىرىمىش. نىزارىي بۇ ئىشقا دەل ۋاقتىدا ئارىلاشقان گەپ. شۇڭا سەئىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. نىزارىي ھەزرەتلىرى ھەقىقەتەن بىچارە بالىنىڭ نىجاتكارى بولۇپ قالدى، — دېدى ھەممىنى بىلىدىغاندەك.

ئەتراپتىكىلەر بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن نىزارىيغا بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. بىراق ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە «نىزارىي سەئىدىننى قانداق تونۇيدۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ؟» دېگەندەك چىگىش سوئاللارمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭلاشقا، ئولتۇرغانلار ئىچىدە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغانلار يوق ئىدى.

بىر چەتتە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان ئىبراھىمدىمۇ «دېمىسىمۇ ئوغلۇم قانداق قىلىپ ساق قالغاندۇ؟ نىزارىي دېگەن بۇ كىشى نېمىشقا ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرىدۇ؟» دېگەن تۈگۈن شەكىللىنىپ قالدى. ئىبراھىمنىڭ بۇ ۋاقىتتا نىزارىي ھەزرەتلىرى بىلەن

كۆرۈشكۈسى، ئۇنىڭغا مىڭ رەھمەتلەر ئېيتقۇسى، ھەتتا نېمە سورىسا شۇنى بەرگۈسى كېلىپ يۈرىكى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئىبراھىم ئوغلى ئۈچۈن بۇ نىجاتكارغا قانداقلا قىلسا ئەرزىيتتى. بىراق ئىبراھىم نىزارىينى كىمدىن سورايدۇ؟ شۇڭا، ئۇ ئىچىدە نىزارىي ھەزرەتلىرىگە مىڭ تەشەككۈر ئېيتىپ، رەھمەتلىرىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، رابىيە داۋالىنىۋاتقان تېۋىپنىڭ يېنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىبراھىم تۇمەن دەرياسىغا كېلىشىگە، ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىك شامال ئۇرۇلدى. تۇمەن دەرياسىنىڭ ئەتراپى قاتار كەتكەن تېرەكلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرى سۇغا چىلىنىپ لىغشىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن ھەرخىل گۈللەرنىڭ ئۆزگىچە تۇسىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئاسماندا ھەرخىل قۇشلار ئۇچۇۋاتاتتى. ئەتراپ گەرچە ئىبراھىمغا شۇنچە ھۇزۇر بېرىۋاتقان، شۇنداقلا ئوغلى ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا سەئىدىندە ئىدى. «كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ؟» بۇنى ئويلىسا ئىبراھىمنىڭ بېشى قاتاتتى. ئۇ، تۇمەن دەرياسىنىڭ تېز ئېقىۋاتقان ئېقىنىغا قاراپ: «ھەي، ئوغلۇم زىنداندىن ساق چىقىپ بۇ دەريانىڭ مۆرىۋەتلىك سۈيىنى يۇرتقا باشلاپ بارسا، يۇرتتا بۇ سۇدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرسەك، دەرەخ شاخلىرىدا خىلمۇخىل قۇشلار سايراپ تۇرسا، ئېتىزلىرىمىز بۇغداي، قوناق بىلەن مول ـ ھوسۇلغا تولسا، ئوغلۇم قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولۇپ، قېرىغاندىكى يۆلىكىمنى يېنىكلەتسە، ئوغلۇمنىڭ راھىتىنى كۆرسەم...» دېگەندەك شېرىن خىياللارنى قىلىپ تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۇ، دەريا بويىدىن ئازراق مېڭىپلا، تېۋىپنىڭ ئۆيىنى تاپتى ۋە ئىشىكنى قاقتى.

ھايال ئۆتمەيلا زۆھرە چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئىبراھىمنى كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلىدى. زۆھرە بىردەم كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن، ئىبراھىمنى رابىيە ئارام ئېلىۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كىردى. رابىيە ئىبراھىمنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئىبراھىممۇ ئاتىلارغا خاس مېھرى بىلەن رابىيەنىڭ بېشىنى سىلىدى. رابىيە ئىبراھىمغا ئېسىلىپ تۇرۇپ نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشى نەتىجىسىدە سەئىدىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە قىلغان ئىشلىرىغا بىرلەشتۇرۇپ سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاڭ قالغان ئىبراھىم رابىيەنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئايال زاتىنىڭ بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالالىشى ھەقىقەتەن قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىزنىڭ ئەرەنچە ياسىنىپ نىزارىي بىلەن كۆرۈشمىكىمۇ تەس. توۋا قىزىم، بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ئەقىل ـ پاراسەت، جاسارەت» دەپ ئۇنىڭ مەردانىلىقىغا ئاپىرىن ئېيتتى.

شۇ تاپتا ئىبراھىم، رابىيەگە بۇنداق جاسارەتنىڭ ئىشقتىن ئىبارەت بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدى. دېمىسىمۇ، رابىيەدە مانا مۇشۇنداق ئىشق بولمىغان بولسىدى، ئىشلارنىڭ بۇنداق ئوڭشىلىپ كېتىشىدىن سۆز ئېچىش بەسى مۇشكۇل ئىدى. ئۇنىڭ پاك ۋۇجۇدى ئەنە شۇنداق ئىشق نۇرلىرى بىلەن تولغاچقىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاياللىقىدىن ھالقىپ مانا مۇشۇنداق خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلالىدى. ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەت دېگەن مانا مۇشۇ. ئەگەر مۇھەببەتتە مانا مۇشۇنداق چىنلىق، ۋاپادارلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىسىلا نۇسرەت نۇرلىرى يۈرەكلەردە چاقنايدۇ.

## 21

ۋاقىت خۇددى بىپەرۋا كىشىدەك، دەردمەنلەرنىڭ ئاھۇ ـ زارىغا، بىمەززە ئىشلار بىلەن ھەلەك بولۇپ ياشايدىغان كىشلەرنىڭ بىمەنە خىياللىرىغا، غالىبلارنىڭ تەنتەنىلىرىگە، مەغلۇپلارنىڭ كۆز يېشىغا، تىرىشچان كىشلەرنىڭ قان ـ تەرلىك بەدەللىرىگە پەرۋا قىلماي ئۆتۈۋېرىدىكەن.

خۇددى شۇنىڭدەك، سالامەتنىڭ يۈرىكىنىڭ تىلىم - تىلىم بولۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا 2000 - يىلىمۇ كىردى. تۇرمۇشتا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق. كۆنلىرى ئالدىنىئالا بېكىتىپ قويۇلغاندەك بىر خىل، بىر خىل شەكىل، بىر خىل رىتىمدا ئۆتمەكتە.

تاجىخان سالامەتكە قاراپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. چۈنكى، سالامەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا سەمرىپ قالغانىدى. بىراق تاجىخاننىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈۋاتقىنى سالامەتنىڭ چېھرىدىكى سولغۇنلۇقنىڭ تۈگىمەيۋاتقىنى ئىدى. شۇڭا تاجىخان ھەر بىر دۇئاسىدا: «ئاللا، سالامەتنى ئوغلۇمنىڭ رىشتى بىلەن باغلىغايسەن، ئوغلۇمغا ئىنساب بېرىپ ئائىلىسىنى ئويلايدىغان قىلغايسەن» دەپ تىلەيتتى.

سالامەت «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كەينى مۇقاۋىسىغا بېسىلغان دانىيەلىك مەشھۇر ھەجۋىي رەسىم ئۇستازى بىدىسترۇپنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. تاجىخان كىرىپ كەلدى. سالامەت ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دېدى تاجىخان ۋە سالامەتنىڭ «مەن قىلاي» دېگىنىگە ئۇنىماي مەشكە كۆمۈر سالدى.

— بۇ يىل ئانارلار ئوبدانلا پۇل بولدى، — دېدى تاجىخان خۇشاللىق بىلەن، — سىز ئوبدانراق قىشلىق ئۇستىباش قىلىۋالسىڭىز بولاتتى. يېقىنىدىن بۇيان ئۆزىڭىزگە تۇزۇكرەكمۇ كىيىم قىلمىدىڭىز.

سالامەت قېيىنئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن خۇش بولدى:

— رەھمەت ئاپا، كىيىملىرىم يېڭىلا تۇرسا، يەنە يېڭى كىيىم ئالسام ئۇلارنى تاشلاپ قويىدىغان ئىش. شۇڭا، پۇلنى ئىسراپ قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— قىزىم، يېڭى كىيىم دېگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۆستۈرىدىغان نىمە، مەن سىزگە پۇل ئەپچىقىپ بېرەي. سىزگە كۆڭلۈمدە ئاتاپ قويغان پۇل بار.

تاجىخان ئورنىدىن تۇردى، ئەمما سالامەت توسۇۋالدى:

— رەھمەت ئاپا، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىل بولدى.

تاجىخان چىرايىنى تۇردى:

— يات ئادەمدەك گەپ قىلماڭچۇ قىزىم.

سالامەت تاجىخاننىڭ يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— گېپىڭىزگە كىرەي ئاپا، بىراق، سىزگە ۋاقتى كەلگەندە دەي، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

— شۇ پۇلنى سىزگە ۋاقتىدا تەگدى قىلىۋېتەي قىزىم. بولمىسا يۇنۇس يوق ئىشلارغا خەجلەپ يېرىمدىتىۋېتىدۇ. نەچچە يىل بولدى، ئۇ شۇنداق بۇزۇپ - چېچىپ يۈرگىلى.

ئۇلار شۇ تەرزدە كۆڭۈل ئاۋۇتىدىغان گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرۇۋىدى، يۇنۇس خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ يۈرىدىغان ۋاقتىنىڭ ئازلىقىنى بىلىدىغان ئىككىيلەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

يۇنۇس ئىلمان چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— بۈگۈن مەكتەپ مۇدىرى يىغىن ئېچىپ، مېنى يىللىقلار گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ ئېلان قىلدى، — دېدى. شۇندىلا سالامەت ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ۋە ئېرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن:

— مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى.

— نېمە ئىش ئۇ؟ — دېدى تاجىخان چۈشىنەلمەي.

— ئاپا، بۇ ئەمەلنى كىچىك كۆرمە. بىزنىڭ يىللىقتا 11 ئادەم بار. شۇلارنىڭ كۈندىلىك يوقلىمىسىنى قىلىدىغان ئىش، يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت سورايدىغان ئىش بولسا مېنىڭدىن سورايدۇ، بەزىدە ئۆگىنىشلەرگە تەشكىللەيدىغان ئىش، مەكتەپنىڭ بەزى يىغىنلىرىغا بىز قاتنىشىپ، ئاندىن يىغىن روھىنى ئوقۇتقۇچىلارغا يەتكۈزىمىز، ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇرىمىز... دەپ كەلسەڭ جىق ئىش. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن باشقۇرىمەن.

— ئۇنداق بولسا مەكتەپ مۇدىرىڭلارنىڭ ئىشى تېخىمۇ جىقمۇ نېمە؟

— ئۇنىڭ ئىشىنى بىز يېنىكلىتىپ بېرىمىز. ئەمدى جاپالىق ئىشلەپ كېتىدىغان بولدۇق - تە. بوپتۇ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى، مەكتەپ مەمۇرىيىتى ماڭا ئىشىنىپ مۇشۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغاندىكىن جاپا بولسىمۇ ئىشلەپ باقاي.

— ئۇنداق بولسا بۇ ياخشى ئىش ئىكەن، ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتسۇن بالام... هوي، خېمىر بوپ قالدىمىكىن، مەن قاراپ باقاي.

تاجىخان سىرتقا ماڭدى. سالامەت يۇنۇسنىڭ چىنىسىگە چاي جىقلاپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ژۇرنال ۋاراقلاپ ئولتۇردى.

بىر چاغدا يۇنۇسنىڭ چىرايىدىكى شادلىق ئالامەتلىرى يوقىلىپ، ئورنىغا تۇمان يېپىلىشقا باشلىدى. ئاندىن قاپاقلىرى ساڭگىلىدى. ئاستىرتتىن دەممۇدەم يۇنۇسقا قاراپ تۇرغان سالامەت يۇنۇسنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ: «يەنە نېمە ئىش چىنىدىكىدەك بولمىغاندۇ؟ كىمنىڭ ئىشىدىن خاپىلىق تېپىپ ئۆزىنى قىيناپ يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى.

— قارا، بۇ مەكتەپ مۇدىرىنى، «سىزنى باشقىلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي يىللىقلار گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ بېكىتتۇق» دەيدا تېخى! نەچچە ۋاقىتتىن ئادەمگە بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ، مېنى چوڭ تەمە قىلدۇرۇۋېتىپ... بولمىدى بۇ ئىش. مەن رازى ئەمەس، مېنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويمىدى، بۇ ئادىل بولمىدى. مەكتەپتىكىلەر بىلىدۇ، بۇنداق بولسا مېنىڭ ئىقتىدارىم زايە كېتىدۇ.

يۇنۇسنىڭ بارغانچە قايناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سالامەت سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى:

— ئۇنداق دېمەڭ يۇنۇس، شۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن سىزنى تاللىغىنى يەنە سىزنى قوللىغىنى، سىزگە ئېتىبار بەرگىنى.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئادەمنى گوللىغاندەك يىللىقلار

گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ قويغىنى نېمىسى؟

ــــ ئىش دېگەن ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ. بەلكىم، ئۇلار سىزنى ئالدى بىلەن يىللىقلار گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ، ئاندىن تەربىيەلەپ ئۆستۈرىمىز دېگەندۇ؟

ــــ ئەمدى تەربىيەلەيمىز دېسە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ ــــ دېدى ھېلىتىنلا ئىچى پۇشۇپ كەتكەن يۇنۇس.

ــــ سىز تېخى ياش تۇرسىڭىز، نېمىگە تېنەيسىز؟ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەڭ.

بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ سالامەت ئۆزىگە ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ، يۇنۇس بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ توي قىلىپ بولغۇنگە قەدەر يۇنۇسقا بۇنچىلىك كۆپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. شۇنداقلا يۇنۇس پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن قوغلىشىۋاتقان «ئۆسۈش» ئىشىغا بۇنچىلىكمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى.

ــــ مەكتەپ مۇدىرى كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش قىلغان بولسا، ئۇنى قانچىلىك رازى قىلىۋېتەر ئىدىم... ئۇ بۇنى بىلمىدى. بولمىسا ئىلمىي مۇدىرلىق ئورنى بوش تۇرۇپتۇ. مېنى بېكىتىپ قويسىلا بولاتتى. مېنى ئىلمىي مۇدىر دەپ ئېلان قىلىۋەرگەن بولسا، ھېچكىم مەكتەپ مۇدىرىغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ئىشلىرىمۇ يۇرۇشۇپ كېتەتتى، ئۆزۈممۇ پۇخادىن چىقاتتىم.

بۇلارنى ئاڭلىغان سالامەت جىم تۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى:

ــــ نەچچە ۋاقىتتىن قىلغانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىكىن، مەكتەپ مۇدىرىنىڭمۇ بىر خىيالى باردۇ؟

ــــ بولدى ئەمدى، مېنى ئىلمىي مۇدىر قىلغان بولسا، ئانار ساتقان پۇلدىن بىر ئاز سوڭگۈتەي دېگەنىدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا پۇلغۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئانارمۇ يوق. قاراپ تۇرۇڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن: «باشلىقلارنى يوقلىماقچى ئىدىم. نەچچە يەشىك ئانار تەييارلاپ بەرسىڭىز» دەپ ئالدىمغا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مەنمۇ دەيدىغانني دەيمەن.

يونۇس بىسىلىدىغاندەك، ئاچچىقى يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ سالامەت: «ئەمدى خېلى كۆنۈلەرگىچە ئۆيدە ئارامچىلىق بولمايدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى. سالامەتنىڭ ئەنسىرىشى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭلىق بىلەن سالامەتنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ ئەنسىزلىكى تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتەتتى.

كېچىدە يۇنۇسنىڭ جۆيلۈشلىرى ئاز كەلگەندەك، ئەنسىز خىياللار قىيناپ سالامەت تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى سالامەت بىرسىنىڭ تۈرتۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. سالامەت كۆزىنى ئېچىپ، كىيىنىپ بولغان يۇنۇسنى كۆردى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى سالامەت ئەجەبلىنىپ.

— مەن مەكتەپكە كەتتىم.

— نېمانچە ئەتىگەن؟

— بىرىپ بىزنىڭ يىللىقتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يوقلىما قىلمىسام بولمايدۇ.

ھەيرانلىقتىن سالامەتنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، بەك ئەتىگەنغۇ؟

— ئۇلارنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن ئاكتىپراق بولمىسام بولمايدۇ - دە.

— ناشتا قىلمامسىز؟

— ئازراق نان يەۋالدىم، خوش.

يۇنۇس ئالدىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن سالامەت يۇنۇسنىڭ ئاخشامقى گەپلىرىنى خىيال قىلدى ۋە يۇنۇسنىڭ بۈگۈنكى ئىشىدىن كۆلگۈسى كەلدى.

شۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپ، يۇنۇس ئالدىراش بولۇپ كەتتى. نېمىشقىدۇر مەكتەپتىن كەلگۈسى كەلمەيتتى. ئۆيدىمۇ يىللىقلار گۇرۇپپىسىدىكى 11 ئادەمنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە تۈرلۈك پىلان، چارىلەرنى تۈزەيتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ سالامەتنىڭ

بېشى ئاغرىپ كېتەتتى.
سالامەت 1 ـ مەۋسۇملۇق ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتى. يۇنۇس تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىر چاغدا ئورنىدىن تۇردى.
ــ نەگە بارىسىز؟
ــ ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپ باقاي، قەغەز تەكشۈرۈۋاتامدىكىن؟
ــ قەغەز تەكشۈرىدىغان ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بەرگەندىكىن، سىز قاراپ تۇرمىسىڭىزمۇ قىلىدىغان ئىشنى قىلار؟
ــ شۇنداق بولسىمۇ نازارەتچىلىك قىلىپ قوياي. بەزىلەر بار، تولا كوتۇلداپ قەغەزنى ۋاقتىدا تەكشۈرمەي ئىشنى كەينىگە سۈرىدۇ. گەپ قىلسام، «رەھبىرىم گەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ ھېچقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا يانىدۇ تېخى.
يۇنۇس چىقىپ كەتتى. سالامەتكە يۇنۇسنىڭ ھە دېسە ئۆزىنى «باشلىق، رەھبەر» دەپ ئاتىشى تولىمۇ تېتىقسىز بىلىنىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا بۇ گەپنى دەپ قويىدىغان بولسا، ئېغىر جېدەل چىقىدىغانلىقى سالامەتكە ئېنىق ئىدى.
سالامەت: «توۋا، ئادەم ئەمەلگە خۇمار بولۇپ قالسا بۆلەكچىلا بولۇپ قالىدىكەن» دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. تېلېفون ئۆز ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى. سالامەت «چوقۇم ئاپام» دەپ دەرھال قايتۇرۇۋىدى، ئاتىسى سابىر بولۇپ چىقتى.
ــ نېمە قىلىۋاتىسىز قىزىم؟
ــ قەغەز تەكشۈرۈۋاتقان.
ــ ئۆيگە كەلسىڭىز بوپتىكەن.
ــ مۇھىم ئىش يوقتۇ؟ بەك ئالدىراش ئىدىم.
ــ ئاپىڭىز ساقىسىز بولۇپ قېلىپ يېتىپتۇ.
ــ ھە ! ئۇنداق بولسا ھازىرلا باراي.
سالامەت ئالدىراش كىيىنىپ ئۆيىگە ماڭدى.

ھويلىنىڭ ئىشىكىدە ئاتىسى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.
— ئاتا، ئاپامغا نېمە بولدى؟ نەرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ زۇكام بولۇپ قالمىغاندۇ؟
سابىر بېشىنى چايقىدى ۋە ئاستا گەپ قىلىشقا ئىشارەت قىلدى.
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى بىر ئىشنى تۇيغان سالامەت.
— قىزىم، بايىراقتا ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىدىن ئادەم كېلىپ، ئاپىڭىزنى دوختۇرخانا باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇپتۇ. ئاپىڭىز شۇنىڭغا خاپا بولۇپ، ياتىپ يېتىپتۇ. يىغلىغىلى نىكەم. نېمىلا دېسەم گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ. تولا گەپ قىلىپ بەك ھېرىپ كەتتىم. كىرىپ گەپ قىلىپ بېقىڭ.
سالامەت ئۆيگە كىردى. دەرۋەقە، زۆھرەخان يۈزىنى ياستۇققا چىڭ ياققىنىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.
— ئاپا...
قىزىنى كۆرگەن زۆھرەخان ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى.
— يىغلىما ئاپا، ئۇنچىلىك قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ ئۇ.
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئۇلار مېنى ئىشلىتىدىغاننى ئىشلىتىۋېلىپ شۇنداق يۈزسىزلىك قىلسا بولامدۇ؟ مەن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن؟ دوختۇرخانىنى ئوبدان باشقۇرالماپتىمەنمۇ ـ يە؟ يا يېشىم ئېشىپ كېتىپتىمۇ؟
— ئاپا، بولدى يىغلىمىغىنا، ھېلىمۇ شۇنچە يىل سورىۋالدىڭ.
— نېمىشقا ئۇلار مۇشۇ ئەجرىمنى كۆزدە تۇتمايدۇ؟ «يەنە بىر نەچچە يىل ئىشلەپ بېرەي» دېگەن گېپىم قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدا؟ ئەمدى مۇشۇنچىۋالا ئېتىبارسىز ئادەم بولۇپ قالدىممۇ؟
— ئۇنداق بولسا پېنسىيەگە چىقىۋېلىپ، ئارامخۇدا يۈرمەمسەن، نېمە قىلىسەن دوختۇرخانا باشلىقى بولىمەن دەپ

جىنىڭنى ئۇپرىتىپ.
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا... ھېچ بولمىسا ئۇلار مەن كۆرسەتكەن نامزاتنى بولسىمۇ ئورنۇمغا قويغان بولسا مەيلىتىغۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پۈتۈننىڭ ئۇچىغا قاراپ كەلگەن بىر نىيمنى دوختۇرخانا باشلىقى قىلىپ... ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى مېنىڭ.
— سىنىڭ قانداق ئىشلىگىنىڭنى خەق بىلىدۇ، ئاپا. شۇڭا، كىشىلەر يەنىلا سىنىڭ قەدرىڭنى قىلىدۇ، چوڭ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن پېشقەدەم دوختۇر تۇرساڭ، سىنىڭ ئابرۇيۇڭ يەنىلا يۇقىرى، بۇ جەھەتتە ھېچكىم ئالدىڭغا ئۆتەلمەيدۇ. كىم بىلىدۇ، كىشىلەر ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە سېنى دوختۇرخانا باشلىقى بولسۇن، دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالامدۇ تېخى؟
بۇ گەپلەر ئۇنۇمىنى كۆرسىتىپ زۆھرەخان ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى.
— شۇنداقمۇ بولۇرمۇ قىزىم؟
— ئۇنداق ئىشلار جىققۇ، — دېدى سابىر.
— ئۇغۇ راست، — دېدى زۆھرەخان شارتتىدە ئۆزىنى ئوڭشاپ، — ئۇنىمۇ بىر يىل سىناق دېدى. توغرا، سىناقتىن ئۆتەلمىسە قالمامدۇ؟
— شۇ، — دېدى سالامەت تەسەللى بېرىپ، — ئۇنىڭ دوختۇرخانا باشقۇرۇش تەجرىبىسى بولمىغاچقا، ئاسانلا چاندۇرىدۇ. شۇڭا پىكىر چىقماي قالمايدۇ.
خېلى ئوڭشىلىپ قالغان زۆھرەخان يۈزىنى يۇدى. ئاندىن سالامەتكە:
— خام قىيما قىلىپ، ئاچچىق ـ چۈچۈك سۇيۇقئاش ئېتىڭە قىزىم، — دېدى.
سالامەت تېز تۇتۇش قىلدى.
تاماقتىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ خېلى ئوڭشىلىپ قالغانلىقىنى

كۆرگەن سالامەت ئۆيگە قايتماقچى بولدى. ئۇ، ئىچىنى قۇرت يەۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ تۇرغان زۆھرەخان بىلەن خوشلاشتى.
سالامەت ئۆيگە قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ھالى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ قولى ئىشقا بارمىدى. شۇڭا، كاڭغا قويغان شىرەگە يېيىۋالغان ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرگۈسى كەلمەي بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ كىچىكىدىن ئاپىسىنىڭ كەسكىن، دادىل، غەيرەتلىك مىجەزىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بولغاچقا، ئاپىسىنى ھەرقانداق ئىش ئالدىدا بىچارىلەرچە يۈرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، بۈگۈنكى ئىش ئۇنى بەك ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئاپىسىنى بۇنچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ زىنھار ئويلىمىغانىدى. راست، سالامەت دوختۇرخانا باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئاپىسىغا بۇنچىلىك ئېغىر كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. سالامەت بۇرۇن بەزى باشلىقلارنىڭ ئەمەلدىن چۈشكەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ مۈكچىيىپ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، شۇ چاغدا: «نېمانچە قىلىدىغاندۇ؟ ئەل قاتارى يۈرسە بولمامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغانىدى. شۇنداقلا ئۇ يېشى توشۇپ قېلىش، سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلدارلىق ئورنىنى بوشىتىپ بېرىپ، ئاددىي پۇقرا بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقان كىشىلەرنىمۇ كۆرگەنىدى. شۇنداق، كىشىلەرنىڭ ئەمەلگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى خەلقنى باشقۇرىدىغان ئىمتىياز دەپ بىلىۋېلىپ، خەلق ئالدىدا گىدىيىۋالىدۇ. نەتىجىدە ھوقۇقتىن چۈشكەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بىنورمال روھىي ھالەت يۈز بېرىدۇ. سىردىشىدىغان ئادەم تاپالماي بىنالارغا، دەرەخلەرگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ھېچ بولمىسا مۇنداق ئاددىي رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك: ئۇلاردىن بۇرۇن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇ

ئۆلتۈرغان ئەمەل ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. بۇنى ھەرۋاقىت ئېسىدە تۇتقان ئادەم خەلق يۈكلىگەن بۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى چىرايلىق ئادا قىلىپ، ئۆز قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭىمۇ، بەزىلەر ھوقۇقنى چاپانغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېيىشىدۇ: «ھوقۇق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تىكىلگەن چاپانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئورۇققىمۇ، سېمىزگىمۇ، ئېگىزگىمۇ، پاكارغىمۇ، ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ دەل كېلىۋېرىدۇ. پەيتى كەلگەندە سەن كىيىسەن، يەنە بىر ۋاقىتلار كەلگەندە ئۇ كىيىدۇ. ئادەم ئالمىشىدۇ، كىيىم ئالماشمايدۇ ھەم كونىرىمايدۇ. شۇڭا، بۇ چاپاننى مەڭگۈ كىيىمەن دېگەن ئادەم كاللىسىدىن كېتىپ قالىدۇ.»

قارىغاندا زۆھرەخان «بۇ چاپاننى مەنلا كىيىمەن» دەپ ئويلىغان چېغى. ئۇنىڭ كۆز يېشى، ئەسەبىيلەرچە ھالىتى بۇنىڭ دەلىلى. بۇنىڭلىق بىلەن سالامەت ئاپىسىنى مەسخىرە قىلسۇنمۇ؟ «ئەمەل سارىڭى» دەپ ئاچچىقلانسۇنمۇ؟ ياش تۆكۈشلىرىنى ئەخمىقانىلىككە چىقىرىپ تەنە قىلسۇنمۇ؟ ئۇ بەربىر سالامەتنىڭ ئاپىسى - دە. شۇڭا، ئۇنىڭ يەنىلا ئاپىسىغا تەسەللى بەرگۈسى، ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈسى، دەردىنى تارتىشىپ بەرگۈسى، كىملەرگىدۇر تەڭ ئاچچىقلىنىپ بەرگۈسى كەلدى.

نېمە قىلىش كېرەك؟

كۆپىنچە ئاياللار كىيىم بىلەن شادلىنىدۇ، قايغۇسىنى ئۇنتۇيدۇ، دەرد ئەلىمى يېنىكلەيدۇ.

كۆپ ئويلانغان سالامەت، خەلچەم مۇئەللىمنىڭ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. خەلچەم مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئايال مۇئەللىملەرنىمۇ خۇش قىلالايدىغان بىر ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى مال تونۇيتتى، يارىشىملىق كىيىملەرنى تاللاشقا ماھىر ئىدى. كىيىم كېيىشكىمۇ ئېپى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئالغان كىيىملىرى باشقىلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، ھەممىسى

تالىشىپ تۇرۇۋاتتى ۋە 50 ـ 60 كوي باھا قوشۇپ سېتىۋالاتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرگەندىن كېيىن خەلچەم مۇئەللىم مەلۇم ۋاقىتلارغا ئۇدۇللاپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ بەش ـ ئون قۇر كىيىم تاللاپ كېلىدىغان بولدى. مۇئەللىملەر ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ كىيىملەرنى تۆۋىنى 50 كويدىن يۇقىرىسى 200 كويغىچە پايدىسىغا سېتىۋالىدىغان بولدى. بارا ـ بارا بۇ ئىش ئادەتكە ئايلاندى. ئايال مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا كىيىم بۇيرۇتىدىغان، كىيىم ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىسا ھايالشىماي ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدى. قىسقىسى، ئۇلار بۇ يىراق يېزىدىن ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ، يەنە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىك تارتىپ ياراشقۇدەك كىيىم سېتىۋالماي ئىچى ئاچچىق بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن بۇنى ئەلا بىلىشكەندى.

سالامەت بارغاندا خەلچەم مۇئەللىم ئايىغىنى مايلاۋاتقانىدى.

— نەگە جابدۇنۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى سالامەت ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن.

— ئۇرۇمچىگە. ئالدىنقى قېتىم ئەكەلگەن كىيىملەر تۈگىدى. يەنە ئەكەلسەم بولغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇتمىلارمۇ كۆپىيىپ قالدى ئەمەسمۇ. روشەنگۈلنىڭ تويىغا كىيىپ بارىدىغانغا بەسلىشىپ قالدىغۇ بۇ خېنىملار.

— ھە...

— بىرەر ئىش بارمىدى سالامەت؟

— شۇ... ئېپىدىرەك كىيىم بولسا ئاپامغا ئالاي دېگەنىدىم...

خەلچەم مۇئەللىم شاققىدە ئۆرە بولدى:

— تازا ۋاقتىدا كەپسىز. مەن سىزنى گوللىغىنىم ئەمەس، تېخى خالتىسىدىن چىقارمىغان بىر پەلتو بار ئىدى. پىيادا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قېلىپلا ئەكېلىپ قويغانىدىم. تېخى بىرەرىگە كۆرسەتكۈدەكمۇ بولمىغانىدىم. مىنىڭچە، ئاپىڭىزغا موك يارىشىدۇ.

خەلچەم مۇئەللىم تېزلىك بىلەن بىر خالتىنى ئېلىپ پەلتونى چىقاردى. پەلتو تولىمۇ كۆركەم ئىدى. رەڭگى، پاسونى سالامەتكە يېقىپلا قالدى. بولۇپمۇ پەلتونىڭ ياقىسى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

سالامەت پەلتونى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

— نەچچە پۇل دوستۇم؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن بىز تەڭتۇشلارغىلا كىيىم ئەكېلىپ، چوڭ ياشلىق ئاياللارغا ئەكەلمەيۋاتقىنىمنى. بايا دېدىمغۇ، بۇ پەلتونى كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپلا ئەكېلىپ قويغان... بولدى، چوڭلارنىڭ كىيىمىنى تۈنجى قېتىم ئەكەلگىنىم بولغاچقا پايدىسىنى كۆزلىمەي، 950 كوي بېرىڭ.

سالامەتمۇ «بىرەر مىڭ كوي بولار» دەپ پەرەز قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ تالاشمايلا پەلتونى سېتىۋالدى. «ئاپام بۇ پەلتونى كۆرسە چوقۇم خۇش بولىدۇ» دەپ ئويلىدى سالامەت.

ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھان قەغەزلىرىدىكى نەتىجىلەرنى جەدۋەلگە ئورنىتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. يۇنۇس ئۆزى ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرمىسا ئوقۇتقۇچىلار قېچىپ كېتىدىغاندەك، ئىشىك تۈۋىگە ئورۇندۇق قويۇپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

بىر ئوقۇتقۇچى جەدۋەلگە قاراپ، خېلىغىچە بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يۇنۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يۇنۇس مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە نەتىجىسىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتتىن كېيىن ئىككى خانىسىغىچە يازىمىزمۇ؟

يۇنۇس دەرھال قوشۇمىسىنى تۈردى:

— ھەئە !

ئوقۇتقۇچى كەينىگە يانماقچى بولدى ـ يۇ، بۇرۇلۇپ:

— يۇنۇس مۇئەللىم، جەدۋەلنىڭ كاتەكچىسى كىچىك بولۇپ قاپتۇ، پاتقۇزۇش تەسكەن. شۇڭا، ئونلار خانىسىغىچە ئالساق

بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولمايدۇ، — دېدى يۇنۇس كەسكىنلىك بىلەن، — نەچچە قېتىم ئېيتتىم، نەتىجىدىكى پەرقلەرنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن يۈزلەر خانىسىغىچە ئالىمىز دەپ.

— سانلار پاتمايۋاتسا.

— كىچىكرەك يېزىڭىزلار.

— بەك كىچىك بولۇپ كەتسە... ئۇنداق قىلغاندىن جەدۋەلنى سەل چوڭ سىزساق بولامدۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان يۇنۇسنىڭ ئاچچىقى كەلدى. بۇ جەدۋەلنى يۇنۇس سىزىپ، شافىگرافتا كۆپەيتكەنىدى. «ئەمدىزە، مېنىڭ سىزغان جەدۋىلىمنى بولماپتۇ، دېمەكچىمۇ؟ بۇ دېگىنىڭ مېنى بۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمايدىكەن دېگىنىڭ ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنداق بوزەك بولىدىغان باشلىق ئەمەس» دەپ ئويلىغان يۇنۇس يېرىمى تولدۇرۇلغان جەدۋەلنى قولىغا ئالدى:

— مانا، سانلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەنغۇ. مۇشۇ بويىچە تولدۇرىڭىزلار، نەتىجە دېگەن ئىنچىكە بولغىنى ياخشى.

ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بېشىنى چايقاپ قويۇپ جايىغا كەتتى. يۇنۇس تېخىمۇ گىدىيىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. چاقىرغۇسىغا قارىغان يۇنۇسنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەكتەپ مۇدىرى چاقىرغۇ قىلىپتۇ، — دېدى يۇنۇس باشقىلار ئاڭلىسۇن دېگەندەك. ئاندىن ئىشخانىدىن چىقتى.

ئىشخانىدا مەكتەپ مۇدىرى يالغۇز ئولتۇراتتى. يۇنۇس ئىشىكتىن كۈلگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— قانداقراق يۇنۇس مۇئەللىم؟ — دېدى مەكتەپ مۇدىرى سالقىن چىراي ھالدا.

— خىزمەتلەردىن ئوت چىقىرىۋەتتىم مۇدىر.

— ئوت چىقىپ كەتكەن بىلەن ئوت كەتسە چاتاق چىقمىدۇ، —

دېدى مەكتەپ مۇدىرى چاقچاق قىلغاندەك، — ئوقۇتقۇچىلارنى بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋېتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇنۇس دەرھال چۈشتىكى ئىشنى يادىغا ئالدى: «چېقىشتۇرۇپتۇ ـ دە، خەپ، قاراپ تۇرۇڭلار... »

— مۇدىر، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن بىلەن قەغەزلەر تۈگىمەيدۇ.

— بۇنى ئويلىغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك. بىراق، ئىش ئورۇنلاشتۇرغاندا ئەمەلىي ئەھۋالغا باقمىساق بولمايدۇ. ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا ئامال بار قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئويلاڭ. ئۇلار ئۆيىگە بېرىپ تاماق قىلمىسا بولمايدۇ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئۆي ئىشلىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندا ئەپلەشتۈرۈپ ئىش قىلىشقا دىققەت قىلىڭ.

بۈگۈن چۈشتە ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بالدۇر قايتىپ تاماققا تەييارلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، يۇنۇس ۋەزىپىنى تۈگەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى چۈش سائەت 12 گىچە تۇتۇۋالغانىدى. ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ يۇنۇس بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك بىر ئەر ئوقۇتقۇچى ئارىغا كىرىپ:

— بولدى يۇنۇس، ئۇلار قايتىۋەرسۇن، ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىز قىلىۋېتەيلى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان يۇنۇس ئۇنىڭغا ھۆرپەيدى:

— بىرسىنىڭ ئىشىنى بىرسى قىلىشىپ بېرىدىغان ئېتىز ئىشى ئەمەس بۇ.

— ئېتىز ئىشىغۇ ئەمەس، نومۇر جەملەيدىغان ئىشقۇ شۇ.

— سىز نومۇر جەملەشكە سەل قاراۋاتامسىز؟ ئىلمىي ئىش بۇ!

— بىرمۇبىر جەملەيمەن دەپ بىزگە قاراپ ئولتۇرغاندىن قەغەزلەر تەكشۈرۈلۈپ بىر يەرگە بارغاندا جەملىسىمۇ ئۈلگۈرىدىغۇ.

— بولدى، سىز ئىشىڭىزنى قىلىڭ. ھەممە ئىشنىڭ تەرتىپى بار.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئايال مۇئەللىمدىن بىرسى جېدەلنى ئۇلغىيىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، — بىرەر ۋاق تاماقنى يېمىگەنگە ئۆلۈپ قالماس بالىلىرىم.

ھېلىقى ئەر مۇئەللىم يۈنۈسقا تازا قاتتىق تەگمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، باشقىلار ئۇنى تارتىپ بېسىپ قويىدى.

مانا شۇ ئىش ئەمدى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاغزىغا چىققانىدى.

— بولىدۇ مۇدىر، مەن دىققەت قىلاي، — دېدى يۈنۈس.

— ئۇششاق - چۈششەك پىكىرلەرمۇ خېلى بار. مەن ئۇلارنى باستۇرۇپ قويدۇم. ئادەم يېڭى ئىش باشلىغاندا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيمەن دېيەلەمدۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىڭ.

يۈنۈس ئىشخانىدىن سالپايغىنىچە چىقتى. مۇدىرنىڭ گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىۋەتكەنىدى. بۇ يەردىن دەشنام يەپ چىققان يۈنۈسنىڭ ئىشخانىغا بارغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيىگە ماڭدى.

يۈنۈس ئۆيىگە كەلگەندە، سالامەت كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقانىدى. ئۇ، يۈنۈسنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. يۈنۈس كاڭدا ياتقىنىچە پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. بايىقى ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەت چىقمىدى. «خەپ، ئۆزۈمنى سىلەرگە بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام. ھازىردىن باشلاپ مۇشۇنداق چىڭ تۇتمىسام، كېيىن ئۇلارنى قانداق باشقۇرىمەن؟ ھېلىتىنلا بوشلۇق قىلغىلى تۇرسام، كېيىن مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالامدۇ؟ ھازىرقى مۇدىرنىڭ ھەرقانداق گېپىگە ھېچكىم غىڭ قىلالمايدىغۇ. مەنمۇ ئاشۇنداق بىر ھالەتنى بەرپا قىلىشىم كېرەك. بوپتۇ، ھازىرچە مۇدىرنىڭ تەنقىدىگە چىداپ تۇراي... »

يۈنۈسنىڭ ئۆزۈنىچە جىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سالامەت، «كەيپىياتى ئۆكتىلىپ قالغان چېغى» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— يۈنۈس.

يۇنۇس كۆزىنى ئېچىپ سالامەتكە قارىدى.

— ئاپامغا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك كەپتىكەن. شۇڭا خوشال بولۇپ قالسۇن دەپ، بىر پەلتو ئېلىپ بەردىم.

بۇنى ئاڭلىغان يۇنۇس سەگەكلەشتى:

— نەچچە پۇل ئىكەن؟

— 950 كوي.

يۇنۇس چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— تولا ياسالمىلىق قىلماڭە. شۇنچە پۇللۇق كىيىمنى ئېلىپ بولۇپ، ئەمدى يالغاندىن ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— يۇنۇس، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئۇ چاغدا جىددىيلا بولۇپ قالدى... سىز بولمىغاندىكىن... مانا ئەمدى بولسىمۇ دەۋاتىمەنغۇ.

— «سىز بولمىغاندىكىن» دەپ كەتكىنىنى. ھەر يوق ئىشلارغا چاقىرغۇ قىلىسىز...«سېنىڭدەك نېمە بىلەن نېمە ئىشىم» دېگىنىڭىزمۇ بۇ ئەمدى؟

— ياق يۇنۇس، ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇ كىيىمنى بىرەر كۈن كېچىكىپ ئالسىڭىز، بىر نەرسە بولۇپ كەتمەيتتىغۇ ئۇ ئاپىڭىز؟

— يۇنۇس، گېپىمنى ئاڭلاڭ. بۈگۈن ئەتىگەن ئاپامنى يۇقىرىدىن دوختۇرخانا باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇۋېتىپتىكەن. شۇڭا...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇنۇس تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوش ئاۋازدا:

— ئاپىڭىز ھوقۇقىدىن قاپتىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟ نېمانچە تېز، — دېدى. ئاندىن ئەلەم بىلەن قوشۇپ قويدى، — خەق نېمە دەيدۇ بىزنى ئەمدى؟

— شۇڭا ئاپامنى خوش بولۇپ قالسۇن دەپ...

— شۇنچە پۇللۇق كىيىمنى نېمىشقا ئالىسىز؟!

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بايا: «ماڭا

دەپ قويماپسىز» دەۋاتقان ئادەمنىڭ بۇ گېپى سالامەتنى باشقىچىلا قىلىپ قويدى. سالامەت ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. دېمەك، يۇنۇس زۆھرەخانغا قېيىنئاپا سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانا باشلىقى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

شۇڭا سالامەتنىڭمۇ جەھلى قاتتى.

— يۇنۇس، دەپ بېقىڭا، مېنىڭ بۇ ئۆيدە شۇنچىلىك پۇلنىمۇ خەجلەيدىغان يولۇم يوقمۇ؟

يۇنۇس مەسخىرىلىك كۈلدى:

— بار. پۈتۈن مال ـ دۇنيايىمىزنى خەجلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن مېنىڭدىن بىسوراق خەجلىسىڭىز بولمايدۇ.

سالامەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— سىز مېنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ئۆزۈمنى پۇلدىن قىسىپ ياشاپ باقمىغان...

يۇنۇس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— بولدى قىلىڭا، مەن بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەسسىز.

— مېنىڭ نېمەمنى بىلىسىز؟

— بىلىپ قېلىڭ، سىز ئۆنچىلىك كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم ئەمەس مەن. ئۆنچىلىك كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەمگە تېگىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ئۆنچىلىك دەپ كەتمەڭ. مەن تېگىمەن دەپ تەگدىممۇ؟ — پارتلىدى سالامەت، — تويىمىزنىڭ قانداق بولغانلىقى ئۆزىڭىزگە ئايان. چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ كېتەيلى دېسەم...

— ئۆي تۇتقىڭىز يوقمۇ؟ مەن سىزنى تۇتۇۋالمىدىم.

سالامەت غال ـ غال تىترىدى.

— بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇشۇنداق دېمەكچىمۇ؟ بارار يېرى يوق ماكانسىز ئادەم ئەمەسمەن.

— ۋاي، كاتتا ماكانىڭىز بار. بېرىڭ، باشلىق ئاپىڭىز سىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

— سىز!

ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان سالامەت، سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى.

سالامەتنىڭ ئەپتىنى كۆرگەن زۆھرەخان پايىپېتەك بولۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى قىزىم؟ سىزنى بىر نېمە دېدىمۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى، زۆھرەخان پەپىلەپ يۇرۇپ ئۇنىڭ يىغىسىنى باستى. سالامەت ئېسەدەپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋالنى دەپ بەردى. ئەھۋالنى ئۇققان زۆھرەخان سالامەتنىڭ سومكىسىنى قولىغا تۇتقۇزدى:

— مېڭىڭ، بىرىپ ئۆيىڭىزنى تۇتۇڭ.

— ئاپا، مەن...

— ھازىرلا قايتىڭ. خەق ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ بىر كۆڭۈل ئاغرىقنى تارتالماي ئولتۇرسام... بۇ گەپلەرنى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق ھازىر.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئاپا، مېنىڭ مىڭ كوي پۇلچىلىك يۈزۈم يوقمۇ؟

— بىزدە پۇل كەممۇ قىزىم؟ ئەر كىشى دېگەن ئاشۇنداق دەيدۇ. ھە دەپ ئۆتۈشنى ئۆگىنىڭ. كۆڭۈلنىڭ تىنچ بولغىنى ياخشى. خەققە سۆز ـ چۆچەك تېپىپ بېرىدىغان ئىشنى قىلماڭ.

— ئاپا، گەپ پۇلدا ئەمەس. ئۇ شۇنچىلىك ئىشقا مەن بىلەن ئۇرۇشقان يەردە كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ، كىم بىلىدۇ؟

— ئەستا، بۇ قىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى؟ دوست ـ دۈشمەنلىرىمنى كۈلسۇن دەمسىز؟ ھېلىمۇ ئۇلار ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، چاۋاك چېلىشىپ ئولتۇرغاندۇ؟ گېپىمگە كىرىپ قايتىڭ. ئۆي دېگەندە ئۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈشنى ئۆگىنىڭ.

قايتىشقا سالامەتنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايۋاتاتتى. بىراق زۆھرەخان

ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئۇنى ئىشىكتىن چىقىرىۋەتتى.
سالامەتنىڭ يۈنۈسنىڭ يېنىغا پەقەت بارغۇسى يوق ئىدى. ئىچىنى تىنچىشاپ بېقىۋىدى، ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇنداق بىر باھانىنى كۈتۈۋېتىپتۇ. كۆكگۈل چۈشمىگەن ئەر بىلەن ئۆتمەك نېمىدېگەن ئازاب ـ ھە!
ئۆزىنىڭ بۇگۈنكىدەك تەقدىرىدىن ئېچىنىپ يۈتى قايغان تەرەپكە كېتىۋاتقان سالامەت، دوستى روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئويلىدى.
روشەنگۈل ئۇنىڭ تۈتۈلغان چىرايىنى كۆرۈپلا ئۆيىدە بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ، كەيپىياتىنى ئۆڭشىماقچى بولدى:
— ئېرىڭىزدىن تازا تاياق يەپسىز ـ ھە؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان سالامەت كۈلۈۋەتتى:
— مېنى ئۇرالامتى ئۇ؟
— ئۇرغاندەك قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن سالامەت بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.
— دوستۇم، ئالدىراپ ئاجرىشىدىغان ئىشنى قىلماڭ، — دېدى روشەنگۈل ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئادەم دېگەننىڭ ھەممىلا تەرىپى ئەسكى بولمايدۇ. تۇرمۇش دېگەننىڭ ئاشۇنداق ئېگىز ـ پەس يېرى بولىدۇ.
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن شۇنچىلىك پۇلغا كۆڭلۈمنى ئاغرىتسا قانداق بولىدۇ؟ يا مەن ئۇ پۇلنى چۈشۈرۈپ قويمىسام.
— گەپ ئۇ يەردە ئەمەس. بەلكىم يۈنۈس سىرتتا بىرەر ئىشتىن رەنجىپ كىرگەن بولسا، سىزگە قاتتىق تەگكەندۇ؟ ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولىدىكەنغۇ: سىرتتىكى قورساق كۆپۈكىنى ئۆيدىكىلەردىن چىقىرىدىغان.
لېكىن سالامەتنىڭ ئاچچىقى بېسىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— كۆكگۈل چۈشمەي توي قىلىش بولمايدىغان ئىش ئىكەن. قارىماققا تۇرمۇش بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن بىر

يېرىلا پىستان چېقىپ تۇرىدىكەن.

— بۇگۈنگىچە كەلگەندە ئۇنداق دېيىشىڭىز بولمايدۇ. ئۆي تۇتۇشنى ئۆگىنەيلى دوستۇم. بەزى ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزى ئىشلارغا ئاستا ـ ئاستا كۆنىدىغان گەپكەن. كېيىنچە، بۇگۈنكى خىياللىرىڭىزنى ئويلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئۇپراتقىنىڭىزنى بىلىپ قالىسىز.

— قېرى خوتۇنلاردەك گەپ قىلدىڭىزغۇ؟

— ئوقۇغان كىتاب، كۆرگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا قاراپ بېقىڭا. ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈز ـ ئابرۇيىمىزغىمۇ دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ.

— ئاپامغا ئوخشاشلا گەپ قىلدىڭىز.

— ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تۇرمۇشىمىز تۇرمۇش بولىدۇ. خىلۋەت بوستانلىقتا يالغۇز بىزلا بولغان بولساقفۇ، نېمىلا بولسا مەيلى دەپ، كۆڭلىمىز تارتمىسا ياتلىق بولماي، رايىمىز يانسا ئاجرىشىپ يۈرسەك بولىۋېرەتتى.

روشەنگۈلنىڭ ئاپىسى بىلەن كېلىشىۋالغاندەكلا سالا قىلىشى سالامەتنى ھەيران قالدۇردى. روشەنگۈل قايناق مۇھەببەت تەرەپدارى ئىدى. ئەجەبا...

روشەنگۈل خۇددى ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا:

— دوستۇم، بەربىر بىر ئۆي بېشىڭىزغا كېلىدىمۇ، ئەمدى تۇرمۇشقا يۈزلەنمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى.

— بولدىلا، كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ ئوخشايدۇ، — دېدى سالامەت كەينى ـ كەينىدىن ئۇھ تارتىپ، — توي ئىشىڭىز قانداق بولۇپ كەتتى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ روشەنگۈلنىڭ چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى.

— توي بىر ئاز كەينىگە سۈرۈلىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

— نېمىشقا؟

— بولغۇسى قېيىنئاتامنىڭ خىزمىتى يۆتكىلمىدىغان بولۇپ قالدى.

— نەگە؟

— ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە.

روشەنگۈلنىڭ بولغۇسى قېيىنئاتىسى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، يېقىندا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەندى.

سالامەتنىڭ بۇ سوئالنى سورىشى مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. مانا، روشەنگۈللەرنىڭ ئائىلىسىدە روشەنگۈللا خىزمەتچى، قالغانلىرى ئېتىز ئىشى بىلەن مەشغۇل. يىگىتنىڭ ئاپىسى ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاچىسى ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا بىر بۆلۈمگە مەسئۇل، ئۇكىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل، يىگىتنىڭ ئۆزى يېزىلىق سۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى. دېمەك، يىگىتنىڭ ئائىلىسى يۈز - ئابرۇيلۇق ئائىلە، يېزىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوقۇقدارلار ئائىلىسى دېسىمۇ بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سالامەت بىلەن باتۇرنىڭ ئەكسى. «ئەجەب ئۇلار يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالاشماپتا؟ يۈز - ئابرۇي، مال - دۇنياسىنى سېلىشتۇرماپتا؟» سالامەتنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى - يۇ، دوستىغا بەخت تىلىدى. بىراق جىم تۇرغۇسى كەلمىدى:

— تولا مېنى «تۇرمۇشقا باق» دەپ كەتمەڭ. «تۇتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ.»

روشەنگۈل دوستىنىڭ ئۆزىگە دارتىملاۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ سالامەت، ھەممە ئادەمنىڭ ئوخشاش بولۇۋېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنداق ئىمكانىيەتمۇ يوق. بەزىلىرىمىز ئۇنداق تۇرمۇشقا دۈچ كەلسەك، بەزىلىرىمىز مۇنداق تۇرمۇشقا دۈچ كېلىدىكەنمىز. ئېسىڭىزدە بارمۇ، ئەينى ۋاقىتلاردا

يىگىتىم ماڭا نەزەر كۆزىنى سالماي يۇرگەندە، باتۇر ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسىڭىز، سىزلەرگە شۇنداق ھەۋەس قىلاتتىم. تۇرمۇش دېگەن شۇنداق ئىش ئىكەن. ئادەمنىڭ رايىغا باققاندەك قىلىپ ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدىكەن.

— پاھ، پەيلاسوپلاردەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟

— بۇرۇن ئۆزىڭىزلەر «چوڭ بولغاندا پەيلاسوپ بولغۇدەكسىز» دەيتتىڭىزلەرغۇ. ھازىردىن باشلاپ مەشىق قىلىپ تۇرمايمەنمۇ؟

سالامەتنىڭ دوستى بىلەن مەلۇم تالاش ـ تارتىش تۇسىگە ئىگە مۇشۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىپ، كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالدى.

سالامەت ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغىلا، چوڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ تاجىخان چىقىپ كەلدى. تۇرقىدىن تاجىخان بۇرۇقتۇرمچىلىقتا جىلە بولۇپ ئولتۇرغاندەك ئىدى.

— نەگە كەتتىڭىز قىزىم؟ — دېدى تاجىخان پايپېتەك بولۇپ، — سىزگە يەرلىك قارا توخۇدىن شورپا قىلىپ قويسام كەلمەيسىز. نەكەم سىزنى ساقلىغىلى. يۇرۇڭ، يۇرۇڭ، شۇ تاپتا تولا قايناپ شورپىسى قۇۋۋەتلىك بولۇپ كەتتى. گۆشىمۇ ئېزىلىپ يىلىك بولۇپ كەتكەندۇ؟ سىزگە تازا ياقىدۇ.

سالامەت بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

توخۇ گۆشى ھەقىقەتەن مەززىلىك پىشقانىدى. سالامەت ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن مۇشۇنچە ئاۋارە بولغان تاجىخاننى خۇشال بولسۇن دەپ، شورپىدىن ئىككى چىنە ئىچىۋەتتى. سالامەتنىڭ ئوبدان تاماقلانغانلىقىنى كۆرگەن تاجىخان كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

— قىزىم، يۇنۇسنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

— ياقەي ئاپا...

سالامەت تاجىخاننىڭ جىدەلدىن خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنچىلىك ۋارقىراشسا بىلمەي قالاتتىمۇ؟ سالامەت

ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋىدى، تاجىخاننىڭ يۈرىكى قارتىندە قىلىپ قالدى. ئوغلى بىلەن بىر مۇنچە تەگەشتى، سالامەتنى يامانلاپ تۇرۇپ قالمىسۇن، دەپ يۈرىكى سۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن زۆھرەخانغا تېلېفون قىلىپ، يالغان بىلمەس كىشى بولۇپ: «سالامەت سىزنى يوقلاپ كەتكەن، يەرلىك قارا توخۇ تەييارلاپ قويغانىدىم. قايتىپ كەلسە شورپا قىلىپ بېرەي دېگەن. قونۇپ قالىدىغان ئىش بولسا، ئەتىگە ئېلىپ قوياي» دېدى. زۆھرەخانمۇ چاندۇرماي: «مەن بىلەن ئەھۋاللىشىپ بايا قايتىپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنىغان تاجىخان توخۇنى قازانغا سالغانىدى.

— سىزنىڭ كەينىڭىزدىن يۇنۇسقا كۆپ گەپ قىلدىم. سىزمۇ بىلگەنسىز بالام، يۇنۇسنىڭ گېپى قوپال بولغان بىلەن كۆڭلى ياخشى. ئادەمنىڭ مىجەزى كۈندە بىر خىل تۇرمايدىكەن. ئۇ بۈگۈن مەكتەپتە باشقىلار بىلەن خاپىلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ خاپىچىلىقىدا... بىر قېتىم ئېغىرلىق قىلىڭ قىزىم. مەندەك بىر قېرىنى بولسىمۇ ئويلاڭ.

سالامەت «ھېچ ئىش يوق» دېگەندەك كۈلۈپ قويدى. ئەمما، بىر ئىشقا بەك ھەيران قالدى: «نېمىشقا ھەممىسى ئۆينى ئۆي قىلىشلىش توغرۇلۇق ماڭىلا نەسىھەت قىلىدۇ؟ توي قىلىپ بولسىلا ئاياللار تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالامدۇ؟ ئۆي بۇزۇلسا ئاياللارنىڭلا يۈزى چۈشىدىغان ئىش بولامدۇ؟»

سالامەتنىڭ جىم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ: «گېپىمنى يېدى» دەپ چۈشەنگەن تاجىخان بىر كونۋېرتنى ئېلىپ سۇندى:

— سىزگە خەت كەپتىكەن، بايا بىر مۇئەللىم بېرىپ قويدى.

سالامەت كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. خەت تېپىپ تېخىنىكومدا ئوقۇۋاتقان سىڭلىسىدىن كەلگەنىدى. ساباھەت خېتىدە ئاساسەن مەكتەپتىكى قايناق تۇرمۇشىنى يازغانىدى. «سىڭلىم، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق قايناق، ھاياجانلىق مەكتەپ تۇرمۇشۇم بولغان. ئۇ

باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. ھېچقانداق بىر تۇرمۇشقا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئىدى.» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سالامەت ھەسرەتلىك تىندى. ئۇزۇندىن بۇيان خىيالىغا كىرمىگەن مەكتەپ تۇرمۇشى يادىغا يېتىۋىدى، نۇرغۇن ئەسلىمىلەر بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك بولدى، ئەمما ئۇ ئەسلىمىلەر سالامەتكە خۇشاللىق بېغىشلىيالمىدى. ئەكسىچە قەلبىدىكى ئازابىنى كۆچەيتىۋەتتى.

سالامەت خەتنىڭ داۋامىغا كۆز يۈگۈرتتى. ساباھەت خېتىنىڭ ئاخىرىدا ئاچىسىغا بەخت تىلىگەنىدى. ئۇ «ئېھ! سىڭلىم، مەن ھېلىمۇ بەخت ئۈچۈن تىركىشىۋاتىمەن. ئەمما بەختنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇش ـ بولماسلىقىنى بىلمەيمەن» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلدى.

سالامەت ئۆيىگە كىرگەندە يۇنۇس ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۆيدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراۋاتاتتى. سالامەت يۇنۇسنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلدى. بۈگۈنكى ئىشلار ئۇنى ھاردۇرۇۋەتكەن چېغى، ئۇ يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى.

تاراق ـ تۇرۇقتىن سالامەت ئويغىنىپ كەتتى. يۇنۇس چېچىنى تاراۋاتاتتى. سالامەتنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرگەن يۇنۇس:

— يوقلىما تۈزۈمىنى تېخىمۇ چىڭىتمىسام بولمىدى، — دېدى ـ دە، سالامەتنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن چىقىپ كەتتى.

## U

رابىيەنىڭ كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى، جاسارىتى سەئىدنىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى. دېمىسىمۇ، بىر ئاجىز قىزنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى ماختىماي تۇرالمايدۇ. ئەمما، دۇنيادا ھەرخىل ئىدىيەدىكى كىشىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، رابىيەنىڭ بۇ ئىشىنى ماختاپ ئالقىشلىغانلار بىلەن تەڭلا، ئۇنى نادان، بەڭباش دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. يەنە بەزىلەر رابىيەنى «ئاياللىق ئابرۇيىنى

يوقاتقان» دەپمۇ قارا چاپلىدى. ئىشقىلىپ تۆشۈك دەرۋازا ئەتراپىدا رابىيە توغرىسىدا ياخشى - يامان گەپلەر بولۇنۇپ، سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

ئىبراھىم قەشقەرگە مېڭىپ ئىككىنچى كۈنىلا ياقۇپبايمۇ قەشقەرگە، يەنى قىزىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ياقۇپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىشىگىلا، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن قىزى توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدى. ياقۇپ «نېمە ئۈچۈن قىزىم بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندۇ؟ نىزاربي ھەزرەتلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ؟ ھەي، سەئىدىن دېگەن سېپىل سوقۇشقا بويۇن قاتتىقلىق قىلىپ، جابىر بەگنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن تۇرسا، قانداق قىلىپ ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ قىزىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزىنىڭ سەئىدىن بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە نىكاھىنى بۇزۇپ، يۇرت ئالدىدا يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ قىزىنى گۇناھكار بىلەتتى. رابىيەنى سۆكۈپ ئەيىبكار ئورۇنغا قوياتتى. ياقۇپچە قىزى بۇ قىلغانلىرى بىلەن ياقۇپنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنمىش، پۈتۈن خەلق ئۇلارنى ئەيىبلەرمىش.

ئاتىسىنىڭ بۇ دېگەنلىرىگە، ئويلىغانلىرىغا نىسبەتەن رابىيەنىڭ مەيدانى تولىمۇ ئېنىق بولۇپ، كۆڭلىدە «مەن ئەدەپسىز ئەمەسمەن ھەمدە نىكاھ ئاستىدىكى قىزمۇ ئەمەس. ئىشقىلىپ بۇ ئىشتا مەن پاكىز. خەق نېمە دېسە دېسۇن، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن» دەيتتى.

ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلىشىپ، ئىچكى دۇنياسىدىكى سوئال - جاۋابلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، رابىيە پەرزەنتكە خاس ھۆرمەت بىلەن ئاتىسىغا سالام قىلىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئەمما، ياقۇپ بولغان ئىشلارنى ئاڭلىغاچقا قىزىغا ئېغىز ئاچمىدى. ئېغىز ئاچمىغىنىمۇ ئوبدان بولدى. چۈنكى، ئېغىزى ئېچىلسىلا رابىيەنىڭ

دىلى رەنجىشى ئىنىق ئىدى.

ياقۇپ تېۋىپتىن قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. تېۋىپ رابىيەنىڭ بىر قەدەر ياخشىلانغانلىقىنى، نەچچە كۈندىن بېرى ئاھۇ، پىغانىنىڭ ئازايغانلىقىنى، نېمە دورىنىڭ شىپا قىلغانلىقىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى ياقۇپقا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىكى سىر پەقەت رابىيەگىلا ئايدىڭ ئىدى. «سەئىدىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشى، ھەتتا يېقىندا زىنداندىن خالاس بولىدىغانلىقى» ئۇنىڭغا شىپالىق دورا بولغانىدى.

تېۋىپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ياقۇپ، قىزىنى ئېلىپ يۇرتقا قايتماقچى بولدى. ئۆيگە كېتىشنى ئويلىغان رابىيەنىڭ يەنە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. بىراق، ئاتا كېتەيلى دەۋاتسا، قىزى قانداقمۇ قارشىلىق قىلالىسۇن! دېمەك، رابىيەنىڭ ئۆزىگە ئەمدى باھار بولايلا دەۋاتقان شەھەردىن ئايرىلىشى مۇقەررەر ئىدى. گەرچە رابىيەنىڭ باھار گۈللىرى يەنە سولىششقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئويلىسا، ئۇنىڭ ھاياتلىق گۈلىدىكى شەبنەم تامچىلىرى قايتىدىن جۇلالىنىپ كېتەتتى. ئەگەر نىزارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپلا قالسا، ئۆزۈندىن بۇيان بۇلبۇلنىڭ تەشنالىقىدا قاغجىرىغان باغ قايتىدىن بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە تولۇپ، ھايات بىخلىرى قايتىدىن جانلانغان بولاتتى.

رابىيە مېڭىش ئالدىدا سەئىدىنگە زۆھرە ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ توسقۇنسىز مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى يۇغۇرۇلغان بىر پارچە سۆيگۈ مەكتۇپى ئەۋەتتى. ئۇ بۇ ئارقىلىق سەئىدىنگە ئۆز ئۈمىدى، ئارزۇسى ۋە ئىشق ئوتىنى ئەۋەتتى:

«سالام سىزگە سەئىدىن. سىزگە ئالدى بىلەن سالامەتلىك، ساقلىق تىلەيمەن. بىزگە سالامەتلىك يار بولسىلا كۆزلىگەن نىشانلىرىمىز ئەمەلگە ئاشقۇسى. شۇ تاپتا مۇشۇ قىسقىغىنا

ۋاقىتتا سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بىراق سىزگە بولغان ھېسسىياتىم، سۆيگۈم، ھاياتلىقىم يەنىلا شۇ كۆكچىدىكى تال بويىدا ئاقىدىغان زۇمرەت سۇدەك پاك ۋە بىغۇبار. سىزگە بولغان سېغىنىشىم خەتتە يازمىسامۇ سىزگە ئايدىڭ. بۇنىڭغا، ئىككىمىزدىكى ھەقىقىي ئىشق گۇۋاھ.

شۇ تاپتا ئىككىمىزنىڭلا يۈرىكىدە داغ، قەلبىمىزدە ھىجران قايىنىدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇنچىلىك نەۋقىران يىگىت ئىدىڭىز. شۇ نەۋقىرانلىقتا ماڭا ئىشق سالغانىدىڭىز. ئاخىر مېنى دەپ مانا مۇشۇنداق ئويلاپمۇ باقمىغان قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن گۆر ئازابى تارتىۋاتىسىز. مېنى دەپ نەۋقىرانلىقىڭىز سۇنۇپ، پورەكلىگەن ياشلىق گۈللىرىڭىز خازان بولدى. بۇلارنى ئويلىسام، سىزدىن تولىمۇ خىجىل بولىمەن. بەزى ۋاقىتلاردا «مەن نېمىشقا تۇغۇلغان بولغىيتتىم، مەن بولمىغان بولسام سەئىدىن بۇنداق قىسمەتلەرنى تارتمىغان بولاتتى» دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. دەسلەپ مۇھەببەتلىك كۆڭۈل رىشتىمىزنىڭ باغلىنىشىغا ئىمكان تۇغۇلغاندەك قىلىۋېدى. بىراق، مېنى چۈشەنمىكى تەس بولغان ئاتام سەۋەبىدىن، بۇ مۇھەببەت دۇنياسىدىكى بىزگە بېرىلگەن ئاشىقلار ئورنىدا ئۇزاققىچە بىللە يۈرەلمەي نۇرغۇن ئازابلارنى تارتىۋالدۇق ھەم مۇھەببەت گۈلىستانىمىز باشقىلار تەرىپىدىن پايخان قىلىندى. تەقدىر مانا مۇشۇنداق رەھىمسىز ئىكەن. بىزدەك ئاجىز بەندىلەرنىڭ بۇ قارا تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە نە ئامالىمىز بولسۇن!!! بىراق، مەن بىزدىكى ساپ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشق يالقۇنىمىز سۇسلاپ قالمىسىلا مۇھەببىتىمىزنىڭ نۇسرەت تاپالىشىغا تامامەن ئىشىنىمەن.

ئابدۇرەھىم نىزارىي ھەزرەتلىرىدەك ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ئارا تۇرۇشى بىلەن سىز خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئەمدىلا كۆڭلۈم جايىغا

چۈشكەندى. بىراق، بۇ خاتىرجەملىكىم يەنە قايتىدىن بۇزۇلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاتام مېنى ئېلىپ كەتكىلى قەشقەرگە كەپتۇ. قەشقەردە قېپقېلىشقا ئىلاجىم يوق. قەشقەر مېنىڭ مۇھەببەت بىخلىرىمنى قايتىدىن ياشارتقانىدى. ئىككىمىزنى جابىر تۇتۇۋالغاندىن بۇيان، تا ھازىرغىچە كۆڭلۈم بۇنداق ئەمىنلىك تېپىپ باقمىغانىكەن. ئەمدى قايتىپ كەتسەم كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىراق، سىزگە بولغان ئىشەنچىم قەيەردىلا بولاي ھەرگىزمۇ سۇسلاپ قالمايدۇ. كۆڭلۈمدە سىز بولغاچقىلا ھاياتىم بۇگۈنگە قەدەر داۋام ئەتتى. كېتىش ئالدىدا سىز بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولغاچ، كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى خەت ئارقىلىق بولسىمۇ سىزگە ئېيتىۋالغۇم كەلدى.

بۇ خېتىمدە يۈرەك سۆزلىرىملا ئەمەس، بەلكى يەنە بىزنىڭ قۇتقازغۇچىمىزنىڭمۇ سىزگە يوللىغان سالىمى بار. نىزارىي ھەزرەتلىرى سىزنىڭ 2 ـ 3 ئايغىچە زىنداندىن قۇتۇلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. ئىشىڭىزنى قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە خېلى يېتىپتۇ ھەمدە سىزنى چاققان چېقىمچىنىڭ ھېچقانداق ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى، سىزنىڭ قارىغا كەتكەنلىكىڭىزنىمۇ چۈشىنىپ يېتىپتۇ. نىزارىي ھەزرەتلىرى يېنىشلاپ ‹ئۇ قايتىپ كېلىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ› دەپ ۋەدە بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلى توق بولۇپ قالدى.

سەئىدىن، مەن ھازىر بەخت ئاپتىپىنىڭ تېزرەك جامالىنى كۆرسىتىپ، بەخت قۇشلىرىنىڭ بېشىمىزغا قونۇشىنى، ئىككىمىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىزنى تولىمۇ ئۈيلايمەن ۋە ئارزۇ قىلىمەن. خوش سەئىدىن، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنىڭ ساق ـ ئامان بولۇشىڭىز مېنىڭ بەختىم. ئىشىنىڭكى، ئىشق دۇنياسىدا مېنىڭ بۇ يۈرىكىم پەقەت سىز ئۈچۈنلا سوقىدۇ.»

رابىيە بۇ مەكتۇپنى ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ قولى ئارقىلىق سەئىدىنىنىڭ قولىغا تەگكۈزگەندىن كېيىن، كۆزى قىيمىغان ھالدا تۆشۈك دەرۋازىدىن چىقىپ قەشقەر بىلەن خوشلاشتى.

## 22

گارنىڭ ئاستىدا خىيال بىلەن خېلى بىر ھازا تۇرغان يۇنۇس ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. مۇدىر تاماكا چەككەچ گېزىت ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى.

— قانداق يۇنۇس مۇئەللىم، ئىلمىي نەتىجىلەر چىقىپ بولغاندۇ؟

— چىقىپ بولدى، چىقتى.

— تاماكا چېكىڭ.

مۇدىر يۇنۇسقا بىر تال تاماكا تۇتتى. يۇنۇس خۇشاللىق بىلەن تاماكىنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى.

— ئىشلارمۇ تۈگەپ قالغاندىكىن ھاردۇق چىقىرىدىغان ئىش ئىدى، مۇدىر؟ — دېدى يۇنۇس.

— ھاردۇق چىقىرىمىز دېگەن بىلەن يەنە ھاراق ئىچىدىغان ئىش شۇ. سالامەتلىكىنىمۇ ئاسرايلى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ئەسنەپ.

— باشقىچە ھاردۇق چىقارساقمۇ بولىدۇ، — دېدى يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ، — ئاڭلىسام، ھازىر ناھىيە بازىرىدا بىر خىل ئاشخانىلار ئېچىلىپتۇ. ئاساسىي مۇلازىمىتى ئادەتتىكى ئاشخانىلارغا ئوخشاشتەك. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ، كىچىك - كىچىك قىزلار بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ بەرگۈدەك.

مەكتەپ مۇدىرى بۇ گەپكە قىزىقتى.

— قانۇنسىز ئاشخانىلارمۇ - يە؟

— ياق، تىجارەت كىنىشكىسى بار ئىكەن.

— يا، قىزلار بىللە ئولتۇرۇپ بەرگىنىگە پۇل تۆلەيدىغان ئىشمىكەن؟ كىنولاردىكىگە ئوخشاش.

— ئۇنداق ئىشمۇ يوقكەن. قىزلار بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىپ بېرىدىكەن شۇ.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇ گەپلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

— قانداق پۇل تاپىدۇ ئەمىسە ئۇلار؟

— ئەمدى شۇ تاماق، ھاراقلىرى باشقا ئاشخانىلارغا قارىغاندا سەل قىممەتكەن.

— قىممەت بولسىمۇ قانچىلىك قىممەت بولماقچى؟ بىز نەچچە يۈز بوتۇلكا ھاراق ئىچمىگەندىكىن. باشقا تەلىپى يوقمىكەن؟

— يوقكەن. بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ بېرىدىكەن. ئۇ قىزلارنى ھاراقنى ئالامەت كۆپ ئىچىدۇ، دەيدۇ. ھاراقنى كۆپ ئىچىپ پۇل تاپقۇدەك.

— يەنىچۇ؟

— بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىدىكەن، تاماق يەيدىكەن، ئۇسسۇل - تانسا ئوينايدىكەن. سېرىق يۇمۇر سۆزلەيدىكەن. سورۇن جەريانىدا كېلىشىپ قالسا، ياتاققىمۇ بىللە بارىدىكەن.

— ھاي، ھاي... ئۇنداق بولسا بولمايدۇ. ناشايان ئىش قىلساق بولمايدۇ. بىز دېگەن ئوقۇتقۇچى.

— مۇدىر، دەپ قويدۇم شۇ. نەدىكى تەييار ئىش ئىكەن ئۇ؟ ھاراقنى ئۆزىمىز ئىچسەكمۇ ئىچىمىز...

— بۇ گېپىڭىزغۇ راست، ئاچچىق ھاراقنى ئۆزىمىز ئىچىپ ئولتۇرغاندىن... بوپتۇ، يېڭى ئىش ئىكەن بۇ. گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن، تانسا بىلەن ئولتۇرسا كۆڭۈللۈك بولىدۇ ھەقاچان. بوپتۇ، جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلارنى ئارام ئالدۇرۇپ كېلەيلى. چۈشتىن كېيىن ئىدارىدا يىغىن بار ئىكەن. سەل تۇرۇپ ماڭماقچى. يېقىنلاردىن بىر نەچچىسىگە دەپ قويۇڭ، بىللىلا مېڭىپ كېتەيلى.

مۇدىر ئىشخانىسىدىن خۇشال چىققان يۇنۇس ئىشخانىلار ئارا چېپىشقا باشلىدى. مەيداندا ۋاسكېتبول ئويناۋاتقانلار يۇنۇسقا قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.

— مەن دېمىدىممۇ، يۇنۇسنى قانچىلا بىر نېمە دېگىنىمىز بىلەن بىكار، ئۇنىڭغا يول ئوچۇقلا، — دېدى بىرى.

— مەكتەپ مۇدىرىمۇ يىغىنلاردا يۇنۇسنى تەنقىدلىگىنى بىلەن يەنە ئىككىسىنىڭ تىلى بىر.

— يامان نېمە ئىكەن جۇمۇ، بۇ يۇنۇس.

— يولى ئوچۇق، سېمونت تامدىنمۇ يول ئاچالايدۇ.

— شۇ تاپتا ھەقاچان مۇدىر بىلەن بىر ئىشنى پىشۇردى بۇ. بىر يەرگە بارامدۇ ـ نېمە؟ بۇ مۇدىرمۇ ياشايدىغاننى بىلىۋالدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن، بىر ماشىنا كېلىپ بىر نەچچىسىنى ئېلىپ كەتتى.

ناھىيە بازىرى. ئىچىپ كەيپى تۇشقان مۇدىر ئورنىدىن تۇردى:

— يولداشلار، ئىچىشنى مۇشۇ يەردە توختاتساق. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلەپ ھەممىمىز ھاردۇق. مۇنۇ يۇنۇس ئىنىمىز كۆپچىلىكنىڭ جاپا تارتقىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ھاردۇق سورىۋالماقچى ئىكەن. مەكتەپنىڭ زىياپىتى مۇشۇ يەرگىچە بولسا، قالغان ئىشتا ھەممىمىز يۇنۇس مۇئەللىمگە بويسۇنساق. ئۇ ھاردۇق چىقىرىدىغان كاتتا يەرلەر بار دەيدۇ، بارىمىزمۇ؟

يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرى يىغىندىن چىققۇچە قالغانلارغا ھەممە گەپنى دەپ بولغان بولۇپ، ئۇلار مۇدىرنىڭ شۇ گېپىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇلار دەررۇ: «بارىمىز» دەپ ۋارقىراشتى...

ھېلىقى كۈندىكى سۈركىلىشتىن كېيىن، يۇنۇس ھە دېسىلا سالامەتكە قىرىچە ـ يېنىچە تېگىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئەمما بۇنداق سۈركىلىشتە يۇنۇس بەك ھېيلىگەر ئىدى. ھەرگىزمۇ سالامەت

بىلەن قاراقويۇق ئۇرۇشمايتتى. بىرەر ئىلىنچىكنى تۇتۇپ، پەيتىنى تېپىپ ئۇرۇشاتتى. بۇنداق چاغدا، سالامەت چۇشەندۇرۇپ بولالماي جىلە بولۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. هازىر سالامەت خاپا بولسىمۇ هە دەپ تۇرۇپ بېرىدىغان يۇنۇس يوق. بەلكىم، ئىلگىرى يۇنۇس تەلپۈنگەن سالامەتنىڭ ئوتتەك ۋۇجۇدى، يۇرىكىنى كۆيدۈرگەن گۈزەل رۇخسارى ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندۇ؟ قىسقىسى، سالامەتنىڭ هازىر يۇنۇسقا قىزىقى قالمىغانىدى.

يېقىندىن بۇيان، يۇنۇس هە دېسىلا ناهىيە بازىرىغا قاتراىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە كەچ كېلىدۇ، بەزىدە قونۇپ قالىدۇ. كېيىنچە سالامەت يۇنۇسنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇش بولىدىغان بولدى. چۈنكى يۇنۇس ئۆيدە بولسا جېدەل چىققىنى چىققان. ئارامچىلىق يوق. يۇنۇس بولمىسا سالامەت ئارامخۇدا ئۇخلايدۇ. دائىم جىددىيلىك ئىچىدە تۇرغان، بەزىدە تارتىشىپ كېتىدىغان نېرۋىلىرى بوشايدۇ، يېنىك بولۇپ قالىدۇ.

هەش ـ پەش دېگۈچە يېڭى يىلمۇ كىرىپ قالدى. يەنە شۇ سالامەت، يەنە شۇ تۇرمۇش. يىللارنىڭ مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغان سالامەت، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىگە ئۆكۈندى. ئەينى ۋاقىتلاردا سالامەت رەڭلەر بىلەن تۇرمۇشنى بىرلەشتۈرۈپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ تەسەۋۋۇرلارمۇ يوقىدى، بوياقلار قېتىپ كەتتى، مۇي قەلەمنىڭ قىلى چىرىدى، رەسىم سىزىدىغان رەختلەر پۇرلىشىپ تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بەزىدە سالامەت بۇلارنى ئويلاپ قالىدۇ، ئويلىغانچە كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ ئويلىغۇسى كېلىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان يۇنۇسنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

— يۇنۇس مۇئەللىم، بۈگۈن ۋاقتىم ئەپلىشىدىغان ئوخشايدۇ.

شەھەرگە بارساق بارايلى.
— ئىككىيلەنلا بارايلى مۇدىر.
— مەيلى، ئىختىيارىڭىز.
— قونىمىزمۇ؟
— ئەلۋەتتە قونىمىز. ئۆتكەن قېتىم كەم قالغان يەرلەرنى تولدۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ؟
— ماقۇل، ماقۇل، مەن ھازىرلا باراي.
يۇنۇس سالامەتنىڭ يېنىغا كەلدى.
— مۇدىر ۋىلايەتكە يىغىنغا بارىدىكەن، بىللە بېرىڭ دەيدۇ.
سالامەت بېشىنى لىڭشىتتى.
— قارىغاندا قونۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز.
— ھاراقنى ئازراق ئىچىڭ.
— ئاپامغا سىز دەپ قويۇڭ.
يۇنۇس خۇددى ئايروپىلانغا كېچىكىپ قالىدىغان ئادەمدەك ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇنداق ئىلمان داۋام قىلىۋاتاتتى. تۇرمۇشىدا قىزغىنلىق يوق. يۇنۇس يوقىلاڭ خىياللىرى ئۈچۈن چاپقىنى چاپقان.
خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى تامدىكى 2001 - يىللىق كالېندارغا چۈشكەن سالامەتنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارماق پۈكۈپ كۈن سانىدى. مانا، ئۇنىڭ بۇ ئايلىق ئادەت كۆرۈش ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئالدىنقى ئايدىمۇ ئادىتى كەلمىۋىدى، سالامەت: «بەلكىم ھەيز قالايمىقانلاشقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى.
بۇ نېمە ئىش؟
«بويۇمدا قاپتۇ!»
بىر ئويلىسا تاتلىق بىر سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ ئۇنى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدۈرسە، يەنە بىر ئويلىسا بىر غەشلىك،

ئۆكۈنۈش ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ قىيناشقا باشلىدى. بۇ بىر يامان تۇيغۇ ئىدى. شۇ دەقىقىدە، سالامەت مۇھەببەتسىز ئائىلىدىن مېۋە ئېلىپ قالغىنىغا رازى بولمىغانىدى. سالامەت بۇنىڭدىن قىينالدى.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن، سالامەتنىڭ تۇيغۇلىرى قايتىدىن جانلاندى، قەيسەرلىك يۈرىكىنى تېپچەكلەتتى، ئىگىدارچىلىق قىلىش خاھىشى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى: «نېمىلا بولسا بۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم. مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، هاياتلىق ئۈمىدىم. مەن ئەمدى ياشايمەن، تېخىمۇ ئوبدان ياشاش ئۈچۈن تىرىشىمەن!»

سالامەت دەرھال بۇ خەۋەرنى ئاپىسىغا يەتكۈزدى. ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇش، خۇددى قۇرتتەك يۈرىكىنى يەپ نىمجان بولۇپ قالغان زۆھرەخان، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئابىكەۋسەر ئىچكەندەك جانلىنىپلا كەتتى.

يۇنۇس ئەتىسى چۈشتىن كېيىن چالا مەست يېتىپ كەلدى. سالامەت ئۇنىڭغا قاراپ ئۈمىدسىزلەندى. يۇنۇسمۇ سالامەتنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، كۆڭلىنى ئالالايدىغان يىگىت بولغان بولسا، سالامەت بۇ خەۋەرنى خىجىللىق ئىچىدە ھاياجان بىلەن يەتكۈزسە، ئىككىسى تەڭ تەنتەنە قىلسا نەقەدەر ئوبدان بولاتتى ـ ھە! ئاخشاملىرى سالامەت قورسىقىنى سىلىسا، يۇنۇس قولىقىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا ياقسا، سالامەتنىڭ قولىدىكى سۆيۈرگىنى تارتىۋالسا... سالامەتنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، يۇنۇستىن بۇلارنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، سالامەت بىر پەيتنى تېپىپ يۇنۇسقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولدى. قېيىنئاپىسىغا، شەھەردىكى ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەندە ئېيتماقچى بولدى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ مەكتەپلەر تەتىل قىلدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن سالامەت مەشكە كۆمۈر سېلىپ تۇراتتى، يۇنۇس خۇشال ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چايدان كورۇپكىسى تۇراتتى.

— مېنى ئىلغار قىلىپ سايلىدى. مانا مۇكاپاتى، — دېدى ئۇ قولىدىكىنى سالامەتكە تەڭلەپ. سالامەت ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئالدى.

— نۇرغۇنىنىڭ ئىچىگە ئوت كەتتى. ئۇلار كەينىمدىن غاجىغىنى بىلەن بىكار ئاۋارە بولغىنى قالدۇ. مانا، «ئىشلارنى هەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ» دەپ مېنى مەكتەپ مۇدىرىغا چېقىۋىدى، مەيدەمنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇكاپاتلاندىم.

يۇنۇس كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. سالامەت ئۆزى بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان نۇسرەت ئىسىملىك مۇئەللىمنى يادىغا ئالدى. ئىرىشىپ، جاپا چېكىپ ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتلىنىشى كېرەك. لېكىن، بەزىلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىشىقا بولغان كۆز قارىشى توغرا ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار مۇكاپاتلىنالماسلىقنى كۆزگە ئىلىنمىغانلىق، يۈزى چۈشۈپ كەتكەنلىك دەپ قاراپ، خىزمەتنى قانداق ئىشلىگەنلىكى بىلەن هېسابلاشماي، ئۆزىنى ئىلغارلىققا سايلاشقا ئادەم ئۇيۇشتۇرىدۇ، غەيرىي يوللاردا ماڭىدۇ، ئۆزىنى ئىلغار قىلىپ سايلىمىغانلارغا غۇم ساقلايدۇ. نۇسرەت مۇئەللىممۇ ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى. ئۇ تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئىلغار سايلىنالمىغانىدى، ئەمما بۈگۈن مۇكاپاتلانغىلى سەهنىگە چىقتى. ئۇ، ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا «قانداق، بىڭسىم بارمىكەن؟» دېگەندەك كىدىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنى كىدەيتكەن بۇ 25 كويلۇق «چايدان» غا ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن ئېرىشكەنلىكى هەممىگە ئايان ئىش ئىدى.

سالامەت ئاغزىدا يۇنۇسنى مۇبارەكلىگىنى بىلەن بۇ مۇكاپاتنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدى.

— بۇنى تەبرىكلىمىسەك زادى بولمايدۇ، — دېدى تېخىچىلا خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان يۇنۇس، — تەييارلىق قىلىڭ، كەچتە مەكتەپ مۇدىرى ئۆيگە كېلىدۇ.

— تەييارلىقىم بار. يۇنۇس، سىزگە دەيدىغان باشقا بىر گەپ بار ئىدى...

يۇنۇس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— تەييارلىقىم بار دەپ... بىر دەمدىن كېيىن مىسلىداپ ئولتۇرسىڭىز بولمايدۇ. چاققان بولۇڭ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىمىزگە رەسمىي كېلىشى مۇشۇ. بىر رازى قىلىشىپتەيلى ئۇ ئادەمنى. ئۇ ھازىر مېنى رەسمىي قوللاشقا ئۆتتى. مېنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدىغاننى ئېنىقتىن ئېنىق دەۋاتىدۇ. ھە، كەم نەرسە بولمىسا قازاننى ئېسىڭ. مەن دۇكانغا بېرىپ ياخشىراق ھاراق ئەكېلەي.

يۇنۇس ئالدىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

«بۇگۇن خۇشال بولغاندىكىن، ئەتە كەيپىياتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، شۇ چاغدا دەي.»

قاراڭغۇ چۈشمەيلا مەكتەپ مۇدىرى تۆت ئوقۇتقۇچىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار سالامەت دۇملىگەن ئەنجان پولوسىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكەندىن كېيىن ئىچىشۋازلىقنى باشلىدى. ئۆيدىن مەكتەپ مۇدىرىغا قىلىنىۋاتقان خۇشامەت سۆزلىرى، بىر - بىرىنى تەبرىكلەشلەر پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار تەڭشەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى يېرىم ھاراق قۇيۇلغان ئىككى ئىستاكاننى قولىغا ئالدى:

— يولداشلار، بۇگۇن يۇنۇس مۇئەللىمنىڭ ئۆيدە ناھايىتى ياخشى سورۇن قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. كەيپىياتىمىزمۇ ياخشى. مۇشۇنداق ياخشى سورۇندا مەن ئىككى ئېغىز سۆز قىلاي: يۇنۇس مۇئەللىمنى ھەممىمىز بىلىمىز. خىزمەتتە ئاكتىپ، يولداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقى ياخشى، يۇقىرىنىڭمۇ نەزىرىگە ئېلىنغان، ئۇنىڭدىن مەنمۇ رازى. ئەگەر يولداشلارنىڭ باشقا پىكرى بولمىسا مەن بۇ قەدەھ ھاراقنى يۇنۇس مۇئەللىم بىلەن ئىچىمەن.

— جايىدا گەپ بولدى.

— يۈنۈس ئوبدان ئىشلەيدۇ.
مەكتەپ مۇدىرى يۈنۈسقا بىر ئىستاكاننى سۇندى. خۇشاللىقتىن قوللىرى تىترەپ تۇرغان يۈنۈس ئىستاكاننى مەھكەم تۇتتى.
— رومكا تۇتۇشتا ئىككى مەقسەت بار. بىرى، يۈنۈس مۇئەللىمنىڭ ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىنى مۇبارەكلەش. يەنە بىرى، يۈنۈس مۇئەللىمگە ئالدىمىزدا چوڭ خۇشاللىق بار. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يۈنۈس مۇئەللىمگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلەيمىز. بۇنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىغا يوللاپ قويساقلا بولىدۇ. قېنى، خوشە !
— مۇبارەك بولسۇن، يۈنۈس !
— تەلەي دېگەن سىزگىلا كېلىۋاتىدۇ.
خۇشاللىق دېگەن مۇنداقمۇ قوشلاپ كېلەمدۇ. يۈنۈس مۇشۇ گەپنى كۈتۈۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى ـ ھە ! مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «يۈنۈس مۇئەللىمگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلەيمىز» دېگىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىمىز دېگىنى ئەمەسمۇ؟ يۈنۈسنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. «ئىلمىي مۇدىر قىلارمۇ يا مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قىلارمۇ؟»
— رەھمەت مۇدىر، رەھمەت. رەھمەت سىلەرگە.
يۈنۈس شۇنچە كۆپ ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى. ئاندىن خۇشالچىلىقتا كەينى ـ كەينىدىن ئىچىشكە باشلىدى. ئىچكەنچە مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك ئادەمدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى ـ دە، مەكتەپ مۇدىرىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋەدە بەرگۈسى، نېمىلەرنىدۇر سوۋغا قىلغۇسى كېلىپ كەتتى.
شۇ چاغدا سالامەت چەينەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن يۈنۈس دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى:
— سالامەت، قاراڭ، مەكتەپ مۇدىرى بىزگە شۇنداق ياخشى

سوۋغات ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئەمدى... بولدى... بۇنى كېيىن دەپ بېرەي... بىزمۇ مۇدىرغا سوۋغا بەرمىسەك قانداق بولىدۇ؟

— مۇدىرغا قانداقلا سوۋغا بەرسەك ئەرزىيدۇ، — دېدى سالامەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن.

— ئادەمنى خىجىل قىلمىغىنلار، — دېدى يۈزى ھاراقتىن قىزىرىپ كەتكەن مەكتەپ مۇدىرى، — ئۆز ئادەم تۇرساق، ھېلىمۇ سىزلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋاتىمەن.

— ياق بولمايدۇ، ياق... ئۇنداق بولسا... ھە... ئۇنداق بولسا سالامەت سىز بىلەن تانسا ئوينىسۇن. مۇزىكا !

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت چۆچۈپ كەتتى. قالغانلار تاماشا كۆرمەكچى بولدىمۇ، جىم ئولتۇرۇشتى.

— ياق، ياق، سەت بولىدۇ، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى.

— نېمىسى سەت... سەت بولىدۇ؟ ئويناڭ سالامەت.

سالامەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇدىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— مەست بولدىڭىزمۇ يۇنۇس؟ سەت ئىش قىلماڭ !

مۇدىرنىڭ زەردىلىك گېپى بىلەن ئەسلىگە كەلگەن يۇنۇس ئۇنىئالغۇدىن كېلىۋاتقان ئۇسسۇللۇق ناخشىغا قولاق سالغاندىن كېيىن سالامەتنىڭ قولىدىكى چەينەكنى ئالدى:

— ئۇنداق... ئۇنداق بولسا... سالامەت ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن... ئايالىم ئۇسسۇلغا شۇنداق ئۇستا... بەك ئۇستا...

ئولتۇرغانلار بۇنى نورمال تەكلىپ ھېسابلاپ چاۋاك چېلىشتى. بىراق، سالامەتنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى:

— يۇنۇس، سىز مەست بولۇپ قاپسىز !

— ئويناڭ... ئويناڭ... مۇدىرغا رەھمەت...

ھاراقنى جىق ئىچىپ كەتكەن يۇنۇس چالۋاقىغىنىچە كاڭغا تىرىككىدە ئۇچۇپ چۈشتى...

يۇنۇس ئەتىسى بېشى ئېغىر قوپتى. ئۇ بېشىدا چىرايىدىن

غەزەپ ياغدۇرۇپ تۇرغان سالامەتنى كۆرۈپ:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
— ئاخشام نېمە قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟
بېشى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان يۇنۇس ھېچنېمىنى يادىغا ئالالمىدى.
— يادىمدا يوق.
— يادىمدا يوق؟ مېنى مۇدىر بىلەن تانسا ئويناشقا زورلاپ تۇرۇۋالدىڭىزغۇ؟ ئادەمنى نومۇستىن ئۆلتۈردىڭىز.
— ئوينىدىڭىزمۇ؟
— ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ ئوينىماسمەنا! ئۇسسۇل ئوينا دەپ زورلىدىڭىز. ئىزا تارتمايدىكەنسىز يۇنۇس!
— ئۇسسۇلنىغۇ ئوينىغانسىز؟
— ئوينىمىدىم.
— ھەي، شەكىلگە بولسىمۇ بىر - ئىككى پىرقىراپ قويسىڭىز بوپتىكەن.
— ئىككىنچى مۇنداق قىلماڭ جۇمۇ.
— مەست بوپ قاپتىمەن، — دېدى يۇنۇس تاماكا تۇتاشتۇرۇپ. ئاندىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — ھوي، ئاخشام مۇدىر مېنى ئۆستۈرۈش توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن. بېرىپ مۇدىر بىلەن كۆرۈشەي. ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بولغاندىكىن، ئوينىسىڭىز بولمامدۇ؟ ئەستا...
يۇنۇس يۈزىنىمۇ يۇماي دېگەندەك سىرتقا چىقىپ كەتتى.
سالامەت بېشىنى چايقىدى: «ھەي، مۇشۇنداق ئادەمگە بويۇمدا قالغانلىقىنى قانداق دەيمەن؟!»
ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، تاجىخان قايتىپ كەلدى. سالامەت ھايالشىمايلا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. تاجىخان بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.
— ئەمدى سىزنى تېخىمۇ ئاسرىمىساق بولمايدۇ، قىزىم.

ئېغىر ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭ. قازان بېشىنىمۇ ماڭا قويۇپ بېرىڭ...

تاجىخان خۇددى سالامەت ئەتىلا تۇغىدىغاندەك پايپېتەك بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن سالامەت ئانا بولۇش شەرىپىنى، ئىززىتىنى ھېس قىلدى. نېمىدېگەن پەخىرلىك ئىش ـ ھە !

ــ بۇنى يۇنۇس ئۇقتىمۇ؟

ــ ياق. ئۇ بەك ئالدىراش، كەيپىياتىمۇ جايىدا ئەمەس. شۇڭا، پەيتىنى تېپىپ دەي دېگەن.

ــ بوپتۇ. ئەمدى ئۇمۇ ئوڭشىلار.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاغزىدىن ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كەينىدىن چىقماسلا بولدى. ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتىمۇ ئازلاپ كەتتى.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ بولغان يۇنۇس مەكتەپ يېنىدىكى يول بويىدا شاھمات ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىن چاقىرغۇ كەلدى. يۇنۇس ئۆستۈرۈش ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋالغاندەك خۇشال بولۇپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتى.

مەكتەپ مۇدىرى بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. يۇنۇس شۇ قەغەزگە تېشىۋەتكۈدەك تىكىلىپ ئولتۇردى.

ــ يۇنۇس مۇئەللىم، بىز كۆپ مۇزاكىرىلىشىپ سىزنى مەكتەپ مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قىلدۇق. تىرىشىپ ئىشلەڭ.

يۇنۇس: «رەھمەت مۇدىر» دېگىنىنى بىلىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئىشخانىدىن قانداق يېنىپ چىققانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كەينى تەرىپىدە كۆردى.

«بابا مەكتەپ مۇدىرى نېمە دېدى؟ ئىشخانا مۇدىرى؟ مۇئاۋىن

مەكتەپ مۇدىرى ياكى ئىلمىي مۇدىر دەۋاتاتتىغۇ؟ قانداق بولۇپ كەتتى بۇ؟ شۇنچە قىلغىنىمغا ئېرىشكىنىم شۇنچىلىك ئەمەلمۇ؟ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟»

يۇنۇس تاماكا چېقىرىپ چەكتى. قانچىلا نارازى بولغىنى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى بولامدۇ؟ تېخى تەبرىكلەش ئۇچۇن ئاغىنىلىرى سورۇن تۈزۈپ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەرگە قانداق بېرىش كېرەك؟

«نېمىگە كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىمەن؟ ئىشخانا مۇدىرلىقى كىچىك ئەمەلمۇ؟ بۇندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كېتىمەن. مەكتەپنىڭ ھەممە ئىشىنى ئالدى بىلەن مەن بىلىمەن، مۇدىر ئىشلارنى مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ، مېنىڭ پىكرىمنى ئالىدۇ، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆز پايدامغا ئىش قىلالايمەن. شۇنداق، مەكتەپ مۇدىرى بىكارغا بۇ ئورۇنغا مېنى قويمايدۇ. يەنىلا تەبرىكلەش كېرەك.» يۇنۇس ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللى بېرىپ، دوستلىرىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ھاراق ئىككى ئايلىنىپ ھەممەيلەن قىزىغاندىن كېيىن، يۇنۇس ئۆزىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولغىنىغا نارازى ئىكەنلىكىنى پۇرىتىپ قويۇۋىدى، دوستلىرى قارشى چىقتى:

— ئىشخانا مۇدىرى دېگەن كىچىك ئەمەل ئەمەس. رولۇڭنى جارى قىلدۇرالىساڭ، ھوقۇقۇڭ مەكتەپ مۇدىرىغا ئوخشاش.

— نەدىلا بولسا، ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئۆسمىگىنى يوق.

— راست، ئىشخانا مۇدىرى دېگەن باشلىقنىڭ ھەممە ئىشىنى توغرىلاپ تۇرىدۇ، ھەممە ئىشىدىن خەۋەردار تۇرسا.

— تېخى 25 كە بارماي تۇرۇپلا قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ مۇشۇ ئورۇنغا چىقتىڭ. قالغانلىرىمىز تېخى دەرس تەييارلاش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقىمۇ بولالمىدۇققۇ.

— ئىشخانا مۇدىرى بولدۇڭ، دېگەن گەپ مەكتەپ مۇدىرى بولۇشقا يېقىنلىدىڭ دېگەن گەپ.

— كەلگۈسىدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى. خوشە!
سورۇندا تەبرىك سۆزلىرى يېغىپ كەتتى، هاراقلار كەينى - كەينىدىن ئىچىلدى...

راستىنى ئېيتقاندا، تەبرىك سۆزلىرى قانچىلىك كۆپ، قانچىلىك دەبدەبىلىك بولغىنى بىلەن يۇنۇس ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولالمىدى. مەكتەپ مۇدىرىدىن ئاغرىنىپلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئويىچە، مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا قۇرۇق ئېمىزگۇ شورىتىپ قويۇپ، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ قىلىپ قويغاندى. خاپىلىقتا ئىچكەن هاراق، يۇنۇسنى ئاسانلا مەست قىلىپ قويدى.

سورۇن تاربدى. يۇنۇس يولدا پۇتىنى تەستە باشقۇرۇپ قەدىمىنى ئاران ئېلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كاللىسىغا بىر پىكىر كەسكىن هۆكۈمران ئىدى: «مەن ئىشخانا مۇدىرلىقىغا رازى ئەمەس، رازى ئەمەس!»

ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى. چۆچۈپ ئويغانغان سالامەت چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى توپا - چاڭ، ئاياغىدا قۇسۇق يۇقۇندىسى بار يۇنۇسنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنى يۆلەپ كاڭدا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، هەسەل سۈيى قىلىشقا باشلىدى. يۇنۇس هە دەپ بىرسىنى تىللايتتى، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى. سالامەت ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، هەسەل سۈيىنى ئىچۈرمەكچى بولدى. هەسەل سۈيىنى تامشىپ بىر يۇتۇم ئىچكەن يۇنۇس كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ سالامەتكە بىر پەس قارىۋەتكەندىن كېيىن بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى چىنىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن سالامەت نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

يۇنۇس سالامەتكە قولىنى شىلتىپ چالۋاقىدى:

— هەممىنى قىلغان سەن ! هۇ، دۈشمەن !

يۇنۇسنى مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىغان سالامەت ئۇنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويماقچى بولدى. بىراق، سالامەت ئۇنىڭغا يېقىن

بېرىشى بىلەنلا يۇنۇس ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى.

سالامەتنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. يۈزى كۆيۈشۈپ ئاغرىشقا باشلىدى. كۆزىگە لىممىدە ياش كەلگەن سالامەت يۈزىنى تۇتقىنىچە:

— نېمىشقا مېنى ئۇرىسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن بىلەن بىر موردىن ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ، مېنىڭ يولۇمنى توسقاندىكىن ئۇرىمەن!

مەستلىكتىن كۆزلىرى خۇمارلاشقان يۇنۇسنىڭ كۆزلىرى سالامەتكە غەزەپ بىلەن تىكىلگەنىدى.

— مەن نېمە قىپتىمەن؟

— نېمە قىپتىمەن؟! شۇنچە مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا گېپىمنى ئاڭلىماي، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن تانسا ئوينىمىدىڭ.

سالامەت بۇ بىر شاپىلاقنىمۇ «بوپتۇلا» دەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يۇنۇسنى سىلاپ - سىپاپ ياتقۇزۇپ قويماي دېگەنىدى. بىراق، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭمۇ جەھلى قاتتى:

— يەنە شۇ گەپمۇ؟

— ئاقىۋەتتە نېمە بولدى؟ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز چۈشتى. مانا، سەن مەكتەپ مۇدىرىنى خاپا قىلغاچقا مېنى ئۆستۈرمىدى. بولمىسا ئۆسىدىغان ئىشىم تەييار بولۇپ قالغان...

بۇ گەپتىن سالامەتنىڭ ۋۇجۇدى نومۇستىن ئۆرتەندى:

— ئۇنداق خۇشامەتتىن مەن نومۇس قىلىمەن.

— تانسا ئويناش نورمال ئىشقۇ.

— نورمال مۇھىتتا كۆڭلۈم خالىسا ئوينايمەن.

— مەكتەپ مۇدىرىغۇ ئۇ؟ تانسا ئوينىساڭ بىر يېرىڭ خوراپ قالامتى.

— يۇنۇس، ئويلاپ گەپ قىلىڭ. مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز جۇمۇ.

— خوتۇنۇم بولساڭ، ئۆسۈشۈم ئۈچۈن چىشىڭنى چىشلەيتتىڭ.

— سىزنى ھاكىم قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنداق خورلۇققا ھە دېمەيمەن.

يۇنۇس مەسخىرىلىك كۈلدى:

— ئەگەر باتۇر ئۈچۈن بولغان بولسا ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدىڭ ـ ھە!

كۈتۈلمىگەن بۇ گەپتىن سالامەتنىڭ نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىپ قالدى.

— قانداق، يامان يەردىن تۇتتۇممۇ؟

— يۇنۇس، ھازىر مەن سىزنىڭ ھالال خوتۇنىڭىز، بىئەپ گەپ قىلماڭ.

— راستقۇ، باتۇر ئۈچۈن ئۆل دېگەن بولسا ئۆلەتتىڭىز. پاھ، ئاشىقى ئۈچۈن جان بېرىدىغان ئىش بۇ زاماندىمۇ بار ئىكەن دېسە.

— يۇنۇس، تولىمۇ پەسكەش ئىكەنسىز!

— مېنى بىلمەيدۇ دېمە، قانۇنلۇق ئېرى بىلەن يېتىپ، قانۇنسىز ئاشىقىنى خىيال قىلغان سېنىڭدەك نېمىنى پەسكەش دەيمىز.

— ئېسىت، ئېسىت، ئادەممىكىن دەپتىمەن سېنى.

— تولا يالغاندىن پۇشايمان قىلما. ئەسلىي ماڭا تەگكۈڭ يوق ئىدى. شۇڭا، مەن تەرەپتە تۇرمايۋاتىسەن، كىم بىلىدۇ، يەنە ماڭا قانداق يامانلىقلارنى ئويلاۋاتىسەن.

— ئاھ، خۇدا!

كاڭغا ئېسىلىپ قالغان سالامەت، بېشىنى كاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرۇپ يىغلاپ نالە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال بىراقلا يۇنۇسنىڭ زەردىسىنى قايناتتى.

— بولدى قىل، تولا ئويۇن قويىمەن دېمە.

بىراق سالامەت يىغلاۋەردى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن شۇنچە قىلغانلىرىم بىكارغا كەتتى. يىغلىما، يىغلىما دەيمەن! ئاشقىنىڭ ئۆچۈن يىغلىغۇچە، ئېرىم ئۆسەلمىدى، دەپ يىغلىساڭچۇ؟ يىغلا... يىغلا، مانا يىغلا ئەمىسە...

ئەسەبىيلىشىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان يۇنۇس سالامەتنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ يەنە كاڭغا ئۇستۇردى. بۇ ئەسەبىيلىكتىن سالامەت سارا سىمىگە چۈشتى:

— يۇنۇس، ئۇنداق قىلماڭ. بالا... قورسىقىمدا بالا...

ئۆزىنى كونترول قىلالمايۋاتقان يۇنۇس سالامەتنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇشقا باشلىدى:

— بالا؟ سېنىڭدەك كۆڭلى يوق ئېشەكتە بالا نېمە ئىش قىلسۇن!

سالامەت «قورسىقىمدا راست بالا بار» دەپ نالە قىلىپ قورسىقىنى ئېلىپ قاچقانچە، كۆزىگە قان تىقىلغان يۇنۇس ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىشكە، ئۇرۇشقا باشلىدى...

هاراق، ئاچچىقنىڭ تەسىرىدىن خۇدىنى يوقاتقان يۇنۇس، بىر چاغدا پۇلاڭگىدە ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشتى. بۇ چاغدا سالامەتمۇ هالسىزلىنىپ يېتىپ قالغان بولۇپ، يۇنۇسقا قارىغۇدەك هالى يوق ئىدى.

ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئەنسىزلىنىپ ياتالمىغان تاجىخان، ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتكەن تاجىخان ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. ئۇ، پەگادا ياتقان ئوغلىنى كۆرۈپ:

— يۇنۇس، نېمە بولدى بالام؟ — دەپ ئۆيگە كىردى. تاجىخاننىڭ كۆزى يەنە بىر چەتتە ياتقان سالامەتكە چۈشتى. ئەمما يەردىكى ئالامەتلەرگە قاراپ «ۋاي، ئاتام!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى...

سالامەتنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەنىدى.

... تاجىخان زۆھرەخاننىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى. تاجىخان ئۇلارغا

مىلىك بىر ئۆزرە قويۇپ، ئەپۇ سوراپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ ھارمىدى. زۆھرەخان تاجىخانغا تازا بىر نىمە دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن سالامەت تاجىخانغا يان بېسىپ ھېچكىمنى بىر نىمە دېگۈزمىدى.

تاجىخان ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆيىگە ئاران يېتىپ كەلدى. يۇنۇس تېخىچىلا ئوخشىلالماي ياتاتتى. تاجىخان تىزگىنەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا نوقۇدى:

— يۇنۇس، تۇرە. تۇر!

خېلىدىن كېيىن يۇنۇس كۆزىنى تەستە ئاچتى:

— ئاپا، نېمە بولدى؟ ئەتىل تۇرسا.

— قوپە، سالامەتنى نېمە قىلدىڭ؟

— ھېچنېمە قىلمىدىم، — دېدى يۇنۇس ئويلىنىپ قېلىپ.

— نېمانداق ھوشۇڭ يوق بالىسەن. تاپقان بالايىڭنى سېنىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇنۇس سەل سەگىگەندەك بولدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— ھەي نائەھلى، ئايالىڭنى ئۇرۇپ بالاڭنى چۈشۈرۈۋېتىپسەن!

— نېمە!

ئەندىككەن يۇنۇس غەزەپكە كەلگەن ئاپىسىغا قارىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كىچىك بىر مەكتەپنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ قالغانلىق ئەلىمى ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— ئىشىم پۈتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ بىر نېمىنىڭ سەۋەبىدىن چوڭ ئىشتىن قۇرۇق قالدىم.

تاجىخان بېشىنى چايقىدى:

— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئايالىڭنى ئۇرامسەن؟ مانا بالاڭمۇ يوق بولدى. ئوبدان بولدىمۇ؟

قايتا ئاچچىقى تۇتقان يۇنۇسنىڭ مۇشتى تۈگۈلدى، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئاغزىغا يىغىلغان خەپرۇكنى مەشنىڭ ئالدىدىكى كۈلگە تۈكۈردى. ئاندىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— بالىنى قايتا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن، پۇرسەت كەتسە

ئۆسكىلى بولمايدۇ، ــ دېدى.
يۇنۇس مەستلىكتە شۇنداق دېدىمۇ، ياكى بىر دەملىك ئېلىشىپ قېلىپ شۇنداق دېدىمۇ، تاجىخاننىڭ كۆزى چەكچىيىپ قالدى. خېلىغىچە ئاغزى سۆزگە كەلمىگەن تاجىخان:
ــ توۋا، توۋا! ــ دەپ ياقىسىنى چىشلىگىنىچە سىرتقا ماڭدى، ــ توۋا خۇدايىم، توقۇز ئاي، توقۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، نېمىنى تۇغقان بولغىيتتىم؟
يۇنۇس «ھەي... » دېگىنىچە ئۆزىنى يوتقانغا ئاتتى.
سالامەت ئۆيدە يىغلاپ ياتاتتى. ئۇ يۇنۇسنى ھەرقانچە نومۇسسىز، خۇشامەتچى بولسىمۇ، بۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلار دەپ زىنھار ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ دەممۇدەم: «ئادەممۇ ئۇ بىر نېمە؟» دەپ يۇنۇسقا لەنەت ئوقۇيتتى.
زۆھرەخان:
ــ نېمىشقا قىزىمغا قول تەگكۈزگۈدەك؟ قانداق نېمە ئۇ؟ نەرى مۇئەللىم ئۇنىڭ؟ ھە دەپ بەرسە، قارا... قېنى ئۇلارنىڭ تويدىن بۇرۇنقى شېرىن ـ سۇخەن گەپلىرى؟ ئۇلارغا بوزەك بولىدىغان ئادەم يوق بۇ ئۆيدە. ھەممىسى ئادەمنى بوزەك قىلىمەن دەيدا. «خېلى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم بوپتۇ» دېسەم، قارا ئۇ بەتخۇينىڭ قىلغان ئىشىنى، ــ دەپ يۇنۇسنى بولۇشىچە تىللاشقا، قارغاشقا باشلىدى.
ــ بولدى، بولدى قىلىڭلار، ــ دېدى سابىر ئۇلارنى بېسىپ، ــ يۇنۇس ھەقىقەتەن ناچار ئىش قىپتۇ. ئۇنىڭغا قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويساق بولغۇدەك. ئىش بۇ يەرگە كەپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن دىققەت قىلغۇلۇق. ئاق تاغلىق ـ قارا تاغلىق بولۇشىمىز دېسەك، ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە سەت. كىچىككىنە يۇرتتا گەپ ـ سۆز بولىدۇ. ياشلىقتا ئائىلە دېگەندە نېرى ـ بېرى ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆي تۇتماق مۇشكۇل. ئۆينى ئۆي قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.
ئەمما سالامەت بۇ گەپلەرگە رازى بولماي ئېسەدەپ ئولتۇردى.

— قىزىم، سىزدىنمۇ كېتىپ قاپتۇ. بالىنىڭ ئىشىنى يۇنۇسقا بالدۇرراق دەپ قويىدىغان ئىش ئىكەندۇق. بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىڭىزلار. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ قىزىم، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە ئايرىيدىغان ھەق - ناھەق ئىش يوق. ئۇنى قانچىكى ئىنچىكىلىسە، كىمنىڭ توغرا، ئايرىيمەن دېسە ئىش تېخىمۇ چوڭىيىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئەپۇچانلىق، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ ئۆتۈش.

سالامەت ئاتىسىغا بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۇنىڭ ئېغىر تىنىپ، غەمكىن ھالدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

V

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان سەئىدىن، تېخىچە زىنداندا قاماقلىق ئىدى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە بىر خىلدا ئۆتمەكتە. بىراق، سەئىدىننىڭ يۈرىكى ھاياتقا ئىنتىلىپ، تىنىمسىز دۈپۈلدەپ سوقاتتى. سەئىدىن زىنداندا كۆڭۈل ئاغرىقى تارتسا، رابىيەمۇ سەئىدىنگە ئوخشاش چەكسىز كۆڭۈل ئىزتىراپى چېكىۋاتاتتى.

ئەلۋەتتە، بىر قىران يىگىت ئۈچۈن سۆيگەن يارى بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىسى ئوخشاشلا مۇھىم. زىنداندا ئازابنى يەتكۈچە تارتقان سەئىدىن، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتمىگەنىدى. پەرزەنت دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ يۈرەك باغرى. قايسىبىر ئاتا - ئانا ئوغلىنىڭ ئازابلىرىغا چىداپ تۇرالىسۇن ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدىن ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغاچقا، ئوغلىنىڭ زىنداندا جەۋر چېكىشىگە چىدىمىقى تولىمۇ تەس ئىدى. سەئىدىن بەزى ۋاقىتلاردا جىمجىت يېتىپ تۇغۇلغىنىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر خۇش بولغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكىنى ئويلىسا ئاھ ئۇرۇپ،

هەسرەتتە يىغلاپ كېتەتتى.

سەئىدىن يالغۇزلۇقتا ئازاب دەستىدىن ھەرخىل خىياللارنى ئويلاپ ئۆزىنى ئۆزى قىينايدىغان، كۆڭۈل ئەينىكىدە ئاتا ـ ئانا، دوست ـ يارەنلىرىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. دىمىسىمۇ زىندان ئازابى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. سەئىدىن يىلبويى قاراڭغۇ، زەي زىنداندا يېتىۋېرىپ، بىرنەچچە خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. گەرچە سەئىدىننىڭ ئىرادىسى چىڭ بولسىمۇ، ئەمما زىنداننىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئاستا ـ ئاستا يىمىرىشكە باشلىغانىدى. كېسەللىك بارغانچە سەئىدىننى چىرماپ، گۈلدەك چىرايى سولغۇنلىشىپ كەتتى. زىنداندا ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا، بۇ دەردلەرنى پەقەت سەئىدىننىڭ ئۆزىلا بىلەتتى. گەرچە كېسەللىك سەئىدىننى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىدىكى قەتئىيلىك مۇجەسسەملەنگەن جاسارىتى بىلەن ھەرگىزمۇ يېتىپ قالمىدى. ئەس ـ ھوشىنى يوقاتماي ھەر ۋاقىت سەگەك يۈردى.

سەئىدىن مانا مۇشۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر پېشىن ۋاقتىدا، تۇيۇقسىز يايلار كىرىپ، سەئىدىننى بوشىتىپ سىرتقا قوغلىۋەتتى. بۇنىڭدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان سەئىدىن ھەم ھەيران بولسا ھەم خۇشال بولدى. ئۇ زىنداندىن قۇتۇلغانىدى. ئۆزىنىڭ ئازاد بولغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن سەئىدىن ئۈستىبېشىنى تۇتۇپ باقتى. راست، بۇرۇنقى ئېغىر كويزا ـ كىشەنلەر يوق ئىدى. سەئىدىن راستتىنلا ئازاد بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتتى. زىنداندىن قۇتۇلغاندىكى بۇنداق خۇشاللىقنى، پەقەت زىندان ئازابى تارتىپ باققان كىشىلەرلا ھېس قىلسا كېرەك.

زىنداندىن يېڭىلا قويۇپ بېرىلگەن سەئىدىننىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ خۇددى دەرۋىشلەردەك مۈرىسىگە چۈشكەن بولۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزلىرى يارا ۋە توپا ئىدى.

سەئدىن زىنداندىن بىرنەچچە چاقىرىم يىراقلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تۇمەن دەرياسىدا يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ساتىراشخانىغا بېرىپ چاچ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرۇشنى نىيەت قىلدى ھەمدە ئەڭ مۇھىمى ئالدى بىلەن تۇرالغۇ تېپىۋېلىش، ئاندىن ئۆزىنىڭ نىجاتكارى نىزارىي ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى مۇھىم بىلىپ تۇمەن دەرياسىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ تۇمەن دەرياسى تەرەپكە ماڭغاچ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئەلنى زار ـ زار قاقشاتقان سېپىلمۇ پۇتۇپ بولغانىدى. سېپىل شۇنچىلىك ھەيۋەت قوپۇرۇلغانىدى. سېپىلنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل مۇداپىئە توسالغۇلىرى ياسالغان، ھەرخىل قورالـلار سەپلەنگەن، سېپىلنىڭ يېنىغا خەندەكلەر كولانغان، سېپىلغا يانداش قىلىپ يەنە بىر كالتە سېپىل قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ھالەتتە ئىدى. يىراقتىن قارايدىغان بولسا بۇ سېپىل زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ سەلتەنەتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

سەئدىن ئەتراپنى كۆرگەچ، تۆشۈك دەرۋازىدىن چىقىپ، يېڭى سېپىل يېنىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى تامغا چاپلانغان تاختىغا يوغان قىلىپ يېزىلغان ئىككى بېيىتقا چۈشتى.

*كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بېشى ئەزسالى پەيغەمبەر،*
*بىنا قىلدى بۇ قەلئەنى زوھۇرىددىن بەلەند ئەختەر.*

*دىيارى ئەھلىنىڭ ھالىغا رەھىم ئەيلەپ ھىمدايەتتىن،*
*قىلىپ بۇ قەلئەنى مەھكەم، گوياكى سەددى ئىسكەندەر.*

سەئدىن شېئىرنى تەپسىلىي ئوقۇپ، شېئىرنىڭ نەقەدەر پاساھەتلىك، مەنىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىغا، شۇنداقلا شېئىرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا قاراپلا ئۇنىڭ نىزارىي

ھەزرەتلىرىنىڭ قەلبىمدىن چىققانلىقىنى بىلدى.
سەئدىن ئاخىر تۇمەن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ زىنداندىن چىققان ۋاقىت ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، كۈز ۋاقتى يېتىپ كەلگەن چاغ بولۇپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئالدى سارغىيىپ يەرگە چۈشۈپ، چىمەنلىكلەر ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتقانىدى. سايراپ تۇرىدىغان بۇلبۇللارنىڭ ئورنىنى قاغىلار ئىگىلىگەنىدى. چىقىۋاتقان شامال ۋە تۇمەن دەرياسىدىكى سۇ ئادەمنى مۇزلىتاتتى.
سەئدىن تۇمەن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن پاتايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ، دەريانىڭ ئاستا ئاقىدىغان يېرىگە كەلدى ـ دە، دەرەخنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. سۇ شۇنچىلىك سوغۇق بولسىمۇ، ئۆزۈندىن بۇيان بۇنداق ھۇزۇرلىنىپ، پاكلىنىپ باقمىغان سەئدىنگە تولىمۇ راھەت بىلىندى. ئۇ بىرھازا يۇيۇنۇپ سەكرىگەندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ بولۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. بۇ چاغدا ئۇ قايتىدىن روھلىنىپ، ئۆزىنى ناھايىتى يېنىك ھېس قىلدى.
كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ قونالغۇنىڭ غېمىگە چۈشكەن سەئدىن ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ھەزرەتتە، يەنى ھەزرىتى ئاپاقنىڭ گۈمبىزىدە قونماقچى بولۇپ، شەرققە قاراپ يول ئالدى. ئۇ تۆشۈك دەرۋازىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرۇپ مازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كەچ كىرىشى بىلەن چىقىۋاتقان كەچ كۈزنىڭ شاملى تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن سەئدىننى تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ يولدا ئاجىز تېنىنى سۆرەپ كېتىپ بارماقتا. يولنىڭ ئىككى ياقىسى پۇتۇنلەي قەبرىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنى سۈر باساتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە گۈمبەزگە يېتىپ كېلىشىگە، مەزىن خۇپتەنگە ئەزان ئېيتتى. سەئدىن پاك روھى بىلەن مەسچىتكە قەدەم ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مەسچىت ئادەملەر بىلەن لىق تولدى.

ئۇ جامائەت بىلەن بىللە ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوتىدى. ناماز ئاخىرلىشىپ خەتمىقۇرئاندىن كېيىن، جامائەت ئۆيلىرىگە قايتىشتى. كەڭ مەسچىتتە سەئىدىن ئۆزى يالغۇز قالدى.

مەسچىت ئىچى جىمجىتلىقىدىن ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، سەئىدىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ تۇيۇقسىز يېنىدا تۇرغان تاۋۇتقا قاراپ قالدى. يىراقراق قەبرىلەر ئارىسىدىن بىر قارىنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا سەئىدىن ئۆزىگە كەلگەن ئۆلۈمنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئويلاپ، يىغا تۇتتى، باغرى قاتتىق ئېزىلدى. بىر ئازدىن كېيىن تېنى تىترەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا سەئىدىننىڭ تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەزان «مەسچىتكە تېز ماڭ» دەۋاتقان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى تۇيمىغان سەئىدىن يەردە يەنىلا ھوشسىز ياتاتتى. جامائەت نامازنى ئوتەپ بولۇپ قايتىشتى. مەزىنمۇ چىقىپ كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، يەردە ياتقان سەئىدىننى كۆرۈپ ھەسرىگىنىچە ئالدىراپ ـ تېنەپ سەئىدىننىڭ يېنىغا كەلدى.

مەزىن ئۇنى نوقۇپ «تۇر، بامداتنىڭ ۋاقتى ئوتتى» دېگەن بولسىمۇ، سەئىدىن مىدىر قىلماي ياتتى. مەزىن ئۇنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى بىلىپ سەل ئەنسىرەپ، ئۆلۈككە ئوخشاش ياتقان سەئىدىننىڭ سامان رەڭگى بولۇپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى. سەئىدىننىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئەقىل ـ ھوشىنى بىلمەيتتى. مەزىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلىدى. بىراق، ئۇ يەنىلا كۆزىنى ئاچمىدى. مەزىننىڭ چاقىرىشى بىلەن بىر دەمدىلا بىر توپ كىشى يىغىلدى. ئۇلار سەئىدىننى كۆتۈرۈپ گۇمبەز قېشىغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئاستىغا ئورۇن ـ كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى.

خېلى ۋاقىت ئوتكەن بولسىمۇ، سەئىدىن يەنىلا ھوشسىز ياتاتتى. كىشىلەر ھوشىغا كېلەلمىگەن سەئىدىنگە قاراپ دەرھال

تېۋىپ چاقىرىپ، دورىلار بىلەن سەۋەب قىلىپ باقماقچى بولدى.
سەئدىن جازادىن قۇتۇلغان بەش ـ ئالتە ئايدىن بۇيان، ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئىبراھىم ۋە ياكى ئاغىنىسى ھەسەن زىنداندىكى سەئدىننى يوقلاپ كېلىپ، بىرى ئاتىلىق مۇھەببىتىنى يەتكۈزسە، بىرى دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى.
بۈگۈنمۇ ئىبراھىم بىلەن ھەسەن نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ، سەئدىننى يوقلاش ئۈچۈن زىندانغا كەلدى. يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قاراۋۇللارغا سەئدىن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، قاراۋۇل سەئدىننىڭ ئىككى كۈن بۇرۇن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبراھىم بىلەن ھەسەننىڭ خۇشلۇقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.
ئۇلار سەئدىن ئۆيگە بارمىغاچقا «قەشقەردە ئوخشايدۇ» دەپ قەشقەردە ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىراق، ھېچ يەردىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. بۇنىڭدىن ئىبراھىم سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۇلار سەئدىن قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چاغدا كۆرۈشكەن، بەللە ئايلانغان جايلارغا بېرىپ باقماقچى بولۇپ تۈمەن دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئاخىر ھەزرىتى ئاپاقىقا بېرىپ ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن يېشىل گۈمبەزگە كەلدى. ئىبراھىم گۈمبەز يېنىدا خۇددى ئۆلۈكتەك ھوشسىز ياتقان ئوغلىنى كۆرۈپ بېشىغا تاغ يىقىلدى. سەئدىننىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كىشىلەر چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. ئىبراھىم ئوغلىنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىگە، قاتقان يۈت ـ قوللىرىغا قاراپ «بالام» دەپ ئۆزىنى ئېتىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ كەتتى. ھەسەنمۇ «دوستۇم» دەپ سەئدىننىڭ بېشىنى باداشقىنىغا قويدى. سەئدىن ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي ھوشسىز يېتىۋەردى.
ئۇلار تېزلىكتە بىر ھارۋا تېپىپ، سەئدىننى ياتقۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئەڭ ئۇستا تېۋىپنى تېپىپ، سەئدىننىڭ

كېسەلنى كۆرسىتىپ، ئەڭ ياخشى دورىلارنى يېگۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھالى خاراب ئىدى، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا داۋاسى بولمىدى. سەئىدىنىڭ گېلىدىن نە تاماق، نە نان ـ سۇ ئۆتمەيتتى. يا تاماق يېيەلمىسە، يا سۇ ئىچەلمىسە، بۇ جاندىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن.

تېۋىپ ئۆزىنىڭ بۇ كېسەلگە ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىنى، جېنى بار ۋاقتىدا سەئىدىنى ئانىسىنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈشنى، تەلىيى كەلسە تۇغۇلغان يېرىنىڭ ھاۋاسى پايدا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ، ئاخىر ئىبراھىمغا سەئىدىنى يۇرتىغا ئېلىپ كېتىش مەسلىھەتىنى بەردى.

ئىبراھىملار ئامالىنىڭ يوقىدا ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان كۆزلىرىنى ياشلىغىنىچە ئېشەك ھارۋىسى تەييارلاپ، سەئىدىنى ھارۋىغا سالدى ـ دە، يۇرتىغا قاراپ ماڭدى.

سەئىدىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىككى يىلچە زەي زىنداندا ياتقان بولغاچقا، نۇرغۇن ۋاقىت ئاچ ـ توق قېلىپ، تېنى ئاجىزلاپ، زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ زىنداندىن چىقىپلا تۇمەن دەرياسىنىڭ سوغۇق سۈيىگە چۆمۈلدى. بۇنىڭغا ئۆتكەنكى ئېغىر كۈنلىرى ئەسلىمە بولۇپ قوشۇلدى. ئۇ يەردىن قەبرىستانلىققا باردى. ئۇ يەردە بېشىغا كەلگەن ئۆلۈم دەھشىتىنىڭ قورقۇنچىنى قايتىدىن بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئاخىردا سوغۇق يەردە ئۇخلاپ قالدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ سەئىدىنى يىقىتقانىدى.

## 23

يۇنۇس گېزىتتىكى بىر قاتىللىق دېلوسى ھەققىدىكى ماقالىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ بىر ئادەم ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

يۇنۇس نارازى بولۇپ ئۇ كىشىگە قارىدى. چۈنكى، يۇنۇس ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئىشىك چېكىپ كىرىشنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتكەنىدى. ھەتتا، ئۇ بەزىدە ئاچچىقى كېلىپ قالسا، ئىشىك چەكمەي كىرىپ قالغان ياشراق ئوقۇتقۇچىلارنى باشقىدىن كىرىشكە مەجبۇرلايتتى. ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشقان ئوقۇتقۇچىلار مۇنداق بىر ھەزىلنى سۆزلىشىپ كۈلكە قىلىشاتتى:

بىر كۈنى يۇنۇس مۇدىر ئىشخانىسىدا بىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ ئولتۇرسا، ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ مۈڭگۈزلۈك بىرى كىرىپ كەپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن يۇنۇس مۇدىر ئۇنىڭغا قولىدىكى تاماكىسىنى ئېتىپ:

— ماڭ، چىقىپ ئىشىكنى چېكىپ كىر! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما ئۇ مەخلۇق مەرەپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئەسلىي ئۇ مەكتەپكە كىرىپ قالغان ئۆچكە ئىكەن.

يۇنۇس قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ گىدىيىپ ئولتۇردى. كىرگەن چوڭ ياشلىق مۇئەللىم قولىدىكى قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇندى. يۇنۇس قەغەزنى ئالدى، ئەمما قاراپمۇ قويماي نېرىغا قويۇپ قويدى.

— نېمە ئىش؟

— ئۇكام، داۋاملىق تەربىيەگە بارماقچى ئىدىم. مەكتەپنىڭ تامغىسى بولمىسا بولمايدىكەن.

— تۈنۈگۈن باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىنى بېجىرگەندە نەدە يۈردۈق؟

— تۈنۈگۈن بۇ خىيال يوق ئىدى.

— قايسى پەندىن چىقىلا؟

— ماتېماتىكىدىن.

— نەگە؟

— باشقىلارغا ئوخشاش ناھىيەگە شۇ.

— قاچان باشلىنىدۇدەك؟

— باشقىلارغا ئوخشاش ئەتە.
— قانچە ۋاقىت؟
— باشقىلارغا ئوخشاش 20 كۈندۇ شۇ؟
يۈنۈس ئەسنىدى:
— چۈشتىن كېيىن كەلسىلە، ئاچقۇچنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
ھەممىگە ئايان بولغان ئۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئاران بولۇپ قالغان چوڭ ياشلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايى تۇرۇلدى:
— ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر چۈشتىن كېيىندىن قالسا بولمايدۇ، دەۋاتسا.
— مەنمۇ چۈشتىن كېيىندىن قالدۇرمەن دېمىدىمغۇ.
— ئۆيىڭىز ئانچە يىراق بولمىغاندىكىن ئاچقۇچنى ئەكەلسەك بولىدۇغۇ.
— كۆرمەيۋاتامسىز، قولۇمدا بىر مۇنچە ئىش بار تۇرسا.
— ئۇنداق بولسا، ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويسىڭىز، مەن بېرىپ ئاچقۇچنى ئەكېلەي.
يۈنۈس ئىستىھزا بىلەن كۈلدى:
— سىلىچە شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ ئاچقۇچ دېگەنگە چاقچاق قىلغىلى بولامدۇ؟ شۇنچە ياشقا كىرىپ بۇنى بىلمەمىلا؟
گەپنىڭ بىردىنلا باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇشى چوڭ ياشلىق ئوقۇتقۇچىنى ئاچچىقتىن تىترىتىۋەتتى.
— ئۇنداق بولسا چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشۈپلا تامغا ئۇرۇپ بېرىڭ. ۋاقتىدا كەلگەن بولسىڭىز، كېچىكىپ قالماي.
— خىزمەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىشقا ئادەتلەنگەنمەن.
كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولۇپ قالغان چوڭ ياشلىق ئوقۇتقۇچى سالپىيىپ چىقىپ كەتتى.
يۈنۈس «ئادەمنى قۇرۇق ئاۋارە قىلىشنىلا بىلگەن» دەپ غودۇڭشىغىنىچە تېلېفون كۇنۇپكىلىرىنى تېزلىكتە باستى:

— ۋەي، ئاپا، نېمە تاماق؟ پولو؟ پىيىزىنى جىقراق قىلىپ سوغۇق سەي قىلىپ قوي. خوش، خىزمىتىم ئالدىراش. ھە راست، سالامەت كەلسە دەپ قوي... ھە، ئۇ كەلدىما؟ تېلېفوننى بېرە، سالامەت، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يوقلىما دەپتىرىنى تېپىپ قويۇڭ، سىلىشتۇرۇپ چىقىمىز، تونۇگۈن بەرگەن ئۇنۋان جەدۋەللىرىنى مەن تېلېفون قىلىپ بېرىلىڭ دېسەممۇ باھانە كۆرسىتىپ بەرمەڭ. تارقىتىدىغان ئۆگىنىش خاتىرىلىرىگە تىزىملىك بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇڭ. كېيىن ئۇلار خاتىرىنى يىتتۇرۇپ قويۇپ باشقا خاتىرىگە ئالماشتۇرۇۋالمىسۇن. خوش، مەن بەك ئالدىراش.

يۇنۇس يەنە بايىقى گېزىتنى قولىغا ئالدى.

يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرىدىن «مېنى تېگىشلىك ئورنۇمغا قويمىدى، مەن رازى ئەمەس» دەپ قانچىلا قاقشىغىنى بىلەن «ئىشخانا مۇدىرلىق خىزمىتى»گە بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى.

دېمىسىمۇ، يۇنۇس بۇ خىزمەتنى بەك قامللاشتۇرۇۋەتتى. مەكتەپ مۇدىرى بۇيرۇغان ئىشلارغا تامغا ئۇرۇشتىمۇ ئامال بار كەينىگە سۈرۈپ، ئىش بېجىرگۈچىدىن ئىككى ئېغىز خۇشامەت گېپى ئاڭلىمىغۇچە ئالدىراپ تامغا ئۇرۇپ بەرمىدى. مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي خەت ـ چەكلەرنى يېزىشتىمۇ قەستەنگە «ئەستايىدىل» بولۇپ، ئانچە ـ مۇنچە مېھماندارچىلىق، بىر ـ ئىككى قاپ تاماكا دېگەندەكلەرنى كەلتۇرۇپ تۇردى. بەك جىددىي، زۆرۈر ئىشلارغا كەلگەندە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قەدرىنى تازا ئۆتتۇلدۇردى، ئىشخانا مۇدىرلىق ھوقۇقىنىڭ كۈچىنى تازا كۆرسەتتى... ئۇنىڭ بۇ ئامالللىرى دەرھال ئۇنۇم بېرىپ ئۇنى كىشىلەر ئەبجەش ئىسىم بىلەن «يۇنۇس جۇرىن» دەپ ئاتايدىغان، ۋاي دەيدىغان بولدى. مەكتەپ مۇدىرىمۇ بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېسىلىشىۋالمىدى. چۈنكى، يۇنۇس شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەيۋىسىنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەندى. مەكتەپ مۇدىرى

باشقىلارغا «ھە» دەپ قويۇپ بىر ياخشى بولسا، يۇنۇسنى سۆيلەپ يەنە بىر ياخشى بولىدىغان بولدى. بۇ مۇدىرغىمۇ خوش يېقىپ قالدى.

يۇنۇسنىڭ «ئىشخانا مۇدىرى»لىق سىر، ھەيۋىسى ئۆيدىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆيدىمۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان بولدى، قولىنى كەينىگە قىلىپ گىدىيىپ ماڭاتتى، ئالدىرىماي ياساپ گەپ قىلاتتى، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى ئۆيگە ئەكىلىۋېلىپ باشقىلارنى ماڭدۇراتتى، ئاددىي ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئىش بېجىرگۈچىلەرنى قىينايتتى. ئۇرۇمچىدىكى بىر كىتاب شىركىتىنىڭ خادىمى يازلىق تەتىل تاپشۇرۇقىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كېلىپ، مۇدىرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن زاكاز قەغىزىگە تامغا ئۇردۇرماقچى بولدى. يۇنۇس يوق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى شۇنچىلىك ئاۋارە قىلدىكى، ئۇ كىشى كېتىشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن مەكتەپ مۇدىرى يۇنۇسقا قاتتىق گەپ قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى كىشىگە خەۋەر بەردى. لېكىن، ئۇ كىشى ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئامالسىز قالغان يۇنۇس ئۆزى تېلېفون بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ كىشى: «سىز شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئادەم ئىكەنسىزكى، سىز بىلەن بىللە كولۇشكە توغرا كەلسىمۇ، ھەمراھىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويغۇدەكسىز» دەپ گەپنى ئۈزگەندى.

مەكتەپ مۇدىرى بارغانچە يۇنۇسقا ئىچەكىشىپ قالغاچقا، يۇنۇسنىڭ ئىچى قىمىرلاپ يەنە ئۆسۈشنىڭ كويىغا كىردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئورنى بوش تۇرغىلى ئۇزۇن بولغاچقا يۇقىرىدىن مەكتەپ مۇدىرىنى سۆيلىگەن چېغى. ئالدىنقى كۈنى شەھەردە نازىنىلار بىلەن ھاراق ئىچكەندە مەكتەپ مۇدىرى بۇنى يۇنۇسقا پۇرىتىپ ئۆتتى. يۇنۇس پۇرسەت كەلدى دەپ قارىدى.

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، مۇدىر كۆزىنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— مۇدىر، ھاردۇق يېتىپتىمۇ نېمە؟ — دېدى يۇنۇس مۇدىرغا

تاماكا تۇتۇپ.

— ئىسسىق ئىزنۇەتتىغۇ ئادەمنى، — دېدى مۇدىر تاماكىنى ئالماستىن قولىدىكى لۆڭگە بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ.

— سالقىنداپ كېلەيلى بولمىسا.

— نەگە بېرىپ سالقىندايمىز؟ هازىر تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېرى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن تۇرسا.

— مۇدىر، تۇرپاننىلا خىيال قىلىۋالمايىنى. داۋانچىڭ، نەنسەنلەرمۇ بارغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇدىردا جانلىنىش بولدى. ئۇ يۇنۇسنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ:

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، بوپتۇ، نەنسەنگە بېرىپ بىرەر كۈن بولسىمۇ قونۇپ، جاننى راھەتلەندۈرۈپ كېلەيلى، — دېدى.

— كىملەر بارىمىز؟

— سىز دەپ بېقىڭا.

— يا شەھەردىكى ھېلىقىلارنى ئېلىپ تۆتىمىزلا مېڭىپ كېتەمدۇق؟

مۇدىر ئىككىلىنىپ قالدى. ئاندىن:

— ئۇلار بىلەن كېيىنچە، هازىر ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىرىنى ئېلىپ بارايلى، — دېدى.

— قاچان ماڭىمىز؟

— چۈشتىن كېيىن مۇھىم بىر يىغىن بار. يىغىن تۈگىسە دېيىشەيلى. بەلكىم ئۆگۈنلۈككە ماڭارمىز.

— يىغىنغا مەنمۇ قاتنىشىمەنمۇ؟

— ياق، سىز قاتناشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

يۇنۇس ئىشخانىدىن ھەم خۇشال، ھەم غەش چىقتى. خۇشاللىقى: ئۆزى ئانچە چىقىم قىلمايلا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالدىغان بولدى. غەشلىكى: مۇدىر بەزى يىغىنلارغا يۇنۇسنى قاتناشتۇرماي، ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىۋېتەتتى.

نەنسەنگە ئەتە ماڭمىسز دېگەن كۆنى، يۇنۇس بۇ ئىشنى سالامەتكە ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان سالامەتنىڭ قوشۇلغۇسى كەلمىدى:

— بارمىسىڭىز بولمامدۇ؟ بويۇمدا بار تۇرسا.

— مەن بارغانغا بىر ئىش بولۇپ، بارمىغانغا بىر ئىش بولماي قالارمىدى؟

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن...

— مەن نەچچە قېتىم دېدىم، ھوقۇق دائىرەمگە چېتىشلىق ئىش بەك جىق، ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كۈتۈڭ، دەپ. مەكتەپ رەھبەرلىرى بار يەردە ئىشخانا مۇدىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ.

— بارمىسىڭىز زادى بولمامدۇ؟

يۇنۇسنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— ئىككى كۈندە بىرەر ئىش بولۇپ كەتمەس؟

سالامەت كۆزىگە ياش ئېلىپ جىممىدە بولۇپ قالدى.

يۇنۇس چىقىپ كەتتى. سىرتتىن تاجىخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يەنە نەگە باراي دەيسەن؟ ساڭا ئويۇن بولسىلا بولامدۇ؟

— مەكتەپ مۇدىرلىرى بار تۇرسا، بارمىسام بولامدۇ.

«قارا بۇلارنى، ئۆسىدىغان پۇرسەت كېلىۋاتسا، يەنە يوق قىلىدىغاننىڭ قازىنىنى ئېسىۋاتقىنىنى.» يۇنۇس ئازراق پۇل ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كاسىسىرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

سالامەت لاسسىدە بولدى. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش سالامەتكە ناھايىتى زور روھىي زەربە بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ خۇشخۇي، ئوچۇق - يورۇق قىزدىن بىردىنلا جىمغۇر قىزغا ئايلىنىپ قالدى. باشقىلارغا گەپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان، ئادەم كۆپ يەرگە بېرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. تاجىخان بىلەنمۇ گۇڭۇر - مۇڭۇرلىرى ئازلاپ كەتتى. ئازراقلا چارچىسا ئۇخلىغاندا بىر پارچە قىزىل رەڭنىلا چۈشەيدىغان

بولۇپ قالدى. بۇ رەڭلەر ئاستا ـ ئاستا بىر بوۋاقىقا ئايلىنىپ قالدى. ئاندىن سالامەتنى زار ـ زار يىغلىتىپ قېچىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ سالامەتنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىشىنىڭ نىرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىن بولغان ئىش ئىدى. سالامەتنىڭ نىرۋىسى ئاجىزلاپ كەتتى... ئەمما يۇنۇسنىڭ بۇلار بىلەن پەرۋايى پەلەك!

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى يۇنۇس تېخىمۇ ئۈسۈش تەمەلىرى بىلەن نەنسەنگە يۇرۇپ كەتتى.

بۇ 2002 ـ يىلىنىڭ 6 ـ ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، تەتىلگە ئاز قالغانىدى.

ئادەمگە ئارامبەخىش، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان نەنسەندىكى يېشىللىق، ساپ ھاۋا، نەمخۇشلۇق، سالقىنلىق ئىسسىق رايوندىن كەلگەن يۇنۇسلارنى ئىختىيارسىز «پاھ» دېگۈزۈۋەتتى.

ئۇلار قارىغايزارلىق، يايلاق، ھەيۋەتلىك شارقىراتمىلارنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، بىر چېدىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ جايلاشتى. قوي سويۇلدى، قازان ئېسىلدى، كاۋاپدانلار تەق قىلىندى...

ساپ، سالقىن ھاۋالىق مۇھىتتا رومكىلار ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن خۇشال ئىدى. بولۇپمۇ، يۇنۇسقا يەنە بىر خۇش خەۋەر ئاڭلىنىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بىرەر مۇھىم خەۋەر ياكى قارارنى بىرەر خۇشاللىقتا ئۇدۇللاپ ياكى سورۇنغا ئۇدۇل كەلسە سورۇن تازا ئەۋجگە چىققاندا دەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۈگۈنمۇ ئاشۇنداق بولدى. ساپ، سالقىن ھاۋادا، يېڭىچە مۇھىتتا ھاراق تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ يۈزى قىزىرىشقا باشلىغاندا، مەكتەپ مۇدىرى رومكىدىن ئىككىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— مۇشۇنداق خۇشال ۋاقىتتا مەن يۇنۇس مۇدىر بىلەن بىر رومكا سوقۇشتۇرغاچ مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى.

يۇنۇس ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— قېنى ئېلىڭلا يۇنۇس، يولداشلار، بۇگۈندىن ئېتىبارەن يۇنۇس ئەخلاق - تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. بۇگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەكتەپنىڭ ئەخلاق - تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

تەبرىك سۆزلىرى ئۈستى - ئۈستىگە بولدى:

— مۇبارەك بولسۇن!

— ئامەت كېلىپ قالسا توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن جۇمۇ.

— ئاپىسى بەك ئامەتلىك تۇغۇۋېتىپتۇ بۇ يۇنۇسنى.

... ... ...

ئەمما يۇنۇس رومكىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئەسلى «ئىلمىي مۇدىر، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى» دېگەندەك گەپنى ئاڭلارمەن دەپ ئويلىغانىدى. يۇنۇس: «رەھمەت مۇدىر» دەپلا هاراقنى ئىچىۋەتتى.

يۇنۇسنىڭ هاراق ئىچىشتىن رايى يېنىپلا كەتتى. سورۇندىكىلەر بىر - بىرىنىڭ گېپىنى تىڭشىمايدىغان هالغا كەلگەندە، يۇنۇس چاپىنىنى ئېلىپ ئاستىلا چېدىر ئۆيدىن سىرتقا چىقتى.

سىرت سوغۇق ئىدى. يۇنۇسنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ، چاپىنىنى كىيىۋېلىپ تاماكا تۇتاشتۇردى. شەبنەم هۆل قىلىۋەتكەنمۇ ياكى يامغۇرمۇ ئوت - چۆپلەر هۆل ئىدى. سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ ئۇنى شۈركەندۈرەتتى. چېدىر ئۆيلەردىن چىققان يورۇقلۇق يايلاقنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. يىراقلاردىن ئىتنىڭ هاۋشىغان ئاۋازى، كۆلكە، ئالىتاغىل ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ئەتراپتا يەنىلا كېچىگە خاس جىمجىتلىق، تىنچلىق بار ئىدى.

يۇنۇس ئەلەم بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئۇ خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان تىرىشتى، كەسپىتە تېز ئىلگىرىلىدى، دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىلىرىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ كۆزگە كۆرۈندى. مۇشۇنداق كېتىۋەرگەن بولسا نېمە بولاركىن؟ بىر قېتىم ناهىيەدە

ئېچىلغان ئوقۇتۇش تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ زىياپىتىدە، كەيىپ بولۇپ قالغان مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يۇنۇسنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەكتەپ دېگەن ئىلمىي ئورۇن. ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. ياشلاشتۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، مەكتەپكە سىزدەك ياش، كەسپچان، ئىقتىدارلىق يىگىتلەر مۇدىر بولۇشى كېرەك» دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ يۇنۇسنىڭ خىيالى كۆپەيدى، ئارامى بۇزۇلدى. ئىچىگە كىرىۋالغان بۆلەكچە بىر ئوت ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز قىينايدىغان بولدى. ئۇمۇ تىرىشتى، ئىنتىلدى، كۈچىدى، تىلىدى. شۇلارغا تۇشلۇق تەمە قىلغان لوقمىلارغا ئېرىشىپمۇ ماڭدى.

ئەمما، ئۇنىڭ كۈتكىنى بۇلار ئەمەس ئىدىغۇ! بىر دەم يىللىقلار گۇرۇپپا باشلىقى دەۋاتقان، بىر دەم ئىشخانا مۇدىرى دەۋاتقان، ئەخلاق ـ تەربىيە مۇدىرى دەۋاتقان... نېمىشقا ئۇنىڭ كۈتكىنىنى دېمەيدۇ؟

«نېمىشقا مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ مەن قايسى يولنى خاتا ماڭدىم؟ نېمىنى خاتا قىلدىم؟ نېمىشقا مەن شۇنچە ئىنتىلگەن نەرسىلەر مېنىڭدىن يىراق قاچىدۇ؟ بىرەر قېتىم، بىرەر كۈنلۈك بولسىمۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشسا نېمە بولىدۇ؟... »

سوئاللار ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇشقا باشلىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھايات ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتقاندەك، ئۇنى ئالداۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەلەم بىلەن يەردىكى ئوتنى يۇلدى، سوغۇق، نەم، سىلىق ئوت ئۇزۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا چىقتى، ئۇ ئوتنى چىڭ سىقىمدىدى.

— تاماكا چېكىڭ.

يۇنۇس چۆچۈپ يېنىغا قاراپ، يېنىدا ئولتۇرۇۋاتقان مەكتەپ مۇدىرىنى كۆردى. يۇنۇس تاماكىنى قولىغا ئالدى. مۇدىر چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. يۇنۇس تاماكىنى تاماكىغا يېقىپ ئوت تۇتاشتۇردى.

— بۇ يەرگە چىقىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟

— ساپ ھاۋا يەي دەپ چىققان، — دېدى يۇنۇس بوش ئاۋازدا.
— بايىقى گەپ خۇشياقمىدىمۇ نېمە سىزگە؟
— ياق، رەھمەت مۇدىر. ھېلىمۇ ماڭا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسىز.
— سىز باشقىچە ئويلىماڭ. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدا ئەخلاق - تەربىيە خىزمىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ سالمىقى ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن تەڭ. شۇڭا، ئەخلاق - تەربىيە مۇدىرلىقىنى بوش چاغلىماڭ. ھازىر يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ئەخلاق - تەربىيە مۇدىرىغا مەكتەپ مۇدىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بىر ھېسابتا ئەخلاق - تەربىيە مۇدىرى مەكتەپ مۇدىرى دېگەن گەپ، — لېكىن بۇ گەپلەر يۇنۇسنى قىزىقتۇرالمىدى. شۇنداقتىمۇ مەكتەپ مۇدىرى سۆزلەۋەردى، — پۈتۈن سىنىپ مۇدىرلىرىنى سىز باشقۇرىسىز، ئىلغارلارنى تاللاشتا سىزنىڭ قولىڭىزدىكى تورلەر مۇھىم بىر شەرت. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنى باھالاشتا سىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىڭىزنى باھالاش تەڭدە - تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ.
يۇنۇس بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە بىر تال تاماكا چەكتى.
— يۇنۇس مۇئەللىم، ئەمەلىيەتتە مەن سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن ئاستا - ئاستا ئاساس سېلىۋاتىمەن. مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە سىزنى چېنىقتۇرۇۋاتىمەن. ئەتە - ئۆگۈن مەن دەم ئېلىشقا چىقسام، سىزنى ئورنۇمغا كۆرسىتىشكىمۇ ئاساس بولۇشى كېرەك - تە.
بۇ گەپ دەرھال ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى. يۇنۇسنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، يېنىك تىندى. ئۇنىڭ خاپىلىقلىرى، مەكتەپ مۇدىرىدىن ئاغرىنىشلىرى ئاستا - ئاستا تاراشقا باشلىدى. لېكىن. شۇنداقتىمۇ باياتىندىن بېرى ئىچىنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان بىر سوئالنى سورىماي تۇرالمىدى:

— ئىلمىي مۇدىرلىققا كىمنى قويدىڭىزلار؟
— جاپپارنى.
«كىيىمنىمۇ ئوڭشاپ كىيەلمەيدىغان، ئىككى بوتۇلكا پىۋىنى ئىككى يېنىغا قارىماي ئالالمايدىغان نېمىنى قىلغۇچە مېنى قىلسىچۇ؟ مەكتەپتىكىلەر نېمىنى ئويلاپ جاپپارنى ئىلمىي مۇدىر قىلغاندۇ؟» يۇنۇس شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ چاندۇرماي:
— چاتاق يوق مۇدىر، مەن بۇ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، سىزنىڭ كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقىمەن، — دېدى.
ئەمما شۇندىن باشلاپ يۇنۇس چىن كۆڭلىدىن ئېچىلالمىدى.
ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە سەيۋۇپۇدا توختاپ، توخۇ قورۇمىسى يەپ ماڭماقچى بولدى. مەززىلىك توخۇ قورۇمىسىدىن كېيىن «قائىدىسىنى قىلىپ» هاراق كەلتۈردى...
ئۇلار يۇرتقا كەلگەندە كەچ بولۇپ كەتكەنىدى.
چالا كەيپ بولغان يۇنۇس، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى. بۈگۈن بۇ يەردىمۇ يامغۇر ياغقاچقا هاۋا سالقىن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يۇنۇس «ئىسسىپ كەتتىم» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، سالامەت شامالدۇرغۇچنى ماڭدۇرۇپ قويدى. ئاندىن بىر چەتكە ئۆتۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. «يۇنۇس هاراقنى تاشلىماي مۇشۇنداق ئىچىپ يۈرۈۋەرسە ئاقىۋىتىمىز نېمە بولۇر؟» دەپ ئەندىشە قىلدى. شۇ چاغدا يۇنۇس ئىڭرىدى. سالامەت ئۇنىڭ بىر ئوبدان ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرۇۋەردى.
بىر چاغدا يۇنۇس «توۋا، توۋا» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. بايا كەيپ يېتىپ قالغان يۇنۇسنىڭ ساقلا ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سالامەت هەيران قالدى. يۇنۇس سالامەتكە قاراپ دىمىقىنى قاقتى، ئارقىدىن مىيىقىدا كۈلدى.
— ئاخىر قانداقلىقىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز - هە؟ بىلگەن مەن، — دېدى يۇنۇس.
— نېمە دېگىنىڭىز بۇ يۇنۇس؟

— قانداق قىلىدىكەن، دەپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ ياتسام، «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ قاراپمۇ باقمىدىڭىزغۇ.

— قارىسام بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتقاندىكەن...

— تولا گەپ ياسىماڭ، «نېمىلا بولساڭ بولمامسەن» دەپ شېرىن خىياللىرىڭىزنى سۈرۈپ ئولتۇرغانسىز.

بۇ گەپ سالامەتنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— تۈزۈك گەپ قىلىڭ، يۇنۇس!

— سىز تۈزۈك ئىش قىلىسىڭىز، مەن تۈزۈك گەپ قىلمايمەنمۇ؟ ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغان بولسا، كېلىپ بېشىنى، پۇت - قولىنى تۇتقان، ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسە قىلىپ مەستلىكىنى يەشكەن بولاتتىڭىز. ماڭىغۇ بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمايسىز. سىزچە بولسام - زە، ھاراقنى جىق ئىچىۋېلىپ يىقىلىپ ياكى قۇسۇقۇمدا تۇنجۇقۇپ ئۆلسەم، مېنىڭدىن قۇتۇلسىڭىز...

— يۇنۇس، بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، كۆپۈر گەپلەرنى قىلماڭ، بولامدۇ؟ — سالامەت كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئالاكۆڭۈللۈكتىن تۇغۇلغان بالا قانداقمۇ ئادەم بولۇر؟

— يۇنۇس !!

سالامەت جالاق - جالاق تىترىگىنىچە خۇدىنى يوقىتىپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغان يۇنۇس ئاپىسىنى چاقىردى...

ئەتىسى سالامەت ھەر يامان خىياللارنى قىلدى. بىراق ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلاپ تۇرغان، ھاياتقا بولغان رىشتىسىنى چىڭىتىپ تۇرغان بىر جان — بالىسى ئۇنىڭ ئەقلىنى سەگىتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن سالامەت: «بوپتۇلا، بالا تۇغۇلغاندىغۇ ئوڭشىلىپ قالار» دەپ چىشىنى چىشلەپ غەيرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

سالامەت ھەسرەتلىك خىياللاردا ئولتۇرغاندا، ئۆيگە روشەنگۈل ۋە ئۇنىڭ يولدىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بەختىيارلىق، نۇرانىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار قىزغىن

ئەھۋاللاشتى. بىراق روشەنگۈل سەزگۈرلۈك بىلەن دوستىنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇقنى، ھەسرەتنى كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ يولدىشىغا ئىشارەت قىلدى، يولدىشى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— يىغىن بار ئىدى. مەن روشەنگۈلنى ئەكېلىپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم. كېيىن كېلىپ يۇنۇس بىلەن قانغۇچە ئىچىشىپ كېتىمەن. بۇگۈنچە نېسى تۇرۇپ تۇرسۇن، — دەپ كەينىگە ياندى.

— قانداقراق تۇرۇپسىز دوستۇم؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى روشەنگۈل سالامەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— بۇ كۈنلەر ئۆتۈپلىۋاتىدۇ، — دېدى سالامەت مەيۈسلۈك بىلەن.

— ئالدىراشچىلىقتا ۋاقتىدا كېلىپ ھالىڭىزدىن خەۋەرمۇ ئالالمىدىم.

— «توقنىڭ ئاچ بىلەن نېمە ئىشى» دەپ، بەختلىك ئادەملەر ئۆز بەختىنىڭ پەيزىدىن مەستخۇش بولۇپ يۈرىدۇ ئەمەسمۇ.

روشەنگۈل دوستىنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى، بەلكى دەردكە چىدىماي دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ باشقىچىلا بولۇپ قالدى.

— يۇنۇس كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ دوستۇم.

سالامەت ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى. روشەنگۈل ئاڭلىغانچە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. لېكىن ئۇ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىپ قويماي دەپ لېۋىنى چىشلەپ ئۈنسىز ياش تۆكتى.

— بولدى، ئاجرىشىپلا كېتىڭ، — دېدى ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان روشەنگۈل. بۇنى ئاڭلىغان سالامەت پىنھان يېرىدىكى سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك چۆچۈدى، — نېمىدىن قورقىسىز، ئاجراشقان تۇنجى ئادەم سىز بولمىغاندىكىن. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار؟ كېلىشەلىسە ئۆتىدىغان گەپ، كېلىشەلمىسە ئاجرىشىدىغان گەپ. مۇشۇنداق تۇرمۇش بۇ. كۈندە

دەرد يۇتۇپ، يۈرەكنى زىدە قىلىپ ياشاپمۇ ئىشمۇ؟
سالامەت بېشىنى چايقىدى.

— بۇنداق دەپ سىزنى يامان ئىشقا دالالەت قىلغىنىم ئەمەس. «باشقا ئەرنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ئىش» دەپ قورقۇپمۇ كەتمەڭ. يامىنى كەلسە ئەرگە تەگمەي ئۆتكۈلۈك. ئەر دېگەنمۇ ئەر بولالمىسا شۇنچىلىك بىر نېمە ئىكەنغۇ.

سالامەتنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى.

— بالام ئۇچۇن بولسىمۇ چىدايمەن، — دېدى سالامەت قورسىقىنى سىلاپ.

دوستىنىڭ دەرد ـ ئەلەمگە قانچىلىك غەيرەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن روشەنگۈل سالامەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

تەتىلدە يۇنۇس ھاراقتا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى. ئاخشىمى ئىچىدۇ، ئەتىسى چۈشكىچە ياتىدۇ. ئاپىسى، ئايالى، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسى بىلەن كارى يوق. خۇددى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئەڭ زۆرۈر ئىشى يوقتا چىققان كىشىدەك، شۇنىڭدىن باشقا ئارزۇسى، ئىنتىلىشى يوقتەك، شۇ سەۋەبلىك ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغاندەك ئىچىدۇ، ئۇخلايدۇ، يوقاپ كېتىدۇ. كۆرەڭ، شادلىنىدىغان ھالىتى يوق. تاجىخان نېمىلا بولسا ئۆينىڭ تىنچ بولۇپ قالغىنىدىن، سالامەتنىڭ دىلى ئازار يېمىگىنىدىن خۇش.

يۇنۇس بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق ۋە قىزلارغا خاس ئەتىر پۇرىتىپ تاڭ ئاتارغا يېقىن كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. چاقىرغۇ ئېكرانىدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ نومۇرىنى كۆرگەن يۇنۇس، تېلېفونمۇ قايتۇرماي مەكتەپكە قاراپ چاپتى.

مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلار يىغىلغان بولۇپ، كۇسۇرلىشىپ تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى مەھكەم ئېتىك ئىدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى يۇنۇس.

— ئىدارىدىن ئادەم كەپتۇ، مۇدىر بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.

بىزنى بىر يەرگە كەتمەكلار، مۇھىم يىغىن بار دەيدۇ.
15 مىنۇتلاردىن كېيىن سۆھبەتلىشىۋاتقانلار چىقتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چىرايى باشقىچىلا ئىدى، بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلارغا قاپىقىنى تۈرۈپ قارايدىغان مۇدىر، بۈگۈن نېمىشقىدۇر كۆزىنى يەردىن ئالالماي قالغانىدى.
بەش مىنۇت ئۆتۈپ، بۇنىڭ سىرى ئايان بولدى.
مەكتەپ مۇدىرى مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ چوكلار مائارىپى خىزمىتىنى تۇتۇشقا قويۇلدى. يېڭىلا ئىلمىي مۇدىر بولغان جاپپار مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن كۈلگەنلەرمۇ، قايغۇرغانلارمۇ بولدى.
بۇ ئىش سابىق مەكتەپ مۇدىرىغا ئېغىر كېلىپ، ئىككى ئېغىز خوشلىشىش سۆزىنى ئاران قىلالىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە بۇ ئىش يۇنۇسقا ئەڭ ئېغىر كەلدى. ئۇ روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، جايىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەشكەندەك بىلىندى. راستقۇ، ئەمدى ئۇنى كىم مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قىلىدۇ؟ كىم مەكتەپ مۇدىرلىق ئورنىنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىدۇ؟
يۇنۇس سەھنىدە تاتارغىنىچە ئولتۇرغان سابىق مەكتەپ مۇدىرىغا قارىدى. «مېنى تولا كولدۇرلاتماي، قويىدىغان ئورۇنغا ۋاقتىدا قويساڭلا بولىدىغان ئىش ئىدى. مانا ئەمدى ئوبدان بولدىمۇ؟ مېنى تولا گوللاپ ھەممىدىن قۇرۇق قويدۇڭ. بۇنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ساڭا قىلغانلىرىمنىڭ يۈزدىن بىرىنى جاپپار مۇدىرغا قىلاركەنمەن. ئېسىت!»
يىغىندىن چىققان يۇنۇس، ئىچەرمەن ئاغىنىلىرىدىن بىر نەچچىنى يىغىپ، «ئاچچىق»نى «ئاچچىق» بىلەن بېسىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىچىپ، تولا يومۇر سۆزلەپ ئۆزىنى ئۇنتۇدىكى، سابىق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دوست تارتىپ قىلغان چاقىرغۇسىغا تېلېفون قايتۇرۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى.

غەرق مەست بولۇپ كەتكەن يۇنۇس ئۆيگە ئاران كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قۇسۇقتا مىلىنىپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. يۇنۇس شۇ ھالدا تورۇپمۇ «ئىچىمەن، ئىچىمەن» دەيتتى.

سالامەت ئۇنى مىڭبىر مۇشەققەتتە يۆلەشتۈرۈپ كاڭغا ياتقۇزدى. ئاندىن كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. يۇنۇس كاپپىدە سالامەتنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە قولىغا سۆيۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن سالامەتنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھىر تۇيغۇسى ئويغانغانىدەك، يۇنۇس يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىۋاتقاندەك بىر خىيال لىپپىدە پەيدا بولدى. شۇ چاغدا يۇنۇس جۆيلۈگەندەك:

— نېمىگە ئالدىرايسىز گۈلناز؟ مېنى كۆرگۈڭىز كېلىپ كېتىپتۇ - ھە! ھاراق ئىچىپ بولۇپ ياتايلى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان سالامەت قولىنى نىجاسەتتىن تارتقاندەك تارتتى. ئۇنىڭدا بايا پەيدا بولغان قەدىرلىك تۇيغۇلار سەسكىنىشكە، يىرگىنىشكە ئورۇن بوشاتتى.

سالامەت بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردى. يۇنۇس قولىنى سۇنۇپ سالامەتنىڭ، خىيالىدىكى گۈلنازنىڭ قولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. تاپالمىغاندىن كېيىن كۆزىنى تەستە ئاچتى. ئۇ سالامەتنى كۆرگەندىن كېيىن ھاياسىزلارچە كۈلدى:

— سىز بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭىز؟ خاتا چۈشەنمەڭ، گۈلناز بىلەن باشقا ئىشىم يوق. بىز پەقەت ھاراق ئىچىمىز.

سالامەت كۆز ئالدىدىكى مەست دېسە ئەمەس، ساق دېسە ساق ئەمەس بۇ ئادەمگە قارىغىنىچە ئەپسۇسلىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— سەن بولمايدىغان نېمە ئىكەنسەن.

سالامەت يۇنۇسنىڭ بۇ گېپىنى ئۆزىگە ياكى ھېلىقى گۈلنازغا دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

— سېنىڭ بىلەن توي قىلىپ مېنى نەس باستى.

شۇندىلا سالامەت بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەمما، ئۆزىدە بۇرۇنقىدەك قورقۇش، ئۆزىنى ۋە يۇنۇسنى

ئاياش خىيالى پەيدا بولمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىيال «گۈلناز» دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغاندىلا سالامەتتە پەيدا بولغانىدى. سالامەت ئۆزىدىكى بۇ كۆندەشلىككە ھەيران قالدى. يۈنۈس ئورنىدىن تۇرۇپ، سالامەتنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— ئېيتە، — دېدى يۈنۈس سالامەتنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ، — قايسى گۇناھىڭغا بۇنداق نەس باسقۇر ئادەم بولۇپ قالغانسەن؟

سالامەتمۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— مېنىڭ قايسى گۇناھىمغا بولماقچى، ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھىغا.

— سەن يولۇققانلا ئادەمنى نەس باسامدۇ؟ يا مېنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن نەس باستۇرۇۋاتامسەن؟

— كىمنىڭ قانداقلىقى ئۆزىگە ئايان.

— كىم قانداقكەن !؟ — يۈنۈس سالامەتنىڭ گېلىنى سىقتى، — بەك دومىلە بىر نېمە ئىكەنسەن. ئىشىم شۇنداق ئوڭغا تارتىپ كېتىۋاتقان، قاچان ساڭا يولۇقتۇم، شۇندىن تارتىپ مېنى نەس باسقىلى تۇردى.

سالامەت يۈنۈسنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قالدى. يۈنۈسنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق نۇر چاقنايتتى. شۇڭا، سالامەت ئۇنىڭ قولىنى گېلىدىن ئاجرىتىشقا ئۇرۇندى.

— مېنىڭ ھەممە ئىشىم تەييار بولۇپ قالغان، پۈتۈپ بولغان. سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشمىدى.

— يۇ... يۈنۈس قويۇۋېتىڭ. يۈنۈس...

— ئېسىت، ساڭا چىراي بەرگەن بىلەن ئەقىل بەرمەپتۇ.

يۈنۈس بىر قولىنى بوشىتىپ سالامەتنىڭ يۈزىگە «چاڭ-لا» قىلىپ بىر شاپىلاق سالدى. شاپىلاقنىڭ زەربىسىدىن سالامەتنىڭ بېشى تامغا تېگىپ چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى.

— چىرايىڭغا ئەجەبمۇ ئالدىنىپ كېتىپتىمەن. بۇنى بىلگەن

بولسام سەت بولسىمۇ ئەقلى بار بىرىنى ئالاركەنمەن. ھۇ، دۆت!

يۇنۇس سالامەتنىڭ يۈزىگە يەنە بىر شاپىلاق سالدى...

روھىي، جىسمانىي زەربىلەر سەۋەبلىك يەنە سالامەتنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى.

W

سەئدىنىنىڭ زىنداندىن خالاس بولغانلىقى ناھايىتى تېزلا كۆكچىگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن پۈتۈن كۆكچىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇش بولۇشتى. دەل شۇ خۇشال كىشىلەر بىلەن بىرگە يەنە رابىيەمۇ سەئدىنىنىڭ ئەركىنلىككە چىققانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولغانىدى. ئۇ، چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندۈرۈپ، ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان ئىزگۈ خىياللارغا چۆككەنىدى.

بىر خۇشاللىققا بىر ئازاب ياندىش كېلىش تەقدىرنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدەك، رابىيەنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمايلا ئاللىقاياقلارغا يوقالدى. خۇش خەۋەر تارقىلىپ ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە، سەئدىنىنىڭ زىنداندىن خالاس بولغىنى بىلەن، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىمۇ تېزلا تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان رابىيەنىڭ خۇشاللىق بالقىغان چېھرىنى غەم ـ ئەندىشە تۇمانى باستى.

رابىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي زۆھرەنى ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە سەئدىنلەر تەرەپكە ئەۋەتتى. زۆھرە سەئدىنىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى، شۇ تاپتا ھارۋىغا ياتقۇزۇلۇپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ كەلدى. رابىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ئازابلاندى. يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ قەلبى مۇجۇلدى.

گەرچە رابىيە سەئدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىدىن بەك ئازابلانغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ ئۆلۈمدىن ئىبارەت يامان

تەرەپكە تارتقۇسى كەلمىدى. ئەكسىچە، ئۈمىد بىلەن «ئۇ داردىن قۇتۇلۇپ، زىنداندىن خالاس بولدى، بۇ ئەڭ چوڭ نەتىجە. ئاغرىق - سىزلاق بولۇش ئادەمدىكى نورمال ھادىسە، كېسەل دېگەننى ساقايتقىلى بولىدۇ. ئاغرىقتىن كېيىن سالامەتچىلىك بېرەر، بەخت - سائادەتمۇ ھامان بىر كۈنى بىز ئۈچۈن قۇچاق ئاچىدۇ» دەپ ئۆزىنى بەزلىدى.

رابىيەنىڭ قەلبىدىكى ئىشق يەنە نۇر چېچىپ، ئۇنى ئىزگۈ خىياللارغا باشلىدى. ئۇ خىيالىدا چىمەنلەرنى ئارمانسىز كېزىپ، تېخى يېتەلمىگەن ۋىسالى ئۈچۈن ئىنتىلەتتى. سۆيگۈ گۈلشەنىدىن ئۈمىد گۈللىرىنى ئۈزۈپ، دەستە قىلىپ ھايات قەسرىنى بېزەيتتى. مۇھەببەتتىن ئىبارەت نۇرلۇق مەشئەلنى تېخىمۇ يورۇق ياندۇرۇپ، سۆيگۈسىنى قايتىدىن نۇرلاندۇراتتى.

شۇ خىياللاردىن كېيىن، رابىيەگە غايىبتىن كەلگەن جاسارەت جور بولدى. رابىيە مانا مۇشۇ جاسارەتنىڭ كۈچى بىلەن «سەئىدنىلەرنى يولدا كۈتەي. سەئىدىن يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە سۆيگۈمنى ئىزھار قىلاي. ئۇلار كۆكچىگە يېتىپ كېلىشكە دەرەخلىكتىن ئۇدۇل ئۇلار تەرەپكە چىقىپ، سەئىدنىنىڭ زىنداندىن خالاس بولغانلىقىنى مۇبارەكلەي. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىشق ئوتىدىكى كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپسۇن، ھىجران تەپتى پەسەيسۇن» دېگەن ئويدا ئۆزىنى توختىتىپ، سەئىدنىلەرنىڭ يولىغا كۆز تىككىنىچە ئولتۇردى.

سەئىدنىلەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان رابىيەنىڭ خىيالىدا، كۆزىنىڭ قارىچۇقىدا پەقەت سەئىدنىنىڭلا سىماسى مەۋجۇت ئىدى. ئىنتىلىش بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى.

رابىيەنىڭ كۈتۈشى، سەئىدنىنىڭ ئېغىر كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ كېلىشى رەھىمسىز بىر رېئاللىقنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋاتاتتى.

ھارۋا توپىلىق يولدا غىچىرلاپ ماڭغانچە كۆكچىگە يېقىنلاشتى. سەئىدىن ھوشسىز ھالەتتە بولۇپ، پەقەت ئۆزىلا بىلەلەيدىغان ئاجىز

سېزىم بىلەن ھارۋىدا ياتاتتى. كۆكچىگە بارغانچە يېقىنلاشقانسېرى ئانا تۇپراقنىڭ ساپ ھاۋاسى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئاجىز سېزىمدا ئاغزىنى ئۇمچەيتكىنىچە كۆزىنى ئاچتى. كۆز ئالدىدا يۇرتىنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنى زاھىر بولدى.

ئىبراھىم بىلەن ھەسەن سەئىدىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىدىن، ھوشىغا كەلگەنلىكىدىن ئۇ خۇددى ھازىرلا ساقىيىپ كېتىدىغاندەك خۇش بولۇپ كېتىشتى. ئەمما، سەئىدىنىڭ ھاياتقا قانچىلىك ئىنتىلىپ، ئۆلۈم بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۆزىلا سېزەتتى. سەئىدىنىڭ بۇ ئاجىز تېنىدىن ھاياتلىق شامى ئۆچەيلا دەپ قالغانىدى.

سەئىدى ئاغزىنى ئانچىكى مىدىرلىتىپ، بىر نېمىلەرنى دېدى. ھەسەن قولىقىنى سەئىدىنىڭ ئاغزىغا ئەكېلىپ زەن قويۇپ تىڭشىدى. سەئىدىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ، ھەسەننىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى. سەئىدى ئاجىز تىنىقتا «رابىيە، رابىيە» دەۋاتاتتى. رابىيەنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئىڭراۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ئىبراھىم زار - زار يىغلىدى. باغرىغا سەئىدىنى چىڭ بېسىپ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغىنىچە، بالىسىغا ئازراق بولسىمۇ داۋا بولسۇن دەپ: «كۆزىڭنى ئېچىڭ، مانا رابىيە، رابىيە سالام قىلىۋاتىدۇ» دېدى. سەئىدى كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ: «قېنى ئۇ؟» دەپ زەئىپ ئاۋازدا ئاھ ئۇردى، بېشى ئاستا چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا سەئىدىنىڭ چىرايى سارغىيىپ، بەدىنى پۈتىدىن باشلاپ مۇزلاشقا باشلىغانىدى. بۇ دەل ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى — بەلگىسى ئىدى. بەخت ۋە ھاياتلىق ئۈچۈن تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلغان بۇ ئەزىمەت يىقىلغانىدى، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ تۇرالمايتتى. تەقدىر ئۇنى رەھىمسىزلەرچە يىقىتتى. مانا ئەمدى بۇ ۋاپادار ئاشىق «رابىيە» دېگىنىچە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىغا ئاجىز تېنىنى يەتكۈزۈپ، ۋىسال قىرغاقلىرىنى دەسسىيەلمەي، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. قارىچۇقىدا رابىيەنىڭ سىماسى سۈرەت بولۇپ قاتتى.

ھارۋا سەئىدىنىڭ جانسىز جىسمىنى مەھەللىگە سۆرەپ كىرىشى بىلەن ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىبراھىم، داد ئېيتىپ يىغا - زار قىلدى. بۇ چاغدا ئاتىنىڭ يىغىسىدىن زېمىن تىترىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر سەئىدىنىڭ بۇ بىئەجەل ئۆلۈمىدىن ئېغىر سوكۇتكە چۆمدى. ئاشىقىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان رابىيە، ئىبراھىمنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى، بۇ يىغا ئادەتتىكى يىغا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم يىغىسى ئىدى. رابىيەنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ بىر ئاتىنىڭ ھەقىقىي ھازىسىدىن سەئىدىنىڭ كۆز يۇمغانلىقىنى بىلدى. بۇ چاغدا رابىيەنىڭ كۆزىدىن نەچچە تامچىلا ياش ئاقتى. ئۇ، سەئىدىنى قايتا تىرىلدۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. جاھاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، سەئىدىن بىلەن بىرگە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىشنىلا ئويلىغان رابىيە كۆپ ھازا قىلماي، پۈتۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆز ياشلىرىنى قارىچۇقىغا سىڭدۈرۈۋەتتى. باشقىلارغا دەرد، مۇڭ ئېيتمىدى. دېمىسىمۇ، ھايات يولىدا ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان گۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا توزۇپ كېتىشىگە چىدىماق ھەقىقەتەن تەس ئىش.

سەئىدىنىڭ كۆكچىنى تاشلاپ كەتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. رابىيە سەئىدىن ھايات ۋاقتىدىكىدەك كۈندە سەئىدىنى سېغىنىپ، كۆز ياش قىلغان ھالدا ئاھ چېكىپ، ئىشق ئوتىدا تولغانمىدى ھەم بۇلارنى باشقىلارغىمۇ بىلىندۈرمىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ئەلەملىرىنى ئىچىگىلا يۇتۇپ، دۇنيادىن تېزرەك خوشلىشىشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندى.

سەئىدىن ئۆلگەندىن كېيىن، رابىيەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى يىراقتىن كۆزەتتى. رابىيەنىڭ كۆز ياش، داد - پەريات قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىچە كۆڭلى جايىغا چۈشتى. شۇنداقلا «ئۇ سەئىدىنى ئۇنتۇپتۇ. سەئىدىن بار ۋاقىتتا قىزىمىز كۈندە ئىشق ئوتىدا تولغىنىپ، كۆز ياش قىلاتتى. مانا ئەمدى سەئىدىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ بىچارىلەرچە ھالى تۈگىدى. دېمەك، سەئىدىن ئۇنتۇلۇپ،

قىزىمىزنىڭ يۈرىكىدىكى مۇھەببەتمۇ سۇسلىغان گەپ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ توينى قىلىپ قويايلى» دېيىشىپ، يەنە قىزىنىڭ ھالىغا يەتمەي توي توغرۇلۇق كېڭەشتى. ئاتا ـ ئانىسى بۇ قېتىممۇ ھاماقەتلىك قىلىپ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

ياقۇپ مال ـ دۇنيانىلا تونۇيدىغان، ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن ئادەم بولسىمۇ، رابىيەنىڭ ئانىسى ھېچبولمىغاندا قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىغان مەزلۇم ئىدى. شۇڭا، ئانىسى تويدىن ئىلگىرى رابىيەدىن رازىلىق ئېلىش توغرىسىدا ياقۇپقا ئېغىز ئاچتى. ياقۇپ يەنە بۇرۇنقى قارىشى بويىچە:

— تولىمۇ دۆت خوتۇنسەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى. سەئىدنىمۇ ئۆلگەن تۇرسا، يەنە نېمە ئىش بولماقچىدى، — دېدى زەخەرخەندىلىك بىلەن.

— قىزىمىزدىن رازىلىق ئالساق نېمە بولىدۇ؟ ئەرگە تېگىدىغىنى بىز ئەمەس، قىزىمىز. ئەگەر قىزىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ توي قىلساق، ئالدىنقى قېتىمقىدەك كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئالدىنقى قېتىم قىزىمىزنىڭ پىكرىنى ئالمىغاچقا، ئەل ـ يۇرت ئالدىدا سۆز ـ چۆچەككە قالدۇق. يەنە قىزىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماي زورى بىلەن توي قىلساق، بۇ تويدىن نەتىجە چىقمايدۇ. قىزىمىز ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئانىسى ياقۇپتىن ئۆتۈنۈپ.

— قىزىڭنىڭ بەڭباش چوڭ بولۇشىدا، سەن سەۋەبلىك. ئۇنى مۇشۇنداق گەپ ئاڭلىماس قىلىپ چوڭ قىلغاندىكىن ئۆزۈڭدىن كۆر، — دېدى ياقۇپ ۋارقىراپ.

ئانىنىڭ ئاغزى يۇمۇلۇپ، قىزى ئۇچۇن قايغۇغا چۆكتى.

سەئىدىن ئۆلگەندىن كېيىن، رابىيە تىلسىز، ياشسىز ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭدىن قايغۇ ئىزنالىرىنى ئەسلا تاپالمايتتى. «جىم ئاققان سۇ تىرەن بولۇر»

دېگەندەك، رابىيەنىڭ قايغۇلىرىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. كىشى دەردىنى ئىپادىلەپ يىغلىغاندىن، ئىچىدە ئازابلىنىپ يىغلاش تولىمۇ خەتەرلىك. رابىيەنىڭ ئىچىدىكى بۇ داۋالغۇشنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. سىڭلىسى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇنى بىلمەيتتى.

رابىيە بەزى چاغلاردا، ھازىر بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دەپ ئويلايدىغان سىڭلىسى زۆھرەگە ئېسىلىپ يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى. رابىيە ھەقىقەتەن دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈپ، سەئىدىنىنىڭ قېشىغا كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق بۇنى باشقىلار بىلسە بولمايتتى. شۇڭا، رابىيە بۇ سىرىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتماي ئۆزىلا بىلدى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى قارار قىلدى، ئۇنىڭ قەلبى ئۆزىگە سۆزلەيتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، رابىيە سىڭلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئۆلىمانىڭ يېنىغا باردى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سورىدى:

ــ ھاياتلىقتا كىشى كۆپ ئازاب چېكىپ، يېگەن ئازارلىرى چېكىگە يېتىپ، بۇنىڭغا چارە قىلالماي ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغان بولسا، ئازار يېگەن كىشىنىڭ ئۆلۈم يولىنى تۇتۇشى توغرىمۇ ياكى خاتا؟

ئۆلىما سالماقلىق بىلەن:

ــ بۇنداق قىلىش ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. ھاياتلىقتا كىشى بېشىغا نى كۆرگۈلۈكلەر كېلىدۇ. بۇنى يەڭمەي بولمايدۇ. ئۆلۈمگىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن يۈزلىنىش كېرەك. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالماق تولىمۇ ناتوغرا ئىشتۇر، ــ دېدى.

رابىيە يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئەگەر كىشىگە ئىشق ئوتى چۈشۈپ، شۇ ئىشقتا تولغىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەشۇقى دۇنيادىن كېتىپ، ۋىسالدىن سۆز ئاچقىلى بولماي، قارا ھىجران قەلبىنى چىرمىۋالسا، مۇشۇنداق چاغدا ئۆلسىمۇ يامانمۇ؟

ئۆلىما رابىيەگە ھەيرانلىقتا قاراپ قالدى ھەمدە ھېچنېمە دېيەلمىدى.

رابىيە ئۆيىگە قايتتى. ئۇ، ئۆلىمانىڭ يېنىدىن قايتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە جاۋاب تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئۆلۈشكە قەتئىي بەل باغلىدى. قەلبىدە «ئۇ مېنىڭ ئىشقىمدا جاھاندىن كەتتى. مېنىڭ بۇنداق ياشىشىمنىڭ نېمە پايدىسى. بۇ ئىش، دەل شۇ ئۆلۈمدىن باشقا يول بىلەن ھەل بولمايدۇ» دېگەن سادا ياڭرايتتى.

## 24

2003 ـ يىلىنىڭ يېڭى يىللىق قوڭغۇرىقى چېلىندى.

كېچە. يارىشىملىق كىيىنىپ، گىرىم قىلىۋالغان سالامەت دېرىزە ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىلى نەچچە سائەت بولدى. نېمىنى خىيال قىلغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. دېرىزە ئەينىكىدە قېتىپ قالغان قىرووۋ گۇللىرىگە سىنچىلاپ قارايتتى. ئۆي ئىچى سەل ئىللىسا ياكى سالامەتنىڭ تىنىقى يېقىنلاشسا، بۇ گۇللەر ئېرىشكە باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن سالامەت جىددىيلىشەتتى. ھاۋا مۇزلىسا ئېرىشكە باشلىغان گۇللەر يەنە توڭلايتتى. كۆڭلى تىنغان سالامەت، گۇللەرنىڭ بايا ئېرىپ پەيدا بولغان زىيادە يەرلىرىنى تىرنىقى بىلەن قىرىپ چىقىرىۋېتەتتى. بارا ـ بارا دېرىزە ئەينىكىدىكى گۇللەر يوقاپ دېرىزىنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلىۋالغاندا، سالامەت جان ـ جەھلى بىلەن ئەينەكنى ئېرىتىشقا باشلايتتى. ئەينەكنى ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا قارايتتى. سىرت پۈتۈنلەي قاراڭغۇ. سالامەت ئاشۇ قاراڭغۇلۇققا كۆڭۈلگە شادلىق بېغىشلىغۇچى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىشىك ئېچىلدى. يۇنۇس سوغۇقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە ھاراق پۇرىتىپ كىرىپ كەلدى. يۇنۇس سالامەتنىڭ نەچچە سائەت بۇرۇن

ئۆزى يېڭى يىللىق ئولتۇرۇشقا ماڭغاندا، ئولتۇرۇپ قالغان جايىدا تېخىچە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— سارالڭ، ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا ياسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى.

يۇنۇس سالامەتنى «يېرىم كېچىدە ئاخشامقىدەك دېرىزىنى ئېچىۋەتمە» دەپ بىر مۇنچە تىللىغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەن تاجىخان ئالدىراپ ئۆيىگە كىردى. يېقىندىن بۇيان سالامەتنىڭ سەل باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان تاجىخان: «ئىككى قېتىملىق بويىدىن ئاجراش بەك تەسىر قىپتۇ. ھالىدىن ياخشىراق خەۋەر ئالاي» دەپ ئويلاپ ئاساسەن دېگۇدەك ئۆيدە بولۇۋاتاتتى. بايا ئۇ سالامەتكە مانتىنى تۇگۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە نېرىقى مەھەللىدىكى تويغا بارىدىغانىنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشقىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئاپا، مانتىلارنى تۈگۈپ قازانغا سېلىۋەتتىم، — دېدى سالامەت.

— ياخشى قىپسىز قىزىم. مەن ئازراق قىزىلمۇچ قىيامى ياساي. ئەتىگەنكى سامساقلارنى نەگە قويۇۋىدىم، — تاجىخان شۇنداق دېگەچ قازان بېشىنى ئاختۇردى.

بايا قىيما سېلىنغان تاۋاققا قارىغان تاجىخان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن جىلتە قىلىدىغان خېمىرغا قارىدى. خېمىر خېلىلا ئازايغانىدى. بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ تاجىخان قازانغا قارىدى. قازاننىڭ تۈۋىقى ئۈستىگە ھور قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر پارچە قارا تاش باستۇرۇلغان بولۇپ، قازان قايناۋاتاتتى.

تاجىخاننىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ قولى ئىشقا بارمىدى. شۇڭا ئۇ تىتىلداپ ئولتۇرالماي قالدى. پەقەت تاقەت قىلالمىغان تاجىخان بىر چاغدا:

— قىزىم، قىزىلمۇچ قىيامى قىلىدىغانغا ئاچچىقسۇ ئازلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ. دۇكانغا چىقىپ ئاچچىقسۇ ئەكىرسىڭىز، — دېدى.

— بولىدۇ ئاپا.

سالامەت سىرتقا ماڭدى.

سالامەت ھويلىدىن چىقىپ كېتىشىگە، تاجىخان تۇۋاقنى ئاچتى ۋە چوكا بىلەن چالا پىشقان مانتىدىن بىرنى ياردى. مانتىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق قىيما يوق ئىدى. تاجىخان يەنە بىر قانچە مانتىنى ياردى. ھېچقايسىسىنىڭ ئىچىدە قىيما يوق. بۇنى كۆرگەن تاجىخاننىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

تاجىخان سالامەتتىن رەسمىي ئەنسىرەپ قالدى. دېمىسىمۇ سالامەتنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى بىنورماللىق، غەيرىيلىك ئېنىق ئىپادىلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

تاجىخان مانتىنى قايتىدىن تۈگۈشكە باشلىدى. قايتىپ كىرگەن سالامەت بايا ئۆزىنىڭ مانتا تۈگكىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك «ئاپا، يەنە مانتا تۈگۈۋاتامسىز؟» دەپ سوراپمۇ قويماي، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ رەسىمنى ئوبدان سىزىدىغانلىقىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن تاجىخاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

شۇ چاغدا روشەنگۈل كېلىپ قالدى.

— سىز دوستىڭىز بىلەن پاراڭلىشىڭ. تاماق پىشقاندا سىزلەرنى چاقىراي.

سالامەت بىلەن روشەنگۈل سالامەتنىڭ ئۆيىگە كىردى. تاجىخان يەم بىلەن مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىچىدىكى گەپلەرگە قۇلاق سالدى.

— نېمانچە جۇدەپ كەتتىڭىز؟ — دېدى روشەنگۈل ھەيران بولۇپ.

— شۇ، بىر ئاز تارتىلىپ قالدىم.

— ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز.

— ئىشتىھايىم ياخشى بولمىسا.

— ئەڭ ياخشىسى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

— بىرەر يېرىم ئاغرىمىسا.

— ئۇنداق دېمەڭ، بولۇپمۇ سىز دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. داۋالانمىسىڭىز، پەرۋىشمۇ بولسا قىلارسىز.

— قاراپ باقاي.

— «قاراپ باقاي» دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويماڭ. يۈرۈڭ، هازىرلا بېرىپ باقايلى.

— كېيىنچە ئۆزۈم باراي.

«گەپلىرى تۇزۇكلىغۇ. ياق، بۇ بالىغا بىر ئىش بولدى. بىچارە قىزىم، يۇنۇسنىڭ دەردىنى تارتىۋالىدىغان بولدى.» شۇلارنى خىيال قىلغان تاجىخان يېشىنى سۈرتكىنىچە ئارقىغا ياندى.

كەچلىكى تاجىخان يۇنۇسنى چاقىردى.

— بالام، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ساڭا تولا گەپ قىلىپ، «ئەمدى گەپ قىلماسمەن» دەپ ئويلىغۇدىم. لېكىن سالامەت قىزىم ئۈچۈن گەپ قىلمىسام بولمىغۇدەك.

يۇنۇس خۇشياقمىغاندەك بېشىنى چايقىدى.

— سالامەت ئۆيگە كەلگەندە بىر چىرايلىق بالا ئىدى. قارا، ئەمدى ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغان هالىغا.

— يالغاندىن شۇنداق بولۇۋالغان نېمە ئۇ، ئۆزىنىڭ شورى! — دېدى يۇنۇس كەسكىنلا.

— ئۇنداق دېمە يۇنۇس، كېيىن ئۇۋالىغا قالىسەن.

— نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ پۇل - پۇچەكتىن قىسىپتىمەنمۇ يا ئۇنى؟ خانىشتەك ياشاۋاتسا. باشقا ئۆيلەرگە قاراپ باقە، باشقا خوتۇنلار بىر قۇر كىيىم ئۈچۈن ئېرى بىلەن نەچچە جاڭجالىلىشىدۇ.

— نېمىشقا بىلمەيسەن بالام، سالامەتكە كېرىكى ئۇ ئەمەس.
— نېمە ئەمىسە؟
— ئۇنىڭغا كۆيۈن، ئاسرا. تولا تىلللىما، «بىر قېتىم ساراڭ دەپ تىللىسا، بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. سېنىڭدىن ئۆتۈنگىنىم بولسۇن، شۇ بالىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما. كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقمىسۇن.
— مەن ئۇنى قەستەنگە تىللايدىغان ساراڭمۇ؟ تىللايدىغان ئىشلارنى قىلسا تىللايمەن.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟
— «چىرايلىق، چىرايلىق» دەپ، تازا كاللىسى ئىشلىمەيدىغان نېمىكەنتۇق. تۇخۇم پىشۇرىمەن، دەپ قورۇق چەينەككە تۇخۇمنى سېلىپ مەشنىڭ ئۈستىگە قويۇپتىكەن، چەينەكنى تېشىۋېتىپتۇ. بۇلارنى ساڭا دېمىدىم ئاپا. كۈنبويى گەپ قىلماي ئولتۇرۇشلىرىچۇ تېخى، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ.
— تولا كۆڭلى ئاغرىپ شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقساڭ بوپتىكەن.
— چوپچوڭ ئادەم ئۆزى بارسۇن. يا ماڭالمايدىغان كېسەل بولمىسا ئۇ.
تاجىخان بارغانچە غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى.
— ئاپا، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتەيمىكىن، دەيمەن. نېمە كۈن بۇ ماڭا؟
تاجىخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى:
— تولا ئاغزىڭنى ئۇشتىمە.
— بولدىلا ئاپا، مەنمۇ ئارانلا بولۇپ قالدىم. يا ماڭا كۆڭۈل بۆلمىسە، يا ئۆيگە كۆڭۈل بۆلمىسە، يا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىسە... ئۇ بىزگە ئاش بولمىغۇدەك.
— ئەينى ۋاقىتتا شۇنچە گەپ قىلسام، «ئاشۇ قىزنى ئالىمسام

بولمايدۇ» دەپ تۇرۇپلىۋالدىڭ. ئادەم قىلىش ئۆزۈڭدىن ئىدى.
ئەمدى ئۇ قىزنى مۇشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ...
— ئۆي تۇتۇپ كېتەرمىز دەپتىمەن.
— يوقىلاڭ خىيالنى قويۇپ، سالامەتنىڭ هالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئال.
— مەن، راست دەۋاتىمەن ئاپا. شۇنداق ئوبدان بىر يەرنى تېپىپمۇ قويدۇم.
— يۇنۇس! يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. ئاندىن نەگىلا بارساڭ بار.
ئاپىسىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلىنىشىنى كەمدىن ـ كەم كۆرىدىغان يۇنۇس چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆيدىن ئاستا چىقتى.
سالامەت كۆڭلىكىگە تېخىچىلا بىر تال تۇگمىنى قاداش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بۇنى كۆرگەن يۇنۇسنىڭ ئۆيىگە كىرگۈسى كەلمىدى. قايسى كۈنىمۇ يۇنۇس مەكتەپتىن كېلىپ، سالامەتنىڭ ئۆزى ئامراق «مەن» دېگەن رەسىمنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ:
— بىر ئوبدان رەسىمنى نېمىشقا ئىككى پارچە قىلىۋەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
سالامەت خۇشياقمىغاندەك:
— بۇ ئەسلىلا ئىككى پارچە رەسىم ئىدى، — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان يۇنۇس: «ئون كويچەنگە يارىمايدىغان رەسىمگىنى نېمىلا قىلساڭ قىلمامسەن» دەپ كارى بولمىغانىدى. شۇنى يادىغا ئالغان يۇنۇس «ساراڭ» دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.
ئەمدى، تاجىخاننىڭ كۆڭلىرى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. قولى ئىشتا بولسىمۇ، بىر كۆزى سالامەتتە ئىدى. باشتا ئۇ بۇ ئەھۋالنى زۆهرەخانغا دەپ بېقىشنى ئويلىدى. كېيىن: «ئۇنداق دېسەم كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن، بالىغا ئوبدان قارىماپسىلەر، دەپ خاپا بولمىسۇن» دېگەنلەرنى ئويلاپ دېيىشتىن يالتايدى.

بۈگۈن تاجىخان سالامەتنىڭ قازناق ئۆيىنى مالتىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاراپ قويۇپلا ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. بىراق، سالامەت خېلىغىچە چىقمىغاندىن كېيىن، ئەنسىرەپ قازناق ئۆيگە كىردى. سالامەت بىر پارچە تاختاينى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراۋاتاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، قىزىم؟

— بالا تۇغۇلاي دەپ قالدى. بۆشۈك ياسىساق بولاتتى، دەپ تاختاي ئىزدەۋاتىمەن. تاختايلارنىڭ ھەممىسىلا ئەگرى ئىكەن. مۇنۇ خېلى تۈزكەن، ماڭا يارىدى.

سالامەت خۇددى راستتەكلا سۆزلەۋاتاتتى. بۇنىڭدىن تاجىخان قورقۇپ كەتتى. ئۇ، ئەمدى زۆھرەخانغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، زۆھرەخانغا تېلېفون قىلدى.

— زۆھرەخان، سىلى ئالدىراشمۇ؟

— ھازىر بىكارچىلا بوپكەتتۇققۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە كەلگەن بولسىلا بوپتىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ زۆھرەخان: «سالامەتكە بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ساراسىمىگە چۈشتى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— بىر ئىشقۇ يوق. پاراڭلىشىپ كېتەمدىكىن دەپ...

— سالامەتچۇ؟

تاجىخان ئاغزىغا كەلگەننى دېدى:

— تاماقىا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، باراي.

تاختاينى تۇتۇپ ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاپ تۇرغان سالامەت كەينىگە ياندى.

زۆھرەخان تۇرۇپكىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— كىم ئۇ؟ نېمە ئىش ئىكەن؟ — دەپ سورىدى سابىر.

— تاجىخان. «كەلسىلە» دەيدۇ، يەنە «ھېچ ئىش يوق دەيدۇ» كۆڭلۈم باشقىچىلا بولۇپ قالدىغۇ.
— بىرەر ئىش بولسا دەر بولغىيتتى؟
— ئۇغۇ شۇ. تۇرۇپلا باشقىچە بولۇپ قېلىۋاتىمەنچۇ.
— بۇ يەردە بىسەرەمجان بولۇپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، بىرىپ باقساقلا بولمامدۇ.
— يۇرۇڭ ئەمىسە.
ئۇلار سالامەتلەر ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىگە يېتىپ بارغاندا، ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۇتۇشكە تاقىتى قالمىغان تاجىخان كوچىنىڭ دوقمۇشىغىمۇ كېلىپ بولغانىدى.
— نېمە ئىش؟ دەپ باقسىلاچۇ؟ — دېدى زۆھرەخان ئالدىراپ.
— ئەمدى شۇ... ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، سالامەتگۈل يېقىندىن بۇيان سەل شۇ... بېشى تۆرەپ قالغاندەك...
— نېمە ئىش زادى؟ دېسىلە، — دېدى سابىر تاجىخاننىڭ تىلىنى چاينىشىدىن بىرەر ئىش بولغانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپ.
تاجىخان بولغان ئىشلارنى قىسقا دېيىشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما زۆھرەخان بۇ گەپكە ئىشەنمىدى.
— زېھنى ئوچۇق، ئەقىللىك قىز تۇرسا... سىلىگە شۇنداق بىلىنگەن گەپ.
— چارچاپ قالغاندۇ، — دېدى سابىرمۇ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلى ئازار يېگەن تۇرسا، ئوبدان ئارام ئالسۇن.
— بولدى، ئۇنى بۇگۇنلا ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، بىر نەچچە ۋاق ئۆزۈم باقىمەن. سالامەتنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋالسۇن، ئاندىن يۇنۇس بىلەن ئوبدان بىر پاراڭلىشىمىز.
ئۇلار شۇ گەپلەر بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالدى ۋە ئىشىك ئالدىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان سالامەت بىلەن كۆرۈشتى.
— ئاپا، تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ چىرايلىق ئەھۋال سورىدى سالامەت. ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باردى:

— ئاپام سېنى «ئۈرۈمچىگە كەتتى» دېۋىدى، قاچان قايتىپ كەلدىڭ؟

— تۈنۈگۈن چۈشتە كەلدىم، قىزىم.

قىزىنىڭ بىر ئوبدان تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا خاتىرجەم بولدى. زۆھرەخان «بىكارلا گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدىلا» دېگەندەك تاجىخانغا قېشىنى ئۈچۈرۈپ قاراپ قويدى.

— ئاپا، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى سالامەت ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ، — مەن داستىخان تەييار قىلىپ قويغان.

بۇلارنى كۆرگەن تاجىخان مەڭدەپلا قالدى. ئاندىن: «شۈكرى، نېمىلا بولسا سالامەت ساق ئىكەن» دەپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. كاڭدىكى شىرەگە چەينەك، چىنە، تاۋاق قويۇلغانىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە «قېنى... » دېسە «قېنى، تۆرگە...» دەپ ھۆرمەت، تەكەللۇپ قىلىشتى، سابىر كاڭغا چىقىپ ئولتۇردى.

سابىر جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىرە ئۈستىگە بىر قاراپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كاڭغا چىققان زۆھرەخانمۇ كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالدىن چىرايى تاتارغانچە داڭ قېتىپ قالدى.

ئۇلار شۇنى كۆردىكى، شىرەدىكى تاۋاقتا ئاياللارنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك كۆسىرى تۇراتتى...

ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى. زۆھرەخان قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن سالامەتكە قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. زۆھرەخان بىراقلا قېرىلىق يەتكەندەك مۈكچىيىپلا قالغانىدى.

ئۇ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن سالامەتنىڭ يۈزىنى سىلىدى. سالامەت كىچىك چېغىدا زۆھرەخان ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ: «قىزىمنىڭ يۈزى شەھەر قىزلىرىنىڭ يۈزىدەكلا سىلىق» دەپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى.

ئاشۇ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ھالى مانا! زۆھرەخاننىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى: «سېنى كەچۈر قىزىم، مەن سېنى بەختسىز قىلىپ قويدۇم. مېنىڭ كاساپىتىمدىن بوگۈنكى كۈنگە قالدىڭ. نېمىشقىمۇ سېنىڭ رايىڭغا باقمىغاندىمەن؟ نېمىشقا ئۆز خاھىشىم بويىچىلا سېنى مەجبۇرلىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ پۇل، يۈز - ئابرۇي دەپ كۆزۈمنى كور قىلىپ، ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرگەندىمەن؟ ھەي، ھەي، ئېسىت ! مانا شۇ نەرسىلەر ئۈچۈن قىزىمنى قۇربانلىق قىلىپتىمەن. بۇ جازايىمنى مەن تارتماي، نېمىشقا قىزىم تارتىدۇ؟ ياق، ياق ! نېمىشقا مەنمۇ بۇ جازانى تارتقۇدەكمەن. قىزىمنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان يۇنۇس دېگەن ئېشەك تارتسۇن. قېنى، قىزىم ساقايسۇن، مەن ئۇ ئېشەك ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن! خەق نېمە دېسە دېسۇن، قىزىمنىڭ ئۆچىنى ئالغىنىم ئالغان...»

زۆھرەخاننىڭ خىيالىدىن يەنە نېمىلەر كېچەر بولغىيتتىكىن، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى. زۆھرەخان ياشلىق كۆزىنى ئىشىككە تىكتى. ئىشىكتىن بىر جۈپ قىز - يىگىت نەرسە - كېرەك كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ئۇلار ئاستا مېڭىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. زۆھرەخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن باش لىڭشىتىپ ئەھۋاللاشتى. قىز - يىگىت سالامەتنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ باش لىڭشىتتى.

شۇ ئەسنادا يىگىتنىڭ كۆزى ياستۇق يېنىدا تۇرغان ئىچىدە قومچاق بار ئاق تاشقا چۈشۈپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئاندىن قۇلىقىغا «سومبۇل چاچ» دېگەن تاتلىق ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. يىگىت ھەسرەتلىك تىندى.

زۆھرەخان ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. يىگىت بوش ئاۋازدا:

— بىز سالامەتنىڭ ساۋاقداشلىرى، — دېدى.

— رەھمەت، — دېيەلىدى زۆھرەخان كۆزىگە قايتىدىن ياش ئېلىپ.

— ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، — دېدى يىگىتنىڭ يېنىدىكى قىز، — سالامەت چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— رەھمەت قىزىم.

يىگىت سالامەتكە سىنچىلاپ قارىدى. «چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىملىرى بىلەن كۆزگە پاللىدە چېلىقىدىغان، خۇشخۇي، ئەتىدىن ـ كەچكىچە خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىغان، تۇرمۇشتىن خۇشاللىق ئىزدەشكە ماھىر، ئۈمىدۋار بىر قىزنىڭ بۈگۈنكى ھالى مۇشۇمۇ؟» يىگىتنىڭ كۆڭلىدىن شۇلار كېچىپ، بوغۇزىغا يىغا كەپلەشتى. قىز يىگىتنىڭ پېشىنى تارتتى.

— ئىش بولسا دېسىلە، ياخشىراق دوختۇرغا كۆرسىتەيلى، — دېدى يىگىت چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن.

— رەھمەت.

يىگىتكە دەممۇدەم قاراۋاتقان زۆھرەخان، ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدى ـ يۇ، نەدە كۆرگەنلىكىنى پەقەت ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇلار خوشلىشىپ چىقتى.

يىگىت — باتۇر، قىز — ھېلىقى چاغدا باتۇرلار ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كوماندا بىلەن مۇسابىقىلەشكەن چاغدا باشتىن ـ ئاخىر باتۇرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنى ئالقىشلىغان سېرىق چاچلىق قىز ئىدى.

باتۇر ئاستا ـ ئاستا ناھىيە بويىچە تەنتەربىيە ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق ئوقۇشقا بارغاندا، بۇ قىزمۇ خەنزۇ تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى. شۇ يەردە بۇ قىز نەچچە يىللار بۇرۇنقى ئەقىدىسىنى ئۇنتۇيالماي، باتۇرنى قوغلاشتى. ئاخىر باتۇرنىڭ قەلب قەسرىگە بۆسۈپ كىردى.

ئوقۇشتىن كېلىپ باتۇرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى بىلەن

ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى.
نەچچە ئاي بۇرۇن قىزنىڭ ئاتىسى ناھىيەگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەندە، باتۇر ناھىيەلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىگە تېرىنېر بولۇپ يۆتكەلدى.
ئۇلار دوختۇرخانا ئالدىغا چىققاندا قىز:
ــ ئەگەر سالامەتنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەيدىغان ئىش بولسا، ئاتامغا دەپ ماشىنا ھەل قىلاي، ــ دېدى سەمىمىيلىك بىلەن.
ــ رەھمەت، ــ دېدى باتۇر مىننەتدارلىق بىلەن.

X

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، رابىيەدىكى ئىشق ۋە ھىجران ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستايتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، ئانىسى رابىيەنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ، رابىيەنىڭ دەردىگە تەسەللى بېرىپ، بىچارە قىزىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. ئانىسى ئۆزىنى خۇشال ۋە تەمكىن تۇتۇپ ئېغىز ئاچتى:
ــ قىزىم، ساڭا ئانىلىق مېھرىم بىلەن دەيدىغان سۆزۈم بار. بىلسەڭ سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭمۇ بەختىم. قىزىم، ئىشق ئوتىدا تولغىنىپ، كۆپ ئازابلارنى چەكتىڭ. ئۆز سەنىمىڭگە دەسسەپ، سۆيگەن يارىڭ بىلەن جاڭگالغا قېچىپ، ئائىلىمىزنىڭ شەنىگە ھاقارەت كەلتۈردۈڭ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭنىمۇ ئازابلىدىڭ. ئاتاڭنى خىجىللىققا قالدۇرۇپ، ئاتاڭ تىلىغا مېنى قويدۇڭ. تەقدىر سىلەرنى قوشماپتىكەن، ئاللانىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نە چارە قىزىم. تەقدىر ـ قىسمەت ئالدىدا ھەممىمىز ئاجىزلىق قىلىمىز. ئاتاڭ بىلەن كۆپ كېڭىشىپ، سېنىڭ تويۇڭنى قىلىشنى قارار قىلدۇق. قىزىم، سېنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، بۇ توينى رەت قىلمىغان بولساڭ. ئەمدى رەت قىلساڭ، دەرد ئۈستىگە دەرد بولىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ ــ دېدى ئانىسى كۆزلىرىدىن يامغۇردەك

ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ.

رابىيە ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يا ئۈندىمەي، يا مۇنداق دېمىدى. سۆز تۈگىگۈچە سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئاڭلاپ، سۆزى تۈگىگەندە قاپىقىنى تۈرۈپ: «نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، دەردىمەن قىزىڭلار بۇنىڭغا چارىسىز» دەپ گەپنى ئۈزدى.

كۈز كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ، سوغۇق كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي يەر ـ جاھان ئاق لىباسقا پۈركۈنۈپ، ئېقىن سۇلار مۇز تۇتۇشقا باشلىدى. ئېگىز تېرەكلەرگە قاغىلار نەلەردىندۇر كېلىپ قونماقتا. جەنۇب تەرەپتە سۇت رەڭگىگە كىرگەن پامىر تاغلىرى يازدىكى جۇلاسىنى قاياقلارغىدۇر يوقاتقان بولۇپ، ئېگىز قارلىق چوققىلىرىنى ئاسمانغا تاقاشتۇرغانىدى.

سوغۇق چۈشكەن شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆكچىدە ئاللىبىر كىملەر كاتتا تويغا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. تويغا پۈتۈن يۇرت تەۋرىگەن، جابىر رەزىل قولىنى يەنە دىلى سۇنۇق رابىيەگە سوزغانىدى. جابىر «سەئىدىن ئۆلگەندە رابىيەگە ئېرىشىمەن» دەپ ئويلاپ سەئىدىن ئۆلۈشى بىلەنلا تىلىكىگە يەتكەندەك قايتىدىن «رابىيە مېنىڭ» دەپ بۇ تويغا تۇتۇش قىلغانىدى.

جابىر بۇ يۇرتتا يۈز ـ ئابرۇيلۇق، كاتتا باي بولغاچقا، بۇ تويغا قاتتىق تەييارلىق كۆردى. توينى ئۈچ كۈن قىلماق بولۇپ، كالا، قوي، توي لازىمەتلىكلىرى يەتكۈدەك تەييارلاندى. توي كۈنى سەھەرلەپ ناغرا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، پۈتۈن يۇرت زىلزىلىگە كەلدى. تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىكى ئوغلاق تارتىشىشقا نۇرغۇنلىغان چاپار ئات، ئۇستا چەۋەنداز قاتنىشىپ، كۆكچىدە ئۆزىنى نامايان قىلدى. بۇ ئوغلاق تارتىشىشنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى.

بۇ يەردە ئىككى خىل خاھىش مەۋجۇت ئىدى. بىرى ئۆلىمەن دېسە، يەنە بىرى يار ۋەسلىگە يېتىمەن دەيتتى. بىرى مېھىر ـ ۋاپا ئىچىدە يىگانە بولسا، يەنە بىرى شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئەسىرى، ۋاپا

دۇنياسىنىڭ ئەكسى ئىدى. بىرى سۆيگۈ يولىدا پىداكار جان، يەنە بىرى مانا مۇشۇ پىداكار جاندىن زوق ئالغۇچى ئىبلىس. مانا مۇشۇ ئىككى خىل ئىختىلاپ ئىچىدە توي داۋاملاشماقتا ئىدى.

جىمجىت كۆكچى، جابىرنىڭ تويى بىلەن بىر ئاۋات بازارغا ئايلاندى. تويغا نۇرغۇن چوكان ۋە نوچىلار يىغىلغانىدى. هاكاۋۇر قىز - جۇۋانلار گۈللەرنى قىسىشىپ، رومال بىلەن ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك يۈزىنى ئېتىشكەنىدى. ياش يىگىتلەر ناخشىلار ئېيتىپ، لەتىپە - چاقچاق ياغدۇرۇشۇپ، چوكان - قىزلارنى كۈلدۈرۈشەتتى. باشقىلار ئۇچۇن خۇشاللىق، رابىيە ئۇچۇن دوزاخ بولغان بۇ توي شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، كەچتە نىكاھ مۇراسىمى بولدى. قارىمىنىڭ «ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن جابىر بەگكە تەگدىڭىزمۇ» دېگەن سوئالىغا رابىيە قەتئىي جاۋاب بەرمەي سۈكۈتتە تۇردى. خۇشامەتچى ئاتا خۇددى ئۆزى جابىرغا تېگىدىغاندەك قىزىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، قارىمىنىڭ سوئالىغا قىزىغا ۋاكالىتەن ئۆزىلا رازىلىق بەردى.

نىكاھ مۇراسىمى تېزلا ئاخىرلىشىپ، رابىيە مەيگە مەجبۇرىي سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلدى. رەھىمسىز تەقدىر، ئاخىر رابىيەنى جابىرغا خوتۇن بولۇشقا مەھكۇم قىلدى.

توي بولۇپ نەچچە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، رابىيە جابىرغا قەتئىي باش ئەگمىدى. كۆڭلىدە، رېئاللىقىدا پەقەتلا ئاشىقى سەئىدىن مەۋجۇت ئىدى. جابىرغا كۆنمىگەن رابىيە، هە دېسىلا ئۆيىگە قېچىپ كېلىۋالدى. هېچ ئامال قىلالمىغان جابىر ياقۇپقا يالۋۇرۇپ، دەردىنى تۆكۈپ قىزىغا نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ياقۇپ قىزىغا قېچىپ كەلمەسلىككە نەسىھەت قىلىشقا ۋەدە بەردى.

بۈگۈنمۇ رابىيە يەنە قېچىپ كەلدى. جابىر كەينىدىنلا رابىيەنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدى. خۇشامەتچى ياقۇپ، قىزىنى ئانىسىنىڭ ئايرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ جابىرنى يولغا سالدى. ياقۇپ جابىرنى يولغا سالغاندىن كېيىن، دەر غەزەپ بىلەن رابىيەنىڭ

ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ زەھىرىنى چاچتى:

— ئانا ـ بالا ئىككىڭگە سۆزۈم بار. مەن ھازىر چايغا بېرىپ، كەچتە قايتىپ كېلىمەن. قايتىپ كەلگۈچە قىزىڭنى جابدۇپ، «ئېرىڭنى خاپا قىلما» دەپ نەسىھەت قىلىپ دەرھال ئېرىنىڭ ئۆيىگە يولغا سال. ياق، سەن بىللە ئاپار. نەسىھەت قىلىپ مەيلىگە قويما. ئۇ ئۆيىنى تىنچ تۇتسۇن. ئۆلۈپ كەتكەن گادايىنى ئۇنتۇسۇن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمدى يەنە سۆزۈمنى ئاڭلاشمىساڭ، كىملىكىمنى شۇ چاغدا بىلىپ قېلىشىسەن، — دېدى ـ دە، ئېتىنى مىنىپ چايغا ماڭدى.

ئىلاجسىز قالغان ئانا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەچ:

— قىزىم، ئاتاڭنىڭ خۇيىنى ئوبدان بىلىسەن. ئەگەر كەتمىسەڭ يەنە نۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقى تاپىسەن. ئەڭ ياخشىسى مېنى ئارىدا قويما. مەن بىر ئانا تۇرۇپ، يا سېنى قوغداپ قالالمىدىم. نە ئامال، مېنىڭ ئۆيدىكى ئورنۇم مانا مۇشۇنچىلىكلا. بىز ئايال زاتى ئەرگە بېقىنىپ ئۆتمەي ئامالىمىز يوق ئىكەن، — دېدى مىشىلداپ تۇرۇپ.

رابىيە ئەمدى ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى، بۇندىن كېيىن ئەركىنلىكىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جاندىن كېچىش ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى. ئانىسىغا «ماقۇل» دەپ بولۇپ:

— ئانا، سىلەر ئاستىراق ماڭغاچ تۇرۇڭلار. كىچىككىنە ئىشىم بار ئىدى. كەينىڭلاردىنلا يېتىشىمەن، — دېدى.

ئانىسى ماقۇل بولۇپ زۆھرەنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقتى.

مانا ئەمدى رابىيە ياشاشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، جېنىدىن راستتىنلا كەچمەكچى بولدى. چۈنكى، رابىيەنىڭ سەۋر قاچىسى توشقانىدى. رابىيە «ئەمدى مېنى چۈشىنىدىغان يارىمنىڭ يېنىغىلا كېتەي» دەپ بېشىغا تۇمىقىنى كىيىپ، كىشىلەرنى «سۇ ئالغىلى مېڭىپتۇ» دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا

قاپاقنى ئالدى ـ دە، سىڭلىسىنى ھەمراھ قىلىپ تەلۋىچۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رابىيە سىڭلىسىنى يېتىلىگىنىچە سۆزلىگەچ، بىردەم ـ بىردەم ئارقىسىغا قاراپ، ئادەم يوقلۇقىدىن خاتىرجەم بولۇپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

ئۆلۈم دېسە ھەممە كىشى قورقىدۇ. ئۆلدى دېمەك يوقالدى، تۈگۈلمىگەن ھالەتتە قالدىڭ دېمەكتۇر. شۇڭىمۇ ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ئەنە شۇنداق سۈرلۈك. ئادەم ئۆلدىمۇ يەنە شۇ قارا تۇپراققا قېتىلىپ كېتىدۇ. بالا ئۆلسە، ئاتا «بالام» دەپ يىغلايدۇ. ئاتا ئۆلسە، بالا «ئاتا» دەپ يىغلايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن يىغلىغاننىڭ، زارلىغاننىڭ نېمە پايدىسى. ھەممە نەرسە ھايات ۋاقتىدا، قولدا بار ۋاقتىدا قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟!

رابىيە شۇ تاپتا ھەممە قورقىدىغان ئۆلۈمنى تىلەپ، دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىنى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئۆزى رازىلىق تىلىگەن ئۆلۈمنى باشقىلارنىڭ توسۇۋېلىشى ئىدى. شۇڭىمۇ كەينىگە يەنە پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

ئېگىز قاشنىڭ لېۋىگە كەلگەن رابىيە دەرياغا كۆز تاشلىدى. دەريا مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريا خۇددى تۈز يەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. رابىيە تولىمۇ بىئارام بولدى. بۇنداق قاتتىق مۇزغا ئۆزىنى ئاتقان بىلەن ئۆلگىلى بولمايتتى. شۇ ئەسنادا، پىراق ـ ھىجران ئۇنى يەنە قىيناشقا باشلىدى. يا، ئۆلمەن دەپ ئۆلەلمىسە، يا، يار ۋەسلىگە يېتەلمىسە!

رابىيە ئۇدۇل مېڭىپ بىر توقايلىققا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئۆزىدىن نەچچە گەز تۆۋەندىكى قايىنامنى كۆردى. قايىنام دەھشەتلىك مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. يەرلىك كىشىلەر چوڭقۇر قايىناملارنىڭ قىشتا مۇز تۇتمايدىغان مانا مۇشۇنداق جايىنى «قارا» دەپ ئاتايتتى. رابىيەنىڭ كۆزى كېگىزنىڭ چوڭلۇقىدەك يەرگە چۈشكەن بولۇپ، مۇز تېگىدىن بىر نەرسىلەر ئېتىلىپ چىقسا، سۇ چىققان نەرسىلەرنى يەنە خۇددى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ ئەكىرىپ

كېتەتتى. قايىنامىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇز دەھشەتلىك قاراسلايتتى. رابىيەنىڭ كۆزى قايىنامىغا مىختەك قادالدى. ئۆلۈم ئۇنىڭغا بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ سىڭلىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ۋىدالاشتى.

دۇنيادىن زارلىنىپ، سىڭلىسى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان رابىيەنىڭ كۆز يېشى تۇيۇقسىز توختاپ، چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولۇپ، تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چېھرى يورۇپ كەتتى. سۇغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مۇزلار ئەينەك بولدى. كۆزگە ئەينەكتىن سەئىدىنىڭ سىماسى ئەكس ئەتتى. بىللە ئۆتكەن خۇشال كۈنلىرى بىر ـ بىرلەپ ئەكس ئېتىشكە باشلىدى: سەئىدىن قول ئىشارىتى قىلىپ ئۇنى «تېز كەل، بۇ ئازابلاردىن مەندەك بىراقلا قۇتۇل» دەۋاتاتتى. رابىيە «ئېھ، سەئىدىن!» دەپ ئاھ ئۇردى ـ دە، سىڭلىسىنى نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ، «ئى سەئىدىن، بارمۇ سەن؟!» دېگىنىچە ئۆزىنى قايىنامغا ئاتتى. قايىنام رابىيەنى ئەجدىھادەك بىر دەم تارتىپلا يۇتۇپ كەتتى.

رابىيە مۇز ئاستىغا كىرىپ كەتتى. سىڭلىسى ھىقىلداپ يىغلىغىنىچە «ئاچا، ئاچا» دەپ توۋلىغىلى تۇردى.

دەل شۇ چاغدا، بۇ يەرگە بىر نەچچە قىز ـ چوكان كېلىپ قالدى. ئۇلار كىچىك بىر قىزنىڭ قولىدا بىر تۇماقنى تۇتۇۋېلىپ، قايىنامغا قارىغىنىچە «ئاچا» دەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، دەريا بويىدا بىر قاپاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. قىزچاق «ئاچام رابىيە ئۆزىنى قايىنامغا ئاتتى» دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدى. قىزلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ كۆز يېشى قىلىشىپ، دەرھال ياقۇپلارنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. رابىيەنىڭ ئانىسىنى يېرىم يولدا توختىتىپ بولغان ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئانىسى زار ـ زار يىغلاپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ نالە قىلدى. ئانىسى «ۋاي داد» دەپ يىغلىغىنىچە بىر توپ ئادەمنى باشلاپ دەريا بويىغا كەلدى. ھەممىسى ئەتراپقا خېلى قارىغان بولسىمۇ، ئەمما رابىيە كۆرۈنمەيتتى. ئانا كىچىك قىزىدىن

ئەھۋالنى ئۇقۇپ ياقىسىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا دەريا بويى ماتەم قايغۇسىغا چۆككەندى. غەربكە يانپاشلىغان قۇياشمۇ رابىيەنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ ماتەم تۇتقاندەك قىزىل رەڭدىن يۈزىگە لىباس تارتقانىدى. ئاسمانمۇ ھازىدار بولغاندەك، ئەتراپىنى بىردەمدىلا قايغۇلۇق قاراڭغۇلۇق باستى.

كۆكچى بىردەمدىلا ئوپۇل - توپۇر بولۇپ، بارلىق خەلق دەريا بويىغا يىغىلىپ رابىيەنىڭ جەسىتىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، ھەممە ئادەم قولىغا بىردىن مەشئەل ئېلىشقانىدى. بەزىلەر قوللىرىدىكى پالتا، كەتمەن بىلەن گۇمان قىلغان يەرلەردىكى مۇزلارنى ئۇرۇپ چاقاتتى. چاققان مۇزلار بىلەن دەريانى توسۇپ، سۇنى مۇز ئۈستىگە چىقاردى. رابىيەنىڭ جەسىتىنى ئىزدەشكە كەلگەنلەر ئاھ ئۇرۇپ، رابىيە ئۈچۈن ئېچىنماقتا ئىدى. ئەمما، جابىر بۇنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي ئېتىنى مىنىپ باشقا ياققا كەتكەنىدى. جابىر رابىيەگە قىلچىلىكمۇ ئىچ ئاغرىتمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قىزلار شۇنچىلىك قەدىرسىز بولۇپ، رابىيە ئۆلسە يەنە بىرى تەييار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى جابىردا قىلچىلىك مۇھەببەت - سۆيگۇ، ئىشق - پىراق بولمىغانلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭدا بارى پەقەت شەھۋەتلا ئىدى، خالاس.

يۇرتداشلار بىر خىلدا رابىيەنىڭ جەسىتىنى ئىزدىمەكتە. ئۇلار توقايلىقلاردا مۇز چوقۇپ، قەيەر قارا بولسا شۇيەرگە «ئېلىنىپ قالا» دەپ، ئىلمەك تاشلايتتى.

خورازلار چىلاپ، جاھان يورۇشقا باشلىدى. تەلۋىچۇك بويىدا يەنە ئادەم كۆپەيدى. كىشىلەر تاڭ يورۇپ يەنە چۈشكىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، رابىيەنىڭ جەسىتىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۇلار قايتىشتى. رابىيە خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تاڭنىڭ يورۇشى بىلەن يوقالغاندەك جىمجىتلا بۇ دۇنيادىن غايىب بولغانىدى. تېخى نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ياقۇپنىڭ ئۆيىدە چوڭ توي بولۇپ، خۇشاللىق ئۈچۈن كالا، قويلار

سويۇلغانىدى. ئەمدى ئاشۇ خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ماتەم ئىگىلىدى. بىچارە ئانىنىڭ نالە ـ پەريادى يۈرەكلەرنى ئەزدى.

كېيىنكى يىلى باھاردا، رابىيەنىڭ جەسىتى تەلۋۇچۇك دەرياسى بويىدىن تېپىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، تاۋۇت تەييارلىنىپ كىشىلەر دەپنە مۇراسىمىغا يىغىلىشتى. ياقۇپلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن گۆر تەييارلاپ رابىيەنى شۇ يەرگە قويۇشماقچى بولغانىدى. بىراق، خەلق بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى. ھەممە بىردەك: «رابىيە ھايات ۋاقتىدا ئېغىر دەرد تارتتى. ھايات ۋاقتىدا قوزغالغان ئىشق، مۇز ئاستىدا ئۆچۈپ، دىلىدا داغ قالغان ھالدا بىزدىن ئايرىلدى. ھەممىمىزگە ئايان، رابىيە بىلەن سەئدىن كىچىكىدە ئالدىمىزدا ئويناپ چوڭ بولغان. چىمەنلەر ئارا قوغلىشىپ ئوينىشىپ بالاغەتكە يېتىپ مۇھەببەتنىڭ شارابىنى ئىچىشىپ رىشتى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، خۇددى سۇغا ئوخشاش بىر بولۇپ كەتكەن. ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ نىدالىرىغا قۇلاق سالماي، ئۇلارنى چۈشەنمەپتىمىز. ئۇلار ھەقىقەتەن ئىشق ئوتىدا قىيىنىلىپ، ئۆز يۇرتىدا نۇرغۇن ئازابلارنى تارتتى. سەئدىن نېمىشقا زىندانغا بەند بولدى؟ سېپىلغا تۇتۇلۇپ، ھاشارغا چىقىپ، دارغا ئېسىلماقچى بولدى؟ بۇ چاغدا رابىيە سەئدىن ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدى؟ سەئدىن قانداق قىلىپ داردىن قۇتۇلۇپ قالدى؟ نىزارىينىڭ قېشىغا كىم باردى؟ سەئدىننى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغۇچى كىم؟ ئۇ مۇشۇ تاۋۇتتا ياتقان بىچارە قىز ئەمەسمۇ؟! بىز ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. ئۇنى مانا مۇشۇنداق جاسارەتلىرىگە كەلتۈرگەن ئاشۇ ئىشقتۇر. بۇ يەردە ھەممىمىز بۇ ئىككى ياش ئالدىدا خىجالەتتىمىز. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببىتىنى چۈشەنمەي ئۇلارغا مەدەتكار بولالماپتىمىز. كىشىنىڭ ئۆز جېنىدىن كەچمىكى ئاسانمۇ؟! ھايات ھەممىمىزگە قەدىرلىك. ئۇلار قانداقسىگە بۇ ئەزىز جېنىدىن كېچىپ، بىر يولىلا جاھاندىن ئۆمىدىنى ئۈزدى؟ ئەلۋەتتە، بۇنى بىلىش ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ،

ئىشقىنىڭ تېگىگە يەتمەك تولىمۇ زۆرۈر. بىز دەل بۇنى بىلمىگەچ ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىشىغا بىپەرۋا قاراپتىمىز. ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا قوشۇپ قويۇشقا تىرىشماپتىمىز. ئەمدى ئۇلار پاك ئىشق بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى. ھاياتلىقىدا ئۆزلىرى بەھرىلىنىدىغان تۇرمۇشتىن بەھرە ئالالمىدى. ھاياتىدا ۋىسال گۈللىرىنى ئۈزەلمىدى. ئەمدى ئۇلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا بولسىمۇ ۋىسال تاپسۇن. رابىيەنى سەئىدىن قەيەردە بولسا شۇ يەرگە دەپنە قىلايلى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى خىجالىتىمىزنى يۇيايلى. ھايات چېغىدا ئۇلار ۋىسال گۈلزارىدىن بەھرە ئالالماي ئارمان بىلەن كەتتى. رابىيەنى سەئىدىننىڭ مازىرىغا ئېلىپ بارايلى، ئۇنىڭ قەبرىسى — دەپنەگاھىنى ئېچىپ، بۇ گۈل بىلەن بۇلبۇلنى بىر يەرگە دەپنە قىلايلى. بۇ ئىشق ئەھلىگە بىلدۈرگەن ھۆرمەت بولۇپ قالغۇسى. ۋاپا، مۇھەببەت قەدىرلەنسۇن» دېيىشتى، پۈتۈن يۇرت بۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپتى، بۇ يۇرتداشلىرىنىڭ تەلىپى بولغاچقا ياقۇپبايمۇ «ماقۇل» دېمەكتىن باشقىغا ئامال قىلالمىدى.

كۆك ئاسماننىڭ يۈزىنى تۇمان باسقانىدى. كىشىلەر تاۋۇتنى كۆتۈرگىنىچە ئاھ ئۇرۇشۇپ مازار تەرەپكە كەلمەكتە. تاۋۇت ئىچىدە نۇرى ئۆچكەن بىر ئاي ياتاتتى. كەڭ كەتكەن مازاردىكى تىقما - تىقما قەبرىلەر كىشىلەرگە مەڭگۈ جىمجىتلىقنى ھېس قىلدۇراتتى. قەبرىستانلىق ئىچىدە سەئىدىننىڭ قەبرىسى كۆرۈندى. ئىبراھىم قەبرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «بالام، جېنىم بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىن. بىچارە ئاتاڭ يۈزۈڭنى بىر كۆرۈۋالسۇن. قارا، قېشىڭغا رابىيە كەلدى. ئۇنى ئەمدى ھەمراھ قىلغىن ئوغلۇم. ئوغلۇم، سەن مېنىڭ ئالدىمدا كەتكۈچە، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا كەتسەم بولمامدۇ. ئېست، ياشلىق باھارىڭ خازان بولدىغۇ!» دېگىنىچە يىغلىدى. ئىبراھىم ئوغلىنىڭ تۇپراق بېشىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتاتتى: «جىگىرىم، پارەم، سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىدىڭغۇ؟! بىر ياش نوتا ئىدىڭ، بىراق ۋاقىتسىزلا سۇندىڭغۇ؟ ئەجەل ساڭا نېمىشقا شۇنچە

بالدۇر چاڭگىلىنى سالىدۇ، بالام، بالام، بالام» دەپ ئاھ ئۇردى. سەلدىن كېيىن سەئىدنىنىڭ قەبرىسى ئېچىلىشى بىلەن خەلق يىغا ـ زار قىلىشتى. ئىككى ئاشىق يېقىن قىلىپ يەرلىككە قويۇلدى.

مانا، ھاياتلىق ئاسمىنىدىن تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن ئاي قارا يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ھاياتلىقىدا يېقىن تۇرۇشقا پۇرسەت بولمىغان بۇ ئىككى ئاشىق ئەمدىلىكتە ئۆلگەندە ھەممىنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، مەڭگۈ بىللە بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ھاياتلىق ئۇلارغا بەرمىگەن پۇرسەتنى، ئۆلۈم ئۇلارغا نېسىپ قىلدى. خەتمىقۇرئان قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر كۆزى قىيمىغان ھالدا مازاردىن ئايرىلىشتى. رابىيە بىلەن سەئىدىن بىر گۆردە پىنھان قېلىشتى...

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم بىلەن ياقۇپ كېڭىشىپ رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ دەپنەگاھىغا بىر گۇمبەز ياساتماقچى ھەمدە گۇمبەزگە لەۋھە قويماقچى بولدى. ئۇلار گۇمبەزگە قويۇلىدىغان لەۋھەگە يېزىلىدىغان مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى.توساتتىنلا ئىبراھىمنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەچكەندەك بولدى ـ دە، دەرھال سەئىدنىنىڭ خاتىرىسىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ بەتلەرنى ۋاراقلاۋېتىپ، سەئىدىن ھايات ۋاقتىدا نەۋايىنىڭ بېيىتلىرىدىن دەپتىرىگە تىركەپ قويغان مىسرالارغا كۆزى چۈشتى. شۇنداقلا مۇنۇ بېيىتلارنى ئويۇپ، گۇمبەز پەشتىقى ئالدىغا نەقىش قىلدى.

*ئىشق كويىدا جۇنۇن مېنى مۇنارى ئەيلىدى،*
*ھەجىر تاشىدىن مۇنەققەش، جىسمىم ئۇريان، ئاقىبەت.*

*دەھر بوستانى، ئارا سەركەش نەھالىن كۆرمىدۇك،*
*سايە يەڭلىغ بولمىغاي يەر بىرلە يەكسان ئاقىبەت*

يەشمىسى:

(ئىشق كويىدا جۇنۇن، ئاقىبەت مېنى ھىجران تېشى بىلەن نەقىشلەنگەن يالىڭاچ جىسىمدىن ئىبارەت بىر مۇنارە قىلىپ قويدى.

زامان بوستانلىقىدا باش كۆتۈرگەن ۋە ئاقىبەت سايىدەك يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتمىگەن بىرمۇ كۆچەتنى كۆرمىدۇق.)

## خاتىمە

*راست بولسا ئەگەر قىزىل گۈلنى قۇرۇتقىن،*
*پورەكلەپتۇ، يەنە ئەنە غۇنچىسى.*
*راست بولساڭ ئەگەر، شوخ بۇلبۇلنىڭ تىلىنى ئۈز،*
*گۈللەر ئارا ياڭراپ تۇرار ناۋاسى.*

*گۇمانىم بار سەن ئويغاتقان يۈرەكنى،*
*ۋىسالىڭمۇ، ھىجرانىڭمۇ دادلاتتى.*
*راست بولساڭ ئەگەر، ئازابلارنى يوقاتقىن،*
*لېكىن ئازاب پاك قەلبىمنى قاناتتى.*

*ھەي مۇھەببەت، يەنە ساڭا تەشنا مەن،*
*تاتلىق قىلىپ يارىتىپسەن ئەلەمنى.*
*شۇ سېھرىڭدىن بىلەلمىدىم بىر ئۆمۈر،*
*گۇمانلىق دەپ سېنى ياكى ئادەمنى؟*

*— ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت: «مۇھەببەتكە سۆز»*

ئادىل كۈلدى:

— ھاكىمغا كۈيئوغۇل بولدۇم ـ دە.

— مەسخىرە قىلما، — دېدى باتۇر، — ھاكىمغا كۈيئوغۇل بولۇش خاتا ئىش ئەمەستۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنىڭ بىلەن يامان غەرەزدە توي قىلمىدىم. تەبىئىي كېلىشىپ قالدۇق.

ئادىل ئىككى ئىستاكان هاراق قۇيدى:

— گېپىڭ توغرا، ھاكىمغا كۈيئوغۇل بولۇش خاتا ئىش

ئەمەس، — ئادىل بىر ئىستاكاننى باتۇرغا سۇندى، — خوشە، ھاكىمغا كۆيۈئوغۇل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن!

— مەن بۇ ھاراقنى ئىچىشتىن قورقمايمەن، — دېدى باتۇر ناھايىتى سالماقلىق بىلەن، — ئۇنچىلىك تەنە قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. مەن ھاكىمنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن سالامەت بىلەن توي قىلمىغان بولسام، نېمىلا دېسەڭ بولاتتى. لېكىن مەن بەتنىيەتلىك قىلمىدىم. شۇڭا بۇ جەھەتتە سەۋەنلىك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمغا كۆيۈئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن خوشە!

باتۇر ھاراقنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئادىل بىر ئوتلاپ قويدى. باتۇر تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى.

— مېنىڭمۇ ھەر ۋاقىت خۇشال كۈلۈپ، يايراپ يۈرگىنىم يوق، — دېدى باتۇر بىر دىنلا مۇڭلىنىپ، — سالامەتنىڭ بۇگۈنكى ھالىدىن ئېچىندىم. ئۆزۈمنىمۇ سەۋەبچى دەپ نۇرغۇن قېتىم ئەيىبلىدىم. دەپ باقە، مەن «سالامەتنى بەختلىك قىلالمىدىم» دەپ بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ؟ ياكى توي قىلىپ بولۇپمۇ سالامەتكە ئەقىدە قىلىپ يەنە بىر قىزنى بەختسىز قىلىشىم كېرەكمۇ؟ باشقىلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغان، مېنى قوبۇل قىلالىغان، مېنى قەدىرلىگەن ئادەمنىمۇ بەختلىك قىلىشىم، ئۇنىڭغىمۇ مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. سەن بۇ گەپلىرىمگە باش چايقىما.

— ياق، باش چايقىمىدىم. ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك گەپ قىلدىڭ بولۇپ قاپسەن.

— توغرا، ئەينى ۋاقىتتا مۇناسىۋىتىمىزنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىمىز تۈپەيلى مۇشۇ ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. بىز ئارىمىزدىكى پاك ھېسسىياتنى ئويۇنغا ئايلاندۇرماي، باھانە - سەۋەب ئىزدىمەي، بىر نىشانغا قاراپ ماڭغان بولساق نېمە بولۇر بولغىيتتىكىن؟ ياكى كېيىنكى چاغلاردا بىز، بولۇپمۇ مەن ئاسانلا بەل قويۇۋەتمەي، ئىقتىسادىي بېسىمغا، ئائىلە بېسىمىغا تەسلىم

بولماي ئىزدەنگەن بولسام يەنە قانداق بولار بولغىيتتىكىن؟ ھەي، ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟... بولدى ئادىل، دەرد تارتىدىغان ۋاقىتتا تارتتىم، ئەمدى خۇشال ياشايدىغان ۋاقىتتا يايرىمىسام ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ.

ئادىل باتۇرنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭغا باتۇرنىڭ قىزىقى قالمىغاندەك، ئۇمۇ ئادەتتىكىلا بىر ئادەمدەك تۇيۇلدى. چۈنكى ئادىل ھازىرغىچە ئۇنى «ئۆزگىچە ئادەم» دەپ يۈرەتتى. ئادىل ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئەتە ۋاقتىڭ بارمۇ؟

— بار.

— مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارساڭ، مەن سالامەتنى يوقلاپ قوياي.

باتۇرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى:

— ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە، بىر يىل بولاي دېدى، سالامەت 4 - دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادىل غىققىدە بولۇپ قالدى. ئاندىن ئۇچەي - ئۇچەيلىرىگە، ئاشقازىنىغا مەينەت بىر نېمىلەر كىرىپ قالغاندەك قاتتىق ياندۇرۇۋەتتى.

2010 - يىلى ياز، تۇرپان

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：阿迪力·穆罕默德
艾买提·萨衣提
特约编辑：艾比布拉·木哈买提
责任校对：古丽娜尔·肉孜
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：麦尔甫·吾布力

新疆少数民族原创作品丛书
**合同制爱情**（维吾尔文）
（长篇小说）
吾买尔·阿不都拉　著

---

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐大路印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　15.75印张
2013年7月第1版　2013年7月第1次印刷

---

ISBN 978-7-5466-1200-3（民文）　定价：50.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەنسە ئالىم



ISBN 978-7-5466-1200-3

9 787546 612003 >

定价：50.00元